
ئابلىمىت تۇردى
تەقدىر يولى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئابلىمىت تۇردى

# تەقدىر يولى

(رومان)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت تاش
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

# تەقدىر يولى

(رومان)

ئاپتورى: **ئابلىمىت تۇردى**

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666№، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880 mm × 1230 mm 1/32، باسما تاۋىقى: 12.5
2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2917 — 1
باھاسى: 45.00 يۈەن

NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN



ئابلىمىت تۇردى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم ........................................................ 1
ئىككىنچى بۆلۈم ........................................................ 144
ئۈچىنچى بۆلۈم ........................................................ 270
خاتىمە ........................................................ 396

# بىرىنچى بۆلۈم

توختى شۇنچە قىلىپمۇ روھىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. بەدىنىنى سىلىۋىدى، بەكمۇ يېقىمسىز تۇيۇلۇپ كۆڭلى ئېلىشتى. تالا ئۆيدىن تىنجىق، ئۆينىڭ ئىچىمۇ تالادىن قېلىشمايتتى. ئۇ نېمىنى ئويلىسا شۇنىڭ تەتۈرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغاندەك بولدى. تالادا بولسىمۇ شۇنداق ھالەتتە بولۇشىنى جەزم قىلدى. ئۇ دۇنيادا بىرلا ئۆزى مۇزلاپ قالغاندەك سىلكىنىپ كەتتى، ئەمما جاھانغا ئوت كەتكىلى ئازلا قالغانىدى.

※ ※ ※

ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، توختى يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭ چېكىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. توختى خاراكتېرىنىڭ قايسى تىپقا تەۋەلىكىنى ئويلاپ قالدى. دىقماق، كالتە قوللىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قاراسلاتتى، بۇ ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرىش ھەرىكەتلىرىدىن بىرى ئىدى، مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلىشنى قاچاندىن تارتىپ ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

توختى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىماقچى بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋىدى، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئادەملىكى ئېسىدىن كەچتى. كەچمىشلىرى تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز ئىدى، «مەن ھەممىدىن ئايرىلىپ

قالدىم، نۇرغۇن دوستلىرىم بولىدىغان، ئاشۇلارنىڭمۇ تەقى ـ تۇرقىنى ئەسلىيەلمەيمەن». ئۇ شۇنداق دەپ ئويلىدى، تالاغا چىقتى، ئەتراپ قاراڭغۇ، توختىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى، ئۇ مۇشۇنداق بولۇشقا كۆنگەچكە ئوڭايسىزلانمىدى. ئۆيدىن سىرتنىڭ جانغا سەل ئاراملىقنى ھېس قىلدى. مۆكچىيىپ كەتكەن تېنىنى يېنىك سىلكىدى. ئىشىكنىڭ قانداق ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلغانلىقىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ خىيال ئىچىدە مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدى. خىيالنىڭ سىرتى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىق ھاسىل قىلغاندى، ئاسمانغا قاراپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياشقا كىرگەندەك تۇيۇلدى. قىرلىقتىكى مەينەتچىلىكنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قورقۇنچلۇقىنى ئويلاپ دىمى ئىچىگە چۈشتى، تېنى شۈركەندى. نۇرغۇن ھېكايىلەرنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ ھەتتا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەقلى ۋە قىلدام قان تومۇرلىرى ئاجىزلاپ، ھالىدىن كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. قاياقتىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئۆزۈك سالقىن شامال ئۇنى سىپاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاسماندىن كۆزىنى ئېلىپ بىر پەس يۇمۇۋالدى. ئەتراپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئېچىنىشلىق، تىراگېدىيەلىك ئەسلىمىلەرنى شىۋىرلاشقا باشلىدى. ئۇ سىرتقا چىقىپمۇ بۇنداق بېسىمدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى جەزم قىلغاندا تەقدىرنىڭ تار، ئەگرى، پاتقاق يوللىرىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىغا بويۇن ئەگدى. بويۇن ئېگىش توختىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماس كەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ قۇتۇلۇشنىڭ ماھىيەتتە ئۇزاق جەريان ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ قايسى ۋاقىتتا ئۆيىگە كىرىپ كېتىشنى ئويلىمىدى، گەجگىسى قېتىپ، كۆزى تېلىپ، ماغدۇرسىزلانغاندىلا ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كىردى. كۈندىن ـ كۈنگە زىللىشىپ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. توختى تەۋەككۈلچىلىكتىن پايدا كۆرۈپ باقمىغاندى، بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىدى. ئۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتىن

ئىبارەت قۇرۇق شوئارپەرەسلىكتىن ئۆزىنى ئەزەلدىن يىراق تۇتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، مەسلىھەت خاراكتېرىنى ئالغان ئولتۇرۇشلارغا باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ بارمايتتى، ئۇنىڭدىكى باشقىلارنىڭ ئورنىنى كۆزىگە ئىلماسلىقتەك خاسلىق ئۇنىڭغا ئۆزگىچە سۈپەت ۋە سىر بېرەتتى.

توختى گەجگىسىنىڭ قېتىشقىنىدىن،كۆزىنىڭ تالغىنىدىن «مەن بۈگۈن كېچە ئۇخلىيالمايدىغان بولدۇم» دەپ جەزم قىلدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەستەك، ئۆتكەن ئىشلارنى بىراۋلاردىن ئاڭلاۋاتقاندەك، بىراۋلار ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدى...

جاھان كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىۋاتاتتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەملەردىكى كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ ئەقىل يەتمىگەن دەرىجىدە ئۆزگىرىۋاتاتتى، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى ئەسلا راۋا كۆرمەي، يوتقان-كۆرپىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، بىر ۋاق غىزالىنىپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي، ئەسكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، مۇشۇ تاشلىق شەھەرگە — كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئويلىسىلا بىلىپ-بىلمەي كۈلۈپ تاشلايتتى. ئاشۇ ئىش يالغۇز قالغان چاغلىرىدا دائىم ئېسىدىن كېچەتتى، بۇنى ئۇ روھىدىكى ئاجىزلىق ياكى ئارتۇقچىلىقمىكىن دەيتتى.

توختى ئىدارىسىدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا مەيلى يوق قاتناشماقچى بولدى، ئۇنىڭ بۈگۈن ياراشمايدىغان قاپىقى توختىماي تارتقاچقا، بىر تال سەرەڭگە تېلىنى ئوشتۇپ نەمدەپ تارتىۋاتقان قاپىقىغا چاپلىۋالدى.

— بۈگۈن سائەت 11 دە يىغىن بار، يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن يوقلىما قىلىمىز، كىمكى يىغىنغا قاتناشمىسا ياكى يىغىن ئارىلىقىدا زالدىن چىقىپ كەتسە بىر كۈن ئىش تاشلىدى، دەپ خاتىرىلىنىپ، ئۈچ كۈنلۈك مائاشى تۇتۇۋېلىنىدۇ.

بۆلۈم باشلىقى ئاسپىجاننىڭ بۇ پوپوزىسى توختىنىڭ قۇلىقىغا ياقمىسىمۇ ئاڭلىدى، بۇ بۆلۈم باشلىقى توختىنىڭ كۆزىگە زادىلا

سىغمايتتى، ئۇنى بىكاردىن تىللىغۇسى، ھەتتا ئۇرغۇسى كېلەتتى.

— يىغىنغا قاتنىشىشقا دېسىلا بولمىدىمۇ، ئۇنداق قىلمەن، بۇنداق قىلمەن دەپ قورقاق سالغۇچە، نېمە ئىش قىلسا قورقاق سېلىپ كۆنۈپ قالدى - دە بۇ خەق، بۇ بىرنېمىدىن ئالغان مائاشنى-زە، — توختى گېپىنىڭ ئايىغىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، بۆلۈم باشلىقى توختىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما ئۆلگۈرەلمىدى.

— چۈشلۈك دەم ئېلىشقا ئاز قالغاندىلا ئاچىدىغۇ يىغىننى بۇ گۆش باشلار، — توختى كارىدورغا چىقىپ گېپىنىڭ قالغىنىنى دېدى. بۆلۈم باشلىقى يېشىنى يوشۇرۇشقا ھېرىسمەن ئادەم ئىدى، توختىدىن نېمىشقىدۇر ھەزەر ئەيلەيتتى.

— ساراڭ دېگەنگە گەپ قىلىپ ئېغىزنى ئۇپراتقاننىڭ نېمە پايدىسى، — بۆلۈم باشلىقى باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتتە قالماي دەپ، بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ تۇمشۇقىنى پۇرلەشتۈرۈپ شۇنداق دەپلا كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق بولسۇن يولداشلار، بۈگۈنكى يىغىن ئىدارىمىز تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم يىغىن، چوڭ خۇش خەۋەر بار، — بۆلۈم باشلىقى گېپىنى شۇنداق دەپ خۇلاسىلىدى. توختى يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، ئېغىزنىي مەينەت قىلىشنى خالىمىدى بولغاي، سۇخانا ئالدىغا كېلىپ، ئېغىزىغا كەلمىگەن تۈكۈرۈكنى كارنىيىنى قىرىپ تۇرۇپ ئەپكېلىپ، ئوقۇرغا كۆچەپ بىرنى تۈكۈردى.

— جىنىڭ تۇمشۇقىڭغا كەلدى - ھە، توختى، — توختى سۇخانا ئالدىدىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان رەشىدەنى كۆردى-دە، جۇدۇنى بىلەن ئۇنى يانغا ئىتتىرىۋېتىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ماۋۇ ساراڭغا نېمە بولدى بۈگۈن.

— ھېلىقى نېمەڭ بولدى.

— توۋا، توۋا، قاچانمۇ چوڭ بولارسەن، ئادەم بولارسەن دەيمەن.

— چوڭ بولسام بىر نېمەڭنى بېرەمتىڭ...

— تۇزۇك بولساڭ، سەندىن ئۇ نېمەمنى ئاياپ نېمە قىلارمەن، ساراڭ.

— ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتىۋالارسەن، — رەشىدە توختىنىڭ بۇ گېپىدىن كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى، توختىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— قىرقىڭنى كىم چىقارغان بولغىيتتى ئىگەكىم، يەنە ئېغىزىڭنى كىم ئېغىزلاندۇرغان بولغىيتتى، — رەشىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر نېمىلەرنى دەپ كالتە، دىقماق قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ قالدى.

توختى رەشىدەنىڭ قاتتىق-قۇرۇق گەپلىرىدىن زېرىكتى بولغاي، ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ ئۇچىنچى قەۋەتتىن تۆۋەنگە قاراپ ئېغىر قەدەم ئالدى، توختىنىڭ مۇنداق مىجەزىنى ئىدارىدىكى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلەتتى. ئوچۇق، كۆپكۆك ئاسماندا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك بولۇپ كېتىش توختىنىڭ تۇغما خاراكتېرى ئىدى، ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇتسا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار توختىنى ئۆكتىچى دەپ قارايتتى. توختى ئۆزىنىڭ ھەم قىسقا، ھەم گۆشلۈك بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، ئالدى-كەينىگە ئېگىپ قاس چىقاردى، بۇ ئۇنىڭ دائىم قىلىدىغان ئادىتى ئىدى. ئۇ تالاغا چىققاندا ئاسمانغا قارىدى، ئاسمان يا ئوچۇق، يا تۇتۇق ئەمەس ئىدى، مۇشۇنداق ھاۋا ئۇنىڭغا بەك يېقىمسىز تۇيۇلاتتى، «ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھاۋا پەرەڭدەك ئوچۇق كۈنلەردە ئۆلۈپ كەتسە...» دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

— رەڭگىڭ نېمانداق تاتىرىپ كەتتى ئاكاھوي، — دېدى توختى ئالدىغا قاراپ.

— مەن دېگەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى، توختى ئۇكىموي، — توختى كۆز ئالدىدىكى بېلىقنىڭ قىلتىرىقىدەك ئادەمنى پەقەتلا ياراتمايتتى.

— سادىقكا، چۈشتىن كېيىن قاقساگچۇ، ئەتىگەندىلا...

— نېمە دەيدىغانسەن ئۇكىموي، ئۇچ سەر قېقىۋالساڭ ناھايىتىمۇ

ئەركىـن ـ ئـازادە، غەيرەتلـىك بولـۇپ كېتىـسەن، ئۇكـىمـوي، ئوقۇغـان بىلەن يەنىلا بالا كىچىك ئىشتان پوق ـ تە! ــ توختىنىڭ سادىق بىـلەن يەنە گەپلىششكە رايى بارمىدى.

ــ بولدى، بوشراق گەپ قىلىڭ، سانىخاچام قولىغا كۆتەك سۈپۈرگىسىنى ئېلىپ بىـز تەرەپـكە كېلىۋاتـىدۇ، غاچچىـدە بىـر يەرگە جۆنىۋېلىـڭ، ــ تـوختى شـۇنداق دەپ سـادىقتىن ئـۆزىنى ئېلىـپ قـاچتى، «سـانىخان» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، سادىقنىڭ تىلى تۇتۇلـۇپ كەتتـى. ئـۇ تەسـتە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ھېچنېمىنى كۆرمىدى.

ــ ماۋۇ ئاداشـمۇ... ھەي تـوختى، مەن سـادىق ئۇنـداق خوتۇنـىدىن قورقۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىدىغانلاردىن ئەمەس، بىز دېگەن بارغۇ كونـا رەڭنىـڭ ئۇقتۇڭمـا، يەنە كېلىـپ چەكـسە جىڭىلدايـدىغان مەركەزدىكـى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغـۇچىلىرى جۇمـۇ، ــ سـادىق ئالدىغا قاراپ توختىنى كۆرمىدى. ئـۇ ئـادىتى بـويىچە ئىـدارە قورۇسـىنى تـاپ يالىغـان ئىـتەك دوقۇرۇسـلاپ چىقتـى، ئىـدارە دەرۋازىـسى ئالـدىغا چىقىپ موخۇركىدىن بىرنى يـۆگەپ، ئـاچچىق شـوراپ، غەرب تەرەپتىكـى پىيـادىلەر يـولىنى بـويلاپ يـۈرۈپ كەتتـى. تـوختى سـادىقنىڭ كەينـىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى.

كۆزى كېچىدە لامپىدەك يانىدىغان كۆك كۆز، بىكـار تۇرسـىمۇ بـۇرنى تەرلەيدىغان ئوتتۇرا بـوي دەرۋازىـۋەن قـادىر بـۇ ئەھـۋاللارنى نۆۋەتچىلىـك ئۆيىـدىن كـۆرۈپ تۇرغاچقـا، تـوختى ئىـدارە دەرۋازىـسىدىن كىرىـشىگىلا ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ بۇ سادىق دېگەن كۆندە ئىچمىسە تۇرالمايـدىغان بولـۇپ قالـدى، ئەمما ... ئۇكام، دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. سانىخان يامان خوتۇن دەيمەن، سادىقنىڭ مائاشىنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ ئۇنىڭغا تۇتقازمايدۇ.

تـوختى «بۈگـۈن مېنـى قايـسى ئىـت چىـشلىگەن بـولغىيتتى، خۇپتەندىن قېچىپ تەرەپـكە تۇتۇلغاندەك ئىش بولدىغۇ» دەپ ئويلىدى، بـۇ چېقىـر كـۆز داۋۇت تولىمـۇ مـۇرەككەپ ئـادەم ئىـدى، تـوختى ئـۇنى

چۈشەنمەكچى بولسىمۇ، بۇنى بىمەنىلىك دەپ، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇشنى كۆڭلىدىن يۇيۇۋەتكەنىدى، مۇشۇنداق ئۇدۇل كەلگەندە «هە ـ هۇ» دەپلا قوياتتى.

— بۇ قورۇقمۇ هازىر ئىشنىڭ ئىپىنى تېپىۋالدى دەيمەن، — توختى قادىرغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىسا ئادەمگەرچىلىكتىن چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى بولۇپ يەنە توختىۋالدى. قادىر گېپىگە جاۋاب كۈتۈپ تۇرمايلا سۆزلەۋەردى. ئۇ گەپ قىلغاندا باشقىلار جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتىپ قويسىلا، شۇنىڭغا رازى بولاتتى.

— ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى باركەن دەيمەن، ماۋۇ سادىق دېگەن قىلتىرىق ئەينى چاغلىرى ئوقۇپ قويۇپتىكەن، هازىر قوشلاپ پايدىغا ئېرىشتى، — توختى قادىرنىڭ پال كۆزىگە قاراپ تۇرۇۋەردى.

— ئۇنداق دېگەنبىلەن بارغۇ، بۇ بىچارە قانچە يېسىمۇ تېشىغا تەپمەيدۇ ـ دە.

— ئۇ نېرىگە يەيدۇ؟ — توختىنىڭ غىدىقى كېلىپ ئېغىز غېرىچلاپ قويۇۋىدى، قادىر كۆك كۆز سېرىق قۇچقاچتەك ۋىچىرلاپلا كەتتى:

— ئۆزى ۋىجىك بولغىنى بىلەن، بولسا تەشتەكتە بىرنى يەيدۇ.

— بولسا هەممە ئادەم يەيدۇ، قادىركا، سەن يېمەمسەن؟

— مەن ئۇنىڭ بىر ۋاقلىقىنى بىر كۈن يېيەلىسەم كاشكى، توۋا دەيمەن، شۇنچە يېسىمۇ رەڭگىگە چىقمايدۇ.

— سانىخان بەرگەننى يەيدىغاندۇ، قادىركا؟

— ياق، ئۇ هازىر ئىشنىڭ ئىپىنى تېپىۋالدى، مەن بارغۇ مۇشۇ ئىدارىدىكى هەممە ئادەمنىڭ يېگەن ـ ئىچكىنىدىن تارتىپ سىيگىنىگىچە بىلىمەن، توختاخۇن. بۇ ئىدارىمىزدا ئەقلىغا سىغمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەنمەن، — قادىر كۆك كۆز شۇنداق دەپ كارنىيىنى يېنىك قىرىپ يۆتىلىپ قويدى.

— هەي، توختى، چاپسان بولمامسەن، يىغىن باشلىناي دېدى! —

بۆلۈم باشلىقى ئاسپجان توختىنى تو ۋلىدى.
— ۋاي مانا، مەن بولمسام يىغىن توختاپ قالىدىغاندەك تو ۋلىشىنى ماۋۇنىڭ، — توختى گېپىنىڭ ئايىغىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغان دەرىجىدە پەس ئېيتتى، قادىر ئاسپجاننى كۆرۈپ:
— ياۋاش-يۇمشاق بولغان بىلەن ئاسپجانمۇ يامان، ئىش پەملىيەلەيدۇ جۇمۇ، توختاخۇن ئۇكام، — دېدى.
— ئۇ نېمىنى پەملىيەلە، قادىركا؟
— ۋاي، بالا كىچىك-تە، كېيىن ئاڭلاپ قالىسەن، ئۇكام. — قادىر كۆك كۆزىنىڭ كۆزىدىن كۆندۈزدىمۇ ئوت يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن توختى بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر قانداق بالانىڭ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، — بىز دېگەن بارغۇ، توختى ئۇكام، سىرلىق ساندۇق جۇمۇ، ساڭا دەپ بەرسەم نەچچە كېچە-كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ.
قادىر كۆك كۆز توختىنىڭ كۆزىگە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى تاماق ئورنىدا يەيدىغاندەك كۆرۈندى. توختى ئاسپىنىڭ ئۆزىگە قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قادىر كۆك كۆزدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— قادىر كۆك كۆز بىلەن تولا پاراڭلاشما، بىلىپ-بىلمەي بىرەر گەپ قىلساڭ سېنى دۆملا سالىدۇ جۇمۇ، توختى، — ئاسپمۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى شىمال شىۋىسىدە چوشۇرۇشكە ھېرىسمەن ئادەم ئىدى، توختى نېمىشقىدۇر بۇ ئادەمگە گۇمانىي نەزەردە قارايتتى.
— بىر دەرۋازىۋەننىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى.
— سەن ئۇنى چۈشەنمەيسەن، بولدى، چاپسان بول، يىغىن باشلىناي دېدى، — ئاسپ مۇدىر توختىنى ئالدىرىتىپ ئالدىغا سېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى يىغىن زالىغا كىردى.
قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزى يەنە ياندى، يۈرىكى نېمىشقىدۇر پۇچۇلاندى، سالدۇرغان ئۇدۇل چىشى بىلەن لېۋىنى چىڭ چىشلىۋىدى، چىشى ئورنىدىن قومۇرۇلۇپ ئاغزىدىن شالاقىدە چىقىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان يالغان چىشنى تۇتۇۋېلىشقا

ئۆلگۈرەلمىدى، ئالاق-جالاق بولۇپ، ئەتراپىغا ئىتتىك قارىدى، ئەتراپىدا ئىنس-جىن يوق ئىدى، ئۇ يەردە ياتقان چىشنى ئېلىپ، تۇرۇبا سۈيىدە چايقاپ ئورنىغا ئىتتىك سېلىۋالدى. ئۇنىڭ يالغان چىشى باشقا چىشلىرىدەك تۇخۇم سېرىقى بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە جىمجىتلىقتىن بىزار بولدى، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق چاغ تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. «كۆڭۈلدە ئادەم ئۆزلۈلمەيدىغان بۇ يەر بۈگۈن ئەجەب ئىمتاس بولۇپ كەتتى، تۇۋا، ھەممە ئادەم تويغا، ئۆلۈمگە كەتكەندەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

قادىر كۆك كۆز ئۆچۈن يىغىن ئېچىلماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇنداق يىغىنلارغا بىر قېتىممۇ قاتنىشىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ كاللىسىدىن مۇشۇ ئىش زادىلا ئۆتمەيتتى. كۆمۈر كانىدىكى كۆڭلەرنى ئويلىسىلا ئۆزىدە جىننىڭ قۇيرۇقچىلىك سەۋر پەيدا بولاتتى. ھاياتىنى دوغا تىكىپ كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئاستىغا چۈشكەنلىرىنى ئويلىسا يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى.

— بۈگۈن بۇ قورغان ئىمتاسقۇ مۇشۇك كۆز، — ئىدارىنىڭ باسما زاۋۇتىدىن پېنسىيەگە چىققان زاكىر ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۆۋەتچىلىك ئۆيىدە پەيدا بولدى.

— نورمالىڭ توشۇپتۇ - دە، — قادىر كۆك كۆز كۆزىنى ئىتتىك ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئىچىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتامدۇ؟

— نېمىگە؟

— يىغىنغا قاتنىشالمىغىنىڭغا.

— بېشىمنى ئاغرىتىپ ماڭا نېمە بار ئۇ يەردە.

— يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ دېگىنە.

— نېمىگە يۈرىكىم ئاغرىيدۇ؟ نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن جۇمۇ، زاكىر، — قادىر كۆك كۆز زاكىردىن تەپ تارتىدىغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويدى. زاكىر ھەربىيلىكتە تۇرۇپ خىزمەت ئالماشتۇرغانىدى، ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى ئانچە قولاشمىسىمۇ، ھەرىكىتى چاققان ئىدى.

— بولدى قىلە، مۇشۇك كۆز، مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى بىلمەيدىمەن، — زاكىر قادىر كۆك كۆزنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى.
— ئالدىرىما، يەنە بىر نەچچە يىل ئۇخلىماي كېچىسى مۇشۇكىياپىلاق بولساڭ، چوقۇم مۇرادىڭغا يېتىسەن... بولدى - بولدى، نېمە يېغىن باركەن؟
— مەن نەدىن بىلەي، ھازىر توختىي چىقىپتىكەن، سوراي دېگۈچە ئاسىپ «خېنىم» تۇۋلاپ سورىيالمىدىم.
— ۋاي، سەن نېمە يېغىنلىقىنى بىلمەي قانداق خاتىرجەم ئولتۇرالىدىڭ؟ بولدى، بىلمەسكە سېلىۋالماي دېگىنە، كەچتە ساڭا قوينىڭ تازا پىشقان كاللىسىدىن بىرنى ئالغاچ كېلىمەن، — قادىر كۆك كۆز قوينىڭ كاللىسىغا ئامراق ئىدى، كاللا دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چىشلىرى قىچىشىپ، بۇرنىنى تارتىپ كەتتى.
— مەخپىيمىش.
— ساڭا مەخپىي ئەمەستۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، — قادىر كۆك كۆزنىڭ چېقىر كۆزى قىسىلدى، — نېمە دەيدۇ، ئىشقىلىپ تاشقى سودا توغرۇلۇق ئاچىدىكەن.
— بىلگەندىكىن تەپسىلىسىنى دېۋەتسەڭ بولمىدىمۇ!
— بېشكەكتە سودا قىلىدىكەن.
— گېزىتنى بېشكەككە ئاپىرىپ ساتامدىكەن؟
زاكىر كۈلۈپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭدىن تېزراق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. زاكىر باسما زاۋۇتىدا ئالىي تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەنىدى. قوغۇشۇندا قۇيۇلغان ھەرپلەرنى قېلىپقا ئىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ توختىماي ھاراق ئىچەتتى، ئىچمەيدىغان كۈنلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەينى چاغلىرى كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلەپ تاڭ سۈزۈلگەندە گېزىت بېسىلىپ بولاتتى. گېزىت بېسىلىشنىڭ باش - ئاخىرغىچە تېخنىكىغا مەسئۇل بولغاچقا، باسمىخانىدىكى ئىشچىلار بىلەن تەڭ تۇراتتى. ئاشۇ ئۇزۇن كېچىلەر ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئادەتنى ئۆگىتىپ قويغان. قوغۇشۇن سوغۇق

ھەم زەھەرلىك بولغاچقا، ئۇنى دائىم ئۆيقۇ باساتتى. ئۇ بۇ كەيپىياتنى ھاراق بىلەن تەڭشىۋېلىپ ئۇزۇن، ئىسسىق-سوغۇق كېچىلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەندى. زامان كۆندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ، باسمىچىلىقمۇ تەرەققىي قىلدى. ھەممە نەرسە كومپيۇتېرلاشتى. زاكىرنى مۇشۇ تەرەققىيات بىر كېچىدىلا كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نۇرغۇن ئىشچىلار خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، مەجبۇرىي ئارامغا چىقمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى. يۇقىرى - تۆۋەن رەھبەرلەر بۇ ئىشنى پېنسىيە، يەنى ئىچكى جەھەتتە پېنسىيەگە چىقىرىش يولى بىلەن ھەل قىلدى. زاكىر خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان، ھەربىيلىكتە تۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە قاراپ باشقا خىزمەتلەرگە تەڭشەپ ئىشلىتىشنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ كاللىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. كۆندۈزى ئىشلەش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. شۇنىڭ بىلەن 45 يېشىدىلا پېنسىيەگە چىقىۋالغانىدى.

— مۇشۇنداق يىغىنلاردىن ئەجەب قوتۇلۇپ كېتىپتىكەنمەن، — زاكىر شۇنداق دەپ قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىۋىدى، ئۇ زاكىرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى.

— ئۇسكۈنە سودىسى قىلىدىكەن.

— مۇشۇ ئىدارىدىكىلەرما؟

— شۇنداق ئوخشىمامدۇ.

— لى باش مۇھەررىر ساڭا بۇنى تەپسىلىي دېگەنمۇ.

— مەن ئۇنىڭ تىلىنى بىلمىسەم قانداق ئۇقىمەن، ئادەمنى چالماي، بېرىپ چالاڭنى تولۇقلىۋال!

— ھەي، مۇشۇك كۆز، ئۇ سېنىڭ تىلىڭنى ئۇقامدۇ؟

— ماڭاۋە مەست كاللا، ئۇ مېنىڭ تىلىمنى قانداق ئۇقاتتى!

— سېنىڭ تىلىڭنى ئۇقمىسا، مۇشۇ قورۇدىكى ھەممە ئۆينىڭ ئىشنى ھەجەپ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىدىكىنە ئۇ!

— ئۇنىڭ بىلىشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، قىزىق گەپقۇ بۇ! —

زاكىر يەنە قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى.
— ۋاي نېمانداق قارايسەن؟
— كۆزۈڭ ھەقىقەتەن يورۇيدىكەن.
— ماڭە... نېمە بولدى، زاكىر، تەتۈر قويۇپ قالدىڭمۇ-يا!
— بۈگۈن ئوك قويتۇم.
— ئوك قويقاندەك تۇرمايسەن.
— ئوك قويقاننى دوم قىلالايسەن، مۇشۇك كۆز، بولدى، مەن ماڭاي، ئاخشاملىققا كاللىغا ئىشتەي ساقلاپ تۇر، — زاكىر شۇنداق دەپ ئىسقىرتقانچە قادىر كۆك كۆز بىلەن خوشلاشتى. قادىر كۆك كۆزنىڭ جىنى تۇمشۇقىغا قاپلىشىپ قالغانىدى. «ماۋۇ كاساپەت رەم سالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتالماي قالدىم-دە، ھەي قادىر، ھەي قادىر...»، ئۇ شۇنداق ئويلاپ لېۋىنى چىشلىمەكچى بولۇپ يالتايدى.

※ ※ ※

قادىر كۆك كۆز قارا يېتىم بولۇپ، تاغىسى ساۋۇرنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغانىدى. ساۋۇر جاھاننىڭ تۆت پەسلىگە ماسلىشىپ ياشاشنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بېقىپ ئىش كۆرىدىغان ئادەم ئىدى، بۇ ئادەمنى چۈشەنمەك ئاساندەك بىلىنگەن بىلەن، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ئوقۇمىغان، قارا تورۇك، توز ئادەم» دەپ نىقابلاشقا ئۇستا بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن خالىي ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ساۋۇرنىڭ قالپاق يېزىسىغا قانداق كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى. قالپاق يېزىسى بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات، يەر، سۇ، ئادەم كۆپ يېزىسى ئىدى، بۇ يېزىدىن چوڭ بىر دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى.

دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئۆزگىچە مەنزىرىلەر بىلەن ئادەمنىڭ زوقىنى تارتاتتى. يېشىل مەخمەلدەك ئوتلاقلار ئادەمنىڭ كۆزىگە لەك ئۆرۈپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىزنى ئەسكە سالاتتى. بۇ ئوتلاقنىڭ غەرب تەرىپى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئېگىز تاغلار بىلەن قاشالىنىپ تۇراتتى. ساۋۇر قوتور (بۇ ئادەمنىڭ رەڭگى قاپقارا مورىغا ئوخشايتتى، پېشانىسىدىكى تىلىم - تىلىم قورۇقلار تۇپەيلىمۇ ياكى رەڭگىنىڭ قارىلىقىدىنمۇ باشقىلار ئۇنى ساۋۇر قوتور دەپ ئاتىشاتتى) مۇشۇ يايلاققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي قالپاق يېزىسىغا ماكانلىشىپ قالغانىدى، قادىر كۆك كۆز بىلەن ئايالى زەيتۇنمۇ بۇ يەرگە نەدىن كەلگەنلىكىنى مەڭگۈ سىر تۇتۇپ ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىۋېتىشكەنىدى.

ساۋۇرنىڭ چىرايىنى ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يەڭگىللىكى بېسىپ چۈشكەچكە، ئۇ قالپاق يېزىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى. ھەممەيلەن ئۇنى «ھەي ساۋۇر قوتور» دەپ چاقىرسىمۇ، ئۇ كۆزىنى مىت قىلىپ قويماي قورۇق پېشانىسىگە كۈلكىنى دائىم ھەمراھ قىلىپ، «ھە مانا ھازىر» دەپ تۇراتتى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر-چىراغ بولسا باش ئەزان بىلەن شۇ يەرگە ئۇلىنىپ، ھەممە ئادەمدىن كۆپ جۇۋاپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتكەن ئادەم ئۇنىڭ ئۈچقۇر تاپانلىقىدىن گۇمان قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ«ئىزچى» دەپ تەرىپلىنىشى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قالپاق يېزىسىدا پەيدا بولغاندىن بىرى ھەممە ئادەمنىڭ مال - ۋارانلىرى كۆپ يىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ساۋۇر قوتور يىتكەن مال - ۋارانلارنى بىر كۈن ئۆتمەي يايپېشىل يايلاق تەرەپتىن تېپىپ ئىگىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن «ساۋۇر قوتور» دېگەن سەت ئىسىم باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بولغانىدى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ نەرسىسى يىتسە ئۇنى ئىزدەيتتى، شۇ سەۋەبتىن، بۇ يېزىنىڭ چوڭ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقاللىرى ۋە كاتتىلىرى ساۋۇر قوتورغا يېزىدىن ئۆيلۈك ۋە نەچچە مو يەر ئاجرىتىپ

بېرىشكەندى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆسەيدەك قارا، چاڭ باسقان چىرايى بىلەن يول - يول قورۇقلارغا تولغان پېشانىسى ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇن ئىنچىكە، زىل تەرەپلىرى ۋە ئورتاقلىقىنى قاشالىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بولمىدى.

ئەينى يىللىرى، يېزىلارنى قىزىللاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش، رەھبەرلەر دېھقانلار ئارىسىدا ياشاپ خىزمەت قىلىش ئۆچۈنمۇ ياكى باشقا مەقسەت بىلەنمۇ، ئىشقىلىپ، شەھەردىكى نۇرغۇن كادىرلاردا يېزىلارغا چۈشكۈر چۆكۈپ ئىشلەش قىزغىنلىقى قوزغالغانىدى. خۇش چىراي، چاچلىرى كىرپىنىگىدەك دىڭ تۇرىدىغان، كۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ ئوتتەك جۇلالايدىغان ئوتتۇرا بوي تالڭ فامىلىلىك كادىر بىلەن قىرقىما چاچ، شوخ، بۇغداي ئۆڭ، تېرىسى يۇمران چى شياڭ ئىسىملىك بىر ئايال قالپاق يېزىسىغا خىزمەتكە چۈشكەنىدى. باشقىلار بۇ ئىككى يولداش بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى، بولۇپمۇ شياۋچى (بۇ يېزىدىكىلەر كىيىنچە ئۇ ئايالنى شۇنداق دەپ ئاتىشىدىغان بولدى) بۇ يېزىغا كېلىپ بىر ئاي ئۆتمەيلا، بۇ يېزىنىڭ ئاياللىرىدەك ئۇزۇن كۆڭلەكنىڭ ئىچىگە تاۋار ئىشتان كىيىپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئېلىپ، يېزا ئاياللىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىچەكىشىپ كەتتى، شياۋچى خۇش پېئىل، ئەقىللىك بولغاچقىمۇ ياكى شۇنداق بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمۇ، نەچچە ئاي ئىچىدە يېزىدىكىلەر بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولدى.

لاۋ تاڭمۇ (بۇ ئادەمنى يېزىلىقلار كېيىن شۇنداق دەپ ئاتاشتى) كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن مۇساپىلەرنى باسقان، ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن، باشقىلارنىڭ مايىللىقىنى تارتىشقا ماھىر، نەگە بارسا ئىتتىنك سىڭىشىدىغان، تەبىئىي مىجەز - خاراكتېرى بىلەن يېزىلىقلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن ئادەم ئىدى. لاۋتاڭ بىلەن شياۋچى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە ماكانلاشتى، ئۇلارنىڭ

سەرگۈزەشتىلىرىمۇ نامەلۇم ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىل - ئىناق، ھۆرمەتلىشىپ ئۆتۈشىگە قارىغاندا تويى قىلغىنىغا خېلى يىللار بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئىككىسى قالپاق يېزىسىغا پۇتلۇنلەي سىڭىشىپ كەتتى. لاۋتاڭ ئىچىدىكى سىرنى تېشىغا چىقارماي ئىش تۇتۇپ، يېزا خىزمىتىنى توسالغۇسىز يۇرۇشتۇرۇپ كەتتى. يېزىلىقلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لاۋتاڭنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان، يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن تۇز ئۆتەلمەيدىغان بولدى. بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى ھاراقنى كۆپ ئىچىش جەھەتتە باشقا يېزىنىڭ ئادەملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى، ساقىلى بار قېرىلارمۇ گېزى كەلسە پىيالىگە بىلىق كۆزى قويۇپ ئىچىپ، بېشىدىكى تۇمىقى بىلەن ئېغىزىنى ئېرتىپ، «دوست خېنىم»نى توۋلاپ قويىدىغان ھالەت كۆندە بولمىسىمۇ، ئىككى كۈندە بىر كۆزگە چېلىقاتتى. نۇرغۇن ياشلار كۆن غەربكە قايرىلغاندىلا مەشرەپ قۇرۇپ ئۆلگۈدەك ئىچىشىپ، ھوشىنى يوقىتىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئاغزى - بۇرنى مايماق بولۇپ كەتكىچە ئۇرۇشىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ ئىدى. لاۋتاڭ كەلگەندىن بىرى ھاراق ئىچىش تۈگىمىگەن بىلەن مۇشتلىشىشلار، جەڭگى - جېدەللەر تۈگەپ كەتتى. لاۋتاڭ ھاراق ئىچمەيتتى، ھاراق سورۇنلىرىغىمۇ بارمايتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم، ئىللىق ئوبرازى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، سىرلىقلاشتى، سۈر پەيدا قىلدى. ھاراق ئىچىپ جېدەللەشمەكچى بولغانلارمۇ: «لاۋتاڭ بىلىپ قالمىسىكىن دېمىسەم، ئاناڭنى مۇنداق قىلمەن» دېسە قارشى تەرەپمۇ: «مەنمۇ شۇ تەرىپىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم، بولمىسا بارغۇ مىجىقىڭنى مۇنداق چىقىرىۋېتەتتىم» دەپ بېشىدىكى تۇمىقىنى يەرگە ئۇرۇپ دەسسەپ، تېپىپ كېتەتتى. ساقىلى بارلارمۇ ھىجىر قاچىدا بىرنى ئۇرۇپ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ ئۆيىگە جىمىدە جۆنەشكە ئالدىرايتتى.

شياۋچىمۇ يېزا ئاياللىرىدىن نۇرغۇن تۆشۈك ئىشلىرىنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇنىڭ ئەتىكەن لەغمىنى بۇ يېزىدىكى تاماققا ئەڭ ئۇستا

ئايالالارنىڭكىدىنمۇ مەززىلىك، تەملىك ئىدى، پولو ئەتىسە گۈرۈچلىرى پارقىراپ، يېسە ياغلىرى بارماقلاردىن تامچىلايتتى، ھەر يەكشەنبىدە شىياۋچى ئايالالارنى ئۆيىگە قىچقىرىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ مەززىلىك تائاملىرى بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ھەيران قالدۇراتتى. بۇ ئەر - خوتۇنلار قالپاق يېزىسىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە چوڭ ھۆرمەتكە ئېرىشكەنىدى. لاۋتاگىمۇ بۇ يېزىنىڭ ھاۋاسى قەۋەتلا ياقتى بولغاي، ئىككى مەگزى توغاچتەك قىزىرىپ، قاش - قاپاقلىرى ئۇگىلىنىپ، شالاڭ قاشلىرى قويۇقلاشتى، يېزىنىڭ ئېتىنى مىنىپ، يەكشەنبە كۈنلىرى سەھەردىلا قالپاق يېزىسىنىڭ غەربىدىكى يايلاققا چىقىپ، يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا، ياشاش يولىغا قوشۇۋالدى.

لاۋتاڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىنى ئېگەرلىتىپ، ئاتقا يېنىك قامچا ئۇردى، ئات غەرب تەرەپكە شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. شىياۋچى ئۇنىڭ كەينىدىن ئامانلىق تىلەپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئات شامالدىن قېلىشمايتتى، لاۋتاگمۇ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، قەدىمكى رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. ئات كۆممىقوناق يەپ راسا تويغاچقىمۇ ياكى ئەركىن ھاۋاغا خۇمارلىقىدىنمۇ قۇلاقلىرىنى قېقىپ، ئەركىلەپ يورغىلايتتى، لاۋتاگنىڭ قەلبى مەسنۇئىگە لىق تولدى، ئىلھاملىرى قاناتلاندى، قەلەم، داۋۋەت كېرەك بولمىدى، پاساھەت بۇلاقلىرى ئۇقچىدى.

بوز يورغا ئەركىنلىكنى قايتىدىن كۆردى، قۇشلارغا كۆك ئاسمان راھەت بېغىشلىسا، ئاتقا يېشىل يايلاق چەكسىز ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. لاۋتاڭ بىلەن بوز يورغا مۇشۇ دەقىقىدە تەبىئەتتىن مېھرلەندى، بوز يورغا تۇيۇقسىز قاتتىق ئۇركۈدى، لاۋتاڭ ئات ئۈستىدە ئۇندەرەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىلھام بۇلاقلىرى شالاقشىپ، تىلىدا سايراۋاتقان مەسنەۋىلەر ئۈگىسىدىن قاياقلارغىدۇر پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى، بوز يورغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى،

لاۋتاڭ ئاتقا مەھكەم چاپلىشىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۈزەل يايلاق كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىدەك كۆرۈندى، ئۇ ئوت ئىچىگە شۇڭغۇپ ئەتىكى ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، تەقدىرىنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ھاياتىنىڭ مۇشۇنداق پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ماغدۇرى يەتمىدى، ئۇنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، قورقۇنچ ئاخىرقى چەككە بېرىپ يەتكەنىدى، ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىشقا بارماقلىرىنىڭ ماجالى يەتمەيتتى، بوز يورغىنىڭ تۇۋۇقى ئاستىدىكى يېشىل چۆپلەر تۆمۈر مۇخلارغا ئايلانغانىدى.

— ئاتقا چىڭ يېپىشىۋالماڭ! ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ! يۈگەننى ئوڭ تەرەپكە بوش تارتىپ ئولتۇرۇڭ! — بۇ ئاۋاز لاۋتاڭنىڭ قۇلىقىغا خىرە ئاڭلاندى.

— مەن دېگەندەك قىلىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ! — بۇ ئاۋاز چەكسىز يايلاقتىن ۋولقاندەك ئېتىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

— ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ دەۋاتىمەن! — بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى، لاۋتاڭ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بۇ قانداق تۈيغۇ، چۈشىۇم بولمىسۇن يەنە، مەن ئات ئۈستىدە قانداق چۈش كۆرىمەن، ئەگەر راستلا چۈشۈم بولسا... دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— لاۋتاڭ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن دېگەندەك قىلىڭ دەيمەن!

لاۋتاڭ ئەگەر بۇ چۈشۈم بولسا مېنى قارا باسقان بولۇشى مۇمكىن، ئاتقا مىنىپ چۈش كۆرۈش ياماناىلىقتىن بېشارەت ئەمەس، بۇ زور ئىلتىپاتنىڭ بېشارىتى، مەن چوقۇم كۆزۈمنى ئاچاي دەپ كۈچەندى، شۇنداق قىلىسمۇ كۆزىنى ئاچالمىدى. «كۆزۈم يەملىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، قارىغۇ بولدۇممۇ-يا» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بېشىنى كۈچەپ سىلكىدى، كۆزىمۇ يورۇپ كەتتى، ئات قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتاتتى، قارشى تەرەپتىكى مۇساپىلەرنى شۇمۇرەتتى، ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە ناھايىتى تەستە قاراپ، كۆزىنىڭ ئېچىقلىقىغا زادىلا ئىشەنمىدى، «مەن چوقۇم چۈش كۆرۈۋاتىمەن» دەپ جەزم قىلدى.

— ماگا قاراڭ، لاۋتاڭ، مەن دېگەندەك قىلىڭ، ئاتنىڭ تېقىمىدىن پۇتىڭىزنى تارتىۋېلىڭ! — لاۋتاڭ ئاخىر كۆزىنى يوغان ئاچتى.

— مەن هاياتمۇ؟ — لاۋتاڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپنىڭ قانداق چىققانلىقىنى تۇيمىدى.

— سىز هايات، بوز يورغىنىڭ ئۇستىدە، — لاۋتاڭ يېنىدا بوز يورغا بىلەن تەڭ يۈگۈرۈۋاتقان بۇ ئادەمنى تونۇدى.

— بۇ ئوگۇممۇ؟

— شۇنداق، ئوگىڭىز، مەن بىلەن گەپلىشىۋېلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتالايسىز.

— بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟

— ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتسىڭىز، ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، — لاۋتاڭ ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئاتنىڭ تېقىمىغا چاپلىشىپ كەتكەن پۇتىنى تارتىپ، بوز ئاتنىڭ يايلىسىدىن ئۆزىنى يىراقلاتتى، بوز يورغىنىڭ پۇتۇن ئەزاسىدىن ئىسسىق تەر يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— ئاتنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىڭ، ئاتنىڭ خۇيى يانىدۇ.

— مەن... مەن شۇنداق قىلاي، — لاۋتاڭ ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ مۇنداق ئىتتىك يۈگۈرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ «ئوگۇم بولسا ئاجايىپ بىر مۆجىزە بولىدىغۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ گارالڭ كاللىسىدىن غايىب بولدى.

بوز يورغا ياۋاشلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يۈگۈرۈۋاتقان ئادەم ئاتنىڭ بوشىغانلىقىنى پەملىدى.

— قولىڭىزدىكى يۈگەننى قويۇۋېتىڭ!

— قويۇۋەتسەم يىقىلىپ چۈشىمەن.

— قورقماڭ، مەن دېگەندەك قىلىڭ.

لاۋتاڭ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى.

— ئىككىلىنىپ تۇرماڭ، ۋاقىتنى قولدىن بەرسىڭىز ئالدىمىزدا چوڭقۇر هاڭ بار، ئۇ چاغدا...

«چوڭقۇر ھاڭ بار» دېگەن گەپ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قولىدىكى يۈگەن چۇشۇپ، ئاتنىڭ يايلىسىغا ئارتىلىپ قالدى.

— بەك ياخشى بولدى، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، خەتەردىن قۇتۇلدىڭىز، — ئۇچقۇر ئادەم ئاتنىڭ يۈگىنىنى كاپپىدە قولىغا ئىلىۋالدى- دە، يۈگەننى ئوڭ تەرەپكە تارتىپ ئاتنىڭ كۆزىگە يېقىنلىشىپ كەلدى.

— دىر ... دىر... بولدى قىل، جانىۋار! — دەپ ئاتنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچىنى پىچىرلىدى. بوز يورغا پۇشقۇرۇپ قويۇپ، ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە بىر نەچچىنى چۆرگىلىدى. لاۋتاڭ بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا خىيال قىلىپ قانداقمۇ ئۇلگىرەلىسۇن. ئۇچقۇر ئادەم ئاتنىڭ يۈزىنى سىلاپ يەنە بىر نىمىلەرنى پىچىرلىدى. ئات سەل تىرىكىپ كىشنەپ قويدى، ئاتنىڭ ئېغىز-بۇرنىدىن ماغزاپ ئاربلاش ھور ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

— ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، ئاستا چۈشۈڭ، ھېچ گەپ يوق، خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. — ئۇچقۇر ئادەم لاۋتاڭنى ئاتتىن چۈشۈردى. لاۋتاڭ ئاتتىن چۈشكەندە يەر - زېمىن ئۇنىڭغا مەخمەلدەك يۇمشاق بىلىندى. زېمىننىڭ بۇنداق يۇمشاق بولىدىغانلىقىنى ئۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. كۆز-بۇلاقلىرىدىكى مۇز ئېرىپ مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ قوينى ئىللىق، مېھرىبان زېمىن ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ ياتتى. كۆزىنى يۇماي دەپ يۇممىدى، باياتىنقى ئىشلارنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى. بوز يورغا پەقەتلا جىم تۇرمايتتى. ئۇچقۇر ئادەم بوز يورغىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ بىر نىمىلەرنى پىچىرلىدى، بوز يورغا پۇشقۇرتۇپ ئۇچقۇر ئادەمنى يۈزى بىلەن تۈرتۈۋەتتى. ئۇ بوز يورغىغا تولىمۇ رەھمەت ئوقۇۋېتتى، چىشلىۋالسىمۇ، تېپىۋەتسىمۇ كايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بوز يورغا كۆچەپ پۇشقۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى، ئۇچقۇر ئادەم « سەنمۇ ماكانىڭدا ئۆز مەيلىڭچە قانغۇدەك يايرىۋال، مۇشۇ چەكسىز يايلاق سەن ئۇچۇن ئەڭ

چوڭ بەخت، بۇ سىنىڭ يىلتىزىڭ، بۇ سىنىڭ ئانا ماكانىڭ»
دېگەنلەرنى ئويلىدى، بوز يورغىنىڭ ئويناقشىپ يوگۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا
ھېچنېمە توسقۇنلۇق قىلالمايتتى.

لاۋتاڭ كۆزىنى كۆك ئاسمانغا تىكىپ، ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە
مىدىرلىماي ياتاتتى، ئۇچقۇر ئادەم كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان
ياشلىرىنى بىر مەھەل تۆكتى، ئۇنىڭ كۆز يېشى مەڭگۈلۈك
ئېچىلمايدىغان سىر ئىدى.

— ئېسىڭىزگە كەلدىڭىزمۇ؟ بالا - قازا ئۆتۈپ كەتتى، — لاۋتاڭ
ئۇچقۇر ئادەمنىڭ مۈشۈ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرماقچى
بولۇۋىدى، لېكىن مىدىرلىيالمىدى، پۇت - قوللىرى ئۆزىگە
بويسۇنمايتتى، چاتىرىقىمۇ ئېچىشىپ مىڭىسىنىڭ قىلدام تومۇرلىرىنى
ئېلىشتۇرۇۋەتتى.

— مىدىرلىماڭ، ئېسىڭىزگە كەلگەندە مىدىرلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئات
دېگەن ئەرنىڭ قانىتى بولغان بىلەن بەك نازۇك نەرسە، ئۆزىنىڭ
سايىسىدىنمۇ گېزى كەلگەندە ئۈركۈپ ئەجەلگە سۆرەيدۇ، تەگرى سىزنى
يۆلىدى، — ئۇچقۇر ئادەم لاۋتاڭنىڭ روھىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا
باشلىدى، لاۋتاڭدا بۇ نىجاتچىسنى قايتا بىر كۆرۈش ئىستىكى دېڭىز
دولقۇنلىرىدەك پەيدا بولدى. مۇسكۇللىرىنىڭ ھەر قانداق ئاغرىقىنى بىر
چەتكە قايرىپ تاشلىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ كاچاتلىرىدىكى ياش
ئەگىزلىرىنى قولى بىلەن سۈرتىۋەتتى. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ
ۋۇجۇدىغا كۈچ توپلاپ ياتقان جايىدىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلى
ئېلىشىۋاتاتتى، بېشى غىژىلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ ھوشىنى بىر يەرگە
يىغالماي، بەك قىينىلىپ كەتتى. ئۇچقۇر ئادەم لاۋتاڭنى يۆلەشتۈرۈپ
ئولتۇرغۇزدى، ئۇ ئۇچقۇر ئادەمگە قاراپ نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى
بىلمەيلا قالدى، ئۇ لاۋتاڭنىڭ كۆڭلىدىكىنى ھېس قىلدى بولغاي:

— بولدى، دېمىگىزنى ئېلىڭ، جىق گەپ قىلماڭ، — دېدى.

— ساۋۇر قوتۇر... ياق ساۋۇر ئاكا.

— ساۋۇر قوتۇر دەۋىرىلىك، — ساۋۇر قوتۇر پارىلداپ يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن چەكسىز ئىللىقلىقنى لاۋتاڭغا تۆكۈپ كۈلۈپ تۇراتتى.
— سىز بولمىسىڭىز مەن ئۆلەتتىم، — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ ئۆزىنى ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىپ ئاسمان ـ زېمىنغىمۇ تەزىم قىلماي، ساۋۇر قوتۇرغا توختىماي باش ئۇرۇپ كەتتى.
— ۋاي، بۇنداق قىلماڭ، لاۋتاڭ سېكرېتار مەن... مەن... — لاۋتاڭنىڭ توختىماي باش ئۇرغىنىدىن ساۋۇر قوتۇر خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى، ئۇ شادلىقىنى قەستەن يوشۇرۇپ ئۇنىڭ گەۋدىسىنى تىرەپ تۇرۇۋالدى.
— ئاكا، سىزگە باش ئۇرۇۋالاي...
— بۇنداق قىلماڭ سېكرېتار، مەندىن باشقىلار بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى، — ساۋۇر قوتۇر بىر ئەسىرلىك نۇرلۇق قوياشنىڭ مۇشۇ يايلاقتىن كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. لاۋتاڭنىڭ پېشانىسى ئۇسما قويغاندەك بولۇپ كەتتى. ساۋۇر قوتۇر يالۋۇرۇپ لاۋتاڭنىڭ باش ئۇرۇشىنى توختاتتى، لاۋتاڭنىڭ كۆزى تۇگۈل ئېغىز، قۇلاقلىرىدىنمۇ تەسىرلىك ياشلىرى ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ساۋۇر قوتۇر يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى.
— بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، بۇنداق قىلىپ تۇرۇۋالسىڭىز مېنى خىجالەتچىلىكتە قويىسىز.
— ئۇنداق دېمەڭ ئاكا، سىز ماڭا قايتا ھاياتلىق بەرگەن ئادەم.
— مەن دېگەن ئاددىي ئادەم ، سېكرېتار.
— مېنى سېكرېتار دېمەڭ.
— ئۇنداقتا...؟ — ساۋۇر قوتۇر گېپىنىڭ ئايىغىنى كۆك چايناپ تۇرۇۋالدى.
— ئىنىم شياۋتاڭ دەڭ ئاكا، سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىزنى بىر ئۆمۈر قايتۇرالمايمەن، شياۋتاڭ دەڭ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ چاڭ باسقان قارا چىرايىدا تۇيۇقسىز سۈزۈلۈش پەيدا بولدى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا ماڭا باش ئۇرماڭ، ئىنىم.
— ئاكا!
— ئىنىم!
— ئۇلار بىر - بىرىگە گىرە سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى، ئاسمان كۆپكۆك چىرايىنى يوشۇرالماي قالدى. غەرب تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدە قارا بۇلۇت پەيدا بولدى. قىن-قىنىغا پاتماي كەڭ تەبىئەتنىڭ مېھرىلىك قۇچىقىدا ئەركىن چاپچىپ تۇرغان بوز يورغا بۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تاغدىكى ئەجدىھار سۈپەت قارا بۇلۇت يايلاق ئاسمىنىغا ئوقتەك تاجاۋۇز قىلىپ كىلىۋاتاتتى، ئات جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرۈپ كىشنىدى، شەيتاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان ساۋۇر قوتۇر غەربىي تاغ تەرەپكە قاراپ قاتتىق يامغۇرنىڭ ھىدىنى پۇرىدى.
— ئىنىم، بىز ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ ئويمانلىقتىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋالايلى، بولمىسا قاتتىق يامغۇردا قالىمىز، — دېدى.
لاۋتاڭنىڭ روھىي ھالىتى ئەسلىگە كەلگەنىدى. بۇلۇت يايلاق ئاسمىنىنىڭ چارىكىنى قامال قىلدى. لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئورنىدىن تۇردى، چاتىرىقى ئېچىشىپ ئۇدۇل مېڭىشقا چىقتى، ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ قىينالدى، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ ئېغىنىڭ پىچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپلا زوڭزايدى.
— مەن يۈدۈۋالاي، ھاپاش بولۇڭ.
— مۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ يىراقتىكى بوز يورغىغا قارىدى-دە، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.
— بولدى، ھېچنېمە بولمايدۇ، يۈدۈۋالسام نېمە بولاتتى، چاپسان ھاپاش بولۇڭ، بولمىسا يامغۇردا قالىمىز، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنى تۇيدۇرمايلا يۈدۈپ، ئويمانلىققا قاراپ يۈگۈردى. لاۋتاڭ شامالغا مىنىۋالغاندەك شۇنداق يېنىك، ئازادە ھېس قىلدى. بوز يورغا يەنە ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنىدى، ئۇنىڭ

پۇشۇلدىــــشى كەڭ يايلاقتــا ھەقىقىـــي ئەركىنلىكنىـــڭ كولدۇرمىــــسىنى چالغانــدەك بىلىنــدى. كـۆك ئاسـمان، يېشىل يـايلاقنى ئـوراپ ئاقىـاش تاغلار، غايىبتىن پەيدا بولغـان قـارا بۇلـۇتلار بـوز يورغـا ئۈچـۈن ھاياتلىق بىلتىزى ھەم ئانا ماكانى بولغان بۇ تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى ئىدى.
ساۋۇر قوتۇر لاۋتاگنى يۇدۇپ ئەركىن قۇشتەك يۇگۇرەيتتى، بـوز يورغا بۇ ئادەمگە قاراپ ئادەملەرنىڭ سىرلىقلىقىنى ھېس قىلدى. سـاۋۇر قوتـۇر بــوز يورغىغــا بىــر نېمىلەرنــى دېگەنــدەك قىلىـــپ ئۆزىنىـــڭ كەينىـــدىن مېڭىشىنى ئۇقتۇردى، بوز يورغا ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئەگەشتى.

※ ※ ※

لاۋتاڭ ئاشـۇ كۈنـدىكى ئىشلارنى بىــر كۈنـمۇ ئېـسىدىن چىقارمىـدى، ســاۋۇر قوتــۇرنى يېزىلىــق ھۆكۈمەتنىــڭ ھــويلا - ئاراملىرىغــا قاراشــقا ئورۇنلاشــتۇردى، ھەتتــا ئــۈچ ئېغىزلىــق ئۆيــدىن بىرنــى سـېلىپ ســاۋۇر قوتۇرنى ئۆزىگە قوشنا قىلىۋالـدى. سـاۋۇر قوتـۇر ئايـالى ئايىشەم، جىيەنـى قادىر كۆك كۆز قاتارلىقلار ھاياتىدىكى ئەڭ قوۋنـاق، بەختلىـك كـۈنلەرگە ئېرىشتى. لاۋتاڭ بىلەن شياۋچىلارمۇ ساۋۇر قوتۇرلار بىـلەن خـۇددى بىـر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتتى، لاۋتاڭ بىلەن ساۋۇر قوتۇرنىڭ بۇنـداق ئىجىل - ئىناق بولۇپ كېتىشى قالپاق يېزىسىدىكىلەرنىڭ تىلىدا داستان بولــدى. لاۋتـــاڭ ئىتتىپاقلىقنىـــڭ گـــۈزەل مېلودىيەســـىنى ياڭراتقـــانلار نەمۇنىچىسى بولدى.
لاۋتـــاڭ ســـاۋۇر قوتـــۇر بىـــلەن قوشـــنا بولغانـــدىن كېـيىن، بـــۇ يېزىـــدىكىلەرنىڭ ھەر قانـــداق ئىـــشلىرىدىن ھەتتـــا كۆڭلىـــدىكى خىياللىرىدىنمۇ خەۋەردار بولدى، ساۋۇر قوتۇرنىـڭ لاۋتـاڭ بىـلەن راۋان سۆزلىشىـــشلىرى باشــقىلارنىڭ نەزىرىنـــى تارتمـــايتتى، بۇنىڭغـــا پەقەت شياۋچىلا قىزىقاتتى.

※ ※ ※

ئـاي تولـۇكـكه سـاڭگىلىدى، پۈتـۈن زېمـىـن سـۈت ئۇيقـۇدا ئـومـاق چـايقىلاتتى، شـىياۋچىنىڭ ئۇيقۇسـىنى سـاۋۇر قوتۇرنـىڭ سـىرلىقلىقى ئەپقاچاتتى. ئۇ ئۇياق ئۆرۈلۈپ، بۇياق ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا ئۆرۈلۈپ ياتالمايۋاتىسىزغۇ؟

— بۈگۈن زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيدىغۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، سىزنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىمىغىنىڭىزغا ئۇزۇن بولدى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، ئۇيقۇم قېچىپلا تۇرىدۇ.

— ئۆيىڭىزدىكىلەرنى كۆرگىڭىز كەلدىمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس.

— نېمە بولدىڭىز؟ كاللىڭىزغا بىر نېمە قاتتىق تەسىر قىلغان گەپ.

— بۇ، بۇ....

— نېمىگە تىلىڭىزنى چاينايسىز، مەندىنمۇ يوشۇرىدىغان قانداق سىرىڭىز بار، شىياۋچى؟ — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پانارنى يورۇتتى. تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىچىگە ئاچچىق تارتتى.

— قانداق سىرىم بولاتتى، لاۋتاڭ، يېقىندىن بېرى خىيالىمغا بىر ئىش كىرىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. — شىياۋچىمۇ ياتقان جايىدىن يېرىم قوپۇپ تامغا يۆلەندى. لاۋتاڭ شىياۋچىنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ قاچاندىن تارتىپ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئالدىبۇرۇن بىلگەن بولسىمۇ، بىلمەسكە سېلىۋالغانىدى.

— بىز بۇ يەرگە خىزمەت بىلەن كەلدۇق، خىزمەتتىكى دوقاللارنى تۈزلەش ۋە ئىشلىرىمىزنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزىبىر خىزمەتلەرنى

قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

— خىزمەتتىكى ئىشلىرىڭىز بىلەن بۇرۇنمۇ كارىم بولمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، يۇرتنى باشقۇرماقنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، لاۋتاڭ.

— بۇ قوشنىمىزغا باشقىچە قاراشتا بولغانلىقىڭىزنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن.

— سىز خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز.

— ياق، چوقۇم شۇنداق.

— مېنىڭ قارىشىم سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا... — لاۋتاڭ تاماكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقىنى يېنىك شوراپ كۈلدانغا ئاۋايلاپ قىيىپ، تۈكۈرۈكى بىلەن تاماكا كۆتىكىدىكى ئوتنى ئۆچۈردى.

— ساۋۇر ئاكا ماڭا سىرلىق تۇيۇلدى، شۇ، — لاۋتاڭ ئايالىنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھېلىقى يىلى ئۆڭكۈردە ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلاشنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنى قەسەم قىلدۇرغانىدى.

— ساۋۇر قوتۇر ئاددىي ئادەمغۇ.

— ماڭا ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ.

— بۇ سىزدىكى غەيرىي سەزگۈنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

— مەن ئۆزۈمنى بىلمىگۈدەك ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم، ئۇ ئوقۇمىغان تۇرۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا نېمانداق راۋان سۆزلەيدۇ.

— مانا، مانا دېمىدىممۇ، ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا قاچان سۆزلىدى، سىز بەكلا چارچاپ كەتتىڭىزمۇ قانداق؟

— ۋاي لاۋتاڭ، ئۇنىڭ سىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرسام.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىشىمەنغۇ، سىز ئالماشتۇرۇپ قويۇپسىز، سىزمۇ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن شۇنداق راۋان سۆزلىشىسىزغۇ، بۇنىڭدىنمۇ باشقىلار گۇمانلىنىشى كېرەكمۇ، — لاۋتاڭ

شياۋچىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى مات قىلدى.
— مەن كەنتلەرگە خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقىتلاردا سىز يالغۇزچىلىق تارتىۋاتىسىز، ئازابىڭىزنى بىلىمەن، — لاۋتاڭ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ گېپىنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندى.
— ئۇنىڭ ئايالى ئايشەمخانمۇ شۇنداق سىرلىق، ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرىدىن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىزناسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، تېنىم جۇغۇلدايدىغان بولۇپ قالدى.
— سىز ئۇلارغا سىرلىق نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندىكىن شۇنداق بىلىنىپ كەتكەن گەپ، ئۇ ياۋاش، ئاددىي ئايالغۇ.
— سىزگە چۈشەندۈرۈپ بولالمىغۇدەكمەن.
— ۋاي، توۋا، بۇنى چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
— ھېلىقى جىيەن ئوغلىنىڭ مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك كۆك كۆزىدىمۇ شۇنداق بىر سىر بار.
— توۋا، سىزگە نېمە بولدى، شياۋچى؟ — لاۋتاڭ يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇردى، — ئۇ ياۋاش بالىغۇ؟!
— نەدىمۇ بالا بولسۇن، ئۇنىڭ چىرايى چوپچوڭ ئەرنىڭ چىرايى.
— ئۇلارغا ئۇنداق سىرلىق قارىماڭ، سىرلىق قارىسىڭىز، ئۇلار ئولتۇرغان قوپقان يەرلەرمۇ شۇنداق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ، مانا ھازىر ئايشەمخان بىلەن قادىر ئىككىسى سىزگە دائىم ھەمراھ بولۇپ، سىزنى غېرىبسىندۇرمايدۇ، مەنمۇ سىرتقا چىقىپ كەتسەم سىزدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم، تەگرىم بىزگە پەرزەنت بەرمىگەن بىلەن ياخشى قوشنا بەردى.
— مېنىڭ زادىلا كاللامدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار شۇنداق سىرلىق بىلىنىدۇ ماڭا، — شياۋچى شۇنداق دەپ يوتقانغا يۆگەلدى، لاۋتاڭ شياۋچىدىكى دەرگۇمانلارغا رەددىيە بەرگەن بىلەن كۆڭلىدە ئۇنىڭ قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي خاتاغا چىقارمىدى، ئۇلارنىڭ سىرلىقلىقىنى دەۋەتسە ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغان تۇز كور بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى. ئۆزىنىڭ جېنىغا ئارا

تۇرۇپ قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى ئىشلار ئۇنىڭ ئېغىزىنى پېچەتلىگەنىدى، لاۋتاڭنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ ئىلىنىشىپ باقمىدى.

※ ※ ※

كۈزنىڭ شاملى تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ بېغىشىغا ئۇرۇلدى، سارغىيىپ قالغان ياپراقلار يەرگە چۈشۈپ غازاڭ بولدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ئۆزگىچە مەنزىرە پەيدا بولۇپ، غازاڭلار قايناملارنى ھاسىل قىلىشتى، قۇشلار قاتار - قاتار بولۇپ غەرب تاغلىرى تەرەپكە كارۋان تارتىپ ھارمايتتى، يايلاقلارمۇ ئۆزگىچە تۈسكە كىرىپ، ئالتۇن رەڭ دالىغا ئايلاندى، قۇياشنىڭ سۇنغان نۇرلىرى ئاشۇ ئالتۇن رەڭ يايلاقنى ساماۋى دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىك گۈلخانىسىدەك سىرلىق، مەردانە كۆرسىتەتتى.

— تاڭ ئىنىم، بۇ يىل قىش بۇرۇن كىرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بىر نېمە دېمەك تەس ئاكا، — لاۋتاڭ بىلەن ساۋۇر قوتۇر كۈزنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ مۇڭداشتى.

— چۈشۈم بۇزۇلۇپلا تۇرىدۇ. چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولامدۇ نېمە؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ قارا چاڭ باسقان چىرايى پۈرلىشىپ كەتكەنىدى، لاۋتاڭ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ نېمىلەرنى ئويلىغۇسى كەلگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

— قانداق ئۆزگىرىش بولار؟

— چوقۇم چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئىنىم.

— نېمانداق كېسىپلا ئېيتىۋېتىسىز ئاكا.

— سول قاپىقىم تارتىپ زادىلا توختىمايۋاتىدۇ، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، بۇرنىمغا چوڭ بالايىئاپەت پۇراپلا تۇرغان، گاڭگىراپ قالدىم.

— شۇم ئىغىزلىق قىلمىسىڭىزچۇ ئاكا.
— ھاياتىمدا مۇشۇنداق ئالامەتلەر بەك كۆپ بولغان.
— قانداق ئالامەتلەر؟
— چۈش دىگەن رىئاللىقنىڭ ئەينىكى، ئادەمنىڭ بەدەنلىرى سىرلىق بولىدۇ، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى سېزەلەيدۇ، بىز ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىمىغاچقا، نۇرغۇن ئاپەتلەرگە مەھكۇم بولغانمىز ئىنىم.
لاۋتاڭنىڭ قايتا ئېغىز غىرىچلاشقا رايى بارمىدى، ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان قوتۇرنىڭ سىرلىقىدىن گۇمان قىلمايتتى، ئۇنىڭ دىگەنلىرى راستەكلا بىلىنەتتى.
— ئىنىم، سىز پەرزەنت كۆرمىدىڭىز، نېمشقا بۇ ئىشنى ئويلىشىپ كۆرمەيسىز؟
لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بويىنغىچە قىزىرىپ كەتتى.
— بۇنىڭ بىر سەۋەبى باردۇ، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ قالتىس ئوسال ئەھۋالغا قېلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ يەنە كوچىلاۋەردى.
— بۇ... بۇ...
— مەندىن يوشۇرغۇدەك يەنە نېمە قالدى ئىنىم، — لاۋتاڭ تۆت ئەتراپىغا ئىتتىك قاراپ يەنە تىلىنى چاينىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ كۆزىنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ تۇرۇۋالدى.
— بۇ مەندىكى ئاجىزلىق ئاكا، — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ بېشىنى تۆۋەنگە سىلىۋالدى، ساۋۇر قوتۇر كۆڭلىگە ئاللىبۇرۇن پۈكۈپ كەلگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى مۇقىملاشتۇردى.
— چوقۇم پەرزەنتلىك بولۇشىڭىز كېرەك، ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ - دە!
— بۇنىڭغا زادىلا ئامال يوق.
— بۇ دۇنيادا ئامال يوق ئىش مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت جۈرئەت قىلسىڭىزلا ئىنىم، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ ئورنىدىن دەست

تۇردى، لاۋتاك ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.
— ئۇنداقتا...
— مۇنۇ دورىنى ئۆزۈم ياسىغان، مۇشۇنى ئىچسىڭىز چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ.
لاۋتاك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىدا تۇرغان بۇ قوتۇر ئادەمنىڭ راستلا ئادەم زاتىدىن ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىدى، ئۇ خۇددى تامغا قاققان قوزۇقتا ئايلانغاندى.
— بۇنداق قېتىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ئىنىم، بۇ دېگەنلىرىم راست.
— بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن ئاكا، — لاۋتاگنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئاڭلانماي قالدى.
— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي قالدىم.
— ئۇنداق دېمەڭ، شياۋچېنىڭ بولمىغۇر خىياللىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇر، — لاۋتاك ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن ئېغىز ئاچالمىدى.
لاۋتاك قولىدىكى دورا كۇمىلىچىنى چىڭ سىقىمداپ، زادىلا ئارام تاپالماي قالدى، ئۇ يەنە خىياللارغا چۆمۈلگەنىدى.
— لاۋتاك، ياتمايسىزغۇ؟ — شياۋچى لاۋتاگنىڭ دەم قىزىرىپ، دەم سارغىيىشلىرىدىن ھەيران قالدى. لاۋتاك شياۋچېغا قاراپ چوڭ بىر خۇشاللىقنى ئېيتماقچى بولۇپ ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى.
— سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟
— ياق، ماڭا نېمىش بولاتتى، شۇ... — لاۋتاك بولدى دورىنىڭ ئۈنۈمى بولغاندا دەي، بۇنداق دورىلارنى بەك كۆپ يېدىم، پەقەتلا ئامال بولمىغان، يەنە شياۋچېغا ئالدىراپ دەپ يەنە مازاققا قالماي، ئۇنىڭ ئۈنتۈلۈپ كەتكەن كونا يارىسىنى قوزغاپ قويماي دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.
— سىز ئۇخلاۋېرىڭ، مەن ئازراق ماتېرىيال كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا مەيلى، — شياۋچى ئىرىنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى سەزگەن بولسىمۇ ئوشۇق گەپ قىلىشتىن يالتايدى. لاۋتاگمۇ تالڭ نەزملىرىنى ئوقۇپ جىددىيچىلىكتىن قۇتۇلماقچى بولدى، ئۇ ھەدەپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان كۇمىلاچىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى راست بولسا، ئۇ چاغدا... دېگەنلەرنى قايتا - قايتا ئويلاتتى، شياۋچىنىڭ كاڭدا ياتقان ئانا مۇشۇكتەك يۇشۇلداپ ئوخلاۋاتقانلىقىغا قاراپ چوڭقۇر ئويلىغۇسى كەلدى. شياۋچىنىڭ ئالدىدا نەچچە يىلدىن بېرى ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالماي كەلگەنلىكىدىن ئۇيالدى، ئۆزىدىن ئۆزى نەپرەتلەندى، نۇرغۇن قېتىملىق ئازابلىرىنى يۇشۇلداپ ياتقان سۆيۈملۈك رەپىقىسىنىڭ «ئەر- خوتۇنلۇق دېگەن پەقەتلا ئۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن ئۆلچەنمەيتتى، سىز مېنىڭ يېنىمدا بولسىڭىزلا ماڭا شۇ كۇپايە...» دەپ ۋاقىتلىق يېنىكلەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. شياۋچىنىڭ سولغۇن چىرايىدىن، ھېرىپ - تېلىپ ئىش قىلىشلىرىدىن ھەرىكەت ئارقىلىق ئازابىنى يېگىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ كەلگەن، خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتاپ نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. يەنە يورۇقىدا ئۆيئىچىگە قايتىدىن قاراپ چىقتى، ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە ساۋۇر قوتۇرنىڭ سىرلىق كۆزلىرىنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر تىنالماي قالدى، ئۆزىگە مۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىن نىمانداق قورقىمەن دېگەننى ئويلىسىمۇ ۋۇجۇدىنى قامال قىلغان قورقۇنچ تۈگىمەيتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئايشەم ھەددىدىن نېمىشقا بالىسى يوق، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خىيال ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە كارى بارلىقى توغرىسىدا ئويلانسىمۇ، يەنە شۇ تەرىپى زادىلا ئارام بەرمىدى. يەنەرنىڭ مىيى تۇگەي دەپ قالغانىدى، كاللىسىمۇ ئېغىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بىلىندى.

كۇزمۇ قىستىلىپ قالدى، جاھان، كوچا، ئېتىز - ئېرىقلار ئالتۇن لىباس ئارتىۋالغانىدى، بوگۇن يەكشەنبە بولغاچقا شەھەرگە كىرىپ

كېتىۋاتقـان ئېـشەك، ئـات ھارۋىلارنىـڭ كولـدۇرمىلىرى قۇلاققـا كىرىـپ تۇراتتى. لاۋتاڭنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشى چىڭقىلىپ، مېڭىـسىنىڭ قىلدام تومۇرلىرى ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئىشىك چېكىلدى، ئۇ پەنەر ئالدىدا تېخىچە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىـپ بەك ئوڭايـسىزلاندى، شىرە ئۈستىدىكى كـۇملاچنى يىغىـشتۇرۇپ بىـر يەرگە تىقىـپ قويـدى. شياۋچىمۇ بۇگـۈن ئېغىـر ئـۇخلاپ قالغاچقا ئىـشىكنىڭ چېكىلگەنلىكىنـى ئاڭلىمىـدى، ئـۇ ئىـشىك تەرەپـكە ماڭـدى، قەدەملىرىمـۇ ئـۆزىنىڭكىگە ئوخـشىماي قالغانـدى، پۇتـۇن ئۈسـتىخانلىرى ئـۇگە - ئـۇگىلىرىگىچە سىرقىراپ بىئارام بولـدى، ئىشىكنى ئېچىـپ رەڭگـى كـۆز ياپراقلىرىـدەك بولۇپ كەتتى.

— ئىنىم، سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ تاڭ ئاتقۇچە دېرىزىڭىـزدىن پانارنىڭ يورۇقى سىرتقا چۈشۈپ تۇردى.

لاۋتـاڭ ساۋۇر قوتۇرنىـڭ گەپلىرىنـى ئاڭلىـدىمۇ يـاكى قۇلىقىغـا كىرمىدىمۇ ھاڭۋېقىـپ قـاراپلا تـۇردى، ساۋۇر قوتـۇر ئۇنىـڭ چىرايىـدىكى بىئاراملىقنى كۆردى.

— مىجەزىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، پەسىل ئۆزگەرسە زۇكـام بولىـدىغان ئـادىتىم بولـدىغان ئاكا،ـــ لاۋتاڭنىـڭ ئېغـىزى بۇتنىـڭ ئاغزىـدەكلا قىمىرلىمـايتتى، كارنىيىـدىن بـۇ ئاۋازنىڭ چىققانلىقىنى ساۋۇر قوتۇر بىلمەيلا قالدى.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ئارام ئېلىڭ، مەن تېخى... — ساۋۇر قوتـۇر گېپىنىڭ ئـايىغىنى كـاپ ئېتىـۋېتىپلا كەينىگە ئۆرۈلـدى، لاۋتـاڭ ئۇنىـڭ كەينىدىن لام - جىم دېمەي قاراپ تۇردى.

لاۋتاڭغا ھەممە ئىش كۆندىن-كـۆنگە سـىرلىق تۇيۇلۇشقا باشـلىدى، ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسـىغا ئـۆتتى. ھەر خـىل ئەندىـشىلەر قەلبىنى رام قىلدى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك ھـېس قىلـدى. قېرىـشنىڭ بەك تېـز بولىـدىغانلىقىنى بىلـدى. بـۇ ھايـات سەيناسـىنىڭ تولىمـۇ كەڭـرى ھەم تولىمـۇ تارلىقىـدىن گاڭگىرىـدى،

ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئۇنىڭ تاشتىنمۇ قاتتىق بەللىرىنى مۆكچەيتىپ قويدى.
— لاۋتاڭ، ئۆزىڭىزنى خىزمەتكە بەك ئۇرۇپ كېتىۋاتامسىز-قانداق؟
— ئۇنداق ئەمەس، بۇرۇنقىدەكلىغۇ.
— ئەينەككە بىر قاراپ بېقىڭە، نەچچە كۈندىلا باشقىچە بولۇپ كەتتىڭىز.
— نېمە بولۇپ كەتتىم؟
— ئاۋۋال ماۋۇ ئەينەككە بىر قاراڭ، — شىياۋچى ئەينەكنى ئۇنىڭ چىرايىغا يېقىن ئەكەلدى. لاۋتاڭ ئۆزىنىڭ چىرايىنى تونۇمايلا قالدى.
— بۇ كىم؟
— سىز.
— مەن؟
— ھە، سىز.
لاۋتاڭنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئەندىشە، ۋەسۋەسە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ رەھىمسىز قاتىلى ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلدى.
— مەن سىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق ھەمراھىڭىز، مەسلەكدىشىڭىز، بىز ئىنقىلابىي يولداشلاردىن. ھەر قانداق ئۆگۈشىسىزلىقنى تەڭ كۆرۈپ، تەڭ تارتىمىز دەپ بېشىمىزنى بىر - بىرىگە چاتقانمىز، كۆڭلىڭىزدە يېشەلمەيۋاتقان قانداق تۈگۈن بولسا دەپ باقامسىز، بىر كاللىدىن ئىككى كاللىنىڭ بىلىدىغىنى جىق بولىدۇ.
— ياق، زىيادە ئويلاپ كېتىۋاتىسىز، سىز ئويلىغاندەك ئەمەس.
— شۇنداق بولسىمۇ، دېمەمسىز، كۆز كىرگەندىن بېرى غازاڭدەك سارغىيىپ قالدىڭىز، سىزگە بۇ يىراق يەردە ئالىمادىس بىر ئىش بولسا، مەن بۇنى كۆتۈرەلمەيمەن، — شىياۋچى شۇنداق دەپ كۆزىدىن ياش تۆكتى.
— مانا... مانا، خوتۇن خەق دېگەن يىغلاپلا ئادەمنى قورقۇتۇشنىلا بىلگەن! ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق دېدىمغۇ، مەن قاچان سىزنى ئالداپ باققان!
— چوڭ ئىش بولمىسا رەڭگىڭىز ئاشۇنداق بولۇپ كېتەرمۇ؟
— پەسىل ئالماشتى ئەمەسمۇ.

— بۇ يىل پەسىل ئالمىشىپ، بۇرۇنقى يىللاردا پەسىل ئالماشمىغانمىتى، ئەمدى گەپ يورغىلىتىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى بىكار ئۇپرىتىپ يۈرمەڭ، بۇگۇن دەيسىز.

ئۇ شياۋچىننىڭ قاتتىق قىستىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بېشىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاشلا قاتتى، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈتۈپ كەتكۈسى كەلدى.

— قېنى دېمەمسىز! سىزنى ئۇبدان بىلىمەن، بۈگۈن ئالدايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ!

— نېمانداق گەپ قىلىسىز!؟

— ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم، كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىپ باقاي دېدىم شۇ.

— قىزىق گەپ بولدىغۇ-بۇ، كۆڭلۈمدە سىز بىلەلمەيۋاتقان نېمىلەر باردۇ؟

— نېمە بولسا شۇنى دەيسىز!

لاۋتاڭنىڭ ھېچنېمە دېگۈسى يوق ئىدى، ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋىدى، كۈننىڭ تېخى ئولتۇرمىغانلىقىنى بىلدى.

— سىرتنى ئايلىنىپ كىرسەملا ئېسىمگە كېلىپ قالىمەن خوتۇن.

— بۈگۈن بوسۇغىدىن ئاتلايمەن دېگۈچە بولماڭ!

لاۋتاڭنىڭ داتلىشىپ كەتكەن چىرايىنى كۈلكە باسقىلى تۇردى. شياۋچىننىڭ تەرسالىقى يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بۈگۈن ئويۇن ئوينايمەن دېگۈچى بولماڭ! قېنى دەڭە، سىزگە زادى نېمە بولدى؟

— ۋاي سادىغاڭ كېتەي خوتۇن! راستىنلا ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى!— لاۋتاڭ شياۋچىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ كاچىتىغا سوزۇپ، بوشلا سۆيۈپ قويدى، شۇ ئارىلىقتا ئىشىك چېكىلدى، لاۋتاڭ تۇمشۇقىنى ئېتىك تارتىپلا ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى.

— كىم؟

— مەن.

لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ نېمە

ئىش بارلىقىنى سورىدى.

— بۈگۈن سىزگە مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار.

— شۇنداقمۇ، شىياۋچى مەن چىقىپ كىرەي، — دەپ ئۆيدىن تالاغا سۇغۇرۇلۇپلا چىقىۋالدى، شىياۋچىمۇ بىر نىمە دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

لاۋتاك بىلەن ساۋۇر قوتۇر يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن ئۇن - تىنسىز مېڭىشىپ دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ كېتىشتى، شىياۋچى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ ئالۋاستىنىڭ يەنە نىمە گېپى باردۇ؟ — دەپ ئىشكنى جاراڭلىدە ياپتى، ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى ئۇ ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى.

— بۈگۈن بۇ چىشى يولۋاسنىڭ راستىنلا ئاچچىقى كەپتۇ، — دەپ كۈلدى لاۋتاك، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېڭىۋەردى.

— ئۇنىڭ ھېچقاچان بۇنداق خۇيى تۇتۇپ باقمىغانىدى.

— خوتۇن خەق دېگەننىڭ خۇيىغا ھە دەپ قويسىلا بېسىقىپ قالىدۇ، — ساۋۇر قوتۇر گازىر چاققاندەك لاۋتاڭنىڭ گېپىگە ئاۋاز قوشۇپ قويدى.

— ھە راست، ساۋۇر ئاكا، نىمە گەپ ئىدى؟

— ھېچ گەپ يوق، سىزنىڭ ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ شۇ... — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى، ئۇمۇ ساۋۇر قوتۇرنىڭ ھىجىيىشلىرىغا نىمە دېيىشنى بىلمىدى، ئاسمانغا قاراپ قەلب تاملىرىغا مىنگىشىپ تۇرغان خىيال لەۋكچەكلىرىگە قارىماسلىققا تىرىشتى. جىمجىتلىق يەنە باشلاندى، دائىم قىزغىن پاراڭلىشىدىغان دىلكەشلەر ئۈچۈن بۇنداق مېڭىش باشقىلاردا خاتا قاراش پەيدا قىلاتتى. ساۋۇر قوتۇر بۇ تەرىپىنى چاقماق تېزلىكىدە بىلىپ يەتتى.

— ئىنىم، رەڭگىڭىز كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سالامەتلىكىڭىزدە بىرە ... — لاۋتاك ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىگە پايلىماي قالدى.

— بۈگۈن سىلەرگە زادى نىمە بولدى! رەڭگىم بىلەنلا قالدىڭلارغۇ؟ باشقا ئىش يوقتەك!

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، جىمجىتلىق يەنە باش كۆتۈردى، لاۋتاڭ ئاۋازىنىڭ قوپال چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىلچىلىق تارتتى.

— ئاكا، خاپا بولماڭ، سەل ئېشىپ كەتتى.

— ياق، ياق، ئېشىپ كەتمىدى، — ساۋۇر قوتۇرنىڭمۇ غۇرۇرى ئۆرلەپ قالغانىدى، ئۇ بۈگۈن بۇنداقمۇ بولىدىغانلىقىنى تۇنجى ھېس قىلدى. ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ئەسلى بولمىغان نەرسە تۇيۇقسىز پەيدا بولسا، ساراسىم ھاسىل قىلىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يېتىشىنىڭ ئۆزى ئۇزۇن جەريان ئىدى. ساۋۇر قوتۇر بۇلارغا بىپەرۋا بولۇش مېنىڭ ياشاش مىزانىم دەپ بىلىدىغانلاردىن بولغاچقا، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قۇرىغان غازاڭلار گاچ - گاچ ئاۋاز چىقىرىپ ئېزىلىپ، ھاياتلىقنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ساۋۇر قوتۇر بىلەن لاۋتاڭنىڭ تىنىقلىرى ئاشۇ غازاڭ ئاۋازلىرىغا قوشۇلدى.

— نېمە بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.

— ئادەم بەزىدە تۇرۇپلا، شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. چىقىرالمايۋاتقان ئىچكى ئاغرىقلىرىڭىز بارلىقىنى بىلگەنىدىم.

— نېمە ئاغرىقىم بولسۇن، بىر تەرسالىق چاپلىشىۋالدىغۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— مەن سەۋەبىنى بىلدىم، — ساۋۇر قوتۇر غازاڭ ئۈستىدىكى قەدەملىرىنى توختاتتى، لاۋتاڭمۇ مېڭىشتىن توختىدى، ئۇلار نەنى نىشانلاپ توختىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— ئاكا، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام كۆڭلىڭىزگە كېلەرمۇ؟— لاۋتاڭ شۇنداق دەپلا چىرايى ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا ئىسسىق قارىدى.

— ۋاي ئىنىم، نېمە دەيدىغانسىز، قانداق ئىش بولسا سوراڭ.

— ئەسلىي سورىمىسام، سىزگە ئىشەنسەم بولاتتى، يەنە شۇ ئادەم دېگەن، — لاۋتاڭ كىچىك بالىدەك خىجىلچىلىق ئىچىدە گەدىنىنى قاشلىدى.

— بۇرۇنلا سورىسىڭىز بولاتتى، — ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغىنىنى بىلىپ بولغانتى، لاۋتاڭ «ئۇنىڭ بۇرۇنلا سورىسىڭىز بولاتتى» دېگىنىدىن يۈرىكىنىڭ رىتىمسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئۇكام، سىز ئايشەم ھەدىڭىزدىن بالىلىق بولمىغانلىقىمنى سورىماقچىمۇ، مەن بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيمەن، بۇنى قانداق چۈشىنىش ئۆزىڭىزنىڭ ئەركىنلىكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىيەتلىكى بولىدۇ. بۇنى دېمىسەممۇ سىز ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن، يېتىلگەن زىيالىيسىز، ئەمما سىزگە كاپالەت بېرەيكى، مەن سىزگە بەرگەن ئۇ دورىنىڭ چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ.

— مەن بۇنىڭغا يۈزدە يۈز ئىشىنىمەن، شۇنداقتىمۇ...

— سىز ئىشەنسىڭىزلا بولدى، مېنىڭ ئۆتمۈشىمنى كوچىلىماڭ، مەن راستىنى دېسەم ئۆتمۈش خاتىرەمنى كاللامدىن چىقىرىۋەتكەن، مەن ئۇلارنى ئەسلىيەلمەيمەن، ئايشەم ھەدىڭىزمۇ شۇنداق.

— ئاكا، بۇ... بۇ...

— سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن بېرى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك بولغانمەن، ئۇ كۇملاچ چوقۇم ئۈنۈم بېرىدۇ، سىزدە بىر نەرسىلا كەم بولاۋاتىدۇ شۇ.

— ئاكا، مەن بۇرۇن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۇملاچلارنى كۆپ يەپ زىدەكەپ كەتكەچكە يېيىشكە پېتىنالمىدىم.

— بۇرۇنقى كۇملاچلارنى، دورىلارنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، جۈرئەتلىك بولۇڭ، ئۇكام.

— شىياۋچېنغا بۇنى دېيىشكە زادىلا پېتىنالمىدىم.

— نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئەرلەرنىڭ ئايالالارغا تاغدەك قامىتى ئەمەس، شېرىن لەززىتى ئەڭ ئالىي بەخت ئاتا قىلىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ دەپ قويسام بولاتتى، ئۇنىڭغا بەك غەيرىي بىلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ۋاي باشلىق ئىنىم، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، سىز ئۆزىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ بەختنى خارلىماقچى بولۇۋاتىسىز. ئاۋۋال ئۇرۇنۇپ بېقىڭ.
— قاملاشتۇرالىشىمغا بىر پىرسەنتمۇ ئىشەنچىم يوق.
— سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟
— بۇرۇن نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولغانمەن.
— ئۇ دېگەن بۇرۇن، ھازىر دېگەن ھازىر. نۇرغۇن ئادەملەردە ئاشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن، ئەمما ئۇلار نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلىپ باققان، ھارمىغان، تالمىغان، بەزىلىرى مۇھەببەت ئالماشتۇرۇپ ئاشۇ ئازابلاردىن خالاس بولغان، سىز بۇنى مۇھىتقا دۆڭگىسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.
— ئۇنداقتا...
— يەنە نېمە ئۇنداقتا-بۇنداقتا دەپ تىلىڭىزنى چاينايسىز دەيمەن، ماڭا يېقىن كېلىڭە، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، لاۋتاڭنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى، چېكىسىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ساۋۇر قوتۇر پىچىرلاپ بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، لاۋتاڭ ئىزا - نومۇستىنمۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى.
پانارنىڭ يورۇقى ئۆي ئىچىنى سۇس يورۇتتى، سىرت ئاجايىپ قاراڭغۇ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى يىراقتا ئاڭلىناتتى، لاۋتاڭنىڭ يۈرىكى دەم سېلىپ، دەم سىقىلاتتى، نەپەسلىرىنىڭ تېۋىشى قۇلاقتا ئوچۇق ئاڭلىناتتى. شىياۋچى سول تەرىپىنى بېسىپ ئۇخلاپ قالغىلى خېلى بولدى. لاۋتاڭ قولىدىكى قارا كۆمىلاچنى بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇرىدى، كۆمىلاچنىڭ قىرتاق پۇرىقى مېڭىسىگە چىقتى، كۆڭلى ئايندى، ئۇنىڭ سېزىمچانلىقى توختىماي ئېشىۋاتاتتى، كۆزىنى يۇمۇپ تىترەپ سىلكىندى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ قۇلىقىغا دېگەنلىرى قۇلىقىنىڭ ئىچىدە ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ «بۈگۈن نېمە دېگەن سەت كېچە» دەپ پىچىرلىدى. ئۇ كېچىنى تۈنجى كۆرۈۋاتقاندەك ئويلىدى. روھىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن

بارلىق ئامالLارنى ئىشقا سالدى، قولىدىكى كۆملاچىنى ئاغزىغا سىلىپ قاتتىق سۆڭەكنى يۇتقاندەك قىينالدى. كۆزىدىنمۇ ياش چىقىپ كەتتى، بوغدىيىكنى توختىماي ئۆمەللەيتتى، مىڭە سەزگۈ قىلدام تومۇرلىرى ئۈيغىنىپ كەتكەنىدى، ئېغىزىدىكى كۆملاچىنىڭ پۇرىقى زادىلا يوقىمايدىغاندەك بىلىندى، بەدەنلىرىمۇ قىزىشقا باشلىدى، تېرىلىرى ئىششىۋاتقاندەك، بىر يەرلىرىدىن ئېقىۋاتقان ئىسسىق بىر ئېقىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قامال قىلىۋاتقاندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى. دورا كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دېگەننى ئويلىدى. قولىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولۇپ بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قاس چىقاردى. قولىدىن چىققان قاس قۇلىقىغا ئومۇمىي خورنىڭ تەڭكەش دۇمبىقىدەك ئاڭلاندى. ئۇ «بۇ مەنمۇ، بۈگۈن مەن چوقۇم مەن ئەمەس» دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، ئايالىغا غالجىرلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى. «چىراغنى ئۆچۈرەي» دېگەننى ئويلىدى، ئەمما ئۆچۈرەلمىدى. «مېنى ئايالىم ئوچۇق كۆرۈشى كېرەك، بولمىسا قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتىدۇ» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى ئۇنىڭ ئۆچۈن بىر چۈشتەك تۇيۇلدى. ئايالى تەرەپكە قارىغانچە يەنە تۇردى. «بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا نېمىشقا دېمىگەندىمەن، ئالىمادىس ئىش تەتۈرىگە تارتىپ سالسا، ئۇ چاغدا...» ئۇنىڭ كاللىسى يەنە گادىرماچ بولۇپ قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى، تومۇرلىرى چىڭقىلىشقا، تومۇرىدىكى قانلىرى شاۋقۇنلاپ ئېقىشقا باشلىدى، ئاشۇ قانلارنىڭ دەريادەك شاۋقۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنىدى، ئۇ سۇپىدا ياتقان ئايالىنىڭ يېنىغا تاشلاندى، ئۆزىدىكى مۇنداق قاراملىقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئەمدى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى... ساۋۇر قوتۇر دەپ بەرگەن بويىچە ئىش قىلدى، شىياۋچى ئۆزىمۇ بىلەلمىگەن ھالدا ئىڭراپ كەتتى... ئۇلارنىڭ ئىتتىك نەپەسلىرى بوشىدى.

— بۇ سىزما؟ — شىياۋچى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى تەرلەرنى لوڭگە بىلەن سۈرتكەچ سۆز باشلىدى، لاۋتاڭنىڭ تىنىقلىرى تېخى جايىغا چۈشمىگەچكە ئېغىزىدىن گەپ چىقىرالماي قالدى.

— جېنىم، بۈگۈنكى ئەر سىزمۇ؟

— ھە... ئە...

— كۆزۈمگە قارىڭە.

— مانا! — شىياۋچىنىڭ شادلىقى ئىچىگە پاتمايۋاتاتتى.

— مەن تېخى چۈشۈمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ياق، بۇ چۈش ئەمەس!

— شۇنداق، بۇ مەڭگۈ چۈش ئەمەس، — ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئاشۇ تەرىقىدە سۆزلەشتى... ئۆزىدىكى بۇرۇنقى روھىي ھالەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى لاۋتاڭ ئايالىغا قىسقا قىلىپ چۈشەندۈرۈپمۇ قويدى.

※ ※ ※

كۈنلەر ئۆتۈپ تۇردى، دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ بولدى، قالپاق يېزىسىدىكىلەر قىشلىقنىڭ غېمىنى قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى، لاۋتاڭمۇ دېھقانلارنىڭ قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئوتۇن - كۆمۈرلەرنى ئۆزى قول تىقىپ ھەل قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قالپاق يېزىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى تاغلىق، يايلاقلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەچكە، قىش پەسلى بىر قەدەر ئۇزۇن ھەم سوغۇق بولاتتى. لاۋتاڭ بۇ يېزىغا كەلگەندىن بېرى، دېھقانلارنىڭ قىشتىن خاتىرجەم چىقىۋېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى قىلدى. ناھىيەگە دوكلات يېزىپ ھەر يىلى نۇرغۇن كۆمۈر ھەل قىلىپ ئۆزى نۇقتىدا تۇرۇپ نامراتلارغا، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا كۆمۈر تارقىتىپ بېرىپ، دېھقانلارنى قەۋەتلا خۇش قىلىپ كەلدى، ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىنى ئائىلىمۇ ئائىلىگە

يەتكۈزدى. ساۋۇر قوتۇر يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئات ھارۋىسى بىلەن ئاشۇ تەقسىم قىلىنغان كۆمۈرلەرنى ھەر بىر دېھقاننىڭ ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولاتتى. ئۇلار بۇ يىل قىش كىرىشتىن بىر ئاي بۇرۇن بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ ئارامىغا چۈشتى.

يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا يەنە كەچ بولدى، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچكەچ قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئاكا، — لاۋتاڭنىڭ ئېسىگە مۇھىم بىر ئىش كەلدى، — قادىر بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردى؟ — دەپ ساۋۇر قوتۇردىن سورىدى.

— يىگىت بولدى، قۇرامىغا يەتتى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى كۆمۈر كانىغا ئىشچىلىققا بېرەيلى، ئوقۇغان بولسا كادىرچاق قىلىۋالاتتىم، ئوقۇمىغاندىكىن ئىشچى بولسا قانداق؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا يورۇپ كەتتى.

— مەن بۇگۈن ئىشچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، «تۆمۈر تاۋاق»قا ئېرىشىۋالسا كۆڭلى خاتىرجەم ئۆتىدۇ، يەنە كېلىپ كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىمۇ يۇقىرى، تېخى يېزىمىزغا «نەپ»مۇ تېگىپ قالامدۇ تېخى، مۇقىم خىزمەت. بېشىمدىكى ئەڭ چوڭ قېتىنچىلىقتىن خاتىرجەم بولدۇم، ئىنىم.

— مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان.

— ئىنىم، سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيلا قېلىۋاتىمەن، مەن ئۇنى ئوقۇتالماي ئىچىمدە بىر ئوت قالغان — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، يېشىگىزنى سۈرتىۋېتىڭ، — لاۋتاڭ ئۇنىڭغا لۆڭگە تەڭلىدى، ساۋۇر قوتۇر بېشىنى كۆتۈرمەي چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى. لاۋتاڭ قولىدىكى لۆڭگىنى ئالغان جايىغا ئېسىپ قويدى.

قادىر بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ «قالپاق» يېزىسىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كانغا رەسمىي ئىشچى بولۇپ

ماگدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئات ھارۋىسى بىلەن ئۆزى ئاپىرىپ قويدى.

ئايشەمخان قادىر كەتكەندىن كېيىن يالغۇزسىراپ قالدى، كەچ كىرسىلا ئۆيئىچىدە يالغۇز، جىندەك قالاتتى. قادىرغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى، يالغۇزچىلىقنىڭ تولىمۇ مۇشەققەتلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ «پەرزەنتلىك» بولالمىغانلىقىدىن ئازابلاندى، ساۋۇر قوتۇر كېچە ـ كۈندۈز يېزا ئىشلىرى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئايشەمخان ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا كىرىپ ئۇخلىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. قادىر كەتكەندىن كېيىن تالا ـ تۈزگە كۆپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى، ساۋۇر قوتۇر خوتۇنىنىڭ تالا ـ تۈزگە چىقىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى.

— سەن تالاغا تولا قاترايدىغان بولىۋالدىڭغۇ؟

— ئۆيدە يالغۇز،جىندەك ئولتۇرۇۋەرسەم غەم بېسىۋالىدىكەن، شۇڭا ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقىپ غەمدىن قۇتۇلاي، دېدىم شۇ.

— تولا تالاغا چىقىپ يۈرمە.

— ۋاي، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەتمەيمەن.

— مەن سېنىڭ ئۆتمۈشنى ئويلاپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن، بىز مۇشۇ يېزىغا كەلگەندىن بۇيان جېنىمىز ئارام تاپتى، مۇشۇ ئارام خۇدا كۆنىلىرىمىز يەنە ۋەيران بولمىسۇن دەيمەن، ئۇقتۇڭمۇ! — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئېسىم جايىدا، ئۇنى دەپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— ھەي ساراڭ، مەن دېگەندەك قىلساڭلا بولدى.

— ۋاي بولىدۇ... — ئايشەمخاننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قادىر يوقىناپ قالدى، بىزنىڭ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە باردى، ئۇمۇ ئۆزىگە بىر يول تاللىغىنى تۈزۈك، نەچچە يىلدىن بېرى سەن ئۇنىڭغا راستىتىنلا كۆنۈپ قالغان، بۇنى مەن بىلىمەن، ساڭا ئېغىر كەلدى، كۆنۈپ قالىسەن، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئايشەمخان مىشىلداپ ئۆيئىچىدە يالغۇز قالدى.

※ ※ ※

لاۋتاڭنىڭ ئۆيى.

شياۋچى تاماق يەۋېتىپ كۆڭلى ئېلىشتى، قولىدىكى قاچىنى قويۇپ تالاغا يۈگۈردى، لاۋتاڭمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى، ئۇ قاتتىق قۇرۇق ھۆ قىلدى.

— خوتۇن، سىزگە نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە بولمىدى.

— ئۇنداقتا، نېمىگە ھۆ قىلىسىز؟ .

شياۋچى قۇرۇق ھۆدىن توختىدى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىر ئايدەك بولۇپ قالدى، تاماق يېسەملا ھۆ تۇتىدۇ.

— يېزىلىق شىپاخانىغا كۆرۈنۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— بىر يېرىم ئاغرىمىسا مېنىڭ.

— شۇنداقتىمۇ كۆرۈنۈپ بېقىشىڭىز كېرەك-دە، سالامەتلىك مۇھىم.

— ۋاي ماقۇل، ئەتىلا كۆرۈنەي، بولدىمۇ؟ — شياۋچى ئېرىگە ئەركىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، لاۋتاڭنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇيان ئۆرۈلۈپ-بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ياتالمىدى.

— سىزگە يەنە نېمە بولدى؟

— ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ شياۋچىنى قۇچاقلىدى، شياۋچىمۇ ئېرىنىڭ باغرىغا مەھكەم چاپلاشتى. لاۋتاڭ تەرلەپ ئۇخلىدى، شياۋچىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇ ئېرىگە قاراپ شېرىن خىيال قىلدى، كۆڭلىدە ھەر تەرەپلىمە ئويلىدى. بۇرۇن ئۇ بۇنداق ئويلىمايتتى، نەچچە ئايدىن بېرى ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، «ئەر دېگەن سېسىق تەرلىسىمۇ، ئاياللار ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ لەززەت ئىكەن» دېدى.

※ ※ ※

ساۋۇر قوتۇر قادىرنىڭ ئىشچى بولۇپ ئۆيدىن كەتكەنلىكىدىن ھەم خۇشال بولدى، ھەم سەل ئازابلاندى. ئۇ بوز يورغىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى.

— ھەي ئەڭگۈشتەر، سەن مېنى چۈشىنەمسەن؟ — دەپ بوز يورغىنىڭ تۇمشۇقىنى سىلىدى، بوز يورغا كىشنەپ ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— قادىر مېنىڭ نېمەم؟ — ئۇ بوز يورغىغا چۈشىنىكسىز سوئال قويدى. بوز يورغا چىرايلىق قۇلىقىنى شىپاڭشىتىپ بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— ئۇ مېنىڭ جىيەنىممۇ؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ قەلبى ئاچچىق ئازابقا تولدى، ئۇنتۇپ كەتكەن ئۆتمۈش كۆزىگە قاپلاشتى، بوز يورغا كۆزىنى ئۇنىڭغا مۆلدۈرلىتىپ جىم بولدى.

ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئاكىسى ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغانىدى، ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇستىخانلىق، تەمبەل بولغىنى بىلەن بوشاڭ، لايغەزەللراق ئىدى، ئۇ ئاتا - ئانىسىنى بىلگەن، كۆرگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىق مېھرىگە قانغان، ساۋۇر قوتۇر بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىقىپ، «دادا، ئانا» دەپ تىلى تەمتىم چىققاندا ئۇلاردىن ئايرىلغانىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى ئۇنى ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇپ چوڭ قىلغانىدى. ساۋۇر قوتۇر ئەقلىگە كەلگەندە دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقىنى بىلگەچكە ئىچ مىجەز، خاپىغان، ھە دېسە قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرۈيدىغان، باشقىلارغا كۆپ ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان خاسلىقنى يېتىلدۈردى، ئايلار- يىللار بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار ياشىغان بۇ يەر

قۇياش چىقىدىغان تەرەپكە توغرا كېلەتتى. بۇ يەرلىكلەر كۈندىن-كۈنگە نامراتلىشىپ گالۋاڭ، جان باقتى، ئىنكاسى تۆۋەن ئادەملەر دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى، ئۇلارنىڭ يۈرتىنى گىياھ ئۈنمەيدىغان قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك تەبىئىي ئاپەتلەر يىلدىن-يىلغا ئېغىرلىشىپ كەتتى. ساۋۇر قوتۇر ھەدىسە تاغ، چۆللۈكلەرگە كىرىپ كېتىپ بىر نەچچە كۈن يوقاپ كېتەتتى. مەكتەپتىمۇ كۆپ ئوقۇمىدى، ساۋاتى چىقا - چىقماي مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى، ئاكىسى ھە دېسە ئۇنىڭ رايىغا بارغاچقا زورلىمىدى، ئۇنىڭ رەڭگى ئاشۇنداق قارا چاڭ باسقان قورۇقلار بىلەن تولدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن باشقىلارمۇ ئەيمىنەتتى. ئادەملەر نامراتچىلىقنىڭ دەردىدىن بىلى ئوشتۇلۇپ كەتكەچكە، گۈزەللىك توغرىسىدا ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانداقمۇ ساۋات شەكىللەنسۇن. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «ئادەم» ئىدى، يۇقىرى-تۆۋەن پەرق مەۋجۇت ئەمەس، قورسىقىنى بېقىپ جان ساقلاشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ئامەت ھېسابلىناتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى تىنىم تاپماي ئىشلەپ ئىككى جاننى ساقلاپ كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە تۇياق چارۋىسىمۇ، كاتتا ئېشىنچە ئاشلىقىمۇ بار ئىدى.

— ئاكا، سەن توي قىلمامسەن؟ — ساۋۇر قوتۇر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكىسىغا شۇنداق دەپ ئېغىز ئاچتى، ئاكىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۆيلەنسەڭ بولاتتى.

— تېخى ئويلاشمىدىم، سېنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، — ئاكىسى خېلى چاغدىن كېيىن ئاشۇنداق جاۋاب بەردى.

— مەن چوڭ بولدۇم، يەنە نېمىنى ساقلايسەن، ئەقلىمگە كەلسەم بۇ ئۆيدە سەنلا بار، — ئاكىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە گاڭگىراپ قالدى، — بولدى، سەن ئۆيلەن، مەن ئاياللار ئەتكەن تاماقنى يەپ باقمىدىم.

ئاكسىنىڭ بۇ گەپتىن كۆڭلى بۇزۇلدى، ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا ـ ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ كۆزى نەمدىلىپ، بۇرنى قىچىشتى، ئىنىسىنىڭ بۇ گېپىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدى.

— بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوق، نامرات تۇرساق ئىنىم… — ئاكىسى شۇنداق دەپ گەردىنىنى قاشلىدى.

— ھېچنېمىسى يوق ئادەم ، نامرات ئادەم ئۆيلەنمەيدۇ دېگەن گەپ يوقتۇ؟

— مەن ئىككىمىزنىڭ جېنىنى ئاران بېقىۋاتىمەن، يەنە بىر جان قوشۇلسا تۇگىشىپ كېتەرمىزمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، سەن ئۆيلەنسەڭ يەنىلا ئىككى جان بېقىلىدۇ.

ئاكىسى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى يەنە ئاڭقىرالمىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئىنىم؟

— شۇنداق دېگىنىم، سەن پەقەت ئىككى جانىلا باقىسەن.

— ۋاي ….ئوچۇق دېگىنە.

— مەن شۇنداق ئوچۇق دەۋاتىمەنغۇ، سەن ئۆيلەنسەڭ مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى.

— نېمە دېدىڭ؟!

— سەن ئۆيلەنسەڭ مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن.

— سېنى جىن تاسقاپ قويمىغاندۇ، جېنىم ئىنىم! — ئاكىسىنىڭ ئاۋازى جۇدۇنلۇق چىقىپ كەتتى،— سەن دېگەن مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر قېرىندىشىم، جىگىرىمسەن، سەن نەگە چىقىپ كېتىسەن، مېنى قورقىتىدىغان بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟

ساۋۇر قوتۇر ھېچ ئىش يۈز بولمىغاندەك پەرۋاسىز تۇردى.

— بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم!

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ كاچىتىغا پاسسىدە بىر تەستەك سالدى. ساۋۇر قوتۇر بىر تەستەكنى يەپمۇ مىت قىلماي قويمىدى.

— سەن يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلسالڭ... — ئۇنىڭ ئاكىسى ساۋۇر قوتۇرنىڭ كاچىتىغا يەنە بىر تەستەك سالماقچى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئىنىسىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئۆيدىن تالاغا شامالدەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، ئاكىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، قولى تېخى كۆتۈرۈكلۈك تۇراتتى، قولىنى چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ تەستىكىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇپ كەتتى. ساۋۇر قوتۇر غايىب بولغانىدى، ئاكىسى تالاغا چىقىپ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى، كۆز يەتكۈزگىلى ئۇزۇن يولدا ئۇنىڭ قانداق غايىب بولغانلىقىغا ئاكىسىنىڭ ئەقلى يەتمىدى، ئىنىسىنىڭ بۇنداق ئىتتىك يۈگۈرەلەيدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇ كۈن غەربكە پاتقۇچە ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالماي ئۆيگە قايتتى، ئۆيگە كىرىپ بولۇپ - پۇشقاقلىرىغىچە «ساۋۇر، ئىنىم سەن نەدە؟» دەپ ئىزدىدى. يوق چىقتى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كۆزىنى يۇمۇپ باقمىدى، ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇ دەپ ئويلىدى، ئىشىك تۈۋىدە تاڭغا يېقىن مۈگدەپ ئۇخلاپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر ئاشۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئون نەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولدى، ئاكىسى ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي ساۋۇر قوتۇرنى قۇچاقلاپ، چاڭ باسقان قورۇق يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

— نەگە باردىڭ؟ بولدى، بولدى، ئىنىم قايتىپ كەلگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، ئەنسىرەپ جېنىم چىقىپ كېتەي دەپ قالغان.

— مەن چوڭ بولدۇم، ئەمدى مەندىن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ.

— راست، سەن چوڭ بوپسەن، بولدى مەن ھېچنېمە دېمىدىم، — ئاكىسىنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى ھۆل قىلدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆيلەن!

— ئۆيلىنەي، ئۆيلىنەي، سەن ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيدىغان ئىش بولسا، مەن ھەممىنى قىلاي، جېنىم قېرىندىشىم، — ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنى تەسلىم قىلدى، ئۆيلىنىش توغرىسىدا ئاكىسى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت

ئالدى، — ئىنىم ، مەن كىمنى ئالسام بولار؟

— ئۆيلىنىدىغان بولساڭ بۇ ئاسان.

— قانداق ئاسان؟ مۇشۇ ئۆمرۈمدە ئايال زاتى بىلەن پاراڭلىشىپ باقماپتىكەنمەن، بىشىم بەك قاتتى، سەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە مەن ئۆيلىنىشنى ئويلىدىم، ئەمما كىمگە ئۆيلىنىشنى بىلمىدىم، بىزنىڭ بىرەر تۇغقىنىمىز بولسا بۇ ئاسان بولاتتى، قانداق قىلىشنى بىلمەيلا قالدىم.

— مەن بارغۇ، سەن ئۆيلەنسەڭ ئۆزۈم تاپىمەن.

— سەنما؟ — ئاكىسى ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

— ھە، مەن، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ چىرايى بىر قىسىم بولۇپ ئۆزگىرىۋىدى، ئاكىسى ئۇنىڭ كۆزىگە يەنە بۇنداق قاراۋىرىشتىن يالتايدى، ئۇنىڭ رايىغا بارمىسام يەنە ئۆيدىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئويلىدى، — بولىدۇ، بولىدۇ، سەن تاپ.

— بولىدۇ، شۇنداق پۈتۈشتۇق، ھە.

ئۇلار ئەلياتقۇغىچە پاراڭلاشتى، ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ خورىكى ئاڭلانغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئاسمانغا قارىدى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ كىچە قوينىنى ئۆزگىچە ھۆسن بىلەن بېزەپ تۇراتتى. ئۇ بۇلۇت ئارىلىرىغا مۆكۈۋالغان ئاينىڭ جامالىنى ئوچۇق كۆرەلمەي ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ ماڭدى، ئايمۇ ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقمايتتى، ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتتى، شامالدەك يۈگۈرۈپ تاغنىڭ قىل ئۇچىغا چىقتى، ئاي بوگۇن بۇلۇت ئىچىگە ئورالغانىدى.

— بۇ كاساپەت بۇلۇت بىلەن ئەسلىي بىر ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى، تاڭغا يېقىن تاغدىن چۈشۈپ ئۆيگە يەنە يۈگۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىغا توي تەييارلىقىنى قىلىۋېرىشنى ئېيتىپ ئۆزى مەھەللە ئارىلاشقا چىقىپ كەتتى، ئاكىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى، «ئىنىمغا جىن تېگىپ قويىدىمۇ نېمە، ۋاي مۇشۇ

ئاغزىمنى-زە» دەپ ئۆزىنىڭ ئاغزىنى ئۇرۇپ قانىتىۋەتتى.
ساۋۇر قوتۇر قوشنا يېزىلارغا بېرىپ ئىزدىدى، دەريا بويلىرىغا بېرىپ ئىزدىدى، ئورمانلىقلارغا، يايلاقلارغا بېرىپ ئىزدىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئايال زاتى كۆرۈنمىدى. «قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتمىگەندۇ» دەپ ئىچىدە غودۇرىدى. ئۇ ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۆزىنىڭ يېزىسىغا كەلدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بوش ئاۋازدا ناخشا ئاڭلاندى، بۇ ناخشىنى بىر قىز بالا تولۇۋاتاتتى، ئۇ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ مېڭىشتىن توختىدى، ناخشا چىققان تەرەپنى قۇلىقى بىلەن ئىزدەپ ئاخىر ناخشا چىققان ھويلىنى ئىزدەپ تاپتى، «ئىش پۈتتى» دەپلا شامالدەك يۈگۈرۈپ ھويلا تېمىنىڭ ئۈستىگە چىقتى، چاپقاق مۈشۈكتەك تام ئۈستىدە قىزغا كۆزىنى پارىلدىتىپ قارىدى، قىز ئۇنىڭ قاراشلىرىنى كۆرمىدى. قىزنىڭ دىمىقىدا ئېيتقان ناخشىسىنى ئۇنىڭ ئاڭلىۋالغانلىقىمۇ شۇنداق بىر سىر ئىدى. قىز ھويلا - ئاراملارنى پاكىز سۈپۈرۈپ بولۇپ بىلىنى رۇسلىدى، چېكىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى، ساۋۇر قوتۇر قىزنىڭ كەينىنىلا كۆرەلىدى، قىز قولىدىكى سۈپۈرگىنى قويۇپ تۆت ئەتراپىغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، تامدىكى ساۋۇر قوتۇرغا كۆزى چۈشتى-دە، قورقۇپ كەتتى.
— ۋايجان! — دەپ توۋلاپ ئولتۇرۇۋالدى.
— توۋلىماڭ.
— ۋاي سىز ئادەممۇ؟
— مەن ساۋۇر، — قىزنىڭ ھەممە يېرى بوشاپ كەتتى، قورقۇنچتىن ئېغىزغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى، يۈزىمۇ ئوت ئېلىپ كەتتى.
— ۋاي نېمىشقا تامغا چىقىۋالدىڭىز؟
— ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ، — ساۋۇر قوتۇر ھېچ ئىش بولمىغاندەك تام ئۈستىدە تۇرۇۋەردى.
— تامدىن چۈشۈپ كېتىڭ، ۋاي خۇدايىم نېمە دېگەندىمەن، — قىزنىڭ روھىي ھالىتى ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى، ئولتۇرغان ئورنىدىن

بېلى چىم بولۇپ كەتكەندەك تەستە تۇردى.

ــ مېنىڭ سىزگە گېپىم بار ئىدى، سىرتقا چىقسىڭىز قانداق؟

ــ ۋاي، بولدى تامدىن چۈشۈپ كېتىڭ! باشقىلار كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟

ــ نېمە دەپ ئويلاپ كېتەر، ھەممە ئادەم جان ھەلەكچىلىكىدە ئېتىز-قىرلاردا تۇرسا .

ــ تامدىن چاپسان چۈشۈپ كېتىڭ دەيمەن!

ــ تالاغا چىقسىڭىز چۈشۈپ كېتىمەن! ــ ساۋۇر قوتۇر قىلىنلىق قىلىپ بەزلىشىۋالدى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ تەسىر قىلمايتتى، قىز نېمە دەپ يالۋۇرۇشنى بىلمىدى.

ــ نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟ چۈشۈپ كېتىڭ دەيمەن!

ــ تالاغا چىقمىسىڭىز نېمە گېپىم بارلىقىنى قانداق بىلىسىز، ماقۇل دېسىڭىز چۈشۈپ كېتىمەن، بولمىسا.

ــ ماقۇل چىقاي، دەرھال چۈشۈپ كېتىڭ، ــ قىز نائىلاج ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى، ساۋۇر قوتۇر تامدىن مولۇندەك بىر تاقلاپلا چۈشۈپ كەتتى. بۇ قىزمۇ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغانىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنى كۆرۈپلا كۆڭلىدە «ئىش پۈتتى» دەپ ئويلىغانىدى. قىز ئىشىكنى ئېچىپ ھۈركۈپ كەتكەن كىيىك بالىسىدەك ھودۇقۇپ تالاغا چىقتى.

ــ ئاۋۇ تامنىڭ ئارقىسىغا بېرىڭ، ــ دەپ ساۋۇر قوتۇر شەرەت بىلەن كونا تامنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسەتتى، قىز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ــ زادى ماڭا دەيدىغان نېمە گېپىڭىز بار، چاپسان دەڭ.

ــ تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسىڭىز دەيمەن.

ــ ئۆيدە ئادەم يوق ،چاپسان بولىڭە، تاغاملار كېلىپ قالسا نېمە دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ؟

ــ ئاشۇ يەردە دەيمەن! ــ ساۋۇر قوتۇرنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن ئىدى.

— توۋا، كىچىككىنە تۇرۇپ نېمە دەيدىغانسىز.
— چوڭ ئادەمنىڭ گېپىنى دەيمەن.
— ماۋۇ قارا قومچاقنى، — قىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئىشىكنى ئىلگىچى بىلەن ئىلىپ قويۇپ كونا تامنىڭ ئارقىسىغا باردى.
— چاپسان دەڭە.
— ئالدىرىماي تۇرامسىز.
— باياتىن ئالدىراتتىڭىزغۇ، چاپسان دەڭە!
ساۋۇر قوتۇر قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلدى.
— كۈلىسىزغۇ؟!
— ماڭا خاناچا بولۇڭ! — ئۇ قىز ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ھەممە ئەزايى قىزىرىپ كەتتى.
— نېمە؟
— ئاكامغا تېگىڭ!
— ئېلىشىپ قالمىغانسىز؟
— ياق، مانا بېجىرىم تۇرىمەن، — قىز ئۇنىڭغا ئوشۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدىمۇ ياكى ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، بىر پەس تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ شامالدەكلا ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ قىزنىڭ يولىنى توربۋالدى.
— ئاكامغا خوتۇن بولۇڭ!
قىزنىڭ نومۇسى مىڭ گەز ئۆرلىدى.
— بۇياققا ئۆتۈڭ! — قىز ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە ئىتىرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنى مىدىرلىتالمىدى، ماۋۇ قاراماتاقنىڭ جېنى تۈزۈككۇ دەپ ئويلىدى.
— ماڭا ماقۇل بولۇڭ!
— نېمىگە ماقۇل بولىمەن؟ — قىز خاپا بولۇش ياكى كۈلۈشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالدى.
— ئاكامغا خوتۇن بولۇشقا ماقۇل بولۇڭ، — ساۋۇر قوتۇر مويىدا

يوق هالدا سۆزلەيتتى، گەپلىرى قەتئىي ئىدى.
— بۇ شۇنداق ماقۇل دېسەملا پۈتىدىغان ئىشما؟ بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشى، كىچىك بولغاندىكىن بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ، يەنە مۇشۇنداق بىزەڭلىك قىلسىڭىز خاپا بولىمەن جۇمۇ.
— مېنىڭ شەرتىمگە ماقۇل دېمىسىڭىز سىزنى كەتكۈزمەيمەن!
— تىللايمەن!
— تىللىسىڭىزمۇ كەتكۈزمەيمەن!
— ماۋۇنىڭ مۇتەھەملىكىنى مۇشتەك تۇرۇپ!
— مەن مۇشتەك ئەمەس! — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۆكتەملىكى قىزنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆلگۈسىنى كەلتۈردى.
— جېنىم ئۇكام، مېنى كەتكىلى قويۇڭ!
— مېنى ئۇكا قىلمىغۇچە كەتكۈزمەيمەن، سىز تاغلىرىڭىزغا يۈك، ئاكامغا خوتۇن بولسىڭىز ئۇلارنى چوڭ بىر غەمدىن خالاس قىلىسىز، — قىز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. كىچىككىنە ئالدىرىمىدى، ئالدىدا تۇرغان بۇ بالىنىڭ مۇنداق دېيەلىشىگە ئەقلى يەتمەيلا قالدى.
— ماقۇل بولدىڭىزمۇ؟ — ساۋۇر قوتۇر بىر دەملىك جىمجىتلىقنى بۇزدى، قىز ئاشۇ ھەيرانلىق ئىچىدە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى.
— ماقۇل بولدىڭىزمۇ؟ — ساۋۇر قوتۇر ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغان قىزنىڭ يېڭنىنى تارتىشتۇردى، قىز ئۇنىڭ تارتىشتۇرۇشىدىن ئېغىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك بولدى. ساۋۇر قوتۇرغا قاراپ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي لېۋىنى چىشلىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ چوڭقۇر ئوي ئىچىدە لېۋىنى چىشلىگەن ھالىتىگە قاراپ يۈرىكى پىژژىدە قىلدى، «ئەگەر مەن ئاكام بولسام ئۇنى يۇدۇپلا ئېلىپ قاچاتتىم» دەپ ئويلىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ غايىبتىن كەلگەن خىيالى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۈيۈپ قالدى.
ساۋۇر قوتۇر قىزغا قاراپ جاۋاب كۈتتى، قىز ئۆزىنىڭ قارا

يېتىملىكنى، بىر ئۆمۈر تاغىلىرىغا بېقىنىپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى، يۈرىكى سىقىلدى، ئالەمدىن بۇۋاقىت كەتكەن ئاتا - ئانىسىنى ئەسلىدى، كۆڭلى بۇزۇلدى، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياشلار تۆكۈلۈپ مەڭزىنى بويلاپ چۈشتى، ساۋۇر قوتۇر قىزنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئانار پىشتى، سوققان چوتۇم توغرا چىقتى» دەپ ئويلىدى.

— ماقۇل كۆردىڭىزمۇ؟ — ساۋۇر قوتۇر قىزنىڭ ياش بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلدى، قىز قولى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى ياش يۇقۇندىلىرىنى سۈرتتى.

— مەن، مەن تاغاملارغا قانداق دەيمەن؟

— سىز ماقۇل كۆرسىڭىز بۇ بەك ئاسان، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ تېخىمۇ جانلاندى، قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

— قانداق ئاسان؟

— مەن مەھەللىمىزنىڭ چوڭلىرىنى تاغاڭلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىمەن، سىز ماقۇل بولسىڭىزلا، ئىش دېگەن گاچچىدە پۈتۈپ كېتىدۇ.

— مەھەللىنىڭ چوڭلىرى كىرىپ باقمىسۇنمۇ، تاغاملارنىڭ قولى بەك قىسقا، مۇشۇ كۈنلەردە قۇرغاقچىلىق ئۇزۇلمەي بولۇپ قاق سەنەم بولۇپ كەتتى، جاننى ئاران ساقلاۋاتقان تۇرسا قانداقمۇ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزەلەر؟ — قىزنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، روھى چۈشۈپ كەتتى.

— سىز ماقۇل بولسىڭىز ھەممە ئىش پۈتىدۇ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى، قەتئىيلىكى قىزنىڭ كۆڭلىدە باشقىچىلا ئورۇن تۇتتى. قىز ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ تام كەينىدىن ئايرىلدى، ساۋۇر قوتۇرمۇ ئىشنى كۆڭلىدىكىدەك پۈتكۈزۈپ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كونا تاملىقتىن غايىب بولدى، قىز بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، كۆزىگە ئىنسى - جىن كۆرۈنمىدى.

— ئۇ قارا كۆتەك ئادەممۇ ياكى جىنمۇ؟ — دەپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك بولۇپ قالدى، «كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ» دەپ دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇر قىز بىلەن كۆرۈشۈپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ قىز بىلەن ئاكىسىنىڭ تويىنى ئەپچىللىك بىلەن پۈتكۈزدى، ئاكىسى ئىنىسىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، توي ناھايىتى ئاددىي - ساددا، كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، توي تارقىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئائىلىسىگە ئايال زاتىدىن بىرسى قوشۇلدى، ساۋۇر قوتۇر مۇشۇ ياشقا كەلگۈچى ئائىلىسىدە تۇنجى قېتىم ئايال زاتىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئاكىسى ئىنىسىغا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولدى، ئۇنىڭدىن سۆيۈندى، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆيۈنىدىغان بولدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار قوشۇلدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئىغىزى ئايالالارنىڭ تەملىك ئېشىغا تەگدى، ئاكىسىمۇ جانلىنىپ قالدى، دىمىقىدا ناخشا تــوۋلاپ، كەتمەننــى دولىســىغا تاشــلاپ ســەھەردىلا ئېتىــز - ئېرىــق دېھقانچىلىقلىرىغا ماڭدى، ئايالى بولسا ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ هويلا- ئاراملارنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئۇلاغلارغا يەم بېرىپ، ساۋۇر قوتۇرغا ناشتىلىق تەييارلايتتى، كېلىن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ساۋۇر قوتۇر كېچە يېتىپ كۈن تىكلىشەي دېگەندە ئورنىدىن تۇراتتى، ئورنىدىن تۇرسىلا ئېغىزىغا ئىسسىق ناشتىلىق تەييار ئىدى، ئۇ ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپلا بىر ئېغىز گەپ قىلماي غايىب بولۇپ تۈن تاڭغا ئۇلىشاي دېگەندە پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ قانداق چاغدا ئۆيگە كىرگەنلىكىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى تاشتىن ئېغىر مىجەزى بىلەن ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايتتى، سۈرۈشتۈرەي دېسىمۇ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئۇنى ئەتىگەندىن كۈن پاتقىچە ھالسىرىتىپ تاشلىغاچقا، كەچلىك تاماقنى يەپلا ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولاتتى.

ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنى ئۆيلەپ يېرىم يىلغىچە ئاشۇنداق كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدا يىراق يەرلەرگە، باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ جاھاننىڭ ئېتىكىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئويلىغانلىرىنى ئاكىسىغا، يەڭگىسىگە دەپ باقاي دېسە، ئۇلارنىڭ

ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، كېتىشۇرەي دېسە، ئاكىسىنىڭ ئەنسىرەپ تولۇگىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ تاغ ئاتلاش، شەھەر كۆرۈش، چوڭ ئىشلارنى قىلىپ پۇل تېپىش ئىستىكى ئۇنى كۈندىن - كۈنگە ئالدىرىتىدىغان بولدى، شۇنچە كەچ كىرسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولدى. بۇ نامرات يەردىن نۇرغۇن ئادەملەر كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، قانداق هايات ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى چوڭ مېگىسىنى غىدىقلايتتى. ئۇ بولۇگۇن ئۇخلىيالمىدى، كۆزىنى قەستەن يۇمۇپ باقسىمۇ ئىش ئەپلەشمىدى، يوتقان - كۆرپە ئۇنىڭ بەدىنىگە مىختەك سانجىلىشقا باشلىدى، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتالمىدى، ئاخىر ئۇستىدىكى يوتقانىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، هويلىغا چىقتى، قۇلىقىغا ئاكىسىنىڭ خورىكى ئاڭلاندى. ئۇ خورەكنىڭ بۇنداق ئەسەبىي بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم هېس قىلدى، هويلا ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ئۇياقتىن بۇياققا توختىماي ماڭدى.

— مۇشۇنداق خورەك تارتسا يەڭگەم قانداق ئۇخلىيالايدىغاندۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ هۇجرىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا توختىدى.

— ئاكام يەڭگەمنى ئالغاندىن بېرى مۇشۇنداق خورەك تارتىدىغان بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟ — ئۇنىڭ كاللىسىغا هەر خىل خىياللار كىرگىلى تۇردى.

— يېرىم يىلدەك بولدى، يەڭگەمدە هېچقانداق ئالامەت يوق، يا سەمرىمىدى، يا ئورۇقلىمىدى، ئاكام... بولدى، بۇ قانداق بولمىغۇر خىيال، — ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىنى باشقا تەرەپكە بۇرىماقچى بولدى.

— ئاكام ئەگەر شۇنداق بولسا... توۋا دەي سوقا سەندەلدەك، يوغان توپاقتەك بىر ئەزىمەت هەر قانچە بولسىمۇ..... — ئۇ يەنە ئۆزىگە سۆزلەۋېرىشنى توغرا تاپماي قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋالدى، كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىغىنى بىلەن ئۆزىگە ئايان بولۇۋېرىدىغانلىقىنى بىلىپ قولىنى ئېغىزىدىن ئېلىۋەتتى.

— مەن ئەتىلا بۇ يەردىن كەتمىسەم بولمايدۇ، ئاكامغا «سەن توي قىلساڭ، مەن بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىمەن دېگەن» ئىدىم، ئۇمۇ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تەقدىرگە بويسۇنىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ بىر قارارغا كەلدى، ئاكىسىنىڭ خورىكى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىسىمۇ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ ئۇلار بىلمەيدىكەن، دەپ پىچىرلىدى، ئۇ كېچىنى ئۇزىتىپ تاڭ سۈزۈلگەندە ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى.

كۈن پېشىن بولغان چاغ، ساۋۇر قوتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يەڭگىسى تەييارلاپ قويغان ناشتىلىقنى ئىچمەي تۇرۇپ، يەڭگىسى بىلەن ناشتىلىقنى ئالدىرماي قىلدى، يەڭگىسى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ناشتىنى قىلغاچ يەڭگىسىنىڭ چىرايىغا ھېلىقى كونا تامنىڭ دالدىسىدا قارىغاندىن كېيىن قاراپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە خىجىللىق پەيدا بولدى، تامنىڭ دالدىسىدىكى يەڭگىسىنىڭ خىيال ئىچىدە لېۋىنى يېنىك چىشلىگەن ھالىتى كۆڭۈل ئېكرانىدىن لىپپىدە ئۆتتى، يۈرىكى پولدۇڭشىپ كەتتى، بەدەنلىرى سىلكىندى، يۈرىكىنىڭ پۇلاڭشىغان ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كەتكەندەك ئوڭايسىزلاندى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەڭگىسىگە قارىماقچى بولۇۋىدى قارىيالايدىغاندەك تۇيۇلدى، ئەمما قارىيالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

— يەڭگە، ئاكام ئېتىزلىققا چىقىپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە، سەھەردىلا چىقىپ كەتكەن.

ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچى ئاغرىقتىن سىيرىلدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ جاپاسىنى تۈگىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى بۇ يەردىن باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ يېڭى ھاياتلىق ئىزدەش دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئاكامنىڭ يۈكىنى سىز يېنىكلەتتىڭىز يەڭگە، مەن چوقۇم سىزگە جاۋاب قايتۇرىمەن، ئاكام ئىشچان بولغىنى بىلەن تاغدىن ئېغىر، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل.

— بۇنى بىلمەن، ئىنىم، — ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ چىرايىغا ئىككىنچى قېتىم قارىدى، قانداق قارىيالىغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، قارا چاڭ باسقان چىرايى كۆكۈرۈپ كەتتى، لەۋلىرى تىترىدى، يەڭگىسىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسىنى، يەنى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدى، ئىككى كۆزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تېگى يوق قورقۇنچلۇق بىر ھاڭنىڭ تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— يەڭگە، سىز ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئاكامنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇڭ.

— شۇنداق قىلىمەن.

ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ بۇ گېپىدىن گۇمانلانسىمۇ يەنە چوڭقۇر ئويلىنىشقا پېتىنالمىدى، ئۇ يەڭگىسىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىۋېلىشىم دەپ ئويلاپ، بېشىدىن ئايىغىچە ئىنچىكە قاراپ چىقتى. يەڭگىسى ئۇنىڭ بۇنداق سىرلىق قاراشلىرىنى نېمە دەپ چۈشىنىشنى بىلمىدى. ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ ئېغىر، قورقۇنچلۇق خورىكىنى ئېسىگە ئېلىپ دەرگۇمانىدا بولدى، «ئاكام بولۇمسىزمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى، بۇ خىياللىرىنىڭ ئوشۇقچە بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلدى. «يېرىم يىلدىن ئاشتى، يەڭگەمدە ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش يوق، ئۆزگىرىش بولدى دېسەم رەڭگى سارغىيىپتۇ، بۇ بەلكىم تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن زىيادە چارچىغانلىقىدىن بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى تاپماقچى بولدى.

— ئاكامنى سىزگە تاپشۇردۇم يەڭگە، مەنلا بولىدىكەنمەن تۇرمۇشىنىڭ ھەر قانداق ئېغىر بېسىملىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىمىزگە ئىشىنىڭ.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، ئىنىم.

ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ «ئىنىم» دېگەن بۇ سۆزىدىن يۈرىكى شۇرۇرىدە ئىرىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى، ئاسمانغا قارىدى، قۇياشنىڭ ھەققىي چىرايىنى كۆردى. ئۇمىد، ئىشەنچ

قەلبىگە لىق تولدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ قورۇغا قىيمىغان هالدا تەپسىلىي قاراپ چىقتى، نېمىشقىدۇر مۇشۇ دەقىقىدە كۆزىگە كۆرۈنگەن هەممە نەرسە ئىسسىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە تۇرىۋەرسە هەممە ئارزۇلىرىنىڭ بەربات بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى هېس قىلدى، كۆزىنى يۇمدى، ئېغىر تىنىدى، ئۇنىڭ ئېغىر تىنىشلىرى «ئەلۋىدا يۇرتۇم، ئەلۋىدا جاپاكەش ئاكام» دېگىنى بولسا كېرەك. ئۇ ئاخىر غەيرەتكە كەلدى، يەنە تۇرىۋېرىشنى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ بىلدى، كۆزىنى ئېچىپلا دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى، سىرتقا چىققاندا ئىككى مەڭزىنىڭ نەملىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ساۋۇر قوتۇر ئاشۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئۈچ يىل ئۇن - تىنسىز يوقالدى، ئۇنىڭ دەردىدە ئاكىسىنىڭ يارمىغان كۆتەكتەك قەددى يادەك ئېگىلدى.

قىش كېتىپ، توگىلار ئېرىدى، جانلىقلار پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئويغىنىشقا باشلىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى دېهقانچىلىقنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ، كەتمەن، گۈرجەكلەرنى قايتىدىن ساپلاپ بولغانىدى. يېزا ئاسمىنىدا پەسىل قۇشلىرى پەيدا بولدى. سەهەردە دەرۋازا قېقىلدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسىنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر جىغىلدىدى، ساۋۇر قوتۇر يوقاپ كەتكەندىن بېرى دەرۋازىنىڭ چېكىلىشىنى كۈتۈپ كۆزى تالغانىدى، قۇلىقىغا ئىشەنمەي ئايالىغا قارىدى، ئايالىمۇ قولىدىكى سۇپۇرگىنى تۇتۇپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ئايالىغا داڭ قېتىپ قاراپ تۇرغان ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى كۆز ئىشارىتى قىلىپ دەرۋازىنى ئېچىشنى ئىما قىلدى، ئايالى دەرۋازىنى ئالدىرىماي ئاچتى.

— يەڭگە، مەن كەلدىم!

— ئۇكام! — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى قولىدىكى كەتمەننى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ياش تاشقىنلىرى دولقۇن ياسىدى، ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئاكىسى قۇچاقلاشتى، يەڭگىسىمۇ ئىشىك تۈۋىدە تەسىرلىك ياشلىرىنى تۆكتى.

— ئاكا، مەن كەلدىم!

— كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى، كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى، مىنى ئەجەب ئەنسىرەتتىڭ، جېنىم ئىنىم، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى يۇم - يۇم يىغلىدى.

— بولدى يىغلىما، مانا مەن كەلدىم، مەن ساڭا چوڭ بولدۇم دېدىمغۇ، ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— ياخشى ئىنىم ، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، — ئۇلار بىر - بىرىنى قويۇپ بەردى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ بىر مۇنچە بولاقلىرى ئىشىك تۈۋىدە ئىدى.

— يەڭگە، ئىشىك تۈۋىدىكى ئۇ بوغچىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭ،— كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان يەڭگىسى كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتىۋېتىپ ئىنىسىنىڭ سىرتتىكى يوغان ئىككى بوغچىسىنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى، ساۋۇر قوتۇر ھويلا ـ ئارامغا پەم بىلەن قارىۋەتتى، ئۇنىڭ مۇنداق قارىشىدا بىر نېمىنى ئىزدەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئاكىسىغا قارىدى، چاچ- ساقاللىرى ئاقىرىپ، بېلىنىڭ مۈكچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى ئېچىشىپ كەتتى، ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتۇۋالدى، ئوشۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى، ئۇيان - بۇيانغا تۈرۈپ - تۈرۈپ قارايتتى. يەڭگىسى ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۇياق - بۇياققا قاراشلىرىدىن كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ روھى ئۇشتۇلۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ھەي خوتۇن، قولۇڭلاردىكىنى قويۇپ دەرھال غىزا تەييارلاڭلار!— يەڭگىسى ئۈركۈپ تۇراتتى، ئېرىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋاي ماڭا نېمانداق قاراپ تۇرىسىلەر، چاپسان ئاشقا تۇتۇنڭلار، ئۇكام ھېرىپ - ئېچىپ كەلدى، ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىر نىمە ئېتىڭلار جۇمۇ!

ساۋۇر قوتۇرنىڭ يەڭگىسى ئېرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاران ئاڭقىرىغاندەك قولىدىكى بوپىلارنى بىر چەتكە قويۇپ ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى.

— ۋاي بولدى يەڭگە، قورسقىم تېخى ئاچمىدى.
— تېخى ناشتا قىلمىغانسەن، بىزمۇ ناشتا قىلمىدۇق.
— ئۇنداقتا مەيلى.

ساۋۇر قوتـۇرنى ئاكـىسى قولـىدىن چىـڭ تۇتۇۋېلـىپ، دالان ئـۆيگە ئېلىپ كىردى، ئۇ ساۋۇر قوتۇرنىڭ قولىنى قويۇۋېتىدىغانـدەك قىلمـايتتى. قولىنى قويۇۋەتسەملا غايىب بولۇپ كەتمىسۇن دېگەندەك قىلاتتى.

— بۈگۈن چۈشۈم ئوڭ تارتتى، ئاسماندىكى قۇشلارمۇ سېنىڭ كېلىشىڭدىن بېـشارەت بەرگەنـدەك قىلغـان، — ئـۇ ساۋۇر قوتۇرغا نۇرغـۇن-نۇرغـۇن گەپلەرنى قىلماقچى ئىدى، نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرۈپ گەپلىرى توزغاقتەك توزۇپ ھېچ يېرىدە قالمىغانـدەك بولدى.

— ئاكا، كېسەل تارتمىغانسەن، — ساۋۇر قوتـۇر ئاكـىسىدىكى ئۆزگىرىـشلەردىن ئازابلىنىۋاتاتتى، ئىچىگە مايىل بولغاچقا ئادەتتىكىدەكلا سوراپ قويىدى.

— ياق...ياق... سەندىن ئەنسىرەپلا تۇردۇم شۇ.

— مەن چوپچوڭ بولغـان تۇرسـام ئەنـسىرەپ نـېمە قىلاتتىـڭ؟ مانـا ئوبـدان تۇرمامـدىمەن، سـېنى ئـايىغى چىقمايـدىغان ئېتىـز - ئېرىـق ئىشلىرىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ سەندىن ئايرىلغان ئىدىم، تاغ ئاتلىدىم، شەھەر كۆردۈم.

— ئاتا - بوۋىمىز دېھقانچىلىق بىلەن ئـۆتكەن تۇرسا، بۇنـداق قىلىـشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى!

— ئۆزۈڭگە قاراپ باقتىڭمۇ، ئـۈچ يىلـدىلا قېرىـپ بوۋايغا ئايلىنىـپ قاپسەن، ئاكا.

— بۇ دېگەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى.

— قانداق تەڭرى ئىكەن ئۇ، مەن ئۇنداق گەپلەرگە ئىـشەنمەيمەن، ئادەم قانداق ياشايمەن دېسە شۇنداق ياشـايدۇ، مەن شـۇنداق بىـر يـولنى كۆردۈم، بىز بـۇ يەردىـن كېتەيلـى، بۇنـداق نـامراتچىلىق چوڭقـۇر يىلتىـز تارتىپ كەتكەن يۇرتنى تاشلىۋېتەيلى.

— ئۇنداق دېمە ئۇكام، بۇ يەردە ئاتا - ئانىمىزنىڭ يەرلىكى بار.

— مۇشۇ يەردە يەنە تۇربۇبرىدىكەنمىز نامراتچىلىقتا، ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىمىز، جاھاننىڭ ئىتتىكى كەڭرى، مۇشۇ يەردە تىرىشقاننىڭ مىڭدىن بىرىنى ئاۋات شەھەرلەردە تىرىشساق كۆڭلىرىمىز باياشات ئۆتۈشكە ئىشەنچىم كامىل ئاكا، مانا ئۆزۈڭگە قاراپ باق، نەچچە ئون يىل ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىشلەپ، نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ ئاخىر بېلىڭ مۈكچىيىپ، چاچ - ساقاللىرىڭ ئاقىرىپ، كېسەلمەن بوۋاينىڭ ئۆزى بولدۇڭ، نەدە مۇشۇنداق تەقدىر بار ئىكەن؟

— ئۇنداق دېمە ئىنىم، بالا ياغمىسۇن.

— يەنە قانچىلىك بالا ياغماقچى، كۆرۈۋاتقان مۇشۇ كۈندىن ئۆتەر بالا بولمايدۇ يەنە.

— مىڭ تەستە كەلدىڭ، سەن بىلەن گەپ تالاشمايمەن، تالاشسامۇ سەن دېگىنىڭنى قىلىسەن، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ سۇپىدا ئولتۇردى. ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنى ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان دەپ بىلەتتى. ئۇ جىمىپ يەنە ئۇيان-بۇيان بوياندىدى، ئاڭغىچە يەڭگىسى چاي دەملەپ داستىخان سالدى، ئۇ يەڭگىسىگە يەرنىڭ ئاستىدىن قاراپ قويدى. يەڭگىسىنىڭ رەڭگى بۇرۇنقىدەكلا سولغۇن ئىدى، باشقا تەرەپلىرى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى، ئۇ بولارنى چاقماق تېزلىكىدە كۆزىتىپ بولدى، يەڭگىسىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەچكە ئانچە ھودۇقۇپ يۈرمىدى.

— يەڭگە، سىز شۇ پېتى تۇرۇپسىز، قىلچىمۇ ئۆزگەرمەپسىز، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇ ھەممىنى چۈشەندى، رەڭگى تاتاردى، لېۋىنى يېنىك چىشلەپ قويدى. ئۇنىڭ لېۋىنى چىشلەپ قويغىنىنى كۆرۈپ ساۋۇر قوتۇرنىڭ يۈرىكى «ۋىژژىدە» قىلدى، چاي قويۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ئىچىگە ئۇلۇغ تىندى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاكىسى تالا - تۈزگە چىقىمىدى، يەڭگىسىمۇ چۈشلۈك، كەچلىك تاماق تەييارلاپ بىر كۈن پايپېتەك بولدى. ساۋۇر

قوتۇر ئۆيئىچىنى بىر نەرسە يىتىپ كەتكەندەك تىنتىپ چىقتى، ھەتتا تالا - تۈزگىمۇ چىقىپ ئىزدىدى. كۆن پاتتى، تۈن ئۆزىنىڭ چوڭ پەردىسىنى پۈتكۈل كائىناتقا تۈيدۈرماي ياپتى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۆيقۇسى قاچتى، ئاكىسى توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلاندى، ئاخىر خىيال دۆۋىسىنى سۈرۈپ تاشلاپ تۈن قاراڭغۇسى بىلەن ئورتاقلاشقىلى سىرتقا چىقتى. سىرتنىڭ ھاۋاسى ئادەمنىڭ دولىسىنى قورۇيتتى، ئۈزاق قىش ئاخىرلىششى ھارپىسىدا بولغاچقا كىچە سوغۇقى كۆچىدىن قالمىغاندى. ئۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ يۇلتۇزلارنىڭ پارقىرىشىنى كۆزەتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ مەيلىنى تارتتى. ئۇ كۆزىنى ئاشۇ ھىيلىگەر يۇلتۇزلاردىن يۆتكىۋىدى، ئاجىز ساقىغان يۇلتۇز بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ يۇلتۇز ساقىسا ھاياتلىقتىن بىرى ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدى، ئادەملەرنىڭ تەقدىر - قىسمەت قاراشلىرىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەچكە، كاللىسىغا كەلگەن ئاشۇ خىيالغا پەرۋا قىلماي كەتمىدى. ئاكىسىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەلدى، دېرىزە تۈۋىگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئويلىغاندا يۈزى ئېچىشقاندەك بولدى. ئاكىسىنىڭ خورىكى بۇرۇنقى ئەسەبىيلىكىنى يوقاتقانىدى. «ئۇنىڭ خورىكىمۇ پەسىيىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ، «ئۆيگە قايتىپ كەلمىسەم بوپتىكەن، نېمىشقىمۇ قايتىپ كەلگەندىمەن» ساۋۇر قوتۇرنىڭ رايى يېنىپ كەتتى، ھويلىدىن سىرتقا چىقتى، قۇيۇندەك غايىب بولدى، يۇرتنىڭ شەرقىدىكى قارا تاغقا چىقىپ، تاغنىڭ قىل ئۇچىغا چىقىپ پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى، ئاسمانغا قارىغۇسى كەلمىدى، تاغ شامىلى ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئۆتكۈر چىمدىسىمۇ پەرۋا قىلمىدى، كۆزىنى يۇمۇۋالدى، مۇشۇ يەردىلا ئۇخلىغۇسى كەلدى. ئۇ بۇرۇن بۇ تاغ ئۈستىدە نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى، شۇڭا تاشقا بېشىنى قويۇپ ياتتى، كۆزىمۇ ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ ئۇخلاپ قالايمىقان چۈشلەر دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ قالدى.

— كۆزۈڭنى ئاچ! — ساۋۇر قوتۇر كۆزىنى ئاچالماي قىينىلىپ كەتتى.

— كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتىمەن.
— كۆزۈڭنى ئاچالايسەن، — ساۋۇر قوتۇر كۆزىنى ئاچتى، ئالدىدا قارا پەرەنجىلىك بىر كۆلەڭگىنى كۆردى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي كۆزىنى ئۇۋۇلىدى.
— سەن ئادەممۇ ياكى... — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا كۆلەڭگە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.
— مەن سېنىڭ داداڭ، تونۇمىدىڭمۇ بەدبەخ، — ساۋۇر قوتۇرنى ئازراق سۈر باسقان بولسىمۇ ئېسىنى يوقاتمىغانىدى.
— مەن دادامنى كۆرۈپ باقمىغاندىكىن تونۇمايمەن-دە.
قارا كۆلەڭگە قاقاھلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئېگىز تاغ باغرىدىن چۈشكەن ھەيۋەتلىك شارقىراتمىدەك چىقتى.
— سەن داداڭنى كۆرگەن.
— كۆرمىگەن.
— كۆرگەن دېدىمغۇ كۆرگەن، مەن بىلەن تولا گەپ تالاشما، — قارا كۆلەڭگىنىڭ ئەلپازى بەك يامان ئىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ ئەلپازىدىن، پوپوزىسىدىن پەرۋايى پەلەك تۇردى، — قارا، سەن بۇ تاغدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئۆگەنىدىڭ، شاتىرلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈردۈڭ، بۇ تاغ سېنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلغاندىكىن، داداڭ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.
— ئۇنداقتا سەن تاغمۇ؟
— مەن تاغنىڭ مۇقەددەس روھى.
— مۇقەددەس روھ دېگەن قارا بولامدۇ؟
— قارا بولمايدۇ، ئۆزۈڭ قارا بولغاچقا شۇنداق كۆرۈنىدۇ.
— مۇقەددەس روھ مېنىڭ بېشىم قاتتى.
— بىلىمەن.
— قانداق قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن.
— مەن ساڭا دەپ بېرەي.

— مەن ساڭا مەڭگۈ باش ئۇراي، مۇقەددەس روھ.
— نېمە باش قېتىنچىلىقىڭ بار؟
— ئاكامنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى يوق ئوخشايدۇ.
— ئۇنداق ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى نابۇت قىلدىڭ.
— مەن... مەن قانداق نابۇت قىلدىم؟
— بۇنى مەن ساڭا دەپ بەرمەيمەن، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆزى جىددىيچىلىكتە پارقىراپ كەتتى.
— مۇقەددەس روھ، بۇنىڭ ئامالىنى قىلساڭ.
— بولىدۇ، — ئالىقىنىڭنى ئاچ.
— مانا، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئالىقىنىغا قارا كۆلەڭگە ئىككى تال قارا كۇمىلاچ بەردى، ساۋۇر قوتۇر كۇمىلاچنى كۆرۈپ كۆلەڭگىگە قارىدى.
— بۇنى قانداق قىلىمەن؟
— ئاكاڭغا يېگۈز، ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ.
— رەھمەت، — ئۇ شۇنداق دەپ ئالدىغا قارىۋىدى، قارا كۆلەڭگە غايىب بولدى، ئۇ قولىدىكى كۇمىلاچنى چىڭ سىجىپ ئولتۇردى.
— ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىنى ئوغرىلىغان ئوغرى ماۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ، ئۇنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەيلى، — ساۋۇر قوتۇر تاغ گۈلدۈرلىگەندەك چىققان بۇ ئاۋازلارنى تونۇمىدى، ئاۋازلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇ ئورنىدىن قوپۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغاندەك يەرنى بېغىرلاپ ئۆمىلىدى.
— ئۇ قاچقىلى تۇرۇۋاتىدۇ...
— قاچۇرۇپ قويماڭلار...
— مەن ئۇنى تۇتۇۋالاي دېدىم.
بۇ ئاۋازلار ئادەملەرنىڭ ئاۋازىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ساۋۇر قوتۇر بۇ نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ، نېماندداق قورقۇنچلۇق دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، «شاتىرلىق ھۈنىرىمنى ئىشقا سالىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى» دەپ شامالدەك يۈگۈرمەكچى بولدى، ئۇ ئالدى ھەم

كەينى تەرىپىنىڭ تىك قىيا ئېكەنلىكىنى كۆرۈپ قانداق قىلىشنى بىلەلمىدى. ئاۋازلار ئەسەبىيلىشىپ پەلەككە يەتكەندى.
— بۇ يىتىم ئوغلاقنى قاچۇرۇپ قويمايلى!
— مەن ، مەن نىمە گۇناھ قىلدىم؟
— سەن ھاياتلىق مەنبەسىنى ئوغرىلىدىڭ!
— ماڭا ئۇنى مۇقەددەس روھ بەردى.
— يالغان!
— ھەرگىز يالغىنى يوق!
— ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى.
بۇ يىرتقۇچ ئاۋاز ئۇنىڭ مېڭىسىگە قىزىق زىختەك سانجىلدى. ئۇ ئەتراپىغا قارايتتى، قېچىپ كېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى بىلىپ دېمى كېسىلدى. ئاۋازلار ئۇنىڭ يېنىدىلا چىقىشقا باشلىدى، ئۇ «ئۆزۈمنى تاغدىن ئاتسام ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ» دېگەننى ئويلىدى، ئاسمانغا قارىدى، كۆزىگە ئاسمان كۆرۈنمىدى، ئەتراپىغا قارىۋىدى ئەتراپمۇ كۆرۈنمىدى، ئۇ ئۆزىنى يوغان ساندۇق ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. پۇتىنىڭ ئاستىدا تۇرغىنى ئېگىز تاغ چوققىسى ئىدى، ئۇنىڭ كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتتى، ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى، غايەت قورقۇنچلۇق، ئۇزۇن تىرناقلىق بارماقلار ئۇنىڭ بويۇن، كاچاتلىرىغا ئوت پۈركەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. «يۈرىكىم نەگە چۈشۈپ كەتكەندۇ» دەپ ئالاقزادە بولدى، «يۈرىكىم يوق قانداق ياشارمەن، يۈرىكىم بولمىغاندىكىن ئۆلگەندىمەن». ئۇ بۇ خىياللىرىنىمۇ قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئاجايىپ كۆزلەر، جام كۆز، ئورا كۆز، سېرىق كۆز، چېقىر كۆزلەرمۇ يالقۇن چېچىپ ئۇنىڭغا قىيامەتتىنمۇ بەتەر كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىپ يېقىنلاشقىلى تۇردى. ئۇزۇن تىرناقلىق بارماقلار ئاشۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدە قالدى، ئۇ شۇنداق بىر يۇلقۇنۇۋىدى، ئېگىز تاغدىن يەرگە موللاق ئاتتى-دە، «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئاۋازى قۇلىقىنى يېرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارا تەرگە چۆمۈپ

كەتكەنلىكىنى كۆردى. تالڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىنىق ئالدى.

— مېنى قارا بېسىپتۇ، ئاكاملار قوپقىچە ئۆيگە بېرىۋالاي، — دەپ تاغدىن شامالدەك يۈگۈرۈپ چۈشتى.

ساۋۇر قوتۇر شەپە چىقارماي ئۆيگە كىرىپ، يوتقانغا چۈمكىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتىلىقنى يەپ، بىر ناننى بەلبېغىغا تۈگۈپ، كەتمىنىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ ئېتىزلىققا ماڭدى، يەڭگىسى ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، كۈنگە قاراپ، ئازراق يېتىپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى.

ساۋۇر قوتۇر قاق چۈشتە ئورنىدىن تۇردى، يەڭگىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ناشتىلىق تەييارلاۋاتقاندى. ساۋۇر قوتۇر ھويلىغا چىقىپ «مەن قوپتۇم» دېگەندەك دىمىقىنى قېقىپ قويدى، يەڭگىسى ئۇنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن ھويلىغا چىقتى.

— يەڭگە، ئوبدان قوپۇپسىزمۇ؟

— ئىنىم، سىزمۇ ئوبدان ئۇخلاپسىزمۇ؟

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يېنىك سالاملاشتى، باش ئەتىيازنىڭ شاملى جانلىقلارنى ئەركىلىتىپ تۇراتتى، ساۋۇر قوتۇر يۈز - كۆزلىرىنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇپ يۇرىكى يايراپ كەتتى.

— ئىنىم، ناشتا قىلىڭ.

— ئاكام قېنى؟

— ئۇ ئېتىزغا چىقىپ كەتتى.

— يائاللا، مۇشۇ ئاكام ئېتىزنىڭلا ئىشىنى بىلىدۇ، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، سۇپىغا راستلانغان داستىخان يېنىدا پۇتىنى سۇپىدىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. يەڭگىسى ئۇنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇۋاتقاچ قولى تىترەپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر بۇنى كۆرمىگەنگە سېلىۋالدى. ساۋۇر قوتۇر ناشتىنى ئىتتىك قىلدى.

— يەڭگە مەن سىزدىن سورايدىغان بىر ئىش بار، سورىسام كۆڭلىڭىزگە

ئېلىپ كەتمەسسىز ـ ھە ، ــ ساۋۇر يەڭگىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، يەڭگىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغاندەك لېۋىنى يېنىك چىشلىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ مېڭىسىدىن ھور چىقىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ يەڭگىسىنىڭ لېۋىنى يېنىك چىشلىگەندىكى ھالىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن بەك ئەنسىرەيتتى، قارا چاڭ باسقان چىرايى كۆكىرىپ، لەۋلىرىمۇ تىترەپ جىمىپ قالدى.

ــ ئىنىم، مېنىڭ كۆڭلۈم قېتىپ كەتتى، ھەر قانداق گەپ بولسا دەۋېرىڭ.

ــ ئۇنداقتا، ــ ساۋۇر قوتۇر كەيپىياتنى تەڭشىۋېلىش ئۈچۈن دىمىقىنى قاققان بولۇپ سەل تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ پەرزەنتلىك بولالماپسىلەرغۇ؟ ــ ساۋۇر قوتۇر بۇ گەپنى دەپ بولۇپ پۇشايمان قىلدى، دېمىسەم بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدى، خىجىلچىلىق ئىچ ـ ئىچىدىن بىخ سۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى، يەڭگىسى بولسا بىر خىللا ئىدى، ئۇنىڭ بۇ گېپى يەڭگىسىگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى.

ــ ئاكام... ــ يەڭگىسىنىڭ ئىپادىسىدىن ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى،ــ ئاكام بالا تاپالامدىكەن؟ ــ ساۋۇر قوتۇر نومۇسىنى بىر ياققا قايرىپ قويدى.

ــ نېمە دېسەم بولار، ــ يەڭگىسى تەڭلىكتە قالدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ بۇنداق تەپسىلىي سوراپ كېتىشىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ساۋۇر قوتۇرمۇ تىنچلىنىپ قالدى، ئۇنى تېشىغا چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ بوراندا بېشى سۇنغان ئاپتاپپەرەسكىلا ئوخشاپ قالدى.

ــ ئىشنى قىلىپ بەك تېز لا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمىكىن دەيمەن.

ــ نېمىگە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ.

ــ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە ، ــ ساۋۇر قوتۇر ئورنىدىن دەست تۇرۇپ يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك پۇلاڭشىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى، يەڭگىسى يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر تالاغا چىققىنى بىلەن قاياققا مېڭىشىنى بىلمەيتتى،

مېڭىسىمۇ قېتىپ قالغاندەك كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قانچىلىك ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، ئۇ تامغا يۆلەنگىنىچە يەرگە سىرىلىپ ئولتۇردى.

— بىچارە ئاكا، سەن مۇشۇ دۇنيادا ھېچقانداق خوشلۇق كۆرمىدىڭ!— ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە يەرگە ئاڭلانغۇدەك جاراڭلىق چىقىپ كەتتى، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىۋىدى، گۇگۇم مەزگىلى بولۇپ بولغانلىقىنى بىلدى، يۆلىنىپ تۇرغان تامنىمۇ بىلدى، ئۇ دەل يەڭگىسىنى ئاكىسىغا خوتۇنلۇققا تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئەسكى تام ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى ئويلاشمىدى، مۇشۇ ئەسكى تامغا ئايلىنىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلدى، ئۆزىدە نېمىشقا مۇشۇ ئەسكى تامغا ئايلىنىپ كېتىش ئىستىكىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيگە كېلىپ، ئۇدۇل ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ئاكىسى يانپاشلىنىپ ئۇخلاپ قالغاچقا، ساۋۇر قوتۇرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. يەڭگىسى ساۋۇر قوتۇر سىرتتىن ھويلىغا كىرگەندە ئالدىغا چىقىپ تۇرغانىدى، ئۇ يەڭگىسىگىمۇ گەپ قىلمىدى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆزى يۇمۇلاي دېمەيتتى، ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتتى، قىمىر - سىدىرمۇ قىلىپ قويمىدى. ئۇ ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدا يەڭگىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ھەر قانداق تىۋىشنى سېزەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى بار بولسىمۇ دېرىزە تەرەپكە قارىمىدى، يەڭگىسى پەنەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ خانىسىگە كىرسىمۇ مىت قىلىپ قويماي يېتىۋەردى.

— ئىنىم، تاماق يەۋېلىڭ.

— قورسىقىم ئاچمىدى.

— تاماق يېمىگەن تۇرۇپ، جاھىللىق قىلماڭ.

— ئارامىمدا قويسىڭىز بوپتىكەن، قورسىقىم ئاچمىدى، يەڭگە.

— ئاكىڭىز سىزنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالدى.

— ئۇ ئاشۇنداق ئۇخلاۋەرسۇن، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ يەڭگىسىگە كەينىنى قىلىپ يېتىۋالدى. يەڭگىسى ئۇنىڭ كىچىك باللارنىڭكىدەك

قىلىقىدىن كۆلمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى.
— ئۇنداق بولسا مەن سىز بىلەن بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايچۇ.
— پاراڭلاشقۇدەك گەپ يوق، يەڭگە، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ.
— مەن ھېچ كىم بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىدىم، ھەممە گەپنى ئۇنتۇپ، گاچا بولاي دېگەندە سىز كەلدىڭىز، ئىنىم.
— ئاكام بىلەن پاراڭلاشمامسىز؟
— پاراڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بىز تېخى كۆلۈشۈپ باقمىدۇق، ئۇنداق قىلماي مەن بىلەن بولغۇن پاراڭلىشىڭ.
ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئىچىگە چايان كىرىۋالغاندەك پۈتۈن ئەزايى ئوتتەك قىزىرىپ ئېچىشىپ كەتتى، يەڭگىسىگە تەسەللى بېرىپ قويۇشنى ئويلاشتى-يۇ ئەمما ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنىڭ ئەڭ ئىچ ئاغرىتقىنى يەنىلا ئاكىسى ئىدى.
— يەڭگە، ئەتىدىن تارتىپ سىز بىلەن پاراڭلىشاي، بولغۇن بەك چارچاپ كەتتىم.
— مەن بىلەن چوقۇم پاراڭلىشىپ تۇرىسىز - ھە.
— چوقۇم پاراڭلىشىپ تۇرىمەن، بولدى چىقىپ ئارام ئېلىڭ، — ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قويدى، يەڭگىسىنىڭ زەپەرەڭ چىرايى پەنەر يورۇقىدا تېخىمۇ سارغىيىپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇنى كۆرۈپ چوڭ خىجالەتچىلىك تارتتى، ئۇنىڭغىمۇ ئىچ ئاغرىتتى.
قانداق تاڭ ئاتقىنىنى ساۋۇر قوتۇر بىلمەيلا قالدى، كۆزلىمنى يۇممىدىم دەپ ئويلىدى، كۆزىنىڭ بۇنداق چىداشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تاڭ ئاتقان ياكى ئاتمىغانلىقىنى قىياس قىلغانىدى، دېرىزىنىڭ سىرتى كۆرۈنەرلىك يورۇق كۆرۈندى، ئۇ «تاڭ ئاتقان بولسا نېمە بوپتۇ» دەپ يوتقانىنى بېشىغا يۆگىۋالدى، تالاغا چىقىپ باققۇسى كەلسىمۇ ئۆزىنى زورىغا باستى، تاغ چوققىسىدىكى قاباھەتلىك قارا چۈش ئېسىدىن كەچتى، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر

يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى سىقىلاتتى، يەنە مۇشۇنداق يېتىۋەرسە ھاياتى ئاخىرلىشىدىغاندەكلا بىلىنىدى، ئاخىر بېشىدىكى يوتقاننى چۆرىۋەتتى، ئىسسىپ پۇتۇن ئەزاسى قاسقانغا دۇملەنگەن بولاق مانتىدەك بولۇپ كەتتى، قوپقۇسى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ، يەنە بىشەملىك قىلىپ ياتاتتى، دېرىزە سىرتى شۇنچە ئايدىڭ بولسىمۇ، ئۇ ئايدىڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلاتتى. ئەمما بىر ئوت، غايەت كۈچ، ئۆزىدىنمۇ زور تۈيغۇ ئۇنى سىرتقا سۆرەپ ئارام بەرمەيتتى، ئۇ سىرت بەرىبىر سىرت دېگەن جاھىللىقىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋالغاچقا، مەجبۇر كۆزىنى يۇمدى، كۆزىنى يۇمسىلا تاغ ئۇستىدىكى قورقۇنچ تاپىنىدىن ئېتىلىپ مېڭىسىدە توختايتتى، «سەن ئاكاڭنىڭ بالا تېپىش ئىقتىدارىنى نابۇت قىلدىڭ!!!» مۇقەددەس روھنىڭ بۇ گېپى كاللىسىدا ئايان بولدى، بۇ گەپنى قانچە ئويلىسىمۇ تېگىگە يېتەلمىدى، «مەن قانداقسىگە ئۇنىڭ ئەرلىك ئىقتىدارىنى نابۇت قىلغان بولغىيتىم، مۇقەددەس روھ شۇنداقلا دەپ قويغانمۇ-يا؟» ئۇ ئويلاۋاتقاندا بىر ئىش يادىدىن كەچتى. «مۇشۇ كۇملاچنى يېگۈز».

مۇقەددەس روھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن كۇملىچى يادىغا كەلدى، چۇراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چاپان، ئىشتانلىرىنى تاپتى، يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى، ھېچ نەرسە قولىغا ئۇرۇنمىدى، ئۇ ئىچ كىيىم بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاخشام كۆرگەنلىرىنى چۈش دېيىشكە تىلى بارمىدى، ئۇ ئاخىر جىن چىراغنى يورۇتتى، جىن چىراغنىڭ يورۇقى ئۆيئىچىنى سۇس يورۇتۇشقا باشلىدى، يوتقانلىرىنىڭ ئۇيان-بۇيان تاشلىنىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆردى، ئۆيئىچى چىراغ نۇرىدا بارا - بارا روشەن يورۇشقا باشلىدى، سىرت بۇرۇنقىدەكلا يورۇق ئىدى، سىرتنىڭ بوگۇنكى يورۇقى قەلبىدىن يىراقلىشىپ كەتكەچكە ھەيرانلىق ھېس قىلمايتتى، ئۇ چاپىنىنىڭ ئىچ - تاش يانچۇقلىرىنى يەنە بىر رەت قويماي ئاختۇردى، ئەمما ھېچ نەرسىنى تاپالمىدى، مۇقەددەس روھنىڭ ئىككى تال كۇملاچنى ئۆزىگە بەرگەنلىكى ئېسىدە شۇنداق روشەن قالغانىدى،

ئۇنداقتا ئۇ زادى نەدە قالغاندۇ، تاغنىڭ ئۇستىدە قالغانمىدۇ- يا؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇ تاغدا قالغان بولسا ھېلىقى ئەبلەخلەر مېنى قوغلىمايتتى، ئۇنىڭ كاللىسى يەنە بىر قېتىم توختاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يانچۇقلىرىنى توختىماي ئاختۇردى، مەن دېگەن چوش كۆرگەن تۇرسام دېگەننى خىيال قىلسىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايۋاتاتتى، چاپىنىنى چۆرۈۋېتىپ ئىشتىنىنى يۇشقاقلىرىغىچە ئاختۇردى، چاپان - ئىشتانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك بىلىندى، ئۇ چاپان - ئىشتانلىرى بىلەن ئاجايىپ قېرىشتى، ئۇلار ئۇنىڭدىن قانچىكى يىراقلاشسا، ئۇ توختىماي ئۇلارنىڭ يېپىغا چوشكەن ئىزچىدەك ئاختۇردى، «ئاخشام تاغدىن قايتىپ كەلگۈچە تاشلىۋەتكەن ئوخشايمەن» دېگەننى ئويلىدى، ئۆزىنىڭ ئاسانلىقچە بىرەر نەرسىنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، يەنە ئاختۇردى، «ئاخشام ئىگىنلىرىمنى سالغاندا مۇشۇ ئۆيگە چوشۇپ قالغانمىدۇ؟» ئۇ شۇ يەرگىچە ئويلاپ ئىگىنلىرىنى بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋەتتى، ياتقان يوتقىنىنى ئاختۇردى، قولىغا چىراغنى ئېلىۋېلىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - يۇشقاقلىرىغىچە ئاختۇردى، بۇ ئاختۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرغانسېرى ئۈمىد - ئارزۇ ئاجىزلىشىۋاتاتتى، ئەتىگەن يەڭگەم ئۆينى سۈپۈرگەن بولسا دەپ ئويلاپ ئاختۇرۇشتىن توختىدى، ئۆيگە ساق سالامەت ئەكەلگەندەك قىلغان. ئۇ نەدىدۇ دەپ ئويلاپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىقىغا مېڭىسى پۇرۇقشۇپ قايناۋاتقاندەك تۇيۇلدى، قولىدىكى چىراغنى بىر يانغا قويۇپ يېتىۋالدى، ئۇ ئىككى تال «ھاياتلىق» كومىلچى مۇشۇ ئۆيدە چوقۇم بار دەپ جەزم قىلدى، ئۆزىنىڭ مۇنداق قارارىنىڭ راست، مۇتلەقلىكىگە ئىشەنچى كامىل ئىدى، يەنە ئازراق يېتىۋېلىپ، ئېسىنى بىر يەرگە يىغىپ قايتىدىن ئاختۇرۇشنى ئويلىدى، شۇ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى.

—— تاڭ ئېتىپ كەتكىلى نەۋاق، —— ئۇ يەڭگىسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى، بەدەنلىرى سىرقىراپ، كۆز - قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. جىن چىراغنىڭ پىلىكى تۈگەپ

ئۆچۈپ قالغانىدى، ئۆزىنىڭ يوتقان ئىچىدە ئەمەس كىگىز ئۈستىدە ياتقانلىقىنى بىلدى، بىلىمۇ سىم - سىم ئاغرىدى، بەدەنلىرىگە كىگىزنىڭ قىللىرى چاپلىشىۋالغانىدى، ئۇ بەدەنلىرىدىكى قىللارنى بىردىن تەرگەنىدەك تېرىپ چىقتى.

— ئىنىم، ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — ئۇ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان قىللارنى تېرەتتى، دېرىزىدىن كىرگەن قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىنى كۆرۈپ ئاخشامقى ئىشلىرى كۆڭلىدىن شاپىدە ئۆتتى، ئۇ بەدەنلىرىدىكى قىللارنى تېرىشتىن ھېلىقى كومىلاچنى ئاختۇرۇشقا ئۆتتى، ياتقان-كۆرپىسىنىڭ تېگىنى ئاختۇرمىغىنىنى بىلدى، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى قوش ھەيدىگەنىدەك تۇراتتى، پەقەتلا ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىلا بۇزۇلمىغانىدى، ئۇ كۆرپىنى ئۆردى، بېشى تەرەپتە ھېلىقى ئىككى تال كومىلاچنىڭ ئىزلىپمۇ كەتمەي ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھارغانلىقىنى بىلدى، كىچىك تەرىتى قىستاپ كۆزىگە چىقىۋالدى، ئۇ كومىلاچنى ئېلىپ ئىچ كىيىمى بىلەنلا ھويلىغا چىقتى. يەڭگىسى ھويلىدا ئىدى، ئۇ ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئىچ كىيىمى بىلەنلا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى يەرگە قىلىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، يۈگۈرگىنىچە خالا تەرەپكە كەتتى، يەڭگىسى بۇ قاراماتاقنىڭ دىقماق بەدەنلىرىدىكى ئەرلىك ھارارەتنى كۆرگەنىدەك بولدى، خىجىلچىلىق ئىچىدە بەدەنلىرى غىدىقلاندى، ساۋۇر قوتۇر خالادىن يېنىپ ھويلىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ يالىڭاچلىقىنى بىلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يەڭگىسى ئۇنىڭ شامالدەك ئىتتىك يۈگۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىككىنچى قېتىم كۆردى، ئەسكى تام ئارقىسىدا بىر قېتىم كۆرگەنىدى، مانا بۈگۈن ئىككىنچى قېتىمقىسى ئىدى.

ساۋۇر قوتۇر كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىققاندا يەڭگىسى تۇرغان جايىدا تۇراتتى، بابا يەڭگىسىنى كۆرمىدى دەپ ئويلىدى، شۇڭا رەڭگىدە

ھېچقانداق ئالامەت بولمىدى.

ــ يۈز-كۆزلىرىڭىزنى يۇيۇپ ناشتا قىلىۋېلىڭ، ــ يەڭگىسى بېشىنى كۆتۈرمىگەن ھالەتتە ئۈنىڭغا گەپ قىلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ خىجىلچىلىقىنى بىلمىدى، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ ناشتا قىلدى، يەڭگىسى بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىگە قاراپمۇ قويماي ناشتىسىنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن قوپتى.

ــ ئىنىم، ئاخشامقى گەپنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز - ھە؟

ــ ئاخشامقى نېمە گەپنى؟ ــ ساۋۇر قوتۇر چەتتە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان يەڭگىسىگە ئىتتىك قارىدى. يەڭگىسىنىڭ زەپىران چىرايى ئوت ئېلىپ، قىزىرىپ كەتتى، يەڭگىسىنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىقنى كۆرۈپ ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلى غەلىتە بولۇپ قالدى. «يەڭگەم قىزارسا بىر پارچە ئوتقا ئايلىنىدىكىنە» دەپ ئويلىدى.

ــ شۇنداق ئىتتىك ئۇنتۇپ قالامسىز؟

ــ نېمىنى ئۇنتۇپ قالدىم؟ ــ ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ پىشقان گىلاسقا ئايلانغان چىرايىغا قاراۋېرىشكە چىدىيالماي، كۆزىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى.

ــ ئاخشام بىر كېچە ئۇخلىيالمىدىڭىز ئىنىم.

ــ سىزمۇ ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە، ــ يەڭگىسى ئوتقاشقا ئايلانغان لېۋىنى يېنىك چىشلىدى، ساۋۇر قوتۇر سېھىرلىك دۇنيا ئىچىدە قايمۇقۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ يەڭگىسى لېۋىنى يېنىك چىشلىسە ئۆزى ھېس قىلىپ بولالمايدىغان بىر ئوتلۇق سېزىم ئىچىدە قالىدىغانلىقىنىلا بىلدى، بۇ ئوتلۇق سېزىم پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرىنى قامال قىلىپ سېھىرلەيتتى، يەڭگىسىگە: «مېنىڭ ئالدىمدا لېۋىڭىزنى يېنىك چىشلىمىسىڭىز» دەۋەتتى، ئۇ بۇ گەپنى ئېغىزىدىن قانداق چىقارغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. يەڭگىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى، جىمجىتلىق

ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ساۋۇر قوتۇر خاتا گەپ قىلغانلىقىنى بىلدى، يەڭگىسىدىن ئۆزىنى قانچىكى ئىلىپ قاچماقچى بولسا، يىراق تۇتسا، ئۇنىڭ يەنىلا ئۆزىگە يېقىن تۇرىۋېرىدىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. جىمجىتلىقنىڭ ئاخىرىنى چوڭ بىر خەتەر پايلاپ ياتقانىدى، بۇ خەتەر ئۇلارنى بىر ئۆمۈر بەرباد قىلىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

— يەڭگە، مەن سىزگە نېمىگە ماقۇل بولغان؟

— مەن بىلەن پاراڭلىششقىچۇ.

— ماقۇل بولغانمىدىم؟

— شۇنداق، — ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئورۇق ئۆچكىنىڭ ئۆچىيىدەك ھەر دەقىقىدە ئۈزۈلۈپ، بىر - بىرىگە ماسلاشمايتتى. يەڭگىسى مۇشۇ ئۈزۈك پاراڭلاردىن ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدەيتتى، كۆڭلىگە تەسەللى تاپماقچى بولاتتى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى، يەڭگىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، نەچچە يىللىق جىمغۇرلۇق تونلىرى سېلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئىنىم، بۇگۈن ھېچ يەرگە بارماڭ، سىزگە ئوخشىتىپ بىر تاماق ئېتىپ بېرەي، مەن مۇشۇ ئۆيگە كەلگەندىن بېرى ئەتكەن ئىسسىق تامىقىمنى يەپ باقمىدىڭىز، — ساۋۇر قوتۇر بۇگۈن يەڭگىسىدىن ئۆزىنى ئىلىپ قاچالمايدىغانلىقىنى بىلىپ نائىلاج ماقۇل بولدى.

ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى، يەڭگىسى قازان - قومۇچلارنى يۇيۇپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى. ساۋۇر قوتۇر ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنىڭ تىنجىپ قالغانلىقىنى بىلدى، يىغىلمىغان كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىر مەھەل ياتتى. ئاكىسى يادىغا كەلگەندە، ئىنتىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ يانچۇقىدىكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان قارا كومىلاچنى قولىغا ئالدى، «بۇ راستىلا كارامەت كۆرسىتەلەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. «نېمە بولسا بولسۇن، بىر سىناپ كۆرۈپ باقايچۇ، قانداق سىناپ باقىمەن؟ شەھەرگە كىرىپ ناۋايلاردىن بىرنى تېپىپ... ياق، بۇمۇ قاملاشمايدىغان چارە. ئۇنداقتا، ئۆزۈم يەپ باقسام مەندە شۇنداق تۇيغۇ

پەيدا بولسا، ئۇ چاغدا... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ قولىدىكى بىر تال كۇمىلاچنى كاپپىدە ئېغىزىغا سالدى، ئۇزاق ئۆمەللەپ ئاخىر يۇتۇۋېتىپ سوزۇلۇپ ياتتى، توختىماي ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرگە قۇلاق سالدى. ئىنچىكە قىلدام مېڭە تومۇرلىرى زىلىلىشىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئىتتىكلەپ كەتتى، بۇ مەندىكى بىر جىددىيچىلىك دەپلا ئويلىيالىدى، ئاخىر كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. تومۇرلىرى ئىششىپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، بەدەنلىرى ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى، جان يېرى بولسا قورزۇقتەك قېتىپ جىنسىي ھەۋىسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. ئۇ مۇشۇنداق يېتىۋەرسە چوقۇم ئۆلۈپ كېتەتتى. ساۋۇر قوتۇر تىپىرلاپ كەتتى، قولىنى چىشلەپ ئۇزاۋۇەتكىلى تاسلا قالدى، ئاخىر بولالماي ئۆزىنى بوسۇغىغا تاشلاپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن قورقۇپ كەتكەن يەڭگىسى ئاشخانىدىن ئۇ ياتقان ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.

— ئىنىم، نېمە بولدىڭىز؟

— يەڭگە، سىز دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ!

يەڭگىسى ئۇنىڭ نەرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

— زادى نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

— مەن سىزگە چىقىپ كېتىڭ دەۋاتىمەن! ۋايجان! ئۆلىدىغان بولدۇم! — ساۋۇر قوتۇر جېنىدىن تويۇپ كەتتى، يەڭگىسى ئۇنىڭ چۆرىسىدە پايپېتەك ئىدى.

— قورسىقىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ مەن ئاكىڭىزنى توۋلاپ كېلەي، دوختۇرخانىغا بارايلى.

— ئاكامنى توۋلىغۇچى بولماڭ، سىز چىقىپ كېتىڭ، ماۋۇ ئۆينىڭ سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىپ دېرىزىلەرنى ئېچىلمىغۇدەك قىلىۋېتىڭ.

— ۋاي، زادى نېمە بولدىڭىز، ئىنىم؟ مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، تېخى ھازىرلا بىر ئوبدانلا تۇراتتىڭىز.

— تولا سۆزلىمەي چىقىپ كېتىڭ، ۋايجان! — ئۇ يەردە ئۇيان -

بۇيانغا ئۆزىنى تاشلاپ بولالمايۋاتاتتى، چاپانلىرىنى سىيلىۋەتتى، ئىشتىنىنىمۇ يىرتىپ تاشلىدى، كۆزىمۇ قانغا تولدى، يەڭگىسى ئۇنىڭ غالجىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي، ئىبغىزىنى يۇمۇپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، چاپسان بۇ يەردىن چىقىپ كىتىڭ، — ئۇ ئاخىر قىپيالىڭاچ بولۇپ بولدى، ئۇنىڭ ئەرلىكى يوغىناپ ھەم ئىششىپ كىتىۋاتاتتى، يەڭگىسى كۆرۈشكە تىگىشلىك بولمىغان بۇ ئەھۋالدىن ھەيرانە ھەس بولدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ۋاراقشىغاندەك قايناپ ھور چىقىشقا باشلىدى، ئۇ يەڭگىسىگە قاراپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى، يەڭگىسى بۇ مەنزىرىدىن قورقۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— مەن سىزنى كۆزۈمدىن يوقىلىڭ دەۋاتىمەن! — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق ۋارقىراپ يەڭگىسىگە ئىتىلدى ھەمدە سىرتقا سۆرەپ تاشلىۋەتمەكچى بولدى، يەڭگىسى بۇتتەك قىتىپ قالدى.

— يوقال! — ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنىڭ قولىدىن كاپپىدە ئىلىپ ھويلىغان سۆرىمەكچى بولسىمۇ، لىكىن، قولى ئەقلىنىڭ تىزگىنىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، دۇنيا لەنەتگەردىلىككە لىق تولۇۋاتاتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ قولى يەڭگىسىنى سىرتقا ئەمەس، سۇپىغا تاشلىدى، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان دىقماق بارماقلىرى يەڭگىسىنىڭ ئۇستىبىشىدىكى كىيىملەرنى قەغەزنى يىرتقاندەك يىرتىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تىتما - تىتما قىلىۋەتتى، ئىنسان تەبىئىتىگە پەقەتلا سىغمىشالمايدىغان ئەڭ چوڭ جىنايەت ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، يەڭگىسى قارا بۇركۈتنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدا قالغان ئاق توشقانغا ئايلاندى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جىنسىي ھەۋىسىنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتقاشىنى دەھشەت بىلەن ئۇنىڭ جىنسىي ئەزايىغا تىقىۋەتتى، يەر جاھان تەۋرەپ كەتتى، ئۆيلەرمۇ ئۆرۈلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى، بۇ كۆرۈنۈش خۇددى ئەمدىلا يىشىغا تەگكەن غۇنچىنى كۈچلۈك توپاققا قويغاندەك ئىدى، يەڭگىسى غۇنچىندەك بۇقىرەپ كەتتى...

كۆن پاتارغا يېقىن ساۋۇر قوتۇرنىڭ نەپسى بېسىلدى، ئۇ خۇدىنى تاپالمايتتى، يەڭگىسى پۇرلىشىپ كەتكەن كۆرپە كىرلىكىدە قىپيالىڭاچ هالدا قارا تەرگە چۆمۈپ ياتاتتى.

ئاشۇ قاباھەتلىك كۆندىن كېيىن ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېلىدىن بىر نېمە ئۆتمىدى، يەڭگىسمۇ شۆكلىشىپ كەتتى، بۇ ئىشلاردىن ساۋۇر قوتۇرنىڭ جاپاكەش ئاكىسى بىخەۋەر ئىدى، ساۋۇر قوتۇرمۇ يىگىنە يەۋالغان ئىتتەك قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ساۋۇر قوتۇر ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدى، ئۆلۈشنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنلىقى ئۇنى چۆچەپ قويدى.

هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ، باش باهار ئاياغلىشىپ يازغا قەدەم قويدى، ساۋۇر قوتۇر ئاخىر بۇ ئۆيدىن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ، پىنهان بىر جايدا ئۆتكۈزگەن گۇناهى ئۈچۈن ئۆمۈربويى توۋا قىلىپ ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشكە بەل باغلىدى.

يازنىڭ قىسقا كېچىسى، جاهان ئوت ئىچىدە قالغانىدى، ئۇ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. «بۈگۈن غايىب بولۇشۇم كېرەك، ئازابلىق ياشىشىم ئۈچۈن بۈگۈنلا غايىب بولاي...» ئۇ هويلىغا چىقتى، هويلىدا بىرسىنىڭ كۆچەپ قۇسۇۋاتقان كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئۆيگە چاندۇرماي كىرىۋالدى، قۇسىۋاتقىنى دەل ئۇنىڭ يەڭگىسى ئىدى، ئۇ يەڭگىسىنىڭ تىنىشى يېتىكۆچە كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بىر دەم يېتىپ تۇرايچۇ دەپ يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ كۆزىنى يۇمماقچى بولدى، كۆزۈمنى يۇمسام ئاشۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ خىيالىمغا كىرىۋالارمۇ دەپ ئويلاپ، كۆزىنى يۇممىدى، ئۆينىڭ ھەممە يېرى قان ـ يېرىڭغا لىق تولۇقلۇق بىلىندى، سېسىق پۇراق دىماقلىرىغا ئۇيۇپ كەتكەندى.

ـــ سىز بۈگۈن غايىب بولماقچىمۇ؟ ـــ ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن ـ دە، دەپ ئويلىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالمىغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئۇ چۆچۈپ ياتقان يېرىدىن تۇردى، يەڭگىسىنىڭ ئۆزىگە بەكلا يېقىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ زۇۋان سۇرمىدى.

ـــ مەن سىزنىڭ بۈگۈن غايىب بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن.

— مېنىڭ ئامالىم قالمىدى.
— مۇشۇنداق قىلسام ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن دەپ قالدىڭىزمۇ؟
— ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن.
— شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟
— مۇشۇ يەردە ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم، ئاكامنى ئويلاپ ئۇنداق قىلالمىدىم، مەن مۇشۇ ئۆيدىن، مۇشۇ يۇرتتىن يىراق، تولىمۇ يىراق، ھەتتا ئادەم ئاياغ باسمىغان بىر يەرگە كېتىمەن.
— جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت قوشماقچىمۇ؟
— ئۆلسەملا بولدى.
— سىزگە بىر ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قوياي.
— مېنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارىم يوق، ھەممە ئىش ماڭا بەرىبىر.
— بويۇمدا قاپتۇ.
— نېمە؟! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساۋۇر قوتۇرنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، ئاۋازىمۇ تاغ پارتلاتقاندەك ئاڭلاندى، قارا چاڭ باسقان چىرايىدىن كۆھقاپنىڭ تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ يۇتۇن ئەزاسى كۆز ياپراقلىرىدەك تۆكۈلدى، ھويلا - ئاران يامغۇردا قالغاندى، ئاسمان تاراقشىمىدى، بۇلۇت كۆز يېشى قىلمىدى، ھويلا ئىچى دەھشەتلىك قارا يامغۇرغا غەرق بولدى.
ساۋۇر قوتۇر جېنىنىڭ بۇنداق پىششىقلىقى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۆلۈم ئەمدى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى، ئۇ ئۆلۈشكە ئۆزىنى ئاتسىمۇ بەرىبىر ئېرىشەلمەيتتى، يەڭگىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئۇچكە چىقىپ مېغىزىنى يېگەندەك بىپەرۋا ئولتۇراتتى.
— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ ئاھ خۇدا، جېنىمنى ئال! — ساۋۇر قوتۇر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يىغلىدى.
— ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! — ئۇ باش-كۆزلىرىنى قامallap موتىدى، يەڭگىسى ئۇنىڭ غالجىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئولتۇرغان جايىدىن

شاققىدە قوپۇپ ھويلىغا چىقتى، ئۇ ھويلىغا چىققاندا يەرنىڭ پاتقاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئاسمانغا قارىدى، ئاسمان پەرەڭدەك ئوچۇق، يۇلتۇزلار سانجاق تۇراتتى، ئۇنىڭ كاللىسى لال بولدى، بۇنچىۋالا سۇنىڭ نەدىن كېلىپ ھويلىنى بۇنچە پاتقاق قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ساۋۇر قوتۇر ياۋا كالىدەك تام ـ تامغا ئۇسۇپ، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى قان قىلىۋەتتى.

يەڭگىسى يەرگە ئاۋايلاپ دەسسەپ ئېرىنىڭ يېنىغا كىردى، ئۇ ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئۆيئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، جېنى چىقىپ كەتكەندەك سۇپىغا يىقىلدى، باياتىن بولغان ئىشلارنى ئېرىنىڭ ئۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، ئۇ ئورنىدىن مىلىڭ تەستە تۇرۇپ، ساۋۇر قوتۇرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىردى، ساۋۇر قوتۇرمۇ قانغا مىلىنىپ خارقىراپ ياتاتتى.

ــــ ئىنىم، چاپسان ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ائىش چاتاق! ــــ ساۋۇر قوتۇرنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرىدىغاندەك قىلمايتتى، ــــ ۋاي چاپسان ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ئاكىڭىز ئۆيدە يوق تۇرىدۇ! ــــ ساۋۇر قوتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكى بېغىچىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ، تىنالمىدى، ۋۇجۇدىنى بىر شۇملۇق چوقۇپلا كۆتۈرۈۋالغاندەك بولدى، ئۇ شۇملۇقنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئارىلىقىدا تۇراتتى، ــــ ۋايجان! نېمانداق مىدىرلىماي ياتىسىز!ــــ يەڭگىسىمۇ ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى. ساۋۇر قوتۇرغا غايىبتىن كۈچ كىرىدىمۇ شۇملۇقنىڭ تۇمشىقىدىن ئۆزىنى تارتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ ھېچنېمە بىلەن كارى يوق سىرتقا يۈگۈردى، ھويلىغا چىقىپ پاتقاققا تېيىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى، يەرنىڭ بۇنچىۋالا تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق ئىدى، ئۇ تېيىلىپ كەتكەن يېرىدىن چاقماق تېزلىكىدە قوپۇپ سىرتقا چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە يۈگۈرۈپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ ئاكىسىنى تۇۋلاپ تاغ تەرەپكە يۈگۈردى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ئاكىسىنى ئويلىسا ۋۇجۇدىنى شۇملۇق قاپلايتتى. ئۇ تاغ قاپتىلىغا كېلىپ بار ئاۋازى بىلەن ئاكىسىنى چاقىردى، تاغدىن ئۆزىنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلاندى. ئۇ

ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى جەزم قىلىپ تاغقا ياماشتى، تاغ ئۈنىڭ كۆزىگە بەك ئېگىز كۆرۈندى. ئىچى پۇشسا كۈندە نەچچە چىقىدىغان تاغ چوققىسى بوگۈن ئۈنىڭغا بەك ئېگىز بىلىنىپ كەتتى، تاڭ ئاتقۇچە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىدى، ئۇ ئاخىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئېغىر بىر تىن ئېلىۋېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن ئاكىسىنى توۋلىدى، بۇ ئاۋازدىن زېمىن تولغىنىپ كەتتى، قورام تاشلارمۇ يېرىلاي دېدى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قارىغايلار قاراسلاپ سۇندى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ دىمى كېسىلدى، كۆزى پارقىراپ قالدى. تاڭ سوزۇلەي دېگەندە، ياز شاملى مېھرىلىك باغرىنى كەڭ تەبىئەتكە ياقتى. ساۋۇر قوتۇر ئېغىر قەدەم بىلەن تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇ تاغدىن چۈشكىچە قىينالدى، «تاغقا چىقىش ئاسان، چۈشمەك تەس» دەپ پىچىرلىدى. گەپ قىلغان بىلەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيتتى، «ئاكام چوقۇم ئېتىزلىقتا» دەپ ئويلاپ، ئېتىزلىققا باردى، ئېتىزلاردىكى يېشىلچىلىق سەھەر شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئۆيىگە كەلدى، ئىشىك تۈۋىدە يەڭگىسى يالغۇز تۇراتتى.

— يوقمۇ؟ — يەڭگىسى ساۋۇر قوتۇرنى كۆرۈپ سورىدى، ساۋۇر قوتۇر «يوقمۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تېگى يوق ھاڭغا غۇلاپ چۈشۈپ كەتكەندەك «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى، ھەممە يېرىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى.

— ئۇ يوقمۇ؟! — يەڭگىسىنىڭ گېپى ئۈنىڭ قۇلاق، مېڭىلىرىگە خەنجەردەك تىقىلدى.

ساۋۇر قوتۇر يەڭگىسىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىدى، يەنە ئاكىسىنى بۇنداق تېز يوقاپ كەتمەيدۇ دەپ كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولدى. يەڭگىسى ئۈنىڭ ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈردى، تاڭ ئاتقۇچە ئاكامنى تېپىۋېلىشىم كېرەك، دەپ ماغدۇرىغا كەلدى، شامالدەك يۈگۈرۈپ يەڭگىسىنىڭ كۆزىدىن

يىتتى، يەڭگىسى ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ دۇنيادا ئەڭ يالغۇز قالغان ئادەمدەك تۇيغۇغا كەلدى.

ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ تېنىنى ئىتتەك يىلدىدى. تاغنىڭ ھەممە يېرىنى بىر ـ بىرلەپ تىنتىدى، «ئاكامنى چوقۇم تېپىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىمەن» دېگەن ئوي ئۇنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. ئۇ ھارمىدى، ھەر قانداق بىر دالىدىنى بوش قويماي ئاختۇردى، تاغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئورمانلىقنى كۆرۈپ ئۈمىد ـ ئىشەنچكە تولدى، تاغنى كېسىپ ئورمان تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇپ، تاغنىڭ قاتمۇ قات باغرىدىن شامالدەك يۈگۈرۈپ ماڭدى، تاغ باغرىنىڭ كەڭلىكىنى بىلدى، سەپەر مۇشەققەتلىك بولسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. ئۇ ئورمان ئالدىغا كېلىپ ئېغىر تىنىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىردى، ياراتقان ئىگەمدىن ئاكىسىنىڭ مۇشۇ ئورمان ئىچىدە بولۇشىنى تىلىدى، ئورمانلارنىڭ چاتقاللىرىنى يېرىپ ئاكىسىنى توۋلىغانچە مېڭىۋەردى. ئۇ ئورماننىڭ ئىچىگە كىرگەنسېرى يۈرىكىنىڭ ئېغىرلىشىپ، كۆڭلىنىڭ قاراڭغۇلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ توختاپ قالدى، كۆڭلىگە ئۆزى ئارزۇ قىلمىغان ئاجايىپ بىر شۇملۇق ئايان بولدى، ئۇ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېسىمۇ، ئەمما ئاشۇ شۇملۇقنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى، ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆڭلىدە ياخشى تەرەپكە سۆرەيدىغان بىرەر كۈچنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، بىر قارىغايغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. كۆڭلىدىكى بارلىق شۇملۇقلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن تىرىشتى، روھىي ھالىتىنى تەڭشىمەكچى بولۇپ، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالدى، ئاجايىپ دەھشەتلىك تىت ـ تىتچىلىقنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرمەي جېنىدىن تۇيۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چەكسىز قىينىلىپ كەتتى.

ئورمان ئىچى كۆزىگە گۆردەك كۆرۈنۈپ، تېنى شۈركىنىپ كەتتى، ئاكىسىنىڭ چىرايى كۆزىگە قاپسالدى، ئۆزىنى پەيلەپ باققان ئۆتمۈشلىرى خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ھەر بىر

كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆكسىگە بىر پىچاق تىقاتتى. ئۇ ۋارقىراپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى ئورمان ئىچىدە ئەگىز سۈيى بولۇپ ئاقتى. ئاكىسىنىڭ مۆمىن چىرايى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلدى، ھاياتلىقنىڭ ھەممە دىشۋارچىلىقى ئۇنىڭ ئىچ باغرىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ بۇ يەردىن كېتىشنى، باشقا يەرلەرگە ئاكىسىنى ئىزدەپ بېرىشنى ئويلىدى. بۇ ئورمان ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئىدى. كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغانىدەك بىلىنىپ، ئاكىسىنىڭ تېپىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ مۇشۇ ئورماندىن ئايرىلساملا ئاكام تېپىلمايدۇ، ئاكام تېپىلمىسا ھاياتىمدا بىر يېڭى يول پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورماندىن چىقىپ كېتىشكە بەل باغلاپ، تۆت ئەتراپىغا قارىدى، قاياققا باقسا ئورمان تۇراتتى، ئۇنىڭغا ئورماندىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەستەك بىلىندى. ئۇ ۋارقىراپ ئورماننى تىللاپ كەتتى، «مەن ئاكامنى ئىزدەيمەن، يول بېرىش» دەپ ۋارقىرىدى، ئورمانلار ئاجايىپ ئېگىز، مەغرۇر كۆرۈندى. «خەپ توختاپ تۇر، ھەممىڭنى كېسىپ تاشلىمىسام، ئوت قويۇپ پۈشتۈڭنى قۇرۇتمىسام...» تىللاۋېرىپ ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى، دىمى كېسىلدى، كۆزىنىڭمۇ ئېقى يوغىناپ، چاڭ باسقان چىرايى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. ئۇ ئورماندىن چىقىشقا كۈچەندى، قاياققا قارىسا دەرەخلەر ئۇنى توردى، كەينىگە چېكىنىشكە بىر قەدەممۇ يول قويمىدى. ئۇ بىر ئاراچ يولنى پەملەپ شۇ يەر بىلەن بۇ لەنتى ئورمانلىقتىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئاراچ يولغا قەدەم قويدى. ماڭغانسېرى ئورمانلار ئاۋۇپ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋەيران بولدى، كۆزى ئاسماننى، چەكسىز دالىنى ئىزدىدى، يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلىپ قالدى.

— مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس، — ئۇ شۇنداق ۋارقىراپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، جاھان يىغلىقتىن كېيىنكى تىمتاس كېچىگە ئايلىنىپ قالغاندەك جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭ غالجىر تىنىقلىرى بىلەن دەرەخلەرنىڭ بىۋاقىت تۆكۈلگەن ياپراقلىرىنىڭ ساداسىلا قالدى. ئۇ ئاخىر كۆزىنى

ئېچىپ دەھشەتلىك ۋارقىراپ يىغلاپ يەردە دومىلاپ كەتتى.
— بىچارە ئاكا! مەن سىنىڭ قاتىلىڭ! مەن ئادەم ئەمەس! — ئۇنىڭ نىدالىرى دەرەخ كاۋىكىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئۇۋىسىنى قوچىۋەتتى.
يوغان بىر دەرەخنىڭ شېخىدا بىر ئادەم ئېسىلىپ تۇراتتى. ساۋۇر قوتۇر قانچىلىك ئازابلانسا بەربىر ئىدى، ئۇ كۆتكەن، كۆڭلىگە ئايان بولغان قاباھەتلىك ئىش يۈز بېرىپ بولغانىدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ كارنىيى يىرتىلىپ كەتكەنمۇ، ئېغىزىدىن سۇس قىزىل قان سىرغىپ جاۋغىيىدا قېتىپ قالغانىدى.
ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ مېيىتىنى چۆش بولغاندا ئۆيىگە ئېلىپ كىردى، ئەتىسى يەرلىكىگە قويدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئائىلىسى مۇسىبەتنىڭ ئەڭ جىمجىت دەملىرىدە قىمىرلايتتى، ساۋۇر قوتۇر بىر تەن، بىر ئۇستىخان بولدى، يەڭگىسى ئېلىشىپ قالاي دېدى. ساۋۇر قوتۇر بىر نەچچە ھەپتىنى تىپتىنچ ئۆتكۈزدى.
تۈن كېچە. ساۋۇر قوتۇر بۇ ئائىلىنى مەڭگۈلۈك يوق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يەڭگىسىنى چاقىردى، يەڭگىسى ئۇنىڭ خانىسىگە كىردى، جاھان تىپتىنچ بولدى دېسە مۇشۇنچىلىك بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۇزاق ئولتۇردى، ئاخىر ساۋۇر قوتۇر ئېغىز ئاچتى.
— يەڭگە، سىزدە تەييارلىق باردۇ؟
— مەن نەۋاق تەييارلىق قىلىپ قويغان.
— ئۇنداقتا ئۆلۈۋالىلى.
— مەيلى، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ يۈرىكى ئازابتىن تىلىم - تىلىم بولغاچقىمىكىن، ئەڭ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى چىكىلداق چاققانىدەكلا دەۋاتاتتى.
— قانداق ئۆلىمىز؟
— سىز قانداق ئۆل دېسىڭىز شۇنداق بولسۇن.

— ئىككىمىز تەڭلا ئۆلىمىز.
— سىز ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىڭىزنى ئۆيلىشىڭ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ قارا كۆك بولۇپ كەتكەن توم لېۋى تىترەپ، شالىسى ئېقىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى.
— مەن... مەن ھەممەڭلارنىڭ قاتىلى بولىدىكەنمەن-دە، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىزمۇ ئۆلۈۋېلىڭ، مەنمۇ ئۆلۈۋالاي.
— مەن قانداق ئۆلىمەن؟
— قانداق ئۆلسىڭىز ئۆلۈڭ، ئەمما مەن سىزنى ئۆلتۈرمەيمەن، مېنىڭ ئىككى جانغا زامىن بولغۇم يوق.
— مەن ئىككى جانغا زامىن بولامدىم ئەمىسە؟
— سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىلا ئۆلتۈرىسىز.
يەڭگىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ چاندۇرماي قورسىقىنى سىلاپ قويدى.
— ئۇنداقتا بۇنىچۇ؟
— كىمنى دەۋاتىسىز؟
— ماۋۇ قورسىقىمدىكىنى دەۋاتىمەن، — يەڭگىسى قورسىقىنى كۆرسىتىپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ يەڭگىسىنىڭ قورسىقىغا قاراپ زۇۋان سۈرەلمىدى. جىمجىتلىق يەنە باش كۆتۈردى.
— ئىشقىلىپ مەن بۈگۈن ئۆلىمەن، ئۆلۈمدىن باشقىنى ئويلىمىدىم!
— سىز ئۆلسىڭىز مەنمۇ ئۆلىمەن!
— ياق، بولدى سىز ئۆلمەڭ، مەنلا ئۆلەي!
— ئەگەر سىز ئۆلسىڭىز، مەنمۇ ئۆلىمەن، قورسىقىمدىكى بالا تۇغۇلسا، چوڭ بولغاندا دادام قانداق ئۆلۈپ كەتكەن دېسە مۇشۇنداق ئۆلگەن دەمدىم، ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، بولغان ئىشلارنىمۇ دەپ بېرەلمەيمەن!
— سىز مېنىڭ ئۆلۈشۈمنى توسماقچىمۇ؟

— ياق، توسمايمەن، ئۆلسڭىز ئۆلۈۋېرىڭ، مەنمۇ ئۆلمەن.
— بۇنداق دېگىنىڭىز توسقانلىق بولماي نېمە؟
— مەن سىزگە يالۋۇرمايمەن، ئۆلسڭىز ئۆلۈڭ.
— ھەي، سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاۋازىنى تۇرۇپلا ئۆزگەرتىپ، كۆڭلىدە ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەپ، سىزلەپ كەلگەن يەڭگىسىنى سەنلەپلا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى.
— مەن سىزگە يالۋۇرمايمەن، ئۆلسڭىز ئۆلۈڭ دېدىم، — يەڭگىسىمۇ جاندىن تويغاچقا ئۇنىڭ ھۆرپىيىشلىرىگە ئېرەن قىلماي تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بېشىنى يانتۇ تۇتتى.
— سېنىڭ مەقستىڭ زادى نېمە؟ مېنى بىر ئۆمۈر ئازاب - ئوقۇبەتتە ئۆتسۇن دەمسەن؟ بۇنداق قاباھەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەلا.
— مەن سىزنى ھەر قانداق ئىشتىن توسمىدىم، سىز ئۆلسڭىز مەنمۇ ئۆلمەن.
— ئۆلمەن دېگىنىڭ مېنى توسقانلىق ئەمەسمۇ؟
— ئۆزۈڭ ئۆلۈپ ھەممە دەردى بالانى ماڭا تاشلاپ قويماقچىمۇ؟ — يەڭگىسىنىڭمۇ تەلەپپۇزى ئۆزگەردى، — سەن ئەر كىشى تۇرۇپ كۆتۈرەلمىگەن يەردە مەن بىر ئاجىز تۇرۇپ قانداق كۆتۈرەتتىم! ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز، ياشىساق تەڭ ياشايمىز!
— ئىنسان بالىسى كۆتۈرگۈسىز خورلۇقنى مەن قانداق كۆتۈرىمەن! مەن ئۆلمىسەم بولمايدۇ! ئۆلسەملا ئاكامغا يۈز كېلەلەيمەن.
— مەنمۇ ئۆلمەن.
— سەن ئۆلمەي بالىنى تۇغ!
— تۇغمايمەن! — يەڭگىسىنىڭمۇ بوينى تاشتەك قاتتىقلى تۇردى.
— ئەگەر ئۆلمىسەڭ مەن ساڭا ياخشى كۈن كۆرسەتمەيمەن.
— ياخشى كۈن دېگەن نېمە ئۇ، ياخشى كۈنلەرنى كۆرۈشنى ئەسلا خالاپ كەتمەيمەن، ئەگەر ياخشى كۈن كۆرۈشنى خالىسام سىلەرنىڭ بۇ

ئۆيلۆكلەرگە خوتۇن بولۇپ كىرمەيتتىم.

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟

— بولدى، تولا ماگا ھۆرپەيمەڭ، ئۆلسەك ئۆلەيلى، مېنىڭ پېشانەمگە شۇملۇق تامغىسى ئۇرۇلۇپتىكەن ئەسلىي، بولغۇلۇق بولدى، ئۆلەي ئەمىسە.

يەڭگىسى تامنىڭ قىرىغا بېشىنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، يەڭگىسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى.

ساۋۇر قوتۇر بۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى، ئۆلمىدى، يەڭگىسىمۇ ئۆلمىدى، جاھان ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋەردى. يەڭگىسىنىڭ قورسىقىمۇ كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ، ئاي - كۈنى يېقىنلاشقىلى تۇردى. ساۋۇر قوتۇر ئۆلمىگەن بىلەن ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر روھىي ئازاب ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۇخلايدىغان كۈنلىرى تۈگەپ كەتكەنىدى، ئۇخلاش ھە دېسىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى، قارا بېسىشنى تەگلەپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ياز ئۆزاپ كۈز كىرەي دەپ قالدى، يەڭگىسى ئاران ماگاتتى، ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭغا قارىسىلا ئاكىسىنىڭ سىيماسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ يىغلىغۇسى كېلەتتى.

— يەڭگە، بىز بۇ يەردىن يىراق يەرگە كېتىلى، — ساۋۇر قوتۇر يېگى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ يەڭگىسىگە قارىدى.

— مۇشۇنداق تۇرسام نەگىمۇ بارالايمىز؟ — يەڭگىسى قورسىقىنى كۆرسىتىپ ئىغىناقشىپ سۇپىدا ئولتۇردى.

— مەن بالىنىڭ بۇ يەردە تۇغۇلماسلىقىنى توغرا تاپتىم، بالا مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلسا، ئاكامنىڭ روھى قورۇنىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ئۆي- جاھاننى تاشلىۋېتەمدۇق؟

— تاشلىۋېتىمىز، كۆيدۈرۈۋېتىمىز! — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش چىقتى.

— بوپتۇ، قانداق قىلسىڭىز مەيلى.

— بىز ئەتىلا بۇ يەردىن غايىب بولايلى، بىزنى تونۇمايدىغان بىر جاينى تاپايلى، مېنىڭ بىر كۆنلۈك ئىشىم بار، كەچتە قايتىپ كېلىمەن،— ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ تالاغا چىقىپ كەتتى، يەگگىسى سۇپا ئۈستىدە ئېغىر تىنىپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل تاغ تەرەپكە ماڭدى، تاغقا چىقىپ جاھاننىڭ ھەممە ئىشىنى ئويلىدى، كۈلدى، يىغلىدى، ئاخىر ھاردى. ئۆزىنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى، تەقدىرنىڭ بۇنچىۋالا رەھىمسىزلىكىگە ئاخىر تەن بەردى، ئادەمنىڭ ئۆزى خالىغانچە ياشىيالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ساۋۇر قوتۇر تاغ ئۈستىدە بىر كېچە - كۈندۈز ئۆلتۈرۈپ ھاياتىغا ھۆكۈم چىقاردى، «بىر كۈن ياشىسام كۇپايە، ئەتىنى كۆرگەندە ئاندىن ئىشىنىمەن» دەپ ئورنىدىن تۇردى. تاغنىڭ ئارقىسىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى، تاغنىڭ كەينىدىكى ئورمانلىق ئۇنىڭ ھاياتىنى تولۇپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئورمان تەرەپكە قاراپ غەزەپ بىلەن تاشلاندى، كۈن پاتارغا يېقىن ئورمانلىققا يېتىپ باردى، ئورمانلىقنى تىللاپ پوخادىن چىقماقچى بولدى. لېكىن قانچە تىللىسىمۇ پوخادىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلىدى، تۈن يېرىم بولغاندا ئوت قويۇۋېتىش ئېسىگە يەتتى-دە، ئورمانلىقتىن ئۇچقاندەك قايتىپ كەلدى، ئورماندىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئاسمانغا تاقىشىپ، ئاي، يۇلتۇزلارنى ئۆركۈتىۋەتتى، ئوتنىڭ قاباھەتلىك مەنزىرىسى جاھاننى بىر ئالدى. ئۇ تاغقا كەلگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ساۋۇر قوتۇر ئارقىسىغا قاراپ ئوتنىڭ پەسىيىپ قالغانلىقىنى بىلدى، تەقدىر بىلەن ئوينىشىمەن دەپ ئويناشقىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا پۈكۈۋالدى.

ساۋۇر قوتۇر بىلەن يەگگىسى ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىدە بۇ يەردىن ئايرىلدى، تاغ ئاشتى، دەريا كەچتى، نۇرغۇن چۆللەرنى كەزدى، يەگگىسى 11-ئاينىڭ سوغۇق بىر كېچىسى كۆك كۆز، قاراماتاق بىر ئوغۇلنى تۇغدى، ئۇ تاغ ئىچىدىكى بىر غاردا يەگگىگەنىدى. ساۋۇر قوتۇر

بالىنى كۆرۈپ بىشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولدى، يەڭگىسىمۇ خۇش بولدى. ئۇلار غار ئىچىدە بالىنىڭ قىرىقىنى توشقۇزدى. بالىنىڭ قىرىقى توشقان كۈنى ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يوقاپ كەتكەن تۇيغۇسى قىستاپ كەلدى، ئۇ يەردىكى ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان كۆندىلەڭگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلاپ قالدى، ئۇخلىغاندىمۇ ئاجايىپ ئېغىر ئۇخلىدى. نەچچە كۈن ئۇخلىمىغانلىقىنى ئۆزى تۇگۇل يەڭگىسىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى، ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردى: ئاكىسى كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ غار ئىچىگە كىرىپ ۋارقىرىدى:

— ئورنىڭدىن تۇر ، تۇزكور، زىناخور!

ساۋۇر قوتۇرنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا پاتماي قالدى.

— ئاكا، بۇ سەنمۇ؟ — ساۋۇر قوتۇر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى، قانچە قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

— سىلەرنى ئاخىر تاپتىم، بۇگۈن مۇشۇ يەرگىلا كۆمۈۋېتىمەن! — ئاكىسىنىڭ ئېغىزىدىن ئوت چاچراپ تۇراتتى.

— ئاكا، مەن گۇناھ قىلدىم، مېنى چاپسان ئۆلتۈرۈۋەت، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلا جېنىم ئارام تېپىپ قالىدۇ! — ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆتۈندى.

— ماۋۇ نومۇسنى بىلمىگەن قانجۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن سەندىن ھېساب ئالىمەن!

ئاكىسى قولىدىكى كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياندا بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغان يەڭگىسىگە ئېتىلدى، ساۋۇر قوتۇر ئىختىيارسىز ھالدا ئاكىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاكا، يەڭگەمگە ئۇۋال قىلما! ھەممىنى قىلغان مەن، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ گۇناھ يوق، ئۇ تېخى يېڭىلا يەڭگىدى — ساۋۇر قوتۇر ئاكىسىنىڭ پۇتىنى قويۇپ بەرمىدى.

— قويۇۋەت، بولمىسا قولۇڭنى چانىۋېتىمەن!

ئاكىسى ساۋۇر قوتۇرغا شۇنداق سەت ھۆرپەيدىكى، ئۇ ئاكىسىنىڭ

بۇنــداق ســەت ھــۆرپەيگىنىنى ئەزەلــدىن كــۆرۈپ باقمىغانىــدى. كــۆڭلى يۇمشاق، مۆمىن ئاكىسىنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرگەن ساۋۇر قوتۇر يالۋۇرۇش، يېلىنىشلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ـــ يەڭگە، بالىنى ئېلىپ قېچىڭ! ـــ يەڭگىسىنىڭ ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەنــدەك بالىنىــڭ يــۈزىگە بــۈرنىنى تەگكــۈزۈپ ئەركىلىتىــپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساۋۇر قوتۇر جان جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.

ـــ بالىنى ئېلىپ قاچ دەۋاتىمەن!

ئۇنىــڭ ۋارقىراشــلىرى ھېچنــېمىگە كــار قىلمىــدى، يەڭگىــسى بولــسا بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى، ئۇ يەڭگىسىگە قاراپ ماغدۇرسىزلانغىلى باشلىدى، بارماقلىرى بارغانسېرى يۇمشاۋاتاتتى.

ـــ ئاكا، ئۇلارغا رەھىم قىل! ئۇلارنى قويىۋەت! مېنى قولۇڭدىكى كەتمەن بىلەن چاناپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكىن!

ـــ قولۇڭنى قويۇپ بەرمىگەندىكىن مانا ئەمىسە!

ئاكىسى قولىــدىكى كەتــمەن بىــلەن ســاۋۇر قوتۇرنىــڭ بىــر قــولىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇنىڭ چانالغان قولى ئاكىسىنىڭ پۇتىدا قانىسراپ تــۇراتتى، ساۋۇر قوتۇر يەنە بىر قولى بىلەن ئاكىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالدى.

ـــ ئۇلارغا رەھىم قىل!

ـــ رەھىم دېگەن نېمە ئــۇ؟ مەن بۈگــۈن ھەممىڭنــى قىيمــا ـ چىيمــا قىلىۋەتمىسەم!

ئاكىسى ساۋۇر قوتۇرنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ چاناپ ئــۈزۈۋەتتى، ســاۋۇر قوتــۇر ئىككــىلا قولىــدىن ئايرىلىــپ قالــدى، ئۇنىــڭ ئاكىــسى يۈگــۈرۈپ بېرىپ يەڭگىسىنى كەتمىنىنىڭ كەينــى بىــلەن بىرنــى قويۇپ ئوڭدىــسىغا موللاق ئاتقۇزۇپ، قولىدىكى بالىنى تارتىپ يەرگە تاشلىدى، ساۋۇر قوتــۇر ۋارقىراپ كەتتى:

ـــ ئاكا، ئۇ دېگەن نارەسىدە بالا، ئۇنىڭغا رەھىم قىل!

ئۇ يۇلقۇنۇپ قولسىز بەدىنى بىلەن ئاكىسى تەرەپكە سۈرۈلدى.

ـــ سەن ھارىمىمۇ بۇ دۇنيادىن يوقال!

— ياق، ئۇنداق قىلما!

ساۋۇر قوتۇر ئېتىلىپ بېرىپ يەردە قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالدى. ئاكىسىنىڭ كەتمىنى ئۇنىڭ بىلىنىڭ قاق ئوتتۇرىغا تېگىپ بەدىنىنى ئىككىگە بۆلىۋەتتى. ساۋۇر قوتۇر بالىنى قوغداپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئاكىسىغا قارىدى، ئاكىسى ئۇنىڭغا ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىدى.

— بۇياققا ئۆت!!

— بولدى قىل! بۇ بىر بوۋاققۇ! — ساۋۇر قوتۇرنىڭ بەدىنى نەچچە پارە بولۇپ كەتكەن بولمىسىمۇ، لېكىن جېنى چىقمىغانىدى.

— بۈگۈن ھەممەڭنى ئۆلتۈرىمەن!

— بۇ بىزنىڭ پۇشتىمىز، — ساۋۇر قوتۇر ھۆكىرەپ يىغلىدى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

ساۋۇر قوتۇر ئويغىنىپ كەتتى، يەڭگىسىگە، بالىغا قاراپ ئېسىگە كەلدى.

— مېنى قارا بېسىپتۇ، ئاكامنىڭ روھى بىزنى قوغلاۋاتقان ئوخشايدۇ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇر ئىككى چېكىسىنى چاڭگاللاپ ئۇزاق ئويلاندى، ئويلانغانسېرى كاللىسىنىڭ ھېچنېمىگە ئىشلىمەيۋاتقانلىقىنى بىلدى. كۆرگەن چۈشى دائىم ئېسىدىن كېچىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ئۇ ئۆڭكۈردىن سىرتقا چىقتى، سىرتنىڭ ھاۋاسى يۈزىگە بىر شاپىلاق سالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى، ئەتراپقا قارىدى، پۈتكۈل كائىنات سىرلىق تۇسكە كىرگەنىدى، جاھاننىڭ بۇنداقمۇ بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا يېڭىلىق تۇيۇلدى. تاغ باغرىغا چۈشۈپ، تاغ ئېتىكىدە ئېقىۋاتقان سۇنىڭمۇ سىرلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، سۇغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. كۆزىگە سۇ ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك بىلىندى، بىر ھازاغىچە قولى بىلەن سۇنى ئۇياق - بۇياققا سېپىپ ئولتۇردى، قولىغا سۇنى ئالدى-دە، سۇنىڭ سۈپسۈزۈكلىكىنى كۆرۈپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدى، سۇ يەنىلا سىرلىق كۆرۈندى، سۇنىڭ تېگىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ قولىنى

سۈنىڭ تېگىگە پاتۇردى، قولىغا شىلىمشىپ كەتكەن بىر نەرسە ئۇرۇلدى، ئۇنى سۇدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ تېرەكنىڭ ياپراقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى، قولىدىكى ياپراقلارغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى، سەلكىن شامالدا ئەركىن چاۋاك چېلىپ ئەركىلىگەن يېشىل ياپراقلارنى ئەسلىدى. ئۇ ئېغىر تىنىپ ئورنىدىن تۇردى، قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي ئاخىر غارغا قايتىپ كىردى، ئۇنىڭ قەدەملىرى خۇددى گىرەلەشمە جەڭدە ئامان قېلىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئەسكەرنىڭ قەدىمىگە ئوخشايتتى. چاك باسقان قارا چىرايىدا يول - يول قورۇقلار پەيدا بولدى، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى، غارغا كىرگەندە يەڭگىسى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشكە مەجبۇر بولدى.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — ئۇ شۇنچىلىكلا جاۋاب بېرىپ، كۆندىلەڭگە ئۆزىنى تاشلاپ ياماپاشلاندى، يەڭگىسى يەنە گەپ قىلىشنى راۋا كۆرمەي قۇچىقىدىكى بالىنى تامتىپ قويۇپ، ساۋۇر قوتۇرنىڭ يېنىغا قىستالدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ كاللىسىدا بىر خىيالنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇيان - بۇيان مىدىرلاپ تەستە ئېغىز ئاچتى:

— مەن بۇ بالىنى ئاكامنىڭ بالىسى دەپ چوڭ قىلىشنى ئويلاشتىم، — يەڭگىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرى ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتتى.

— بۇ بالا بىزنىڭ تۇرسا.

— ئازابىمنى ئېغىرلاتقۇم يوق، تولا ئويلاپ ھېرىپمۇ كەتتىم، مەن بىلەن گەپ تالاشما.

— مەنچۇ، مېنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟ — يەڭگىسىنىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش چىقىپ كەتتى.

— بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، سەن بۇندىن كېيىن ئاتاقتا مېنىڭ خوتۇنۇم بولىسەن.

— ئەمەلىيەتتىچۇ؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىنىڭ ئاستىدا گېپى بارلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغان ئىدى.

— مېنىڭ گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ يۈكلىگىم يوق.

— قەدىمدىن تارتىپ ئاكا ئۆلۈپ كەتسە ئىنىسى ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن توي قىلىدىغان ئادەت بار، بۇ قانداقمۇ گۇناھ بولسۇن؟ — يەڭگىسى ئۆزۈندىن بېرى دېيەلمىگەن گەپنى ئاخىر دەۋەتتى.

— ئاكام قانداق ئۆلدى؟ ئۇنى بىز ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، ئۆلۈۋېلىشقا بىز قىستىدۇق، ئۇ بىز ئۆتكۈزگەن گۇناھلار سەۋەبىدىن ئۆزىنى ھالاك قىلدى، ئۇ شۇنداق قىلالىغان تۇرسا، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلدۇق؟ مەن بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، قانداق قىلسام ئازابلىرىمنىڭ يەڭگىللەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

— مەن قانداق قىلىمەن؟

— بىز بالىنى دەرقەمتە بېقىپ چوڭ قىلىمىز، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كېيىنچە ئۇقتۇرۇپ قويىمىز.

— بۇ دۇنيادا نەدىمۇ شۇنداق ئىش بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆز دادىسى بىلەن ئۆز ئانىسى ھايات تۇرسا.

— يەنە ئاشۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزىڭدىن چىقىرىدىكەنسەن، سېنى بالاڭ بىلەن قوشۇپ بوغۇزلىۋېتىمەن.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئەلپازى تەسۋىرلىگۈسىز سەتلىشىپ كەتتى، يەڭگىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىدىن ھەر قانداق ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۈن چىقارمىدى.

ساۋۇر قوتۇر بۇ كېچىمۇ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۆزى توغرۇلۇق ئويلىدى. «مەن قانداق قىلسام بولار؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا قېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئونلاپ، مىڭلاپ دەڭسەپ باقتى، ئۇزاق ئويلىدى، يەڭگىسى بىلەن ئۇزاق بىرگە ئۆتسە چوقۇم چاتاق چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، پۈتۈن ئەزايى قورقۇنچتىن غال - غال تىترەپ كەتتى، چاتاق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا كۆچەپ ئويلاندى. تۇيۇقسىز كۆڭلىگە كەلگەن بىر چارىدىن پۈتكۈل ئەزايى سىرقىراپ، مېڭە قىل تومۇرلىرىمۇ پاراسلاپ ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى. مېڭىسىدىن كىرگەن

ئـاغرىق تاپىنغـا بىرـــپ توختىـــدى. خىيـــال قىلــسام بۇنـــداق بولــۇپ كېتىۋاتىمەن، ئەگەر شۇنداق بولسا نېمە بولۇپ كېتەرمەن، دەپ ئويلاپ، ئـۇ بـۇرۇن پـاقلان ـ قـويلار شـۇنداق قىلغـانلىقىنى ئـۆز كـۆزى بىــلەن كۆرگەنــدى، هـايۋان جىنىـــدا چىــدىغان يەردە مەنمـۇ چىــدايمەن دەپ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچتىن خالاس بولدى.

ساۋۇر قوتۇر تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يەڭگىسى ئويغانغىچە شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدى، شـۇنداق قىلغانـدىلا يەلكىسىنى تاغدەك بېسىۋالغان ئازابتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى، ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئاكىسىنىڭ روھىغـا تەســەللى بېرەلەيــدىغانلىقىنى ئــويلاپ، بــارلىق قورقــۇنچلارنى روھىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىگە قـول سـېلىپ ئىككـى تـال تۇخۇمىنى پىچاق بىلەن يېرىپلا كېسىپ تاشـلىۋەتتى. جاھـان ئـاچچىق ئـاغرىق ئازابـىدىن مۆكچىيىــپ، يەرلەر يېرىلىـپ كېتىشكە تاسىلا قالـدى. ئۇنــڭ پۈتــۈن ئەزالــرى ئاغرىــپ مېڭىــسىدىن چىقىــپ بولغانــدى، ئـۇ تۇخۇمدېنىنىڭ يېرىلغان يېرىنى ئوت بىلەن پۈچىلاپ، قانىنى توختىتىپ، هوشـىدىن كەتتــى. يەڭگىــسى ئورنىــدىن تـۇرۇپ بـۇ ئەھـۋالنى كـۆردى، يـۈرىكى چارتتىــدە يېرتىلىــپ كەتكەنــدەك بولـۇپ، ئېغىزىنــى ئـاچقىنىچە چەكچىيىپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر نەچچە ئاي ئورۇن تۇتۇپ ياتتى. يەڭگىسى ئۇنى ئوبدان كۈتتى، نۇرغۇن پەرۋىش قىلدى.

بۇلار ئون نەچچە يىل نۇرغۇن مۇشـەققەتلەرنى بېـشىدىن ئۆتكۈزدى، نۇرغۇن سەپەرلەرنى قىلىپ ئاخىر مۇشۇ قالپاق يېزىسىدا تۇرۇپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاڭلاپ تۇرغان بوز يورغا ئۈركۈگىنىـدىن ئىگراپ كەتتى. ساۋۇر قوتـۇر كۆڭلىـدىكىنى ئۇنىڭغـا دەۋېلىـپ قايتىـدىن بوشانغاندەك بولدى. ئەمما بـوز يورغـا ھەدەپ بـاغلاقنى كـۈچەپ تارتىـپ ئىگرايتتى، ساۋۇر قوتۇر كۆز ـ چاناقلىرىـدىكى ياشـلىرىنى سۈرتۈپ ئاتقا قارىدى.

ـــ مېنىـڭ كـۆزۈمگە قـارا، يـاۋاش بـول، ـــ دەپ ئـاتنى تىنچلانـدۇردى،

ئاتىنىڭ ئەنسىز ئىگراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئايشەمخان (ساۋۇر قوتۇرنىڭ يەڭگىسى) ئۆيدىن تالاغا چىققاندا تاڭ سۈزۈلەي دېگەندى، ئۇ ساۋۇر قوتۇرغا قاراپ، ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلدى.

※ ※ ※

بۇ يىل قىش قالپاق يېزىسىغا بۇرۇنلا كەلدى، ساۋۇر قوتۇر كېچىسى ئاسمانغا تولا قارايدىغان بولۇپ قالدى، ئايشەمخانىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچىدىغان بولۇۋالدى. قادىر كۆك كۆز ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ئايشەمخانىڭ بىر نەرسىسى يوقاپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ قادىر كۆك كۆزنى ئېسىگە ئالسىلا، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر يىغا ئۆمۈچۈكتەك لۈمۈلدەپ كۆزىگە ياش كېلەتتى.

— كۆرمىگەننى كۆرۈپ، تۇغۇپ چوڭ قىلىپ، بىر قېتىممۇ «بالام» دەپ چاقىرالمايتىمەن، بۇ بېشىڭنى يېگۈر دادىسى قوتۇردەكلا چوڭ بولدى، خۇيىمۇ ئويىمۇ ئوخشاش رەھىمسىز، ھېيلىگەر. تىوۋا، ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالىقۇيرۇق دېگەن مۇشۇ-دە، — ئايشەمخان ئۆز - ئۆزىگە غودۇردى، كۆزىنىڭ چۆرىسىنىڭ ئۇيچاقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ساۋۇ قوتۇر قارا مەدەك مېنى بىر ئۆمۈر ئازابتا قويدى، پېشانەمگە مۇشۇنداق پۈتۈلگەندىكىن نېمە ئامال، بۇ قوتۇر ئەينى چاغدا ھوش - كاللامنى پىرقىرىتىپ ئاكىسىغا ياتلىق بولۇشقا قىستىمىغان بولسا قانداق ياشايدىغان بولغىيتتىم، — ئايشەمخانىڭ غودۇرىشى پەقەت ئۆزىگە تېگىل ئىدى.

ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلى قىش كىرگەنسېرى بىر شۇملۇقنى سېزىپ زادىلا ئارام تاپالمىدى، ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدە ئۆزى يالغۇز تۈن كېچىگە تۇردى.

— چوقۇم چوڭ بىر ئىش بولىدۇ.

— قانداق چوڭ ئىش ئۇ؟ — ساۋۇر قوتۇر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلدى، لاۋتاڭ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى.

— بۈگۈن سىزمۇ ئۇخلىيالماپسىز - دە، ئىنىم.

— سىز قادىرجان كەتكەندىن بېرى سەل جۈدەپ قالدىڭىز، يالغۇز تۇرىدىغان، ئۆز - ئۆزىڭىزگە سۆزلەيدىغان ھالمۇ شەكىللەندى.

— ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ باقمىغان، سەل تەسىر قىلدى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇگىشىلىپ قالىمەن، شياۋچى قانداقراق، ئىنىم؟ ئۇنىڭ ئاي كۆنلىرى يېقىنلاپ قالدىغۇ دەيمەن.

— يېڭى يىلدا كۆزى يورۇپ قالا. ھە راست، ئايشەمخان ھەدەممۇ كۈندۈزدە يالغۇزچىلىق تارتىپ قېلىۋاتىدۇ، بىكار بولسا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، شياۋچىغا ھەمراھ بولسا سۆزلىشىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ. ھەدەمگە سىز دەپ قويۇڭ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئۇنداق ئۇزاق بېكىنىۋالسا كېسەلمەن بولۇپ قالىدۇ، شياۋچى ھال - مۇڭ بولسۇن.

— بولىدۇ، مەن دەي، ئۇنىڭ ئۇستىگە شياۋچىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى، سىز يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ ئۇنى يالغۇز قويۇۋاتىسىز، ھازىر شياۋچى ياخشى كۈتۈنۈشكە موھتاج، شۇنداق بولسۇن، — ساۋۇر قوتۇر بىلەن لاۋتاڭ بىر دەم ئائىلە توغرىسىدا سۆزلەشتى.

— ئاكا، بىرەر سۆز - چۆچەك ئاڭلىمىغانسىز؟

— قانداق سۆز - چۆچەكنى دەيسىز؟

— بايا ئۆزىڭىز چوڭ بىر ئىش بولىدۇ دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭغا قاراپ ئاسماندىكى ئاينى كۆرسەتتى.

— ئاۋۇ ئايغا قاراڭ، ئاي قانداق چىقىپتۇ؟

— قېيىق شەكىلدە تۇرىدۇ، ئەمما بەك زىلۋا.

— تەبىئەتنىڭ سىرىمۇ ئادەملەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن تەبىئەت ئۆزىنىڭ ھادىسىسى، ئالامەتلىرى ئارقىلىق بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ، — ساۋۇر

قوتۇرنىڭ چۈشىنىكسىز گەپلىرى لاۋتاڭ ئۈچۈن مەڭگۈ سىرلىق تۇيۇلاتتى.
— مەن ماتېرىيالىزمچى، شۇڭا بۇ گەپلەرگە...
— توغرا، ئىنغۋا تارقىلىپ كەتمىسۇن. بۇ گەپنى دېيىشمەيلى، — لاۋتاڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە يەنە بىر قارا تۇگۇن ھاسىل قىلدى.
— ئاكا، ئىككىمىز تۇرغان يەردە چوڭ توسالغۇ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەركىن سۆزلەۋەرىڭ.
— مەندە بۇنداق سەزگۈ مۇشۇ يىلنىڭ بېشىدىلا پەيدا بولغان، دېمىسىمۇ بۇ يىل قىش ئالدىنقى يىللاردىن بالدۇر كەلدى، بۇمۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس، قىش بالدۇر كەلگەن بىلەن بالدۇر چىقىپ كەتمەيدۇ، ھېلىمۇ سىز يېزىمىزنىڭ قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىۋېلىش خىزمىتىنى ناھايىتى ئەتراپلىق، ياخشى ئىشلىدىڭىز، يېزىمىزدا بەكمۇ چوڭ چاتاق چىقىپمۇ كەتمەس. ئاۋۇ ئاينىڭ ئىنچىكە قىيىق شەكلىدە چىقىشى ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ چېچىلاڭغۇ، پاتپاراقچىلىق ھالەتتە كۆرۈنۈشى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ.
لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە گەجگىسى قورۇلغىچە سۆزلىشىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.
تاڭ سەھەر. ئاسمان يەر يۈزىنى ئۇششاق قار بىلەن ئەستەرلىگەن ئىدى، لاۋتاڭ سىرتقا چىقىپ ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتقان قارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى-دە، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاخشامقى گەپلىرىنى ئويلاپ، ئۇنى چۈشىنىشنىڭ قىيىنلىقىنى قايتىدىن چوڭقۇر ھېس قىلدى.
ساۋۇر قوتۇر ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ئىغىر ئۇھسىندى.
— ئايشەم!
— ھە، مانا، — ئايشەمخان ساۋۇر قوتۇرنىڭ تۈۋلىغىنىنى ئاڭلاپ ئالدىدا ھازىر بولدى.

— قادىر كۆمۈر كانغا كەتكەندىن بىرى سەن ئۆيدە يالغۇزچىلىقتا قالدىڭ، ئاخشام لاۋتاڭ بىلەن دېيىشتۇق، شياۋچېننىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاپ قالدى، شۇڭا سەن شياۋچېننىڭ يېنىدىراق تۇر، بىكار بولساڭلا ئۇنىڭ بىلەن هال-مۇڭ بولغىن.

— باشقىلار بىلەن هال - مۇڭ بولۇشىمدىن ئەنسىرىمەيدىغان بوپسىز-دە، دادىسى.

— ئاغزىڭنى يۇم! — ساۋۇر قوتۇر دېرىزىدىن سىرتقا بويۇندىدى، — ئاغزىڭدىن دادىسى دېگەن گەپنى چىقىرىپ سالما ئىككىنچىلەپ، ئۇقتۇڭمۇ!

— مۇشۇ ئۆمرۈمدە بالا تۇغۇپ ئانا بولالمىدىم، ئادەم يوق يەردىمۇ «دادىسى» دېگەن گەپنى ئېغىزىمدىن چىقىرالمىسام، مەن زادى ئادەممۇ نېمە!

— سېنى كىم ئادەم ئەمەس دەۋاتىدۇ، سەن ساقايغان يارىنى قايتا قوزغاتماقچىمۇ!

— مەن ئادەملىكىمگە ئاخىر ئىشەنمىدىم.

— تولا مەن بىلەن تاكاللاشماي مەن دېگەندەك قىل، شۇنداق قىلساڭلا ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىسەن.

— بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ بوپتىكەن.

— مەن دېگەندەك قىلمىساڭ ئۆلۈپ كېتىسەن، ئۇقتۇڭمۇ، — ساۋۇر قوتۇر هۆرپىيىپ چىرايىنى نەچچە هەسسە سەتلەشتۈرۈپ ئايشەمخاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە مىختەك قادالدى، ئايشەمخان ئېغىزىنى پۈرۈپ جىم تۇرۇۋالدى.

— شياۋچېنغا دېمەيدىغان گەپلەرنى دەپ يۈرمە، «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى» غا قاراپ ئىش تۇت، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولساڭلا بولدى، ئېغىزىڭ جىم تۇرسۇن، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئايشەمخاننىڭ يۈرىكى تامچە - تامچىلاپ ئېقىپ تۈگەپمۇ بولغاندى.

— بۇ ئىبلىس بىلەن ئۆتكەن كۈنلۈم دوۋزاختا ئۆتكەن كۈندىنمۇ بەتتەر بولدى ماڭا، — ئايشەمخانىنىڭ كۆز ياش بۇلىقى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەچكە كۆزىدىن ياش چىقمىدى، ئەمما باغرى لەختە قان - يىرىڭنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلاندى.

ساۋۇر قوتۇر تالاغا چىققاندا لاۋتاڭ ئېغىر خىيالغا چۆمۈلۈپ تۇراتتى.

— ئىنىم، ئاسمان بۈگۈن قار تاشلاپتىغۇ، قىش بۇرۇن كىردى.

— شۇنداق... شۇنداق، قىش بۇرۇن كىردى، — لاۋتاڭ ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ساۋۇر قوتۇرغا قارىدى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادىدىن ئەسىر يوق ئىدى، ئۇ پەرۋاسىز ھالدا لاۋتاڭنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاكا، بۈگۈن ناھىيەدىن جىددىي چاقىرتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭغا قارىماي ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىغا قارىدى، لاۋتاڭنىڭ چىرايى بىر قىسمىلا بولۇپ كەتكەندى.

— بۈگۈن كۆڭلۈم نېمىشقىكىن ئېغىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن قارمۇ يېغىپتۇ مانا، — لاۋتاڭنىڭ روھىي ھالىتى بەك چۈشكۈن تۇراتتى. لاۋتاڭدىكى ئەندىشىلەرنى ساۋۇر قوتۇر بىلگەن تۇرۇقلۇق ئىرەن قىلمايتتى.

— توغرا ئىنىم، بۈگۈن قار يېغىپتۇ.

— سىزنىڭچە، بۇ يامانلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى...

— قار دېگەن قىشنىڭ تونى، ئىنىم، قىش كىردىمۇ قارنىڭ يېغىشى تەبىئىي ئەھۋال، — لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ قەستەن گەپ ئېلىپ بېقىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، — بوز يورغىنى قاتايمۇ، بىللە كىرەيلى، ناھىيەگە كىرمىگىلى ماڭىمۇ خېلى بولغان، سىز بىلەن كىرىپ چىقاي.

— بىللە كىرسەك بەك ياخشى بولاتتى، يالغۇز كىرىشىمنى ئېيتىپتۇ.

— بوز يورغىنى ئېگەرلەي ئەمىسە.

ساۋۇر قوتۇر بۈگۈن لاۋتاڭغا يات ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، «بۇ

ئادەمنىڭ سىرلىقلىقى ئادەمنى راستلا ئەنسىرىتىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپلا ئات ئېغىلى تەرەپكە ماڭدى، لاۋتاڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر ئاتنى تاراپ ئېگەرلەپ لاۋتاڭنىڭ يېنىغا يېتىلەپ كەلدى.

— ئىنىم ، ئاتمۇ تەييار بولدى.

— هە، مانا، — لاۋتاڭنىڭ خىيالى تۇتۇق ئىدى، ئۇنىڭغا بۇگۈن مۇشۇ كەتكىنىچە قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى.

— ئىنىم، خاتىرجەم بېرىپ كېلىڭ، ئايشەم شياۋچېغا ئوبدان قارايدۇ، مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، يېزىنىڭ باشقا ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، سىز كەلگىچە هېچقانداق ئىش چىقمايدۇ، — ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاچقا خاتىرجەم يولغا سالماقچى بولدى، لاۋتاڭ قولىقىغا كىرىۋاتقان بۇ گەپلەرنىڭ سالمىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى چۈشىنىۋاتقاندەك بەك جىددىيلىشىپ، «ناهىيەدىن كېلەلەرمەنمۇ؟» دېگەننى ئويلىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سىزگە هېچ ئىش بولمايدۇ، ئىنىم. بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭ، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ ئاتنىڭ يۈگىنىنى لاۋتاڭغا تۇتقۇزدى، بوز يورغىمۇ «تىرت-تىرت»لاپ قويدى، لاۋتاڭنىڭ قولىغا ئاتنىڭ يۈگىنى تولىمۇ سوغۇق بىلىنىپ كەتتى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ ساۋۇر قوتۇرغا قارىدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى ساۋۇر قوتۇرغا ۋىدالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ قارىشىدەك تۇيۇلدى. لاۋتاڭ ئاخىر ئاتقا مىندى، بوز يورغا پايپاسلاپ يۈرۈپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر ئاتنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنى يولغا سېلىپ بولۇپ: « مەن دېگەن قاباهەتلىك كۈنلەر ئاخىر كەپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى-دە، يېزىلىق هۆكۈمەت قورۇسىدىن سىرتقا چىقىپ، قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ غايىب بولدى.

تۈن تەڭ بولغاندا بوز يورغىنىڭ ئاياغ تىۋىشى قالپاق يېزىسىنىڭ

يولىدا پەيدا بولدى، ساۋۇر قوتۇر دەرۋازىسى ئالدىدا بوز يورغىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ «ئۇھ» دېدى، لاۋتاك روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بوز يورغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— ئىنىم، ساق ـ سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ — لاۋتاك تىنىپمۇ قويماي ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى، — بولدى، سالامەت كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا چوڭ غەلىبە. ھېرىپمۇ كەتتىڭىز، شياۋچىمۇ سىزدىن ئەنسىرەپ بۈگۈن ئېغىزىغا تۇزۇكرەك بىر نېمە سالمىدى، چاپسان ئاتتىن چۈشۈپ غىزالىنىۋېلىڭ، ھەدىڭىز ئوخشىتىپ تاماق قىلىپ قويدى، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاكنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇشۇق گەپ قىلماي بوز يورغىنى يېتىلەپ قوتان تەرەپكە ماڭدى.

ئەتىسى سەھەردە، ساۋۇر قوتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي قالدى، ئۇ تولا ھەپىلەشكەن بولسىمۇ يەنىلا ئىشىكنى ئاچالمىدى . دېرىزىگە كېلىپ سىرتقا قارىدى، سىرتتا قار ئالەمنى قاپلىغانىدى، قارنىڭ قېلىنلىقى ئىشىكنى ئېتىۋەتكەنىدى، ئۇ ئىشىكتىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، دېرىزە ئارقىلىق سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ دېرىزىنى ئاچقاچ ئايشەمخاننى توۋلاپ ئويغاتتى.

— ھەي ئايشەم، ئورنۇڭدىن تۇر! چاپسان بول!

— ۋاي، نېمە ئەنسىز توۋلايسىلە، مانا.

— چاپسان بول، قار يېغىپ ئىشىكنى ئاچقىلى بولمىدى، — ساۋۇر قوتۇر دېرىزە تەكچىسىگە چىقىپ دېرىزىنى ئاچتى، دېرىزىدىن سىرتقا يېنىكلا سەكرەپ چۈشتى، قار ئۇنى مەيدىسىگىچە چۆكۈردى. قۇياشنىڭ قار ئۈستىدىكى ئەكس نۇرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قاماشتى. ئۇ قاردىن كۆزىنى ئەپقاچتى، چۈشكەن يېرىگە قاراپ بىر پەس تۇرۇۋالدى، كۆزىنى كۆندۈردى، ئېغىناقشىپ مېڭىپ يول ئاچتى، ئاۋۋال ئۆينىڭ ئىشىكىنى توسۇۋالغان قارلارنى قولى بىلەن تارتىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئايشەمخان ئىشىك ئېچىلغاندا سىرتتىكى قارغا قاراپ ئېغىزىنى ئېچىپلا قالدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ چاپسان گۈرجەكنى ماڭا ئېلىپ بەر!

ئايشەمخان ئۇنىڭ گېپىدىن ئېسىگە كېلىپ گۈرجەكنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى، ساۋۇر قوتۇر گۈرجەكنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى قارلارنى بىر چەتكە تاشلاپ يول ئاچتى.

— سەن نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، قولۇڭغا بىر نېمە ئېلىپ قار ئادالا، ئۆينىڭ ئىچى خەتەرلىك، تالاغا چىق، ئۆگزە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن،— ئايشەمخان ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ ئۆيدىن ھېچ نەرسىنى ئاپالماي قالدى، ئاخىر ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ يۈرىكى قارت قىلىپ سىرتقا چىقتى.

— قىيامەت قايىم بولامدۇ نېمە؟

— تولا كوتۇلدىماي قار ئادالا، لاۋتاكلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتەيلى، چاپسان بول.

— ھە، مانا، — ئايشەمخاننىڭ قولىغا سۈپۈرگە چىققانىدى. ئۇ ساۋۇر قوتۇر ئاچقان يولنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى، ساۋۇر قوتۇر چاقماق تېزلىكىدە يول ئېچىپ لاۋتاكنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، بىر ئاز تۇرۇۋالدى، پۈتۈن ئەزايى تەرلەپ بەدەنلىرى قىچىشىپ كەتتى، قاشلىرىدىن كۆزىگە ئېقىپ چۈشكەن قارا تەرنى قولىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھور پۇرقىراپ چىقاتتى. ئۇ ئازراق ئېسىگە كېلىپ لاۋتاكنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى قارلارنى ئوڭ - سولغا تاشلىدى، لاۋتاك سىرتتىكى تۆۋشلەردىن ئويغىنىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئېغىزنى ئېچىپلا قالدى.

— ئىنىم، شياۋچېنى چاپسان تالاغا ئېلىپ چىقىڭ، ئۆينىڭ ئىچى خەتەرلىك!

لاۋتاك ساۋۇر قوتۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەنسىزچىلىكتە قالدى، شياۋچېنى قىلىن كىيدۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى، ئايشەمخان قولىدىكى سۈپۈرگىنى بىر چەتكە قويۇپ شياۋچېنى يۆلىۋالدى.

— ئاكا، بۇ نېمىش؟ بۇنداق ياغقان قارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، يېزىمىزدا نۇرغۇن ئۆلۈم - يېتىم بولغاندۇ؟ — لاۋتاك شۇنداق دەپ ئالدىراپ قالدى.

— بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر نېمە دېمەك تەس، مەن ئاۋۋال ئۆگزىدىكى قارلارنى ئادالىۋېتەي، سىز سىرتقا يول ئېچىڭ، — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ لاۋتاڭنىڭ ئۆگزىسىگە كۆچمەيلا چىقىپ قارلارنى تۆۋەنگە تاشلىدى. لاۋتاڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن سىرتقا يول ئاچتى. ساۋۇر قوتۇر ئۆگزىدىكى قارلارنى ھەش - پەش دېگۈچە تاشلاپ بولۇپ پەسكە چۈشتى، ئۇنىڭ ئىغىز - بۇرنىدىن ھور قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەندەك پۇقراپ چىقاتتى.

— ئايشەمخان، شياۋچىنى ئۆينىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەت! ئوت يېقىپ ئۆينى ئىسسىت! قاراپ تۇرماي مەن دېگەندەك قىل! — ساۋۇر قوتۇر شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قارلارنى تاشلىغىلى تۇردى، ئايشەمخان شياۋچىنى يۆلەپ ئۆيئىچىگە كىرىپ كەتتى.

لاۋتاڭ قورۇ سىرتىغا يول ئېچىپ چىقىپ دىمى كېسىلگەندەك بولدى، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقاچقا ئولتۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا ساۋۇر قوتۇر ئۆگزىسىدىكى قارلارنى ئادالاپ بولۇپ، ئات ئېغىلى تەرەپكە يول ئېچىپ ماڭدى، ئۇ ئات ئېغىلى ئالدىغا كەلگەندە بوز يورغا ھاياتلىققا قايتا ئېرىشكەندەك ئىگراپ قۇلاقلىرىنى ئىككى يانغا قېقىپ يايلىسىنى يەلپىدى، كۆزىدىن سوغۇق ياش چانىقىنى بويلاپ ئاقتى.

— ئامانمۇ سەن، جانىۋار، — ساۋۇر قوتۇر قولىدىكى گۈرجەكنى بىر چەتكە قويۇپ ئېغىلغا كىرىپ ئاتنى يېشىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىشىغا، ئېغىلنىڭ ئۆگزىسى گۈپپىدە پەسكە چۈشتى، ئات كىشنەپ كەتتى.

— مانا، ھېچ گەپ يوق، بەختەر يەرگە چىقىۋالدىڭ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭمۇ يۈرىكىدىن قارتىسىدە قىلغاندەك ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئۇ ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ ئاتقا يۆلىنىۋالدى، بوز يورغا ساۋۇر قوتۇرنىڭ قارا چاڭ باسقان قوتۇر چىرايىنى يالاپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر ئاتنى يېتىلەپ قورۇ ئىچىدىن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە لاۋتاڭ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

— ئىنىم، نېمە بولدى؟

— ھېچ گەپ يوق، كۆڭلۈم ئېلىشىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— قارنىڭ ئورى كۈچلۈك بولىدۇ، قارغا قارىماڭ، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنى يۆلەشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، دېمىسىمۇ ياغقان قار تەسۋىرلىگۈسىز جىق ئىدى، قالپاق يېزىسى پۈتۈنلەي قار ئىچىدە قالغاندەك بىلىندى.

— ئىنىم، ئاتقا چاپسان مىنىڭ، ئات بىلەن يول ئېچىپ يېزا - كەنتلەردىكى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ كۆرەيلى.

ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى ئاتنى يېتىلەپ يول ئېچىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن يۈرۈپ كەتتى. مۇشۇ قېتىم ياغقان قار قالپاق يېزىسىغا ئاز بولمىغان ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، لاۋتاڭ بىلەن ساۋۇر قوتۇر ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېپىپ ئاپەتلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ بەك چوڭ بولمىدى. مۇشۇ ياغقان قار تاكى باھار كەلگىچە قالپاق يېزىسىدا ئېرىپ تۈگەپ كەتمىگەنىدى، ئاشۇ قارنى ئەسلىسە لاۋتاڭ بىلەن ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆرسەتكەن پىداكار ئوبرازىمۇ قالپاق يېزىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىدە دەرھال نامايان بولۇپ ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى.

قالپاق يېزىسىدىكى قارلارمۇ ئاخىر ئېرىدى، شىياۋچېمۇ پاقلاندەك ئاپئاق، بۇدرۇق بىر ئوغۇل تۇغدى، ئەمما لاۋتاڭنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. ساۋۇر قوتۇر باھار كىرىشى بىلەن تەڭلا يېزا - كەنتلەردىكى ئادەم توپلاشقان يەرلەردە بولۇنغان پاراڭلارغا بېرىلىپ كەتتى.

— ئەتە ناھىيەدىن قىزىل قوغدىغۇچىلار چىقارمىش.

— «قىزىل قوغدىغۇچىلار» دېگىنىڭ قانداقلار ئۇ؟

— ئەينى يىللاردىكى يەرلىك زومىگەرلەرنى، بايلارنى يەنە نېمىلەرنى دەيدۇ خۇدايىم ئاشۇنداقلارنى پىپەن قىلىدىكەن.

— ئەينى يىللاردىكى بايلار نەۋاق ئۇ دۇنياغا كەتكەن تۇرسا؟

— ئاشۇلارنىڭ يېرىنى تېرىپ يەۋاتىمىزغۇ.
— «پىپەن» دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟
— جازالاش، تەنقىد دېگەنلىك.
— جازالاش دېگەن قانداق جازالاشكەن ئۇ ئەمدى؟
— مەن نەدىن بىلەي؟ بۈگۈن كەلسە كۆرەرمىز.
— ئاتىدىغانىنى ئېتىپ، سولايدىغانىنى سولاپ بولغان تۇرسا، يەنە نېمە ئىشتۇ بۇ؟
— تۇخۇمنى قۇرۇتىمىز.
— يەيدىغانغا يوق، قۇرۇتىدىغانغا نەدىكى تۇخۇم ئىكەن ئۇ، ساراڭ بولدىمۇ نېمە بۇلار؟
— ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان پۇشتىنى دېگەن گەپ بۇ.
— «كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزايىنىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغان» بوپتۇ - دە.

ساۋۇر قوتۇر ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈن پاتارغا يېقىن ئۆيىگە قايتتى، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ئويلاپ ئايشەمخاننى ئېلىپلا غىپپىدە قالپاق يېزىسىدىن غايىب بولماقچى بولدى، بىر كېچە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، «بۇ دېمەتلىك بولغاندا نەلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرەي ئەمدى» دەپ ئويلاپ نىيىتىدىن ياندى.

لاۋتاڭنىڭ ئۆيى. سوغۇق باھار شامىلى دېرىزىلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شياۋچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تۆپىدىن يەرگە چۈشكەنىدى. ساۋۇر قوتۇر بىلەن لاۋتاڭ ياندىكى ئۆيدە ۋەزىيەت ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

— بۇداقى ھەرىكەتنىڭ تىغ ئۇچى ئاساسىي جەھەتتىن زىيالىيلارغا قارىتىلغان، ئۇلۇغ داھىي بىر قارا دېھقاننى مۇئاۋىن زۇڭلى قىلىپ تەيىنلىگەنگە قارىغاندا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.
— قارا - قويۇق دۇمبالاپ كەتمەس.
— ئاكا، سىياسىي ئىشلارغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، بۇداقى تەستەك

چوقۇم زىيالىيلارغا تېگىدۇ، قاراپ تۇرۇڭ ـ ھە.
— بىز تۇرۇۋاتقان يەر چەت جاي تۇرسا، بۇ يەرگىمۇ كېلىپ يۈرمەس.
— بۇداقى ھەرىكەتنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان يېرى قالمايدۇ، يەنە كېلىپ «ئۇلۇغ مەدەنىيەت پىرولېتارىيات زور ئىنقىلابى» دېيىلىپتۇ. — لاۋتاڭنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى چىرايىغا تەپتى، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسىنى بىلىپ يەتتى.
— ئىنىم، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ قالپاق يېزىسىدا قىلغان ھەر بىر ئىشىڭىز قالپاق يېزىسىدىكىلەرنىڭ قەلب تۆرىدە جۇلالاپ تۇرۇۋقلۇق، سىزگە ھېچقانداق خېيىمخەتەر كەلمەسلىكى مۇمكىن.
— ئاكا، بۇ ھەرىكەت مەملىكەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت، يەنە كېلىپ ئۇزۇن مۇددەتلىك، ھەر قانداق ئادەم بۇ ھەرىكەتتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچالىشى مۇمكىن ئەمەس، تېخى ئىنسان ئەقلىگە سىغمايدىغان پاجىئەلەرنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.
— جاھان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ سىزنىڭ مويىڭىزغا قىل تەگكۈزمەيمەن، — ساۋۇر قوتۇر پەرۋاسىز سۆزلىدى، لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرغا قاراپ، كۆڭلىدە ھاياتقا تىرناقچىلىك ئىشەنچ تۇغۇلدى.
— شياۋچى تېخى يېقىندىلا يەڭگىدى، مەن ئۆزۈمدىن ئەمەس ئاشۇلاردىن ئەنسىرەۋاتىمەن.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاللىبۇرۇن كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىمەن، — ساۋۇر قوتۇر چاڭ باسقان قارا چىرايىغا زور ئىشەنچ يىغىپ لاۋتاڭغا باقتى، لاۋتاڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاڭلاپ سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدى، — مەن ئايشەمخان بىلەن شياۋچىنى بۇ يېزىدىن ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە يۆتكىۋېتەي دەيمەن.
— ئۇنداقتا... — لاۋتاڭ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.
— خاتىرجەم بولۇڭ، قالپاق يېزىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ھېلىقى يايلاقتا ھېچكىم بىلمەيدىغان چوڭ بىر غار بار، بىز ھەرىكەتكە قاراپ باقايلى، يامىنىغا چىقسىلا ئاشۇ غارغا يۆتكىۋېتىمىز، ئۇلار ئۇ يەردە

خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ، بالىمۇ ئوبدان، خاتىرجەم چوڭ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، يېمەك - ئىچمىكىنى تەقلەپ بولدۇم، بوز يورغا بىلەن ھەر كۈنى ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن، بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇڭ، — لاۋتاڭنىڭ كۆڭلىدىكى توقۇناق بىراقلا يېشىلىپ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچلۇق تۇمانلار تاراپ كەتتى، — ئەڭ مۇھىمى ئىنىم، ئۆزىڭىزنى قانداق ساقلاپ قېلىشنى ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋالىلى.

— شياۋچى بىلەن ئوغلۇم ئامان قالسىلا خاتىرجەم بولىمەن، ياخشىلىقلىرىڭىزنى قانداق ياندۇرۇپ بولارمەن، ئاكا؟ — لاۋتاڭنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بۇرنىدىن پوتلىسى ئېقىپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئىنىم، سىز بولغاندا مەن بولىمەن، جىيەنىم قادىرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردىڭىز، مېنىمۇ يېزىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە قويۇپ، ئەتىۋارلاپ كەلدىڭىز، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ماڭا كۇپايە.

لاۋتاڭ بۇرنىدىن ئاققان سۇلارنى ياغلىق بىلەن ئېرتىپ ساۋۇر قوتۇرغا قارىدى، كۆڭلىدىكى بارلىق رەھمىتىنى مۇشۇ بىر قېتىملىق يېشى بىلەن ئىپادە قىلدى.

— ئىنىم، ماڭا جەزمەن ماسلىشىپ بېرىڭ.

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇنداق بولىدۇ، ئاكا.

— ئاڭلىسام، ئەتە ياكى ئۆگۈن ناھىيەدىن «قىزىل قوغدىغۇچىلار» يېزىمىزغا كېلىدىكەن، مەن مۇنداق بىر ئويۇننى ئوينايمىكىن دەيمەن، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، لاۋتاڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولۇپ، بېشىنى توختىماستىن لىڭشىتتى، ساۋۇر قوتۇر پىلانلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بولۇپ، ماقۇللۇقنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قالپاق يېزىسىنىڭ ھاۋاسىمۇ تۇراقلىق بولماي، بىر كۈن بوران چىقسا، ئىككى كۈن توپا يېغىپ ھەممە يەر مەينەتچىلىككە توشۇپ كەتتى، ھەممە ئادەمنىڭ كالپۇكلىرى شور باغلاپ، جوۋغايلىرى ئېچىشىپ تۈزۈكمۇ گەپ قىلىشالمايتتى، كۆزلىرىمۇ قىزىرىپلا تۇرۇشاتتى. ساۋۇر قوتۇر

شياۋچى بىلەن ئايشەمخاننى تۆن نىسپىدە ئىنسى ـ جىنغا چاندۇرماي، غەربىي يايلاقتىكى غارغا ئاپىرىپ قويىدى.

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھويلىسىغا ھەر قايسى كەنتلەردىن ئادەملەر توپلاشقىلى تۇردى، ئادەملەر رەڭگى ـ روھىنى يوقىتىپ قويغان دېسە ئېشىپ كەتمەيتتى. ناھىيەدىن كەلگەن ئۇنىغا يېقىن كادىر بىلىكىگە قىزىل بەلگە قادىۋالغان ھالدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا قاتار تۇرۇشتى، ئادەملەر توپلىشىپ بولدى، لاۋتاڭ ئاشۇ كادىرلار ئارىسىدا يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى قاتاردىن ئالدىغا چىقىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قورۇ ئىچىدىكىلەرنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئادەملەر ئۇنىڭ قىزىل بەلگە باغلىغان قولى ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا جىممىدە بولۇشتى. بىر شۇملۇق بوشلۇقتا دەم تارتىپ تۇراتتى.

ـــ بىز ھازىر، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ تاناۋىنى تارتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇق، كەڭ ئىشچى ـ دېھقان ئۇلۇغ پېرولېتارىيات ئاممىسىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ قاتنىششىنى ۋە پائال رول ئوينىشنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ قېتىمقى ئۇلۇغ پېرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ كەسكىن ئالەمشۇمۇل ھەرىكەتتۇر، ئېزىلگەن ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يۇقىرى ئالىي رەھبەرلىك ئورنىنى پۈتكۈل مەملىكىتىمىزگە شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنياغا ھەقىقىي تونۇتۇشتۇر، ـــ ئۇنتۇرا بوي، ئىلمەك بۇرۇن، چېقىر كۆز بۇ پېرولېتارىيات جەڭچىسىنىڭ دەۋاتقانلىرىنى مەيداندىكى ئاما چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر ھازا سۆزلەپ بولۇشىغىلا، يان تەرەپتىن ساۋۇر قوتۇر شوئار توۋلاپ غايىبتىن پەيدا بولدى.

ـــ ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى! ياشىسۇن ئۇ باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى! يوقالسۇن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار!

ئۇنىڭ يوجاڭدەك چىققان ئاۋازىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى

ئامما دولقۇنلاپ كەتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئالدىدا لاۋتاڭ تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشىغا گېزىتتىن ياسالغان كاناي شەكىللىك ئۇزۇن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، چىرايى قاپقارا بوياۋېتىلگەنىدى، يېزا خەلقى لاۋتاڭنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ بىراقلا جىمىپ قېلىشتى. ساۋۇر قوتۇر ئاسمانغا قارىۋېلىپ توختىماي شوئار توۋلايتتى، ئادەملەر ساۋۇر قوتۇرنىڭ تۇز كورلۇقىدىن غەزەپلىرىنى ئاچچىق يۇتۇشتى.

— ماۋۇ تۇزكورنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا.

— سەت ئادەمنىڭ قىلىقى سەت بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— بۇ تۇز كورنى لاۋتاڭ ئاجايىپ ئەتىۋارلىغانىدى، مانا ئەمدى كۆزىگە مىخ بولۇپ سانجىلىپتۇ.

— تېگى پەسنىڭ خۇي - مىجەزمۇ پەس بولماي قالاتتىمۇ؟!

ئادەملەر ئارىسىدا ساۋۇر قوتۇر توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە غودۇراشلار بولدى-يۇ يەنە جىمىپ قالدى.

ساۋۇر قوتۇر شوئار توۋلاپ لاۋتاڭنى مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كىرىپ توختىدى، ھېلىقى سۆزلىگەن رەھبەر دىمىقىنى قېقىپ سۆز باشلىدى:

— لاۋتاڭ بۇ يېزىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى يۇقىرى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىمىدى، ئۆزى بۇ يېزىغا «خاقان» بولۇۋالدى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت لاۋتاڭدەك كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئاسىي ھوقۇقدارلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

— ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى! ياشىسۇن ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى! — ساۋۇر قوتۇر ئۇنىڭ گېپى ئاياغلاشماي تۇرۇپ ۋارقىراپ شوئار توۋلاپ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ بىر كۇن شۇنداق شوئار توۋلاپ مەيداننى بېشىغا كىيىۋالدى، ناھىيەدىن كەلگەنلەرمۇ ئامالسىز قالدى، مەيداندىكى ئامما ساۋۇر قوتۇرنى ئىچىدە مىڭنى قاغىدى.

ئىنقىلابنىڭ قىزغىنلىقى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتتى، كىشىلەر لاۋتاڭنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ دوقمۇشمۇ دوقمۇش، كەنتمۇ كەنت ئايرىپ

پىپەن قىلىشتى، ساۋۇر قوتۇر جەڭگىۋار شوئارلىرىنى تــوۋلاپ ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى، ئۇنىڭ شوئارلىرى باشتا باشقىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان بولسا، بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا سىڭىشىپ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بولدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ نامى پۈتكۈل ناھىيەگە پۇر كەتتى. ئۇ ئاشۇ شوئارلىرى بىلەن قالپاق يېزىسىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە ئىگە بولدى، ھەممە ئىش ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ماڭىدىغان بولدى.

باھار، ياز توغرىسىدا ئادەملەردە ھېچقانداق سېزىم قالمىدى، كۈزمۇ يېتىپ كەلدى، ئادەملەرنىڭ دولىسى ئەتىگەن ـ كەچتە قورۇلىدىغان بولدى، سەھەردىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى بۇرۇنقىدىنمۇ جانلىنىپ كەتتى. بىر كۈن شوئار توۋلىمىسا، پومېشچىك، بايلارنىڭ پۈشتىلىرىنى، «سېسىق» زىيالىيلارنى تىللىمىسا ئوخلىيالمايدىغان، نېمە ئىش قىلسا قولاشمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى، ھازىر ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇمارى شوئار توۋلاش ئىدى.

ناھىيەدىن پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئۆمەك قالپاق يېزىسىغا ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدى، ساۋۇر قوتۇرمۇ ھە دېسە ھۇ دەيدىغانلاردىن ئون نەچچىنى ئەتراپىغا توپلاپ دېگەن يېرىدىن چىقمايدىغان قىلىۋەتكەنىدى، ناھىيەدىن كەلگەنلەرنىڭ تەلەتىدىن ساۋۇر قوتۇر ئىشنىڭ يامان تەرەپكە تارتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپ بولدى، ساۋۇر قوتۇر قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ناھىيەدىن كەلگەنلەرنىڭ نام-ئەمەلىنى كۆككە كۆتۈرۈپ تونۇشتۇردى، سۆزىنى تۈگىتىپلا لاۋتاڭنى چەمبەرچاس باغلاپ، بوينىغا «سېسىق زىيالىي، بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنى ئېسىپ قويدى.

ـــ ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى! يوقالسۇن بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ كاتتىبېشى! ـــ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا گۇپپاڭچىلىرى تــوۋلاپ كېتىشتى. قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ باش قوماندانى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى، لېكىن ساۋۇر قوتۇرلار كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بار

كۆچى بىلەن تووۋلاۋەردى.

— توختاڭلار، بىزنىڭ كۆرسەتمىمىزنى ئاڭلاڭلار! — باش قوماندانىنىڭ ئاۋازىنى پەقەت ئۆزىلا ئاڭلايتتى، مەيدان يۇقىرى شوئارلارنىڭ كۆچلۈك دولقۇنى ئىچىدە قالغانىدى، — توختاڭلار، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرۈشىمىز مۇشۇ يېزا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى لازىم، — قوماندانىنىڭمۇ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇرلار ئاستا - ئاستا تىنچلاندى، — يولداشلار، بىز بۈگۈن سىپسىق ئۈنسۇر تاغنى ناھىيەگە ئېلىپ كېتىپ، ناھىيەمىزنىڭ كۆرەش قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرماقچى، شۇڭا سىلەرنىڭ پىپەن ئەترىتىڭلار بىزگە قوشۇلۇپ ناھىيە مەركىزىگە بارسۇن.

باش قوماندانىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا مەيداندىكى بارلىق ئاممىا سۇغا چۆشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى، ساۋۇر قوتۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەيدان ئىچىدىكى شايكىلىرىغا كۆز ئىشارىتى بىلەن يول كۆرسەتتى.

— تاغنى يېزىمىزدىن ئېلىپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بىز ئۇنى يېزىمىزدا جازالاپ، ئۇلۇغ داھىيغا، ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىغا كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەيمىز.

— شۇنداق، تاغنى ئېلىپ كەتسە بىزنىڭ كۆرەش قىلىش قىزغىنلىقىمىز سوۋۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇلۇغ داھىيغا يۈز كېلەلمەيمىز.

— توغرا، يېزىمىزنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ھازىر قايناپ تاشماقتا، بۇ قىزغىنلىقنى ئۇلۇغ داھىمىز بىزگە ئاتا قىلغان، بىز ئۇنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن پارلاق يولىدا سىپسىق ئۈنسۇرلار بىلەن ئاداققىچە كۆرەش قىلىمىز، ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى! ياشىسۇن ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى!

— ياشىسۇن! ياشىسۇن! — شوئارلار ئاسماننىڭ قىل قەرىگە يېتىپ قۇياشنىڭمۇ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى، يولداشلارمۇ غەزەپلەندى بولغاي، يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— يولداشلار، بىز سىلەرنىڭ قىزغىنلىقىڭلارغا سوغۇق سۇ سەپمەكچى

ئەمەس، سىلەرنىڭ بۇ پىچىنگلارنى پۈتۈن ناھىيەدە قانات يايدۇرۇپ، قالپاق يېزىسىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، ياخشى تىپ ياراتماقچى، ئىنقىلابىي كۈرەشىمىزنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلىمەكچى.

— بىز مۇشۇ يەردە ئۇلۇغ داھىيمىزنىڭ پارلاق چىرايىنى كۆرۈۋاتىمىز، شۇنداققۇ؟

— بەرھەق، ناھايىتى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇق.

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ كۆرۈشىمىزنى ئۇلۇغ داھىمىز ئېنىق كۆرەلەمدۇ-يوق؟

— ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

— ئىنقىلابنى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۇزۇل - كېسىل قىلىمىز دەيدىكەنمىز، قولىمىزدىن بۇنداق ئۇنسۇرلارنى ھەرگىز چىقىرىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

— توغرا، تاڭغا ئوخشاش سېسىق گېزەندىلەرنى قالپاق يېزىسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى چىقىرىۋەتمەي، ئۇزۇل - كېسىل پىچەن قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ كۈرەشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

— ئۇلۇغ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرايلى! سېسىق ئۇنسۇرلارنى يېزىمىزدىن چىقارماي جازالايلى! — ساۋۇر قوتۇر پەيتنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ باشقىلارنىڭ گېپى ئاياغلىشىشى بىلەن يۇقىرىقىدەك توۋلاپ لاۋتاڭنىڭ كاسىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىپ، سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ شايكىلىرى ئۇنىڭغا ماسلىشىپلا لاۋتاڭنى ئىتتىنى سۆرىگەندەك خەلق توپى ئارىسىغا سۆرەپ كىردى، ھەممە ئادەم بىردىن شوئار توۋلاپ قورۇ ئىچىدىن لاۋتاڭنى دۆشكەللەپ چىقىپ كەتتى. يېزا يولىغا چىققاندا ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئادەملىرى شوئار توۋلاپ كەنتمۇ كەنت يۈرۈپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇر بىلەن ناھىيەدىن كەلگەنلەر بىر - بىرىگە قاراپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى، ئۇلار قالپاق يېزىسىدا بىر نەچچە كۈن تۇرغان بىلەن ئاخىر قۇرۇق قول ناھىيەگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمدى گەپنى قىسقا قىلىپ غاردىكى شىياۋچى بىلەن ئايشەمخانغا

كېلەيلـى. سـاۋۇر قوتـۇر شـياۋچى بـىلەن ئايـشەمخاننى غارغـا ئوبـدان ئورۇنلاشـتۇرۇپ قويـۇپ قالپـاق يېزىـسىغا قايتىـپ كەلـدى، شىياۋچى غـار ئىچىـگە زادىـلا كـۆنەلمەي كېـسەل تارتىـپ شـياۋتاڭنى ئېمىتەلىگـۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىدى، بالا ئوغۇز سۈتىگە موھتاج بولغاچقا، بىر نەچچە كۈن توختىماي يىغلاپ زادىلا ئارام تاپمىدى.

ــ شياۋچى، بالىنى ئېمىتىڭ.

ــ سۈت چىقمايۋاتىدۇ.

ــ بالا ئوغۇز سۈتىگە قانمىسا ياخشى ئەي بولمايدۇ.

ــ ئاچا، قانداق قىلارمەن؟ لاۋتاڭلار نېمە كۈننى كۆرۈۋاتقاندۇ؟

ــ سىڭلىم، ئۇلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، بىزنىڭ ئادەم بار يەردە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ غېمىدە بولۇڭ، بۇنداق كـۆپ ئويلىۋالسىڭىز ئىككى جاننى ئازابلايسىز. بىر نەچچە كۈن ئۆتسە بىزنىڭ ئادەم كېلىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، ئوبدان ئوزۇقلىنىڭ، پاقلان گۆشىنىڭ ماۋۇ شورپىسىنى كۆپ ئىچىڭ، ئوزۇقلۇق ياخشى بولـسا سۈت چىقىـدۇ، ــ ئايشەمخان شياۋچىغا قىلغان گەپلىرى كـار قىلمىـدى. شياۋچىنىڭ گېلىدىن زادىـلا تاماق ئۆتمەي بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولـۇپ قالـدى، بـالا تـولا يىغلاپ تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى، ئايشەمخان بولالماي بالىنى قولىغا ئېلىپ تـاتلىق سـۆزلەر بىـلەن، ھەر خىـل مـۇڭلار بىـلەن بەزلەپ كـۆردى، زادىـلا ئامـال بولمىدى.

ــ سىڭلىم، ئەمچىكىڭىزنى بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېقىڭە، سۈت چىقىـپ قالـسا ئەجەب ئەمەس، ــ ئايـشەمخان قىرقىراۋاتقـان بوۋاقنىـڭ ئېغىزىنى شـياۋچىنىڭ ئەمچىكىـگە ئاپـاردى، بـوۋاق ئەمچەكنـى ئېغىزىغا ئېلىـپ بىـر نەچچىنـى شوراپ ئېغىزىنـى تارتىـپ چىـر - چىـر يىغلاپ كەتتـى، نارەسـىدە بالىنـىڭ نالىسىنى ئـاڭلاپ، ئايـشەمخاننىڭ ۋۇجـۇدى تـۇرۇپلا سـىمابتەك ئېرىـپ، ئەمچىكـىگە سـۇ يۈگـۈرگەنـدەك بولـدى. ئايشەمخان بالىنىڭ ئېغىزىغا ئەمچىكىنى سالدى، بالا ئۇنىـڭ ئەمچىكىنـى ئېغىزىغا ئېلىپ شورىۋىدى ئايشەمخاندىن كۆزى ئېتىلىپ قالغان بـۇلاقتىن

سۇ چىققانـدەك سۈت چىقتى، بـۇۋاق ئايـشەمخاننىڭ كۆكـسىگە ئۇسـۇپ توختىمـاي ئەمـدى، يىغـسىمۇ توختىـدى، ئايـشەمخانمۇ ئۆزىـدىكى ھەيرانلىقنـى سـېزەلمەيتتى، ئـۆچكە تېرىـسىدىن ياسـالغان كۆنـدىلەڭ ئۇسـتىدە ياتقـان شـياۋچىمۇ بالىنىـڭ يىغـىسىنىڭ توختىغـانلىقىنى، ئايشەمخاننى ئېمىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.

— سۈت چىقتىمۇ؟

— سۈت چىقتى، — ئايشەمخان ئۆزىنى ئېمىۋاتقان بوۋاقتىن بېشىنى كۆتـۈرمەيتتى، بوۋاقنىـڭ بوغۇزىمـۇ ئۇغـۇز سـۈتىگە لىـق تولـدى، ئايشەمخاننىڭ كۆكسى بارغانچە يوغىناپ كېتىۋاتاتتى.

ساۋۇر قوتۇر پات ـ پات ئارىلاپ غارغا بـوز يورغا بىـلەن يـېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردى، ھەتتا لاۋتاڭنىمۇ غارغا خۇپىيـانە ئېلىـپ چىقىـپ ئۇلارنىـڭ كـۆڭلىنى ئەمىـن تـاپقۇزدى. ئـايلار ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى، ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ جېنىنى ئوتنىـڭ ئىچىـدە پـاختىنى سـاقلىغاندەك سـاقلىدى. قالپـاق يېزىـسىدا كۆنـدۈزى سـاۋۇر قوتۇرنىـڭ دېگىنـى ھېـساب بولـدى، كېچىـسى بولـسىلا لاۋتـاڭ خەلـق خىزمىتىنى قانداق قىلىشنى ئۇنىڭغا جېكىلەپ تۇردى.

ئايـشەمخان شـياۋتاڭنى بىـر قوللـۇق بـاقتى، شـياۋتاڭمۇ بـۇدرۇق، تېمەن ئەي بولدى، شياۋچىنىڭ ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى تۈگىدى.

— ئاچا، بالىنى مەن تۇغقان بىلەن سىز ئېمىتىـپ چـوڭ قىلـدىڭىز، ئەمەلىيەتتە بۇ بالا سىزنىڭ بالىڭىز.

— ياق، ياق سىڭلىم، توققۇز ئاي، توققۇز كـۈن قورسـاق كۆتـۈرۈپ، تولغـاق يەپ تۇغقـان تۇرسـىڭىز ئۇنـداق بولـۇپ كېتەمتـى، ھەرگىـز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئەمچىكىدىن سۈت چىقمايدىغان ئىـشلار بىـز ئايالLاردا نورمال ئىش، مېنىمۇ ھامما ئېمىتىپ چوڭ قىپتىكەن.

— شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كـۈنلەر كەلگەنـدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار ئېيتىپ تۈگەتسىز ياردەم قىلدىڭلار، بۇ قىلغىنىڭلارنـى قانچە قىلىپمۇ قايتۇرۇپ بولالمايمىز، — شـياۋچىنىڭ تـاتىراڭغۇ چىرايىغا

ئـانچه ـ مـۇنچه قـان يۇگـۇرۇپ  قالـدى. ئايـشەمخانغا بىكـار بولـسىلا توختىماي خۇشامەت قىلىپ ھارمايتتى، ئايشەمخان نىمىنىـڭ خۇشـامەت ئىكەنلىكىنـى ئۇنتـۇپ، پۈتـۈن ئەس ـ ھوشـى بـوۋاق بىلەنـلا بولـۇپ كەتكەنىدى.

سـاۋۇر قوتـۇر پۈتـۈن كـۈچىنى ئىـشقا سـېلىپ لاۋتـاگنى نـاھىيەدىن كەلگەنلەرنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمىدى، قالپـاق يېزىـسىدىكى ئىـشلار ئەنە شۇنداق ئۆتتۈۋەردى.

ھەش ـ پەش دېگـۈچە بىـر نەچـچە يىـل ئۆتـۈپ كەتتـى، قالپـاق يېزىسىدا لاۋتاگنىڭ ھۆرمىتى، ئابرۇيى كۈنـدىن ـ كـۈنگە، يىلـدىن ـ يىلغا ئۆسۈپ، مۇشۇ يېزىـدىكى چـوڭ ـ كىچىـك ھەممىـسىنىڭ قەلبىگە ئورنـاپ كەتتـى. ئۇلـۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىـڭ دەبدەبىـسى يىلـدىن ـ يىلغا ئاجىزلىـشىۋاتاتتى، قالپـاق يېزىـسى دۇنيـادىن بۆلۈنـۈپ كەتكەنـدەك بىلىنەتتى، شياۋتاك «دەدە» دەپ تىلى چىققاندا، غاردىن يېزىغا قايتىپ كەلـدى. ئايـشەمخانمۇ مەگزىلىـرى قىزىرىـپ، چىرايـى سـۇزۇلۇپ، چوگقۇرلىشىپ كەتكەن كۆزىمۇ نۇرلىنىپ قالدى. شـياۋتاك ئايـشەمخاندىن بىـر قەدەممـۇ نېـرى بولمـايتتى، كىچىـدىمۇ ئۇنىـڭ بىـلەن بىللـە يېتىـپ قوپـاتتى، قالپـاق يېزىـسىدىكىلەر بـۇ بالىنىـڭ لاۋتاگنىـڭ بالىـسى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئايشەمخانغا چاقچاق قىلىپ چىشىغا تېگەتتى:

— ئاشيەمخاچا، قېرىغاندا تاپقان بالا تاتلىق بولامدىكەن؟

— شۇنداق تاتلىق بولـىدىكەن، ئـاۋۇ ئاناگلارغـا دەگـلا، سىـلەرگىمۇ بىرنى تۇغۇپ بەرسۇن.

— بالا دادىسىنى تارتىپتۇ ـ ھە.

— تولا ئىبغىزىمنى غىرىچلاشماي يولاگغا مېڭىشە...

سـاۋۇر قوتۇرمـۇ بىكـار بولـسىلا شـياۋتاگنى بـوز يورغىنىـڭ ئالـدىغا ئېلىۋېلىپ كەنتمۇ كەنت ئايلاندۇراتتى. ئايلار، يىلـلار مۇشـۇنداق ئـۆتتى، ھاياتلىقنىڭ بەتلىرى ھەر خىل قۇرلار بىلەن يېزىلىپ تۇرىۋەردى، قالپـاق يېزىسىدىكى قاباھەتلىك كۈنلەر كىشلەرنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىـدا ئـاچچىق

ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئايشەمخان لاۋتاك بىلەن شىياۋچىننىڭ ئوغلىنى يۈرەك پارىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى، باقتى، چوك قىلدى. قالپاق يېزىسىدىكى كىشىلەر ساۋۇر قوتۇرغا بولغان خاتا قارىشىنى ئۆزگەرتتى، ھەتتا ئۇنى ئەتىۋارلاپ «خىسلەتلىك» پەرىشتىگە ئايلاندۇردى، لاۋتاكنى ئاشۇ كۆلپەتلىك يىللاردا قانداق ئاماللارنى ئىشلىتىپ سالامەت ساقلاپ قالغانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى، قاباھەتلىك كۈنلەر ئاخىر ئاياغلاشتى، لاۋتاكنىڭ خىزمىتىمۇ ئەسلىگە كېلىپ نامى ئاقلاندى. ئۇ قالپاق يېزىسىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىك ئورنىغا قايتىدىن چىقتى، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ كۈنلەردىمۇ كۈندۈزى پىچەن قىلىنغان بىلەن كېچىسى يېزىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا لاۋتاك رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى.

يېزىنىڭ قىياپىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىپ يېڭى قىياپەت شەكىللەندى، رەڭگىنىڭ قېنى قاچقان دېھقانلارنىڭ رەڭگىگە ئانچە - مۇنچە قان تەپكىلى تۇردى، لاۋتاكمۇ خىزمەتلەرنى بەجانىدىل ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ساۋۇر قوتۇرمۇ ھاردىم - تالدىم دېمەي لاۋتاك بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشتى.

※ ※ ※

باھار شامىلى بۇ يىل كىشىلەرگە بۆلەكچە ئىللىق تۇيۇلدى. ساۋۇر قوتۇر سەھەردە ئاسمانغا قارىدى، ئاسماندا بىر لاچىن توختىماي ئايلىنىپ پەرۋاز قىلاتتى، ساۋۇر قوتۇر لاچىندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، لاچىن بىرلا شۇڭغۇپ شەرق تەرەپتىكى ئاق بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ساۋۇر قوتۇرنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، لاۋتاك ناھىيەگە كەتكىلى بىر ھەپتە بولغان ئىدى، ئۇ لاۋتاكنى ئويلاپ

ئىچى تىتىلداپ تۇرالمايلا قالدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن چىقىپ ناھىيەگە بارىدىغان يولغا قاراپ ئۇزاق تۇردى، ئاسمانغا قاراپ ھېلىقى لاچىننى ئىزدىدى، قۇلىقىغا لاچىننىڭ ئاۋازى كىرگەندەك بولدى. ئاسمانغا قاراۋېرىپ كۆزىمۇ تالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىكاپىنىڭ ئاۋازى كىردى، ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، جىپ ماركىلىق لاتا پىكاپ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى، لاتا پىكاپ ئۇدۇل كېلىپ ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئالدىدا توختىدى، ساۋۇر قوتۇر پىكاپقا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى.

— ئاكا، — پىكاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ لاۋتاك چۈشتى، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئەندىشىسى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا قالغاندى.

— ئىنىم ، سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ماشىنىغا چىقىڭ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت بۇ پىكاپنى يېزىمىزغا بەردى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش ئاسانلىشىدىغان بولدى.

— شۇنداقمۇ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى، پىكاپقا تۇنجى چىققاچقا سەل ھەيران قالدى.

— راھەتمىكەن.

— ھەئە، ئەمما سەل غەلىتە پۇرايدىكەن.

— بېنزىننىڭ پۇرىقى، كۆنۈپ كەتسىڭىز پۇرىمايدۇ.

— كۆنۈپ كەتسەم پۇرىمايدۇ دەڭ، — ساۋۇر قوتۇرنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىدە يەنە بىر گەپ بارلىقىنى لاۋتاك ئاخىر سەزدى. پىكاپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگۈچە بىر مۇنچە دېھقان ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا يىغىلىپ بولغانىدى. لاۋتاك بىلەن ساۋۇر قوتۇر ماشىنىدىن چۈشكىچە ئاما لاتا پىكاپنى ئورىۋېلىشتى. لاۋتاك ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن پىكاپتىن چۈشۈۋىدى، ئايشەمخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان شىياۋتاك «دادا» دېگىنىچە لاۋتاكنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئايشەمخان تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى، يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەككە قاراپ تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولدى. لاۋتاك ئوغلىنى كۆتۈرۈپ بىرنى پىرقىرىتىپ مەڭىزىگە سۆيۈپ قويدى. ساۋۇر قوتۇر

بېشىنى كۆتۈرمەي پىكاپتىن چۈشۈپ ئايشەمخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ماڭ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — ئايشەمخانمۇ ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇلار گەپمۇ قىلماي ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. لاۋتاڭ بىلەن شياۋچى ساۋۇر قوتۇرلارنىڭ كۆڭلىگە زادى نېمە كەلگەندۇ دەپ، گېپىدىن غىزا ئۆتمىدى.

— ساۋۇر ئاكىغا بۈگۈن زادى نېمە بولغاندۇ؟

— ۋاي تاڭەي، ئەتىگەنلا ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى.

— پىكاپنى كۆرۈپلا رەڭگى ئۆتۈلۈپ كەتتى.

— ماۋۇ بالىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى سىزنى «دادا» دېمەي، بۈگۈن بىرسى ئۆگىتىپ قويغاندەك «دادا» دەپ چاقىرىۋىدى، ئايشەم ھەدەم جىمىپ كەتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ ئۆيگە چىقىپ كىرەي، شياۋتاڭ، يۈر، چوڭ داداڭنىڭكىگە چىقىپ كىرەيلى، — لاۋتاڭ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى، شياۋتاڭ دادىسىغا قاراپ ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— چاپسان بول.

— يا... ياق، مەن چىقمايمەن.

— ماۋۇ بالىنىڭ قېرىشقاندەك قىلىۋاتقىنىنى، ماڭ دەيمەن، — شياۋتاڭ ئانىسىنىڭ كەينىگە چىڭ چاپلىشىۋالدى.

— بوپتۇ، ئۆزىڭىزلا چىقىپ كىرىڭ، ئەتە تاڭ ئاتقاندا مەن چىقىپ قوياي، — لاۋتاڭ يەنە تارتىنىپ تۇرماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئايشەمخان ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ تالاغىمۇ چىقمىغانىدى، لاۋتاڭنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

— ئاكا، سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى لاۋتاڭ.

— ياقەي، بۈگۈن بەدەنلىرىم ئېغىرلىشىپ قاپتۇ، چوڭ بولۇپ قالغاندا ھارغىنلىق يېتىدىكەن، ئىنىم.

— ياش بالىدەك تۇرمامسىز، شۇنداققۇ، ئايشەم ھەدە.
— ھەئە.
— ئاكا، نېمىلەرنى ئويلاپ بۇنچىۋالا بوشاپ كەتتىڭىز، — لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەي سوئال قويدى، ساۋۇر قوتۇر يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككىلەندى.
— مەن بوشاپ كەتمىدىم.
— مەن سىزنى بىلمەمدىم؟ قانداق ئويلىغان بولسىڭىز ئېيتىڭە.
— راستلا ھېچقانداق ئويلىمىدىم.
— قادىرغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟
— ياقەي.
— ئۇنداقتا... — لاۋتاڭ تۇرۇپ قالدى، ساۋۇر قوتۇر يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ لاۋتاڭغا قارىدى، لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.
— ئىنىم، سىزدىن يات ئاردا ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.
— نېمىشقا؟
— كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت سىزنى يۆتكەپ كېتىدىغاندەكلا.
— مۇنداق دەڭ، نېمىگە بۇنچە بولۇپ كەتكەندۇ دېيتىمەن، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنىڭ پەرۋامۇ قىلماي ئېيتقان گېپىدىن تېخىمۇ چۈشكۈنلەشتى.
— ھازىر ئەمەس، يۆتكەشكە خېلى بار تېخى.
— راست يۆتكەمدىكەن؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ رەڭگى تېخىمۇ قارىداپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتتى.
— يېقىندا يۇقىرىدىن ناھىيەمىزنى شەھەرگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا يولىيورۇق كەپتۇ، شەھەر قۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ شەرتلىرى بەك كۆپ، شەرتلەر ھازىرلانغىچە مەن تېخى مۇشۇ يېزىدا ئىشلەيمەن.
— راستكەن ـ دە.
— تەشكىلات بۆلۈمى مەن بىلەن سۆزلەشتى.
— نېمە دەپ؟

— خىزمىتىمنى يۆتكەش توغرۇلۇق، مەن شەھەر قۇرۇلغاندا ئاندىن بىر گەپ بولسۇن دېدىم.
— شۇنداقتىمۇ... — ساۋۇر قوتۇر كوچىلاپ سوراۋېرىشنى خالىمىدى.
— مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى، قالغان گەپنى كېيىن سىزگە دەپ بېرەي، ناھىيەدە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىدىم.
— ماقۇل، ئوبدان ئارام ئېلىڭ، ئىنىم، — ساۋۇر قوتۇر لاۋتاڭنى ئۇزاق تۇتۇپ قېلىشنى خالىمىدى، ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ خۇشياقمىدى. لاۋتاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى، ساۋۇر قوتۇر ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىمىدى، ئايشەمخان چاندۇرماي لاۋتاڭنى ئۇزىتىپ قويدى.
كۆز كىردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قورۇسى ئادەملەرگە لىققىنە تولغانىدى، لاۋتاڭنى ئۇزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن كەنت-كەنتلەردىن كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرىمۇ لاۋتاڭنى يۆتكەش پىلانىنىڭ توغرا، ئادىل بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدا خۇشال ئولتۇرۇشاتتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ بېلى سەل ئېگىلگەنىدى. ئۇنىڭ تۇن قارا چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. لاۋتاڭ ئۇنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە كۆڭلىگە تەسەللى بېرىۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇراتتى، شەھەرلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى ئاممىنى تىنچلاندۇرۇپ، لاۋتاڭنىڭ قالپاق يېزىسىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە باھا بەردى، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ لاۋتاڭنى يۆتكەش قارارىنى ئوقۇدى، ئامما سوكۇت ئىچىگە چۆمدى، ئۇلارنىڭ لاۋتاڭغا چىگىلگەن رىشتىسى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، بەزىلەر كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆز يېشى قىلىشتى، لاۋتاڭنىڭمۇ قالپاق يېزىسىغا مېھرى چوڭقۇر بولغانلىقتىن كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ يېشىنى سۈرتتى.

— يولداشلار، مېنىڭ كۆڭۈل رىشتىم بۇ يېزىغا مەھكەم باغلانغان، مەن قەيەردە بولاي، سىلەرنى، مۇشۇ قالپاق يېزىسىنى ئۇنتۇيالمايمەن، قالپاق يېزىسى مېنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتۇم، — لاۋتاڭ ئۆزىنى تۇتالماي، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. تۆۋەندە تۇرغان ئاممىمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى. لاۋتاڭنىڭ يېنىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ساۋۇر قوتۇر مىت قىلماي ئولتۇرىۋەردى، ئۇ ئەيىنى يىللاردىكى لاۋتاڭنى كۈرەش قىلىش ئىشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، — يولداشلار، ئاتا - ئانىلار، ئاكا - ئىنىلەر، ئاچا - سىڭىللار، كۆڭلۈڭلارنى رەنجىتكەن جايلىرىم بولغان بولۇشى چوقۇم، مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭلارنى، ئەپۇ قىلىشىڭلارنى سورايمەن، لاۋتاڭ ئامما ئالدىغا كېلىپ ئۇزۇلدۇرمەي ئۈچ قېتىم باش ئۇردى، ساۋۇر قوتۇر ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. قالپاق يېزىسىدىكىلەر لاۋتاڭ بىلەن شياۋچېنى يىغا-زار قىلىشقىنىچە ئۇزىتىپ قويدى. ساۋۇر قوتۇر كۆن كىرگىچە ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرىۋەردى.

— ھەي ئادەم ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار، — ئايشەمخان ئۇنى ئورنىدىن قوپۇرۇپ يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

لاۋتاڭ شەھەرلىك گېزىتخانىنىڭ باشلىقى، پارتكوم سېكرېتارى بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇ بىر نەچچە ئاي جاپالىق ئىشلەپ گېزىتخانا ئىشلىرىنى بىر قۇر رەتكە چۈشۈرۈۋالدى، شياۋچېمۇ گېزىتخانا مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلىدى، شياۋتاڭ مەكتەپكە كىردى، لاۋتاڭ بىلەن شياۋچېنىڭ خىزمەت بېسىملىرىمۇ يېنىكلەپ ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ چىقتى.

— لاۋتاڭ، ساۋۇركاملارنى يۆتكىۋالساق بولاتتى.

— مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىردا ئىدارىمىزغا يۆتكەپ بولىمەن، رەسمىيەت ئىشلىرىنى كادىرلار ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ پۈتكۈزۈپ قويدۇم.

— ئۇلار بەك يالغۇز قالدى، بىزمۇ ئۇلاردىن قىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇق، — شياۋچى ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئايشەمخاننى ئەسلەپ جىمىپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئايشەمخانمۇ شەھەرلىك

گېزىتخانا قورۇسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، ساۋۇر قوتۇر ئىدارىنىڭ زاپخوزلۇقى، يەنى ئامبارچىلىقىنى، ئايشەمخان تازىلىق ئىشلىرىنى قىلدى. ئايشەمخان ئەتىگەندە باشقىلار خىزمەتكە كەلمەستىنلا ئىدارىنىڭ هويلا ـ ئارانلىرىنى سۈپۈرۈپ، لاۋتاڭنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلىۋېتىپ ئۆيىدە ئارام ئالاتتى. ساۋۇر قوتۇر بىلەن ئايشەمخاننىڭ كۆڭلى ئاخىر تىندى، ساۋۇر قوتۇر ئىدارىنىڭ قۇلۇپلىرىغا ئوبدان قارىدى، هەر قانداق نەرسە هەتتا تۆمۈر، هەرپ قۇيىدىغان تىرناقچىلىك قوغۇشۇنغىمۇ ئىگە ئىدى. لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنى يۆتكەپ كىرگەندىن كېيىن خىزمەت بېسىمىنىڭ يېرىمىدىن تولاراقى تۈگەپ يېنىكلەپ قالدى، جامائەت ئىشلىرى، پاراۋانلىق، قىشلىق ئىسسىنىش، يازلىق ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق پارچە ـ پۇرات هەممە ئىشنى ساۋۇر قوتۇرغىلا تاشلاپ بەردى، ئۆزى رولچى بولۇپ، پارتىيە خىزمىتى بىلەن كەسپىنى تۇتتى، ساۋۇر قوتۇر بىلەن لاۋتاڭنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ ئايرىم ئاتالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىرلا ئادەملىكىدىن ئىدارە خىزمەتچىلىرى گۇمانلانمايدىغان بولدى، ئۇلار ئوڭ ـ سول بولۇپ بۇ ئىدارىدە بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى.

كۈز پەسلى بورانلىق هەم يامغۇرلۇق بولدى. بۈگۈن كېچە ئاسماننىڭ تەلەتى بەك سەت ئىدى، قاپقارا بۇلۇت شەھەر ئاسمىنىدىن ساڭگىلاپ زېمىننى هاپ قىلىپ يۇتۇۋەتكۈسى باردەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى، گۈلدۈرمامىغا جۆر بولۇپ چېقىلغان چاقماق زېمىننى غال ـ غال تىترىتىشكە باشلىدى. ئايشەمخان ياتقان جايىدىن چۆراپ قوپتى. ساۋۇر قوتۇر قولىغا يوغان قول چىراغنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋاتاتتى، چېقىلغان چاقماقنىڭ تەسىرىدە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، قولىدىكى قول چىراغمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ـــ ۋايجان! ئەجەب قورقۇنچلۇق چېقىلدىغۇ ماۋۇ بېشىڭنى يوگۇر! يۈرىكىم جايىدىن قوزغىلىپ كەتتى ئىگەكىسىم، ـــ ساۋۇر قوتۇرنىڭمۇ يۈرىكى جىغىلداپ كەتكەچكە ئېغىر تىندى، ئايشەمخان ئۇنىڭغا قاراپ كوتۇلدىدى، ـــ مۇشۇ كەچتە نەگە ماڭغاندۇ يەنە توكۇلداپ.

— يېتىشگىنى يېتىۋەرمەمسەن.
— تالادا چاقماق چېقىۋاتسا، يېتىۋالسىڭىز بولمامدۇ دەيمەن.
— قورۇنى ئارىلىۋېتىپ كىرىمەن، ھەر قانداق ئىش مۇشۇنداق ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، سەن بۇنى بىلەمسەنلىك، بولدى ئۇخلاۋەر، مەن ئامبارغا قارىۋېتىپلا كىرىمەن، — ساۋۇر قوتۇر ئايشەمخانغا ئۇشۇق گەپ قىلىشنى خالىماي يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قول چىراغنى ئېلىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئايشەمخاننىڭ يۈرىكى تېخىچە بىر ئىزغا چۈشمەي، كۆڭلى توختىماي ئاغدى. ئۇ ياتاي دېسىمۇ ياتالمىدى. ئۈزۈلمەي چاقنىغان چاقماق ئايشەمخاننىڭ بېشىدىلا چېقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، دېرىزىلەردىن چاقماقنىڭ نۇرى ئۆيىچىگە بىمالال كىرەتتى.
ساۋۇر قوتۇر ئىدارە ئىچىگە كىرىپ ـ زاۋۇتلارنىڭ ئامبارلىرىنى، ئىشخانىلارنى بىرمۇ بىر ئارىلاپ چىقتى. ئاسماندا قارا بۇلۇتلار توپلىشىپ زېمىنگە يېقىنلاشتى. ساۋۇر قوتۇر ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى كۆرەلەيتتى، ئۇنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تەنلىرى بۆلەكچىلا يېنىكلەپ كەتتى، ئۆزىنى ياش چاغلىرىغا قايتقاندەك ھېس قىلدى. پۇت ـ قوللىرىدىنمۇ كۈچ ـ ماغدۇر ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا تۇيۇلغان بىلەن ھېچقانداق ئەندىشە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يامغۇر دامىدىن چۈشكەندەكلا قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇنداق يامغۇرنى ئۇ تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.
— ئاسمان تېشىلىپ كەتتىمۇ نېمە؟ — ساۋۇر قوتۇر ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى، قولىدىكى قول چىراغنىڭ يورۇقىمۇ تېشىغا تەپمىدى، يامغۇرنىڭ ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى، — ئۆمرۈمدە ئەڭ چوڭ قارنىمۇ كۆردۈم، ئەڭ چوڭ يامغۇرنىمۇ كۆردۈم، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ قالغاي ئىلاھىم. ساۋۇر قوتۇر قورسىقىنىڭ يامان يېرىدە تەبىئەتتىن قورقىدىغان بىر تۇيغۇنىڭ مۆكۈپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلالمىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەھشەتلىك ئىڭرىغان ئاۋاز كىردى، بۇ زادى نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ دەپ ئويلىدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا

بەك تونۇشتەك تۇيۇلدى، ئۇ يۈز - كۆزىدىكى يامغۇرنى سۈرتۈۋېتىپ ئاۋاز چىققان تەرەپنى پەملىدى، قول چىراغنىمۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراتتى، دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئۇنىڭ نەزىرىنى چارچىتىپ، ئېسىنى بىر نۇقتىغا يىغدۇرمايتتى.

ساۋۇر قوتۇر ئالدىغا نىشانسىز ماڭدى، ئېمىگىدۇر پۇتلىشىپ دۈملا چۈشتى، قولىدىكى قول چىراغ قاياققىدۇر چۆشۈپ غايىب بولدى. ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلدى، قورسىقىدىن كىرگەن سانجىق مېڭىسىگە چىقتى، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت نەگىدۇر غايىب بولغانىدى.

— ئورنۇمدىن تۇرالارمەنمۇ؟ مۇشۇ ئۆمرۈمدە ئايشەمنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قويمىدىم، ئۇنىڭغا تۆگمەس ئازابنى ئارتىپ قويدۇم، ھەي بىچارە، مېنى كەچۈر، — ساۋۇر قوتۇر مۇشۇنچىلىك دېيىشكە ئۈلگۈردى، كۆزىنىڭ ئارقىسىغا تارتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، — ئادەم ئەسلى مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىدىكەن - دە، ئۆلۈم ئەسلى مۇشۇنداقكەن ئەمەسمۇ؟ — ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئېغىزىدىن ئاق ماغزاپ چىقىپ تۇردى، ئۇ ئىككى دۇنيا ئارىلىقىدا تۇرغاندا ھېلىقى دەھشەتلىك ئىڭراش قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلاندى، يامغۇر سۈيىدە ياتقان بەدىنى چۆچۈپ پۇت-قولىغا ماغدۇر كىرىشكە، سەزگۈ ئەزالىرى قايتىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى، مېڭە تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى، — بۇ سەنمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى ئاران تېشىغا تەپتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى دەل بوز يورغا ئىدى، بوز يورغىنىڭ ھەممە ئەزايىدىن ھور ئۆرلەيتتى، ئۇ ساۋۇر قوتۇرنىڭ دۈمبىسىدىن چىشلەپ تارتىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— بوز يورغا، مېنى كەچۈر، — ساۋۇر قوتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، بوز يورغا ئېسىلىپ يۇم - يۇم يىغلاپ كەتتى. بوز يورغىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق بىر كىشنىدىكى، ئاۋازى پۈتكۈل جاھانغا كەتكەندەك بولدى. بوز يورغا دەھشەتلىك كىشنەپ بولۇپ ساۋۇر قوتۇرنى چىشلەپ غەرب تەرەپنى كۆرسەتتى.

— چۈشەندىم، مەن سەن بىلەن باراي، — ساۋۇر قوتۇر بوز يورغىغا مىندى، بوز يورغا ساۋۇر قوتۇرنى مىندۈرۈپلا غەرپ تەرەپكە شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى.

ئايشەمخان ئۆيئىچىدە خاتىرجەمسىزلىنىپ تۇرۇشىغا ئاتنىڭ ئەنسىز كىشنىگىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆينىڭ چىرىقىنى ياقتى-دە، دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئېغىزنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالدى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئاتقا يامىشىپ مىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بولالماي قالدى.

— ئۇ دېگەن ئەزرائىل، ئۇنىڭغا مىنمەڭ، — ئايشەمخاننىڭ ئاۋازى تېشىغا تەپمەي، سۆيدۈكى ئىشتىنىغا جىرتىلداپ چىقىپ كەتتى، جېنىمۇ چىقاي دېدى.

— ئۆلگىلى تۇرۇۋېتىپمۇ قاچامسەن، ھەي نامەرد، قارا مەدەك، — ئايشەمخان شۇنداق دەپلا كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى، ئاسماندىكى زەنجىرسىمان چېقىۋاتقان چاقماق قىيامەتنىڭ گۈدىكىدەك دەھشەتلىك ئىدى.

بوز يورغا ساۋۇر قوتۇرنى مىندۈرۈپ تاغ بويلاپ يۈگۈرۈپ قالپاق يېزىسىغا بېرىپ يەنە دەھشەتلىك كىشنىدى، ئانا ئۇيقۇدىكى قالپاق يېزىسى يەر تەۋرىگەندەك چىققان ئاۋازدىن تەۋرەپ كەتتى، بوز يورغا قالپاق يېزىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يايلاققا قاراپ چاپتى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ خىياللىرى گاھ ئۈتمۈشتە، گاھ ھازىردا ئىدى، ئۇ ئۆزىنى ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلاردەك ھېس قىلدى. بوز يورغا يايلاققا كەلگەندە ئاسماندىن قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ غايەت زور ئوت ئېقىپ بوز يورغا بىلەن ساۋۇر قوتۇرنى چۆمكىدى.

يامغۇر تاڭغا يېقىن ئاق يېغىنغا ئايلاندى، ئايشەمخان ھوشىغا كېلىپ، بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ چىرقىرىدى، قوشنا - قولۇملار ئايشەمخاننىڭ دەھشەتلىك نىداسىنى ئاڭلاپ ئۆيگە تۇشمۇ تۇشتىن يۈگۈرۈپ كىرىشكە باشلىدى.

— ساۋۇرنى ئات ئېلىپ قاچتى، غەرپ تەرەپكە ئېلىپ قاچتى، — كۆپچىلىك

ئايىشەمخاننى ئېلىشىپ قالدى دەپ ئويلاشتى بولغاي، بىر - بىرىگە قارىشىپ نېمە دېيىشنى بىلمىدى، ئاخىرچە لاۋتاڭ بىلەن شياۋچىمۇ ئۆيگە كىردى، ئايىشەمخان ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتتى، لاۋتاڭ شياۋچىغا ئىشارەت قىلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

— ئايىشەم ھەدە، ئېسىڭىزنى ئېلىۋېلىپ سۆزلەڭ.

— ۋاي ئىنىم لاۋتاڭ، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇ نامەرد يۈزسىز بوز يورغا بىلەن غەرب تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ۋاي سىڭلىم شياۋچى، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟

ئايىشەمخان لاۋتاڭ بىلەن شياۋچىغا نۆۋەت بىلەن ئېسىلىپ بوغۇلۇپ، بوغۇلۇپ يىغلىدى.

— كۆيۈمچىلىك، بۇنداق قاراپ تۇرماي دەرھال ھەرىكەتكە كېلەيلى، ساۋۇر ئاكىنى ئىزدەيلى، ھەي ئاسپىجان، سىز دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ساۋۇر ئاكىنى ئىزدەشكە مەسئۇل بولۇڭ.

— بىر ياقىدا تۇم تىلىنى ئېغىزىدىن مارىلىتىپ چىقىرىپ تۇرغان چۈجە بۇرۇن، ئىچكىرى كۆز، بېشىنىڭ ئارقىسى شالاڭلاشقان، ئېگىز بويلۇق، 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، تېشى يۇمشاق، ئىچى قاتتىق ئاسپىجان لاۋتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئەس - ھوشىنى تېپىپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇرنى ئىزدەش دولقۇنى شەھەرنى بىر ئالدى، ھەممە يەردە گەپ بولسىلا ساۋۇر قوتۇر توغرىسىدا بولاتتى، ھەر خىل گەپ، ھەر خىل قىياسلار ئېغىز - ئېغىزغا تەگمەي دېيىلەتتى. بولۇپمۇ بوز يورغىنىڭ ھېكايىسى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە غەلىتىلىك بىلەن قورقۇنچنى قالدۇردى.

لاۋتاڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىلەن ھەر مىنۇتتا ئالاقە قىلىشىپ تۇردى. ساۋۇر قوتۇرنىڭ سىرلىق ئادەم ئىكەنلىكىگە قول قويۇپ گۇمانىي قاراشلىرىنى يوققا چىقاردى. بىر نەچچە

كـوْن سـاۋۇر قوتـۇرنى ئـىزدەش يولـدا لاۋتـاگىنىگىمۇ بەللـىرى ئېگىلـىپ، چاچلىرى بىراقلا ئاقىرىـپ كەتتـى، باشـقىلار لاۋتاگـىدىكى ئۆزگىرىـشلەرنى ھەر دائىم بايقاپ تۇراتتى.

— ساۋۇر قوتۇرنىڭ كەينىدىن لاۋتاگىمۇ كېتەمدۇ نېمە؟

— نەدىكى گەپنى دەيدىكەنسىناۋا، سادىق قىلتىرىق.

— نەدىكى گەپنى دېمىدىم، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ چېچى بىراقلا ئاقىرىپ كەتتى.

— لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇردىن قالـىسلا سېنى ئەتـىۋارلايتتى، قىلتىرىـق، مۇشۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا...

— ۋايجان، قوقاق سېلىپ كېتىشمە، بولـدى، بولـدى، مەن ھېچنېمنـى دېمىدىم، — بېشى كىچىك، يـۈزى سـوزۇنچاق، كۆزىمـۇ ھـېلىلا ئۆچـۈپ قالىدىغان شامدەك پىلىلداپ تۇرىدىغان، ۋىجىك سادىق قىلتىرىق ئىـدارە دەرۋازىـسى ئالدىـدا سـاۋۇر قوتـۇر توغرىـسىدا گەپ سـېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن ئىتتىكلا سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋىدى، كۆزىگە يارمىغان كـۆتەكتەك، بويىنى يوق، ئۇدۇل چىشى نېرى، يۈزىنى سەپكۈن باسقان سېمىز خوتۇنى پاتەم كۆتەك كۆرۈندى .

— ھوي زىيالىي، تـولا ئېغىـز غىرىچلىمـاي، سـىڭگەن نـاننى يەپ ئـۆيگە ماڭسىلا.

— مانـا، ئـۆيگە ماڭغانـدىم، — كۆپچىلىـك سـادىق قىلتىرىقنىـڭ ئايـالى سـانى كـۆتەكنى كـۆرۈپ بىـر - بىـرىگە ئىـشارەت قىلىـشىپ كۈلۈشـتى، سانى كۆتەك ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى ئـاللىبۇرۇن بىلىـپ بولغانىدى.

— تـولا بـۇ يەردە دەۋىـدەنىڭ قانجۇقىـدەك كاسىلداشـماي ئىـشىڭنى قىلىشە، — سانى كۆتەكنىڭ ئەلپازىنىڭ بـۇزۇلغىنىنى كـۆرگەنلەر بىـر - بىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە تارقىلىپ كەتتى.

— مۇشـۇ غەيۋەتخورلۇقنىـڭ بىـلەن تېخـى نۇرغـۇن ئادەمنىـڭ بېـشىغا

چىقىشىسەن، بىچارە ساۋۇر ئاكامنىمۇ تولا قارغاپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قويۇشتۇڭ، ــــ سانى كۆتەك شۇنداق دەپلا ھەممە تەرەپكە تۈكۈرۈپ، ئېرى سادىق قىلتىرىقنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ساۋۇر قوتۇرنى ئىزدەش دولقۇنى پەسەيمىدى، لاۋتاڭمۇ نەچچە كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقمىدى، ئايشەمخان يىغلاپ ھارمىدى، قادىر كۆك كۆزمۇ كاندىن قايتىپ كەلدى. قادىر كۆك كۆز كان رايونىدا تېگى قالپاق يېزىلىق سائادەت ئىسىملىك ئايىغى يەڭگىل، ئېغىزى ئىتتىك بىر قىز بىلەن تېپىشىپ قالغانىدى، ساۋۇر قوتۇر ئۇ ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويغانىدى، قادىر كۆك كۆز بىلەن سائادەت ئىككى ئوغۇللۇقمۇ بولغانىدى. قادىر كۆك كۆز تاغىسى ساۋۇر قوتۇرنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ئايشەمخانغا مەدەت ۋە يۆلەك بولۇپ ئۆيدە تۇردى.

كۈزنىڭ كۈنلىرى ئۆز خۇيلىرى بىلەن كىرىپ بولدى. ساقچىلار ساۋۇر قوتۇر بىلەن بوز يورغىنى ئىزدىدى، 15 كۈن بولغاندا قالپاق يېزىسىنىڭ غەربىدىكى يايلاقتىن چاقماق سوقۇپ چۈچۈلا قىلىۋەتكەن بىر ئادەم بىلەن ئاتنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تاپتى ھەممە بۇ ئۇستىخانلارنى ساۋۇر قوتۇر بىلەن بوز يورغىنىڭ دەپ جەزملەشتۈردى. بوز يورغىنىڭ ئۇستىخىنى ئاشۇ يايلاققىلا تاشلاپ قويۇپ، ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېرىپ، كېپەنلەپ قالپاق يېزىسىنىڭ زاراتلىقىغا دەپنە قىلدى.

لاۋتاڭ ساۋۇر قوتۇرنى يەرلىكىگە قويۇپ بولۇپ، ئىدارىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ساۋۇر قوتۇرنى «ئىش ئۈستىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئاتىدى. تەزىيە يىغىنىدا ئايشەمخان ئۈن سېلىپ يىغلاپ لاۋتاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــــ مەن قانداق قىلىمەن لاۋتاڭ؟ مەن قانداق ئۆتىمەن، لاۋتاڭ؟ ۋاپاسىز ساۋۇر، مېنى مۇشۇنداق تاشلاپلا كەتتىڭمۇ. ئىگەم يوق ئىدى، لاۋتاڭ، ئۇرۇق - تۇغقىنىم يوق ئىدى، لاۋتاڭ.

ئايشەمخاننىڭ يىغىسى ئىدارىدىكى ھەممە ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى، ساۋۇر قوتۇرنى كەينىدىن تىللايدىغانلارمۇ يىغلىۋېتىشتى.

— مەن بار ئاچا، قادىر بار، ئاچا، بولدى، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

لاۋتاڭمۇ شۇنداق دەپ يىغلىۋەتتى، لاۋتاڭنىڭ ئوغلى شياۋتاڭمۇ ئايشەمخانغا ئېسىلىپ يىغلاپ، بەرگەن سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدى. قادىر كۆك كۆز كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويماي بىر چەتتە يەرگە قاراپ تۇردى.

لاۋتاڭ نەچچە كېچە ئۇخلىمىدى، شياۋچىمۇ ئېرىنىڭ قەلبىنى چۈشەندى، ئۇلارنىڭ ئېغىر كۈنلەردىكى سەپداشلار ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، لاۋتاڭغا ئوشۇق گەپ قىلمىدى.

— شياۋچى، ساۋۇر قوتۇر ئاكىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز، ئۇنىڭ بۇنداق ئىتتىك ئالەمدىن ئۆتۈشىنى خىيالىمغىمۇ كىرگۈزمەپتىكەنمەن.

— ئادەم ئاخىر ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ، لاۋتاڭ سىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئېلىۋالماڭ.

— ئۇ بىزنىڭ نىجاد يۇلتۇزىمىز ئىدى، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا بىزنىڭ بۈگۈنىمىز، ئىللىق ئائىلىمىز، شياۋتاڭمۇ بولمىغان بولاتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لاۋتاڭ، قانچىلىك قايغۇرساقمۇ بەرىبىر، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئەمدىكى ئىش ئايشەم ھەدىنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا قالدى. بۇ زەربە ئۇ ئايالغا ئېغىر كەلدى، ئۇ ئۆرە بولالماسمىكىن دەيمەن، نەچچە كۈندىن بېرى تولا يىغلاپ ئېلىشىپ قالغاندەكلا تۇرىدۇ.

— شۇنداق، ئايشەم ھەدىمىزگە ئەڭ چوڭ زەربە بولدى، تېخى ئۆزى يالغۇز تىكەندەكلا قالدى ئەمەسمۇ.

— ھازىر ئاڭلىسام كانلارنىڭ ئىشلىرى ئاقماي ئىشچىلارنى قىسقارتىۋېتىپتۇ، يۇقىرىدىكىلەرگە دەپ قادىرنى ئىدارىمىزغا ساۋۇر ئاكىنىڭ ئورنىغا يۆتكىۋالمىسىز، شۇنداق قىلسىڭىز ھەممە غەمدىن خالىي بولىسىز.

— تـوغرا ، تـوغرا، شۇنداق قىلاي، — لاۋتاڭ ئايالىنىڭ مەسىلەھىتىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭماقچى بولدى.

— بۇ كېچىدە نەگە بارىسىز؟

— ئايشەم ھەدەمنىڭكىگە چىقىپ كىرەي.

— بۇ چاغ بولغانىدا ئۇخلىغاندۇ، ئايشەم ھەدەم سىزنى كۆرسىلا ئۆزىنى تۇتالمايدىكەن، سىزمۇ كىشىلىكتىن كېتىدىكەنسىز. ئەتىلا چىقىڭ بولدى.

لاۋتاڭنىڭ كاللىسىدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپلا كەتتى.

لاۋتاڭ يۇقىرىغا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ، ئايالى ئايشەمخاننىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى دەپ، قادىر كۆك كۆزنى ئىدارىسىغا يۆتكەش ئىشىنى ھەل قىلدى، قادىر كۆك كۆز ساۋۇر قوتۇرنىڭ ئورنىغا يۆتكىلىپ ئىدارىغا ئىشقا چۈشتى، ئۇلار ئايشەمخان بىلەن بىر ئائىلىگە جەم بولدى.

لاۋتاڭ بىر نەچچە يىل ئىشلەپ يۇقىرىغا ئىيتىپ پېنسىيەگە چىقتى، ئاندىن ئايالىنى ئېلىپ شىمالدىكى بىر شەھەرگە كەتتى. ئايشەمخانمۇ كاللىسىدىن ئېزىپ قالغانىدى، تالا - تۈزگىمۇ چىق چىقمايتتى. قادىر كۆك كۆز ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىغا، ئامانلىقىغا قارايدىغان بولدى، ئايالى سائادەت لاۋتاڭ بار ۋاقتىدا ئىدارىنىڭ تازىلىقىنى قىلدى، ئۇ پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەندە ئىشسىز قالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا سادىق قىلتىرىقنىڭ ئايالى سېنى كۆتەك توختاملىق ئىشچى بولۇپ ئىدارىنىڭ تازىلىقىنى قىلدى. بۇ ئىش قادىر كۆك كۆزنىڭ قەلبىدە جاراھەت قالدۇردى.

※ ※ ※

قادىر كۆك كۆز مۇشۇ ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ- چىقىۋاتقانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى تۈگۈل، خىياللىرىنىمۇ بىلەتتى.

توختىنىڭ ئاسىپ مۇدىر بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىپ يىغىنغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى.

— ماۋۇ سەيپۇڭنىڭ خورىكى يوغىناپ كەتتى، لاۋتاڭ ئاكامنىڭ دەۋرىدە چاترىقىمدىن چىقمايتتى، ۋاي قادىرجان لاۋتاڭكامغا مېنىڭ بىر ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويۇڭ، ئۇنداق بولاي، بۇنداق بولاي دەپ، ئادەم دېگەن ئەجەب يۈزسىز بولىدىكەن، ئاۋۇ خىيالپەرەس بويتاققا چوقۇم مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلدى، خەپ توختاپ تۇر، جېنىم تېنىمدە بولىدىكەن سېنىڭمۇ كوكۇلاڭدىن تۇتمىسام، — قادىر كۆك كۆز غودۇراپ ئاچچىق يۇتتى، ئۇ دەرۋازىدىن تېشىغا چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى رىدە ئاستىدا ئايشەمخاننى كۆردى.

— ماۋۇ خوتۇن يەنە سىرتقا چىقىۋاپتۇ يا، ھەي خاناچا، ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، چوڭ يولدا ماشىنا كۆپ. ھەي، سائادەت، ھەي سائادەت.

— ۋاي مانا، مەن گاس ئەمەس، ئۆتە يولدا نېمانچە توۋلايسىز؟

— خاناچامنى تالاغا چىقارما دېمىدىممۇ.

— قېچىپ چىقىۋالسا قانداق قىلىمەن؟ ماڭسىلا، نېمىشقا چىقىۋاللا دەيمەن؟

— ئۆيگە سولىۋېلىپ سېسىتىۋېتىشەمتىڭ مېنى؟ ماڭ جۇغۇ، لاۋتاڭ ئىنىمنى چاقىرىپ بېرىش، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار، ساۋۇر بوگۇن كەچتە ئۆيگە كېلىدۇ.

— ماقۇل، ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە، ئۇنى چاقىرىپ بېرەي، — قادىر كۆك كۆز ئايشەمخاننى ئالداپ ئايالى سائادەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

ئاسىپجان بىلەن توختى يىغىن زالىغا كىردى، ئۆڭكى قارا، يۈزى شاپىلاق، ئورۇقلا كەلگەن باش مۇھەررىر لى بىلەن گېزىتخانا باشلىقى زامانباي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىما قىلىۋاتاتتى. ئاسىپ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇردى، توختى ئەڭ ئاخىرقى رەتكە بېرىپ ئولتۇردى.

— ماۋۇ ساراڭنىڭ ئاچچىقى تېخى يانماپتۇ - دە؟ رەشىدە قېشىدا ئولتۇرغان ئاق سېرىق كەلگەن، بىر قارىسا سەتلىكى بىلىنمەيدىغان، تېرىسى سۇزۇك 40 ياشتىن ئاشقان ئوتتۇرا بوي، پاكىز كىيىنىدىغان، كىيگەن كىيىملىرىمۇ ئۆزىگە ماسلىشىدىغان، كۆزلىرىدىن ياشلىق تۆكەپ كەتمىگەن زەينەپكە پىچىرلىدى.

— بىر قارىسا ساراڭدەك يۈرۈيدۇ، ئەمما ۋىجدانى بار، جىگگىرى بار، خاتانى دېيەلەيدۇ.

— خۇيى غەلىتە بولغان بىلەن ئەركەكچىلىكى بار، زەينەپ ئاچا، ئۇكا قىلىۋېلىشقا بولمىسا.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ رەشىدە، راستىنى دېسەم، ئۇنىڭدىن قورقىمەن.

— پاراڭ سالماڭلار، ھېلىمۇ كۆپ ساقلىدۇق، ئەمدى يىغىنىمىزنى باشلايلى، — پولو يۈز، ئۇستىخانلىق، ئاۋازى توم چىقىدىغان گېزىتخانا باشلىقى زامانباي سول بىلىكىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ يېنىدىكى باش مۇھەررىر لىغا قارىدى، لى ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. يىغىن زالى جىمىدى. توختى نېمىشقىدۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ ئۆزلۈك - ئۆزلۈك خىيال قىلدى، خىياللىرى بىر - بىرىگە پەقەتلا يېقىن كەلمەيتتى. قاپىقى توختىماي تارتىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇلىستەل ئۇستىدىكى گېزىتنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ خەۋەرلەرنى ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، كاللىسىدا ھېچقانداق بىر يېڭى ئۇقۇم يوق ئىدى. ساڭ فامىلىلىك يوغان باش، گەپ قىلغاندا شالداملىرىنى باشقۇرالمايدىغان بىرى ئۇنى يوچۇن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى، توختى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا نېمە بولدى دېگەندەك كۆز ئىشارىتى قىلدى، ساڭ يوغان باش كۆزىنى دەرھال باشقا ياققا بۇرۇۋالدى.

— مۇشۇ يوغان باشنىڭمۇ ئادەم باشقۇرۇش خۇمارى تۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ، — توختى شۇنداق دەپلا نېمىشقىدۇر ئۆزىنى باسالماي، بېشىنى شىرەگە قويۇپ بۇقۇلداپ كۈلۈپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بۇنداق غايىب

كـۆلكىلىرى ئـاۋۇپ قىلىۋاتـاتتى. كۆزىنىـڭ قۇيرۇقىـدا ئـۇنى كۆزىتىـپ ئولتۇرغـان رەشـىدە ئۇنىـڭ كۈلكىسـىنى چۈشەنمىسـىمۇ، قورسـىقىغا جىـن كىرگەندەك بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى، زەينەپ رەشىدەگە قاراپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ ئىش بولمىـدى، ئـاۋۇ تـوختى دېـگەن سـاراڭ كۈلـۈپ، بولالمـايلا قىلىۋاتىدۇ دەيمەن، — رەشىدە قولى بىلەن ئېغىزىنى توسىۋېلىپ پىچىرلىدى.

— ۋاي، بولدى كۈلۈۋەرمىگە، بولمىسا مەنمۇ كۈلۈۋېتىدىغاندەك قىلىمەن، — زەينەپمۇ قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋالدى.

زامانباي ئالدىدىكى يىغىـن تەرتىپلىـرى يېزىلغـان قەغەزگە بىـر قـۇر قاراۋېلىپ يىغىننى باشلىدى.

— ئىدارىمىز ئەزەلدىن تەشۋىقات خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، بىزنىڭ ھېچقانـداق كىـرىم مەنبەيىمىـز يـوق، ھۆكـۈمەت بەرگەن ئـۈچ - تـۆت تـال مائـاش بىلەنـلا كۈنلۈكـۈپ كەلگەنىـدۇق، ھـازىر سىياسـەت ياخشىلىنىپ، يـۇقىرى ھەمـمە ئىـدارىلەرنى سودا بىـلەن، يەنـى بىزنىـڭ شەھىرىمىزگە ئەڭ قولايلىق بولغان چېگرا سودىسى بىـلەن شۇغۇللىنىـشقا چـاقىرىق قىلـدى، بـۇ بىـز ئۈچـۈن تېپىلغۇسـىز پۇرسـەت. شـۇڭا ئىـدارە پارتكومى قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق چېگـرا سودىـسى بىـلەن شۇغۇللىنىشنى قارار قىلدى.

زامانبـاي ئىنتوناتـسىيەنى يـۇقىرى كۆتـۈرۈپ سـۆزلەپ مۇشـۇ يەرگە كەلگەنـدە توختىنىـڭ كۈلكـسى ئېتىلىـپ كەتتـى، يىغىنـدىكىلەرنىڭ دىققىتىمۇ چېچىلـدى، ئـاران ئـۆزىنى بېـسىپ تۇرغـان رەشـىدەمۇ ئـۆزىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋەتتى، زەينەپمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلدى.

— ھەي، توختى، نېمە بولدى؟ — زامانباينىڭ گۆشلۈك يۈزى شـوخلىدەك قىزىرىـپ كەتتـى. تـوختى بېـشىنى كۆتـۈرمەي كۈلـدى، يىغىنـدىكىلەرمۇ ئۇۋۇسـى بـۇزۇۋېتىلگەن ھەرىـلەردەك بولۇشـۇپ كەتتـى، — ھەي تـوختى،

ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ــــ زامانبايىنىڭ جۇدۇنى مىڭ گەز ئۆرلەپ ئالدىدىكى شىرەنى ئوڭ قولى بىلەن كۆچەپ ئۇردى، شىرە ئۈستىدىكى ۋاراقچىلار چېچىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ــــ ئاسىپجان، ماۋۇ ئادىمىڭىز ئىنتىزامنى بىلمەمدۇ قانداق، ــــ زامانباي ئاسىپجانغا غەزەپ بىلەن قارىۋىدى، ئۇنىڭ چىرايلىرى ئۆچكەن شامغىلا ئوخشاپ قىلىپ، توختىغا قارىدى، توختىمۇ كۆلكىسىنى يىغىپ بولغانىدى. ئاسىپجان توختىغا گەپ قىلسا، ئۇنىڭ يېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ جىم تۇرۇۋالدى.

ــــ توختى، نېمىشقا كۈلۈپ يىغىن تەرتىپىنى بۇزىسىز؟ بۇ يىغىن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ غېمىنى يەپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كىرىمىنى ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلغان يىغىن تۇرسا، ئەجەب تۇرۇپلا كۈلۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ ماۋۇ ئالدىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بىر يېرى يىرتىلىپ قاپتىمۇ يا، ــــ زامانبايىنىڭ ھەقىقەتەن نېرۋىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى، توختىغا ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى قاتتىق ئېغىر كەلدى، ئەمما ئۇ ئۆزى بېسىپ تۇردى. زامانباي بارغانچە ئۆرلەۋاتاتتى، يېنىدا ئ ئولتۇرىسىمۇ ئۇ ئۇنىمىدى، ــــ سىز ئەزەلدىن ئىدارىمىزنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە پەرۋا قىلمايسىز، يىغىن دېسە ھەممىنىڭ كەينىدە كىرىسىز، مەن بۈگۈن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دەپ قوياي، ئەگەر ئىدارىمىزدىكى خىزمەتلەرنى ياراتمىسىڭىز ئورۇن تېپىپ يۆتكىلىپ كېتىڭ، ــــ زامانبايىنىڭ گەپلىرى چېكىدىن ئاشقىلى تۇردى، توختىنىڭ جۇدۇنى تۇتسا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرى جامدەك بولۇپ، رەڭگىدىن بوران چىقاتتى. ئاسىپجان توختىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى بېسىۋال دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

ــــ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئاساسىدىكى ئورۇن، ھەر كىمنىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغان جاي ئەمەس، ئۆيى ئەمەس! ــــ زامانباي يىغىندىن بەكلا چەتنەپ كەتتى.

ــــ سىزنىڭ ئۆيۈڭكەن-دە، خالىغانچە ۋارقىرىساڭ بولىدىغان؟ ــــ توختىنىڭ

سەۋر-قاچىسى توشقاندى، ــــ بىر ئىدارىنىڭ رەھبىرى سەندەك بولامدۇ؟ يوق بىر ئىشقا بۇنچىۋالا سۆزلەپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ھەدېسە قانۇن - تۈزۈم دەيسەن، سەن ئاشۇ قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈكرەك ئوقۇپ باقتىڭمۇ؟ بىلەمسەن؟

ــــ ماۋۇ توخۇ پوقىنى قارىمامدىغان، ماڭ، يىغىندىن چىق!

ــــ توخۇنىڭ پوقى سەندەك بولىدۇ، ماڭ چىق، كىر دەيدىغان سېنىڭ ئۆيۈڭمۇ بۇ؟

ــــ ۋاي ئۇكام توختى، بىرەر ئېغىز گەپتىن قالساڭ بولمامدۇ؟ ــــ ئاسىپجان بويىنىنى توخۇنىڭ پوكۇنىدەك قىزارتىپ توختىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بولدى قىلىشنى ئېيتتى. يىغىن زالى ئاتىلىدەك قايناپ كەتتى. زامانباي يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، لى پېشىدىن تارتىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇۋالدى. باش مۇھەررىر لى يىغىندىكىلەرنى تىنچلاندۇردى.

ــــ يولداشلار، بىز مەقسەتكە كېلەيلى، يوق ئىشقا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، قانداق؟ ــــ شياۋلىزا (ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئىدارىدىكىلەر ئۇنى شياۋلىزا دەپ ئاتىشاتتى) چۈچۈك، ئىنچىكە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغىن تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى، ــــ گېزىتخانا باشلىقىنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئىدارىمىزدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە يېڭى ئىقتىسادىي مەنبە بازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن، بىز بىر نەچچە كۈن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «چېگرا سودا شىركىتى» قۇرۇشنى قارار قىلدۇق، بۈگۈن شۇ ئىشلارنى سەممىڭلەرگە سېلىپ، پىكرىڭلارنى ئېلىپ باقايلى دېگەن. قانداق يېڭى، ئاكتىپ قاراشلىرىڭلار بولسا، دادىل ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ.

شياۋلىزا گەپنى قىسقارتىپ ئېيتتى، يىغىندىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئەركىن مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. زامانباينىڭ جىياكاڭ كېسىلى قوزغىلىپ، جۇدۇنى يانماي ناھايىتى بىئارام بولىدى. توختىنىڭمۇ روھىي

ھالىتى ئەسلىگە كەلمىدى. رەشىدە يەرنىڭ تېگىدىن ئۈنىڭغا قارىۋىدى، ئۈچرىشىپ قالدى. رەشىدە كۆزىنى ئېپقاچاي دەپمۇ ئېپقاچالمىدى، كۆلكىسى قىستاپ يەرگە قارىۋالدى.

دائىم تۆمۈر رەڭ كاستۇم كىيىۋالىدىغان، ئۆگى سېرىق، كۆزى چېقىر، بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يوغانلا مېڭى بار (ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەسلىي ئۆسمە ئىدى، ئاشۇ ئۆسمىنى مەڭ دەۋالاتتى) ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالغان (ئۇ بۇ بارمىقىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە باشقىلاردىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى) كۆرگەنلىكى ئادەمگە گۇمانىي قارايدىغان، ئۆزىنى قالتىس زىيالىي دەپ بىلىدىغان، 45 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان تۇرسۇن كۆيدۈرگە (نېمىشقىدۇر ھەممە ئادەم بۇ كىشىنى كۆيدۈرگە دەپ ئاتىشاتتى) ئۆسمۈر باللاردەك سول قولىنى كۆتۈرۈپ (ئەمەلىيەتتە ئۇ سولخاي ئەمەس ئىدى، بەلكىم ھېلىقى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سول قولىنى كۆتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن)، پىكىر قىلماقچى بولدى، ئۇنىڭ قول كۆتۈرگىنىنى كۆرگەن بىرى يېنىدىكى ئاسىپجانغا قاراپ كۈلدى.

— ماۋۇ كۆيدۈرگە نېمىمۇ دە؟ بۇنىڭ ئاغزىدىن پايدىلىق گەپ چىقمايدۇ، — ئاسىپجان شۇنداق دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى بىلەن گەپ قىلماسلىقنى ئۇقتۇردى. ئاسىپجاننىڭ شامالنىڭ چىقىشى، توكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان، ئېھتىياتچان ئادەملىكى مۇشۇ ھەرىكىتىدىنلا مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

— لى باشلىق، مەن پىكىر قىلاي.

— تۇرسۇن پىكىر قىلىدىكەن، ھەممىمىز جىم بولايلى.

تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ، دىمىقىنى قېقىپ سۆزىنى باشلىدى، رەشىدە تۇرسۇن كۆيدۈرگىگە قاراپ، زەينەپكە:

— ماۋۇ كۆيدۈرگە نېمە دە؟ — دېدى.

زەينەپ رەشىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يەرگە قارىۋالدى.

— مەن ئۈچ سوئال سورايمەن، بىرىنچى سوئالىم، ئولتۇرۇپ سۆزلىسەممۇ بولار.

— بولىدۇ.

— بىرىنچى سوئالىم، چېگرا سودىسىدا ئىشلىتىدىغان مەبلەغنى نەدىن ئالىمىز؟ ئىككىنچى، ئىدارىمىزدا قىلالايدىغان خادىملار بارمۇ - يوق؟ ئۈچىنچى، مۇشۇ سودىدىن خەتەرنى ئويلاشتىڭلارمۇ قانداق؟ ئالىمادىس چوڭ زىيان كۆرۈلسە ئىدارىنىڭ شۇ زىياننى تۆلەيدىغان قۇربى بارمۇ؟ گېپىم تۈگىدى.

تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ گەپلىرى قۇلاققا يېقىشلىق ئاڭلاندى.

— ماۋۇ كۆيدۈرگىمۇ گەپ قىلالايدىكەن ـ ھە.

— ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئىچىگە ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان، — ئېگىز بوي، يوغان بۇرۇن، بارماقلىرى ئۇزۇن، مىس بىلەن سىلىنۋالغان ئۇدۇل چىشى كۆرۈنەرلىك كۆپۈپ تۇرىدىغان ئەمەت ماناپ ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن ئېڭىكىنى سىلىدى.

يۇقىرىدا ئولتۇرغان زامانباينىڭ نېرۋا خاراكتېرلىك جىياكاڭ (نېرۋا خاراكتېرلىك ئېغىر ئۈچەي ياللۇغى بولسا كېرەك، زامانباينى ئىدارىدىكىلەر جىياكاڭ كېسىلى بار دېيىشەتتى) كېسىلى قوزغىلىپ كەتتى بولغاي، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى، شىياۋلىزا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ چاندۇرماي كۈلۈپ قويدى.

— مېنىڭ ئىككى شىڭگىل گېپىم بار، — ئەمەت ماناپ ئۇزۇن بارماقلىرىنى كۆتۈردى، شىياۋلىزا ئۇنىڭ سۆز قىلىشىغا ئىجازەت بەردى، — ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر؟ بىز كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرماي، يا تەۋەككۇل دەپ قىلىپ باقمايلىما، «زېمىندا ئەسلىي يول يوق ئىدى، ماڭىدىغانلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن يول پەيدا بولغان» دېگەندەك بىر گەپ بارغۇ، نەدىكى ئوقۇمىغان، ساۋاتسىزلار قىلىپ

كېتىۋاتقان تىجارەتنى بىز زىيالىيلارنىڭ قىلالماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ـــ ئەمەت ماناپ شۇنداق دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە «قېنى كۆرىمىز» دېگەندەك كۈلۈپ قويدى.

زامانباي خېلى ۋاقىتتىن كېيىن كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئەمەت ماناپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ سۆزلىدى. ئاشۇ ئارىلىقتا زامانباي نەچچە قېتىم سىرتقا چىقىپ كىردى. شياۋلىزا سائەتكە قاراپ قويۇپ زامانبايغا پىچىرلىۋىدى، زامانباي بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ بۈگۈن ناھايىتى قىزغىن، ئەركىن، كەڭ ـــ كۇشادە سۆزلەشتۇق، بىز رەھبەرلەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇچۇق بىر سان تۇرغۇزۇلدى، مەبلەغ ئىشىنى قىرغىزىستاندىكى سودىگەرلەردىن ھەل قىلىمىز، سودىغا چىقىدىغانلارنى بولسا بىر قەدەر سودا ئېڭى بارلاردىن تاللايمىز، ئىدارە ئاۋۋال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىدارىمىزدىكى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن بىرنى ئاشۇ شىركەتنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا ئاجرىتىدۇ، قالغان ئىشلارنى سودا قىلغاندىن كېيىن تولۇقلاپ ماڭىمىز،ـــ شياۋلىزا چۇچۇك سۆزلەپ توختىدى.

ـــ شۇنداق، شياۋلىزا مېغىزلىق قىلىپ ئېيتتى، مەن ئىدارىمىزدىن قىرغىزىستانغا تۇغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكەن ئەسقەت بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم، ئۇنىڭغا ئاشۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ سودا يوللىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتىم، زادى قانداق مال كىرگۈزسەك پايدىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرەك ئۇقۇشۇپ بېقىشنى تاپىلىدىم. ئۇ ماقۇل كۆردى، مۇشۇ ھەپتىدە ماڭا تېلېفوندا خەۋىرىنى بېرىدىغان بولدى. بىز پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ خىزمەتنى تېزدىن باشلىشىمىز لازىم. قالغان گەپلەرنى بۆلۈملەرنىڭ مۇدىرلىرىغا ئۇقتۇرىمىز، بۈگۈنكى يىغىن توگىدى، ـــ زامانباي يىغىندىن خۇلاسە قىلىپ تاماملىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىدىن ئاۋۋال زالدىن چىقىپ خالا تەرەپكە يۈگۈردى.

توختى ئۆلتۈرغان جايىدا ئولتۇراتتى. ھەممە ئادەم يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى، سانى كۆتەك ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. توختىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— توختاخۇن، يىغىن تۈگىدى، قوپسىلا، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ماۋۇ قورساق كورۇلداۋاتىدۇ، مەن تېخى سادىق ئاكىڭىزغا تاماق ئەتمىسەم بولماس.

توختىنىڭ كۆڭلى ئېلىشتى، مۇشۇ خوتۇننى كۆرسىلا نېرۋىسى قوداڭشىيتتى. ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى، سانى كۆتەكنىڭ تىلى قىچىشىپلا تۇرىدىغان كېسىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غوتۇلدىدى.

— ماۋۇ غوجامدىكى تەرسالىقنى، ھەممە ئادەمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاقمىدۇ بۇ؟ زىيالىي بولسا شۇنداقمۇ ھاكاۋۇر بولامدۇ؟ بىزنىڭ سادىقمۇ ئاۋۇ مەركەزدە ئوقۇغان، ئۇنىڭغا قارىغاندا نەدە تۇرىدۇ ماۋۇ؟ — سانى كۆتەك يىغىن زالىنى تازىلاپ ئىشىككە قۇلۇپ سالغۇچە توختىنى تىللاشتىن توختىمىدى.

— ھەي سېسىق كۆتەك، كىمگە بۇنداق كوتۇلدايسەن؟

— ۋايجان، ماۋۇ كىم! — سانى كۆتەك تۇيۇقسىز ئاڭلانغان سۆزدىن ھۈركۈپ كەتتى، ئىتتىك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، كۆز ئالدىدا توختى تۇراتتى، توختىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تىلىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

— ھەممە ئادەمنى ئاۋۇ ئۆيۈڭدىكى سادىق قىلىشىق كۆرمە، بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆزلە، ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرمە، ئۇقتۇڭمۇ؟! — توختى شۇنداق دەپ سانى كۆتەككە ھۆرپىيىۋىدى، سانى كۆتەكنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى. توختى پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى، سانى كۆتەكنىڭ روھىي ھالىتى تېخىچە جايىغا كەلمىدى، بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، قولىدىن يەرگە چۈشۈپ

كەتكەن قۇلۇپنى ئېلىپ، يىغىن زالىنى ئەتتى.

ـــ ماۋۇنىڭغا ئەجەب گەپ قىلالمىدىم-يا؟ خەپ توختاپ تۇر، مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىغىنىمنى كۆر، ـــ سانى كۆتەكنىڭ ئۇدۇل چىشلىرى نېرى بولغاچقا، ئېغىزىدىن شالداملىرى ئېقىپ ئېڭەكلىرىگە چاپلاشتى.

سانى كۆتەك ئىشخانا بىناسىدىن سىرتقا چىققاندا، دەرۋازا تۈۋىدە قادىر كۆك كۆز بىلەن توختىنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باياتىنقى خۇيىنى غېپىيدە چۆرۈپ تاشلاپ، سىپىمىز، ئېغىر بەدىنىنى تاسقاپ ماڭدى، دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توختىغا قاراپ تازا بىر گەپ قىلغۇسى كەلدى-يۇ رايى قايتتى.

ـــ سانىخاچا، رەڭگىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدىغۇ، بىرسىدىن كۆڭلىڭىز رەنجىپ قالمىغاندۇ؟

ـــ كىمدىن كۆڭلۈم رەنجىيتتى، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تولا مېنى گەپكە توتمىغىنە، ـــ سانى كۆتەك مۇشۇنچىلىكلا دېيەلىدى، ئۇ ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى.

ـــ ئۇكام توختى، بۈگۈن ماۋۇ خوتۇنغا نېمە بولدى؟ تووۋا، شۇندىلا سوراپ قويسا تىللىمايدىغان ئادىمى قالمايتتى، بۈگۈن ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولدى.

ـــ ۋاي تاڭەي، قادىر ئاكا.

ـــ چوقۇم شۇنداق بولدى. بۈگۈن زامان جاكاڭنىڭ ئەدىپىنى تازا بەرمەپسەن، لاۋتاڭكام ئۆستۈرگەن دەيمەن ئۇنى، ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، تووۋا- سۈرەن بىلەن ئادەم باشقۇرغىلى بولامتى دەيمەن.

ـــ مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، بولدى، كېيىن كۆرۈشەيلى.

توختىغا ھېچ نەرسە خۇشياقمايتتى. ئۇ قادىر كۆك كۆزنىڭ كوتۇلداشلىرىنى ئاڭلاۋېرىشنى ھار ئېلىپ، بىرەر ئاشخانىغا بېرىپ،

قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىدارىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئىنىم، تاماق ئىيتىدىغاندىن بىرنى ئۆيگە ئەكىرىۋالساڭ بولاتتى، دائىم سىرتتىن تاماق يېسەڭ جان توشىمايدۇ دەيمەن، — قادىر كۆك كۆز ئۈنىگىغا ياخشىچاق بولۇپ ئارقىسىدىن سۆزلەپ قالدى.

— كىمگە سۆزلەپ تۇرىسەن، كۆك كۆز؟ — تۇيۇقسىز زاكىر پەيدا بولدى، قادىر كۆك كۆز ئۈنىگىغا قاراپ كۈلدى.

— بۈگۈن بالدۇر قايتىپ كەپسەنغۇ؟

— سېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، — زاكىرنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن ئەرزان باھالىق ھاراقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

— بۈگۈن سادىق ئۆلپەتلىرىڭ بىلەن ئېپىشالماپسەن - دە؟

— ھازىر ئۇلار بارغۇ، كۆك كۆز، بىر چاسقا يارىمايدىغان بولدى، بۇ خۇمسلار كۈندىن - كۈنگە خوتۇنلىرىدىن قورقۇشىدىغان بولۇپ كەتتىمۇ، سائەت 12 بولماستىنلا سىيىپ كىرەي دەپ تىكىۋېتىشىدۇ، قارا، يەنىلا زاكىر ئاكاڭ بولامدىكەن، — زاكىر يالتىراق خالتا ئىچىگە قاچىلانغان كالا - پاقالچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قادىر كۆك كۆزگە پۇلاڭلىتىپ كۆرسەتتى.

— قانچىلىك ئىچسەڭمۇ كاللاڭ، ھوشۇڭ جايىدا دەيمەن سېنىڭ، — قادىر كۆك كۆز ھەممە ئادەمنىڭ خۇي - پەيلىگە كىرەلەيدىغان گەپلەرگە ماھىر بولغاچقا، زاكىرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك گەپ قىلدى.

— بۈگۈن نېمە بولدى.

— نېمە بولاتتى، ئىدارىدىكى ھېلىقى جاكاڭ باشلىق بىلەن توختى تۇتۇشۇپ قاپتۇ.

— توختى مۇشۇ ئىدارىدىكى ئۆكتىچى، گېزى كەلسە بالادىن قورقمايدۇ، ئوغۇل بالا دېيىشكە تېگىشلىك گەپ بولسا دېگۈلۈك دەيمەن.

— زامان جاكاڭنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ كەتتى، شياۋلىزا ئارىغا چۈشمىگەن بولسا توختى بىلەن ئېيتىشىپ قالاتتى، — قادىر كۆك كۆز

ئاڭلىغاننى كۆرگەندەك دەۋالسا يايراپ كېتەتتى.

— باشلىق بىلەن دېيىشەلەيدىغان دەۋر بۇ، ھېق، — زاكىر سېسىق كېكىرىپ، يەرگە زەرداپ تۈكۈردى.

— توختىغا چوقۇم زەھىرىنى سانجىيدۇ، ھازىر گەپ قىلمىغان بىلەن.

— سانجىسا ئۇنىڭدىن نېمىنى تارتىۋالالايتتى؟ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئاددىي بىر ئورۇندۇقى بار شۇ، ھېق! — زاكىر كېكىرىپلا تولغىنىشىپ كەتتى.

— ئاچ قورساق ئىچىپسەن - دە؟ كېلە، ماۋۇ كالىلىنى تەڭ يەيلى.

قادىر كۆك كۆز زاكىر بەرگەن كالىلىنىڭ يالتىرىقىنى ئىچىپ دىجورنىخانىغا ماڭدى.

— قورساقنى ئۇتتۇرىۋەتسەك يولدا ماڭغىلى بولامتى، يەنە يۈز گىرام كەم بولۇپ قالغان گەپ كۆك كۆز، ھېق!

— كېكىرسەڭ ھاراقلا چىقىۋاتامدۇ، كىرە، تەڭ يەيلى.

— كېكىرگەندە ھاراق پۇرامدىكىن دەپ ئىچتىم دەيمەن، ھېق، — زاكىر توختىماي كېكىرىپ ئاخىر كېكىرىك ھېقىقۇقا ئۆزگىرىپ كەتتى.

— بولمىدى ، مەن غىپپىدە بېرىپ يۈز گىرام قېقىۋېتەي، ئاندىن كېلىپ سەن بىلەن كۆرۈشىمەن، — زاكىر شۇنداق دەپ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى يولىنى بويلاپ مېڭىشىغا ئايالى زەيتۈن چىقىپ قالدى. زاكىرنىڭ ئايالى توقۇمىچىلىق كارخانىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇش سومىمىسى ئېلىپ ئۆيدە ئولتۇراتتى. زەيتۈن كىچىكىپ يەڭگىگەچكە چىرايىدىن ئايالىق تەمى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى، قامچا بويىغا ئويناق كۆزلىرى يارىشىپ، ئىككى كاچىتىدىن قان تەپچىپ تۇراتتى، ئىگىكى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنەتتى، ئېغىزىمۇ چىرايىغا قارىغاندا سەل يوغانىدى.

— ھوي زاكىراخۇن، يەنە نەگە؟ — زاكىر ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئارقىغا ئۆرۈلدى.

— ئاۋۇ يەگە، نېمە گەپ؟

— يۇندىغا قانمىغانمىتىڭىز؟

— ماگاۋا، ھېلى بىكار، مۇشۇ خوتۇن خەق دېگەننىڭ پاتىڭىغا سېلىپ تۇرمىسا ئادەمنىڭ شىللىسىگە چىقىۋالىدۇ دەيمەن. مانىڭ يەنە قاراپ تۇرۇشىنى، — زاكىر ئىنتقا پوپوزا قىلغاندەك يەرگە ئېگىشىپ قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايالى تەرەپكە يوگوردى، زەيتۇن ئۇنىڭ خۇيىنى بىلگەچكە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئاشۇ ھاراقنىڭ بېشىغا چىقمىغىنىنى كۆرەي، — زەيتۇننىڭ كوتۇلدىشىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

دىجورنىخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرغان قادىر كۆك كۆز بېشىنى چىقىرىپ زاكىرغا قارىدى.

— قولۇڭدىكى نېمە ئۇ، زاكىر؟

— قولۇمدىكىما، — زاكىر قولىدىكى بىر تۇتام چىرىپ كەتكەن غازاڭنى كۆرۈپ يەرگە تاشلىۋەتتى، قادىر كۆك كۆز كۈلۈپ كەتتى.

— بىز بارغۇ، كۆك كۆز، خوتۇن دېگەننى يىپ قىلىۋېتىمىز دەيمەن، — زاكىرنىڭ بۇ گېپىگە قادىر كۆك كۆز ئاۋاز قوشمىدى، زاكىر دىمىقىدا غىڭشىپ يۈرۈپ كەتتى.

قادىر كۆك كۆز قوينىنىڭ مېيىدەك پىشقان كاللىنى قۇرت يېگەندەك ئاقلىۋەتتى، مېڭىسىنى چېقىپ قېتىقىنى قىسقا، توم بارمىقى بىلەن كولاپ پاك-پاكىز يېدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان تەرلەر كۆزىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قولىنى گېزىت بىلەن ئېرتىۋىدى، گېزىت پارچىلىرى قوللىرىغا چاپلىشىۋالدى، تۇرۇبا جومىكىنى ئېچىپ قولىنى يۇيۇۋىدى، قەغەز پارچىلىرى چىقىپ كەتكەن بىلەن ياغ چىقىپ كەتمىدى، قولىدىكى ياغنى يۈزىگە سۈرتىۋېتىپ، مىشقىرىدى.

— نېمانداق قاتتىق مىشقىرىسىنوي؟ بۇرۇن تومۇرلىرىڭ يېرىلىپ

كەتمىسۇن، ــــ قادىر كۆك كۆز پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى، سادىق قىلتىرىق ئۇنىڭ ئالدىدا قوغۇنلىقتا قاداپ قويغان قارانچۇقتەك، ئۇستىخىنىغا ياراشمىغان بىر خىل قىياپەتتە گىدىيىپ تۇراتتى.

ــــ هە سادىقكا، بۇگۈن ئىشىڭ كاتتا ئوخشىمامدۇ؟

ــــ قارا پاقلاننىڭ گۆشىدىن ئىككى پارچىنى تاق سوقتۇق دېگىنە ئۇكا، ــــ يەنە تېخى« پارىژ كوچىسى» غا بېرىپ هاياتنىڭ پەيزىنى سۈردۇم قارا، هەربىي رايوننىڭ مۇنچىخانىسىدا يۇيۇنۇپ كەلدىم، بېشىمدىكى هۆلچىلىك قۇرۇمىدى، قارىغىنە، ــــ سادىق قىلتىرىقنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قالغانىدى.

ــــ سەندە ئۇنداق ئىش نېمە قىلىدۇ، دەيمەن، ئاتە دېسە شۇنداقمۇ ئاتامسەن پو دېگەننى، ئۆتكەن ـ كەچكەنگە قارىۋالدىم دېگىنە، هېلىقى ئىچكىرىلىق تېۋىپنىڭ بازىرى ياخشى ئوخشىمامدۇ؟

ــــ ۋاي، كۈندىن ـ كۈنگە ئادەملەر ئاۋۇۋاتىدۇ، هەممە ئادەم شۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، ئاشۇ تېۋىپ كەلگەندىن بېرى بۇ شەهەردە هەممە ئادەم كېسەلدەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

ــــ هەي، سادىقكا، ئۇ تېۋىپلىك راست يامانمۇ؟ بىرەر كېسەلنى ساقايتىپ باقتىمۇ؟

ــــ ئۇ تېۋىپ ئەۋلىيا تېۋىپ دەيمەن، تونۇگۈن كەلگەنلەر، بۈگۈنمۇ كېلىۋاتىدۇ. كېسىلىمنى تېپىۋالدى، دورىسى پايدا قىلدى دەپ، ئۇ پۇلنى ئۇسسۇۋاتىدۇ.

ــــ ئىش هەققىڭ يەنىلا 50 سومما؟

ــــ باشقىلارغا دەپ يۈرمە ئۇكا، 80 سوم، ئاۋۇ پور كۆتەك ئايالغا تاپشۇرىدىغىنىم 30 سوم، 50 سومنى ۋاچىلىدىتىپ خەجلەۋاتىمەن دەيمەن.

ــــ بۈگۈن ساڭا چوقۇم ياخشى كۈن بوق، سانىخان قاپىقنى تۈرۈپلا

ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۆيدىن قوغلايدۇ سېنى، بۇگۇن مەن بىلەن مۇشۇ دىجورنىخانىدا ياتامسەن تېخى، — سادىق قىلتىرىق قادىر كۆك كۆزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گېلىغا سۆڭەك پارچىسى تۇرۇپ قالغاندەك ھېق تارتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ماڭ يوقۇل، ئاستا ئۆيۈڭگە كىرىۋال!

سادىق قىلتىرىق يەنە بىر چىكوك تارتىپ ئېغىز - بۇرنىنى پاكىز سۈرتۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

توختىنىڭ ئىدارىسى بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئىدارىغا ئوخشمايلا قالدى، «چىگرا سودىسى» شاملى بورانغا ئايلاندى. زامانباي بىلەن شياۋلىزا توختىماي يىغىن ئېچىپ، ئىدارىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بىراقلا باي بولۇشنىڭ شېرىن چۈشىگە غەرق قىلدى، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۆركۈمدە قىرغىزىستانغا سودىغا چىقىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى تۈرغۈزۈپ ئىشخانا بىناسىنىڭ كارىدورىدىكى قارا دوسكىغا چاپلاپ قويدى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىدارىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كارىدور ئىچىگە پاتماي، قارا دوسكىدىكى ئىسىملىكلەرنى ئوقۇشىۋاتاتتى. توختى ئىشخانا بىناسىنىڭ كارىدورىغا كىرىپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتتى-دە، ھېچنېمىگە قارىماي پەشتاق تەرەپكە ماڭدى.

— ھەي، توختى، سەنمۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى بولغاندىكىن، ئاۋۇ قارا دوسكىدىكى ئىسىملىكلەرنى ئوقۇپ قوي، — رەشىدە ئۇنىڭ ئالدىنى توردى.

— ۋاقتىمنى بىكار زايە قىلىدىغانغا ساراڭمۇ مەن.

— تۆگىمەيدىغان نېمە مۇھىم ئىشىڭ باردۇ سېنىڭ؟ ئىشخاناڭغا كىرىۋېلىپ سىبىسق موخۇركاڭنى چېكىپ ئولتۇرىسەن تايىنلىق.

— ئۇ تىزىملىكنى ئوقۇغاندىن زەھەر يېگەن ياخشى ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭ جوگۇر، ئىشخاناڭغا چىقىپ زەھەر يە، — رەشىدە ئۇنىڭ يولىنى بوشاتتى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ياندىن پايلاپ تۇرغان تۇرسۇن كۆيدۈرگە بېشىدىكى قارا تور شلەپىسىنى

ئېلىپ رەشىدەنىڭ قېشىغا كەلدى، توختى ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى.
— خېنىم، ياش بالىغا ئۆزۈڭنى سۇگاپ ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ.
— ئۆزلىرىگە سۇگىسام بولامتى ئەمىسە، غوجام؟
— ئەسلى سۇگايدىغان ئادەم بىز، ياش دېگەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلەمتى.
— ئۆتەپ باراۋا قېرى، ھېلى بىكار چاۋاڭنى چىتقا يېيىۋەتمەي، — كارىدوردا ئادەم جىقلىقىدىنمۇ تۇرسۇن كۆيدۈرگە رەشىدە بىلەن دېيىشىپ كەتمىدى، چاندۇرمايلا كەينىگە قايرىلىپ ئادەملەر توپىغا قىسىلىۋالدى، رەشىدەنىڭ ئەتىگەندىلا مېڭىسى قوداڭشىغانىدى. ماۋۇ رەزگە نەدە كۆرسە شىلتىڭ ئاتىدۇ، خەپ توختاپ تۇر، — رەشىدە شۇنداق دەپ توختى ماڭغان پەشتاقتىن مېڭىپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە قارا دوسكا ئالدىغا كېلىپ تىزىملىكنى ئوقۇدى.
— پورداقچىلىرىنى تىزىۋاپتىغۇ، پورداقچىلىق قىلغان ئادەم تىجارەتنى قانداق بىلسۇن، ئەسلىدە مەقسەت باشقا ئىكەن ـ دە.
تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بولدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر قاشتا تۇرىدىغان تەلئەت قۇرت ھەممە ئىشقا يامىشىپلا تۇرىدىغان يۈزى قېلىن، ئوڭ كاچىتىغا بىرنى قويۇپ، ئون سوملۇقتىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويسا ماقۇل دەيدىغان مىجەزى بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇنى قۇرت دەيتتى. ئۇ تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ يېنىغا كەلدى.
— تۇرسۇن ئاكا، تىزىملىككە قاراپ كۈلۈپ كەتتىڭىزغۇ.
— ھەي... تەلئەت، كۈلكىلىك تۇرسا كۈلمەمتىم، ئاۋۇ تىزىملىكتىكىلەر تىجارەت قىلالامدۇ، بىر ئوچۇم پورداقچىلارنى تىزىۋاپتىغۇ، مۇشۇ ئىدارىدىن لاۋتاڭ كەتكەندىن بۇيان تۈزۈكرەك ئادەم چىقمىدى، بىرنى بارغۇ ئاشۇ ئادەم مۇدىر قىلىپ ئۆستۈرگەن، ئۇ كەتكىلى 10 يىلدىن ئاشتى، بىر ئوچۇم گۆش باشلارنىڭ قولىغا قالدۇقمۇ نېمە؟ ماۋۇ تىزىملىكتىكى ئادەملەرنى كۆردۈڭمۇ؟ — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ بۇرنى يېنىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان مېڭى لىكىلداپ كەتتى، چىقىر كۆزىدىمۇ

بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇس ھاسىل بولدى.
— ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ دېگەن زامان ـ دە.
— ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ، ھەممە ئىشنىڭ سورىقى بار، گوڭسەنداڭ تېخى بىر يەرگە كەتمىدى، تەلئەت، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قىلىۋاتاتتى.
— ماۋۇ پوق قورساق ھاشىمەك قانداق سودا قىلالايدۇ دەيمەن، تووۋا، تووۋا، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ياقىلىرىنى تۇتتى، كارنىيى سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
— سەن قىلالامتىڭ؟! — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازنى تۇرسۇن كۆيدۈرگە تونۇدى، سېمىز، ئۇستىخانلىق، تۇرقىدىن پالۋانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، ئەمما كالىدەك سەمرىپ كەتكەن ھاشىم ئۇنىڭ كۆزىگە مىقتەك قادىلىپ تۇراتتى، چىرايىمۇ غەزەپتىن پۇرلىشىپ بوغۇم ـ بوغۇم بولۇپ كەتكەنىدى، — گەپ قىلە! نەدە بولسا كۆيدۈرگىلىكلا قىلىپ يۈرەمسەن؟ ھاشىمنىڭ چىرايى قانسىراتقان ئۆپكىدەك بولۇپ، بەدىنى دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، گەپ قىلالماي قالدى، گەپ قىلاي دېسە، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئۆزىنى ھاشىمدىن قاچۇرۇپ جىم تۇرۇۋالدى، تەلئەت سويما باش بولغاچقا ئادەملەر ئارىسىدا سۇغا چۆككەندەك غايىب بولغان چۈمگەكتەك يوقالدى، — يەنە ئاشۇنداق گەپ قىلىپ يۈرىدىكەنسەن، كۆرگۈلىكىڭنى كۆرسىتىمەن، ھوشىڭنى بىلىپ يۈر، — ھاشىمنىڭ ئاچچىقى يانغانىدى، ياندا ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان زەينەپ ھاشىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھاي بەردى.
— بولدى ھاشىم نوچى، تۇرسۇن ئاكام ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ غىپپىدە يوقالدى، ئەمدى بولدى.
— بۇ سولامچىنى بىر جايلىمىسام.
— ماۋۇ گەپ بولمىدى، مەدەنىيەتلىك ئورۇندا ئىشلەۋاتقان ئادەم ئېغىزنى مۇشۇنداقمۇ بۇزغان بارمۇ؟ — زەينەپ شۇنداق دەپ ھاشىمنى

باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ماتېرىيال بۆلۈمىدىكى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. زەينەپ بىلەن ھاشىمنىڭ كەينىدە خېلى گەپ بار ئىدى. ھاشىم زەينەپنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇ ھەربىيلىكتىن قايتىپ، دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزۈپ، بۇ ئىدارىغا مۇخبىر بولۇپ خىزمەتكە چۈشكەننىدى، شۇ چاغلاردا ھاشىم كېلىشكەن، سۇباتلىق يىگىت ئىدى، زەينەپ ھاشىمغا كۆيەتتى. ھاشىم تۇيۇقسىزلا سەمرىپ، خالا - خۇتا بولۇۋالدى، زەينەپ كېيىن ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تارتتى، شۇنداقتىمۇ ھاشىمنىڭ ئايالى زەينەپنى بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن چاچلىشىپ كەتكەننىدى. زەينەپ شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىم بىلەن ئانچە پاراڭلىشىپمۇ كەتمەيدىغان بولدى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئەرلىك جاسارىتىنى قايتا كۆرگەندەك بولۇپ، تىنىپ كەتكەن ھېسسىياتى ئويغىنىپ كەتتىمۇ ياكى تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ھاشىمنى توستى.

توختى ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ مەيدىسى ئېچىشىپ يۆتىلى قىستىدى. ئۇ تاماكىدىن ئۈلاپ - ئۈلاپ چېكىپ مەيدىسىدە ئۇيۇۋالغان بەلغەملەرنى تۈكۈرۈۋېتىشكە باشلىدى.

— ئەتىگەندىلا بەش مىنۇت يىغىن ئېچىۋالايلى، ئىشخانامغا كىرىڭلار، — بۆلۈم باشلىقى ئاسپىجاننىڭ سىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. توختى ئېغىزىدىكى خەلپىكىنى سۇخانىغا كىرىپ تۈكۈرۈپ، تۇرۇبا سۈيى بىلەن ئېغىزىنى چايقاپ، ئۇدۇل ئاسپىجاننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— بەش مىنۇت ۋاقتىڭلارنى ئالىمەن، بۈگۈن چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆردۈڭلار، ئىدارە پارتكومى بىر نەچچە كۈن يىغىن ئېچىپ ئاشۇ تىزىملىكتىكى نامزاتلارنى بېكىتتى.

— ئاسىپ مۇدىر سىزنىڭمۇ ئىسمىڭىز بار ئىكەن، — تەلئەت قۇرت گەپ قىستۇرۇپ قويدى.

— شۇنداق، مەن ئىككىنچى تۈركۈمدە چىقىدىغانلارنىڭ قاتارىدا قاراڭلار، بىز ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى پاي قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىشنى

ئويلاشتۇق، ھەممىمىزنىڭ بانكىدا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇللىرىمىز بار، شۇڭا بانكىدىكى پۇللارنى ئېلىپ پاي قوشساق، ئۇنىڭ پايدىسى ئۆزىمىزگە بولىدۇ، پايغا قاراپ، پايدىنى تەقسىم قىلىمىز.
— پايدا بولماي زىيان بولسىچۇ، — بىر چەتتە ئولتۇرغان تۇختى توككىدە گەپ قىستۇردى.
— زىيان تارتمايمىز، بىز ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلغانىدۇق، ھازىر مەركىزىي ھۆكۈمەت سەنشىيا قۇرۇلۇشىنى باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، قىرغىزىستاندىن توپا توشۇيدىغان موللاقچى ماشىنىدىن كىرگۈزسەك ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدىكەن.
— باشلىمىغان قۇرۇلۇشقا توپا توشۇيدىغان ماشىنىنى كىم ئالىدۇ؟
— مەن گېپىمنى دەپ بولغۇچە بىردەم جىم بولە تۇختى، — ئاسىپجان شۇنداق دەپ ۋىللىدە قىزاردى، ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئۇچىمۇ تەرلىدى، ئاسىپجاننىڭ سەللا روھىي ھالىتى چېچىلسا، تىلى ئىششىپ، ئېغىزىدىن گەپ قاچاتتى، «شى» نى «سى» گە ئۆزگەرتىۋېتەتتى.
— زىياننى ئويلاشمايدىغان تىجارەتمۇ بولامدۇ؟ قىزىق گەپقۇ بۇ، توخۇغا دان چاچقاندەك بەرگەن ئۈچ - تۆت تال مائاشىمىزنى تېجەپ، بەزىدە چىشىمىزنىڭ كىرىنى يالاپ، بانكىغا يىغىپ قويغان تۆت تال پۇلنى خەتىرى جىق بولغان، يەنە كېلىپ تىجارەت ئېڭى يېتىلمىگەنلەرگە ئالە دەپ بېرىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟
— تىجارەتنى قىلماي تۇرۇپ قانداق ئاڭ يېتىلىدۇ؟
— توغرا، قىلمىغان تىجارەتنىڭ پايدا ئېلىشقا ھۆددە قىلالايدىغان ئىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ؟ بىزنى ماۋۇ ئىدارىدىكىلەر ئۆزىدەك گۆش باش كۆرمىسۇن.
— تېخى ساڭا ھېچكىم پاي قوش دېمىدىغۇ، خالىمىساڭ قوشمىساڭ بولىدى.
— چىشىڭلارغا تېگىدىغان ئىش بولسا، قىلمىساڭ بولدى دەيدىكەنسىلەر، ئىشىمىزنى قىلدۇرماي، يىغىن بار دەپ تۇۋلايسىلەر، پاقا تەشكەن

سويمىدەك قاراپ ئولتۇرۇپ «خوش - خوش» دەپ بەرسەك بولامتى؟ سودا دېگەندە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى قايىنتىدىغان ئىش يوق...

— ۋاي ئۇكام، ساڭا نېمىنى تاڭدۇق؟ ھەممە ئىشنىڭ تەتۈرىنىلا ئويلايدىكەنسەن، بولدى، سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي، پاي قوشىدىغانلار ئىختىيارىي پاي قوشساڭلار بولىدۇ، سودىمىزدا ئۈمىد بار.

— بىزگە نېمە سودا دەيمەن، بىر ئوبدان ئىشىمىز تۇرسا، يا بىر ئاچ - يالىڭاچ قالمىساق، سودا دېگەننى سودا ئورۇنلىرى قىلامدۇ، تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ سودا قىلغىنى نېمىسى، — توختى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزلەۋاتاتتى، ئاسىپجاننىڭ ئىشخانىسى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالدى.

— نېمە مەقسىتى باركىنە، ئادەمنىڭ كاللىسىنى قوچۇپ؟

— بولدى، گەپ تۈگىدى، چىقىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى ئاسىپجان.

ھەممەيلەن ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى، توختىمۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشكنى جەھلى بىلەن ياپتى، ھەممەيلەن ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇشۇپ پاي توغرۇلۇق كۇسۇرلاشتى. توختىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان غۇلام بىر دەم ئولتۇرۇپ چاندۇرماي باشقا ئىشخانىغا چىقىپ، كوتۇلداشلارغا ئارىلاشتى، توختى يالغۇز قالدى.

— سودىنى ئويۇن قاتارىدا، بىزنى قونچاق قاتارىدا كۆرىدىكەن-دە تېخى، مۇشۇ يەردىلا بولىدىكەنمەن يىغلىمىغىنىڭنى كۆرەي، — توختى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ئولتۇرۇۋىدى، رەشىدە ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ توختىغا قارىدى.

— جۇدۇنىڭ ياندىما؟ — توختى ئۇنى كۆرۈپ تاماكا تۇتاشتۇردى.

— تولا چېكىۋەرمە، ئۆپكەڭ قالمايدۇ، ئەتىگەن ئۆپكەڭنى كۆچۈك يەۋالغاندەك يۆتىلەۋاتىسەن بولمىسا.

— تولا بىلەرمەنلىك قىلماي كىرە، — توختى قولىدىكى تاماكىنى ئاچچىق شوراپ، ئىغىزىدىن تۈتۈننى پۇرقىرىتىپ چىقاردى، رەشىدە

توختىنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.
— كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان گەپ بولسا دە، بولمىسا كەشىگنى توغرىلاپ ئاۋۇ يەر بىلەن چىقىپ كەت.
— بۇ دۇنيادا سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاچىدىغان بىرەر گەپ تېخى پەيدا بولمىدىمىكىن دەيمەن، يەنە ئەتىگەندىلا ۋارقىرىشىپ كەتتىڭغۇ.
— مەن ساڭا نېمە دېدىم، ۋارقىراشقانىڭ گېپىنى قىلما دەيمەن.
— گەپ دېگەن شۇنداق باشلانمىسا قانداق چىقىدۇ، توختەك، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن دەپ بىر ـ بىرىگە يۆگەيدىغان گەپ، كۆڭلۈڭنى ئاچىدىغان گەپنى ئۆزۈڭ تېپىۋالساڭ بولمىدىمۇ، يا مەن بىر ئارتىس بولمىسام.
— ئارتىس بولساڭ بوپتىكەن، — توختى شۇنداق دەپ كۈلدى، رەشىدەمۇ توختىنىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ ئازادىلىك ھېس قىلدى.
— توۋا، توۋا، ساڭا دېمىسەم زادى كۆڭلۈم ئۇنىمىدى بۇ گەپنى. رەشىدە شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ تەلئەت قۇرت كىردى.
— ماۋۇ ماقالىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىڭە، — تەلئەت قۇرت بىر تۇتام ئارگىنالنى توختىنىڭ ئالدىغا قويدى، توختى ئۇنىڭ قويغان ئارگىنالىغا قاراپمۇ قويماي رەشىدەگە قاراپ ئولتۇراتتى، تەلئەت قۇرت كەينىگە بىر قارىۋېتىپ ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى پۈتى بىلەن ياپتى.
— كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ قىلدىڭىز جۇمۇ، توختى، سىزدەك ئادەمدىن ئىدارىمىزدا يەنە بىر نەچچىسى بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئىشلار باشقىچە بولۇپ كېتەتتى، ھۆكۈمەت مائاشىمىزنى ئايمۇ ئاي ئۆكسۈتمەي بېرىۋاتسا، نېمە پاراكەندىچىلىك بۇ، بىر ئۇبدان ئىشلارنى ئوماچلا قىلىۋېتىشتى، — تەلئەت قۇرت ناھايىتى دىققەت بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.
— سىزنىڭ ئەمىلىگىز بولغاندىكىن گەپ قىلسىڭىز بولىدۇ، پۇقرا دېگەن ھەر قانچە گەپ قىلسىمۇ تو يېمەيدۇ، — رەشىدە كۆزلىرىنى ئەلەگلىتىپ تەلئەت قۇرتقا قارىدى.
— بىزدە قانچىلىك ئەمەل بار، رەشىدىخان؟ — تەلئەت قۇرت ئوڭ قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ، بىزەڭلىك بىلەن رەشىدەگە قاراپ ئالتۇن

چىشىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، توختى گەپمۇ قىلماي بۇرۇنقىدەكلا ئولتۇرۇۋەردى. تەلئەت قۇرت قىلىق چىقىرىپ رەشىدەنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، رەشىدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— تېتىقسىزلاشماي يولىڭىزغا مېڭىڭە، ھېلى يېلىڭىز چىقىپ كېتىدۇ، ھالىڭغا بېقىپ ھال، خالتاڭغا بېقىپ مال تاپ دېگەن گەپ بار، تولا تاغاق چىقارماي، يۇمشاق قۇرتنەك پىتىرلىماي ئىشلىرىنى قىلسىلا.

تەلئەت قۇرت قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ھېجايغىنىچە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ توختىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى، رەشىدەنىڭ كەيپى تازا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— تۇتۇۋالسا نېمە بولاتتى؟ ئەجەب ئىغىر تىگىپ كەتتىڭا؟ — توختى رەشىدەنىڭ چىشىغا تىگىپ كۈلدى.

— ھوي غوجام، تۇتۇپ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئادەمگە بولاپتۇ دېگۈلۈك.

— سىزنىڭ ھۆددەڭدىن چىقماق راست مۈشكۈل جۇمۇ، ھېلىقى نېشەخور ئېرىڭ بىلەن بولۇشۇۋالساڭمۇ بولاتتى، نېمە بولسا خوتۇن خەق ئۈچۈن ئەر دېگەن چوڭ قورغان ئەمەسمۇ.

— تولا نېرۋامنى قوچىمىغىنە، توختى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون يىل ئۆي تۇتۇپ چىداپ كەلدىم، ئادەم دېگەن كۈندىن-كۈنگە يوغىنايدىكەن، بۇرۇنقىدەك بولاپتۇ يا، بۈگۈن ئوڭشالمىسا، ئەتە تۈزۈلۈپ قالار دەپ كەلگەچكە، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، ھازىر مەن شۇنداق ئازادە، ئەر دېگەن ئاشۇنداق بولسا، ئەرگە تېگىمەن دەمدىغان، بولدى، باشقا گەپنى قىلىشىلى.

— ئۇنىڭدىن ئىككى بالاڭ تۇرسا، بالا دېگەن ئاتىغا موھتاج بولىدۇ.

— بۇرۇن شۇنداق دەپ ئۇرۇپ-سوقۇپ يۈرسىمۇ چىشىمنى چىشلەپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقان ئىدىم، ۋاي ئىسىمنى چاچماي باشقا گەپ قىلغىنە.

— بەڭ چەككەن ئادەمدىن ئايالى ئايرىلالمايدۇ دەپ ئاڭلىغان، بۇ

قانداق گەپ ئەمدى؟

— قانداق گەپ بولىتى؟ مانا مۇشۇنداق گەپ، — رەشىدە توختىغا قولىنى كۆرسىتىپ بىر خىل قىلىۋەتتى، توختى ئۇنىڭ قول ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلدى، رەشىدەمۇ توختىغا ئەگىشىپ كۈلدى.

— قارا توختى، بوگۈن ئەتىگەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشنى ساڭا دەپ كۆڭلۈمنى بوشىتىۋالاي دەيمەن، — رەشىدە بارماقلىرى قىسقا قولى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى.

— دەۋەر، مەن ئاڭلاۋاتىمەن.

— ئاۋۇ ئالدىڭدىكى بىر نەرسىدىن كۆزۈڭنى تارتقىنە بىر دەم.

— ھە، مانا، — توختى تەلئەت قۇرت ئېلىپ كىرگەن ئارگىنالارنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى.

— توۋا، توۋا، ھېلىقى قېرى بۇزۇقنىڭ ئىشىنى دەيمەن.

— قايسى قېرى بۇزۇقنىڭ؟

— قايسى قېرى بۇزۇق بولاتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭچۇ. سەن ئىشخانىغا چىقىپ كەتكەندە ئۇ ئالدىمنى توسۇۋېلىپ پوخۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ.

— نېمە دەپ؟

— «ئۇكام، ياشلارغا ئۆزىڭىزنى سۇگاپ كەتتىڭىزغۇ، ياشلار ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، مانا بىز بىلىمىز» دەيدۇ، كارىدۇردا ئادەم جىق بولۇپ قالدى، بولمىسا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىۋېتەتتىم، چېقىر كۆز كۆيدۈرگىنىڭ، ھېلىمۇ تازا دېۋالدىم.

— بوش كەلمەيسەن.

— ئۇنىڭغا قۇيرۇقىمنى تۇتقۇزۇپ قويسام چوڭ بالاغا قالغىنىم شۇ، توختى، ھە دەپ قويدۇممۇ قۇتۇلالمايمەن.

— تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنىرى بار دەڭ.

— ئۇچىغا چىققان بىرنېمە ئۇ، زاۋۇتنىڭ باشلىقلىقىدىن بىكار ئېلىنىپ كەتمىگەن.

— ئۇ زاۋۇتتىمۇ ئىشلىگەنمۇ؟
— ئۇ بۇرۇن زاۋۇتنىڭ باشلىقتى، راست، بۇنى سەن بىلمەيسەن، ئۇ كۇئولەردە گېزىت ـ ماتېرىياللار ئاساسىي جەھەتتىن كېچىسى بېسىلاتتى، ئۇ بېسىش سېخىدىكى شىياۋخېنى كەچ بولۇپ كەتتى، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي دەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ، پاش بولۇپ قالغاچقا، زاۋۇتنىڭ باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلانغان.
— ھېلىقى پوم يۈز، يوغان كۆز ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن شىياۋخېمۇ؟
— ھەئە، ھەربىي ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن شىياۋخې، شىياۋخې ئۆزى رەھبەرلەرگە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇنى شەرمەندە قىلغان. ئۇنىڭ ئايالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوگدىسىغا چۈشۈپ قويالماي ھازىرغىچە پالەچ، ئىشتىنىغا سىيىپ ياتىدۇ، ھېچقىز توۋا قىلسا، بىر نېمىسى توۋا قىلماپتۇ دېگەن مۇشۇ ـ دە.
— ھەربىينىڭ خوتۇنى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپتىكەنمۇ؟
— مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرمەمدۇ، مەقسەتكە يېتەلمىگەن گەپ، ھەربىينىڭ خوتۇنىغا چېقىلغانلىق چوڭ جىنايەت بولىدىكەن ئەمەسمۇ. ساقلىنى قىرىپ تۇرغان بىلەن مەندىن يوغان قىزلىرى بار بۇ كۆيدۈرگىنىڭ، يېقىندىن بېرى راستىنىمى دېسەم يۈرىكىم ئېغىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، تۈن يېرىم بولغاندا دېرىزە تۈۋىدە بىر كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ، مىدىر ـ سىدىر قىلمايلا خېلى ۋاقىتقىچە تۇرىدۇ، ۋارقىراي دېسەم باللىرىم ئويغىنىپ قورقۇپ كېتەرمۇ دەيمەن، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم.
— سەندە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغان گەپ، يالغۇزچىلىق ئاشۇنداق قىلىپ قويىدۇ.
— يېنىمدا ئىككى بالام ياتسا، نېمە يالغۇزچىلىق ئۇ؟ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، تۈن كېچىدە ئاشۇ كۆلەڭگە، — توختى بۇ تۈن كېچىدىكى كۆلەڭگىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى.

— سىنىڭچە ئۇ كۆلەڭگە راستىنلا ئادەممىدۇ؟
— ئادەم بولماي نېمە بولاتتى؟
— ئىدارىمىزنىڭ ئورنى ئەسلىي كونا زاراتلىق ئىكەنغۇ.
— ھە، شۇنداق، مەن چوڭلاردىن ئاڭلىغان، قوي، ئادەمنى سۈر باستۇرۇپ، نېمە دەيدىغانسەن.
— ھەي ساراڭ، سىنىڭ ئۆيۈڭ چوقۇم ئۇلۇغ بىر ئادەمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.
— بولدى، بولدى، بۇ گەپنى ساڭا دېمىگەن بولاي، — رەشىدەنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — سەن ساراڭغا بۇ گەپنى نېمىشقا دېگەندىمەن، سەن ياتقان ياتاقمۇ زاراتلىققۇ، ساڭا نېمىشقا زاھىر بولمايدۇ، ئەمىسە.
— ماڭىمۇ سەندەك بولغۇچە، زاھىر بولار، — توختى كۈلۈپ كەتتى.
— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشنى ئويلايسەن، ئۇ چوقۇم بىرى، مەن ساڭا كىيىن دەپ بېرىمەن، — رەشىدەدىكى قورقۇنچ بىر دەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
— تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئايالى پالەچ بولۇپ قالدى-دە.
— ئىچى كۆچلۈك ئايال ئىكەن، بۇ زەربىنى كۆتۈرەلمىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئايالى پالەچ بولغاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋەردى، ئىدارىنىڭ ئالاقە بۆلۈمىگە مۇدىر قىلىپ قويدى، ئۇ بۆلۈمدە ئۆزۈڭ بىلىسەن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، يالغۇزچىلىقتا ھەر خىل، ھەر ياڭزا قىلتاقلارنى ئويلاپ چىقىدۇ دېگىنە.
— تۇرقىدىن قارىسا ھېچ ئۇنداق ئىش قىلىدىغاندەك ئەمەس.
— رەشىدە توختىنىڭ بۇ گېپىدىن كۈلدى.
— بۇ جۇۋاينىمەك كۆيدۈرگىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ يەنە بىر ئىشى بار دەيمەن. رەشىدە شۇنداق دەپ ياقىسىنى تۇتتى، ئېغىزنى پۈرۈپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ئۇڭ - سولىغا ھۈرۈپ قويدى.

توختى رەشىدەگە بۆلەكچىلا خىيالدا بولۇپ قېلىۋاتاتتى. رەشىدەنىڭ شاخ - شاخ، گەپ كۆتۈرۈشلۈكى، ئىغىرنىڭ ئىتتىكلىكى، ئىنكاسىنىڭمۇ باشقا خوتۇنلاردىن تېزلىكى توختىغا ياقاتتى. ئۇ كۆڭلىدە رەشىدەنى ئەركەكچىلىكى بار ھېسابلايتتى، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى، نېمە ئۈچۈن ئىچى ئاغرىيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مۇشۇ ئىدارىگە خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان خىزمەتداشلىرى ئىچىدە رەشىدە بىلەن چىقىشىپ ئۆتتى، ئۇنىڭدىن بۆلەكلىرى بىلەن قاراشلىرى سىغىشالمايتتى. ئۇ رەشىدەگە بۈگۈن باشقىچە قارىدى، ئۇنىڭ كىچىك كۆزىگە، يۈزىگە بىلىنەر - بىلىنمەي چۈشكەن سەپكۈنلەرگە، پاكار قىرلىق بۇرۇنلىرىغا قايتىدىن سەپسالدى.

— توختى، ماڭا بۆلەكچىلار قاراۋاتىسەنغۇ؟

— قارىغۇم كەلدى، مەن تولۇقسىزنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇغاندا، سەن تولۇقتا ئوقۇيتتىڭ-ھە.

— شۇنداققۇ دەيمەن، مېنى كۆرگەنمىتىڭ؟

— ھازىر ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

— مۇشۇ يەرلىرىڭدىن سېنى سارالڭ دەيمەن ئەمەسمۇ، — رەشىدە كىچىك كۆزىنى قىسىپ كۈلۈۋىدى چىرايى تارتىشىپ ئۆزىگە ئوخشىمايلا قالدى.

— سەن تولا كۈلۈۋەرمە، سەتلىشىپ ئادەمنىڭ قۇسقىسىنى كەلتۈرىدىكەنسەن.

— قۇسمىدىڭغۇ؟

— قورسىقىمدا قۇسقۇدەك بىر نەرسە يوق - تە، — توختى زورمۇ زور ھىجايدى.

— بۈگۈن ئەجەب مەكتەپتىكى ئىشلار ئېسىڭدىن كەچتىغۇ.

— ھەي، ئادەم ئەسلىي بىر ئۆمۈر ئوقۇسىلا ياخشىكەن.

— بىر ئۆمۈر ئوقۇغىلى بولمايدۇ - دە، — رەشىدەمۇ بوشاپ كەتتى.

— ئوقۇش پۈتكۈزگىچە نېمىگە ئالدىرىغان بولغىيتتىم دەيمەن، ھازىر ئاشۇلارنى ئويلىسام نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىمەن.
— ئادەم دېگەن ھەممىگە ئالدىرايدۇ، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ، تەقدىر شۇنداق بولسا كېرەك ئەسلى، — رەشىدەنىڭ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرى ئېسىدىن كەچتى.
— سەن ئوتتۇرا مەكتەپتىلا مۇھەببەت باغلىغان ئىدىڭ - ھە رەشىدەك؟ ھېلىقى نەلىك، چامغۇر تېرىيدىغان يەر، ۋاقۋاقلىق چاباش بىلەن كەچلىرى سۆرىشىپ يۈرگىنىڭنى ئۇچرىتىپ قالاتتىم.
— ۋاي، ياشلىق دېگەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھېكايىلىرى بولىدىكەن، بولدى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۇزماي....
— سەن ئاشۇ چاغدىلا بۇزۇلۇپ بولدۇڭمىكىن دەيمەن، ھازىر پەرەز قىلسام.
— ئۆتەپ بارە ساراڭ، ئۇ چاغلاردا ئۇنداق ئىش تولغۇل، سۆيۈشۈپمۇ باقمايتتۇق، كەچلىرى تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ تارتىشىپ يۈرۈيتتۇق، بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالساق، پۈتۈن ئەزايىمىزغا ئوت كېتەتتى، ئۈركۈپ، قورقۇپ ئىشتىنىمىزغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالاتتۇق، ھازىرقىدەك بىر كۆرۈشۈپلا بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئۇقۇپ قوي، توي كېچىسى قىز چىققان مەن، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە قىز چىقمىسا شۇ كېچىسىلا كەشمىزنى توغرىلايتتى.
— سەن بىر ئامال قىلىپ، ئېرىڭنى ئىشەندۈردىڭمىكىن دەيمەن.
— ھەي ساراڭ، ئۇ چاغدا ئەرنى ئىشەندۈرگىنىڭ بىلەن دوستلىرىنى ئىشەندۈرەلەمتىڭ؟ ... ئۇنىڭ ئۈستىگە يەڭگە بولغۇچىلارنىڭ ئەرنىڭ ئانىسىغا ھايالىق، ئېپپەتچان چىقتى دەيدىغان ئاساسلىرىچۇ تېخى؟
— ئىش قىلىپ سەن يامانتىڭ، ھېلىقى چاباشنى سەن تاشلىۋەتكەنغۇ.
— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلىسەن، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىپ.
— ئۇ چاباش بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالىدىغانسەن؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىدىم، ئۇمۇ مېنى ئىزدىمىدى.
— ئۇ مۇشۇ شەھەردىمۇ؟
— ھەئە.
— نېمىش قىلىدۇ؟
— چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتتى، دوقمۇش-دوقمۇشقا بىنا سېلىپ بېيىپ كەتتى.
— ئىچىڭ ئېچىشىدىغاندۇ؟
— ئىچىشقان بىلەن ئامال قانچە دېيسەن، ئۇنىڭغا قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى خۇدا كۆرسىتىۋاتىدۇ، تەقدىر دېگەن ھەر كىشىنىڭ مەيلىدە بولمايدىكەن، — رەشىدە بارغانچە بوشاپ كەتتى.
— سېنىڭمۇ پۇشايمانلىرىڭ كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ، رەشىدەك، — توختى ئۇنىڭ بوشاپ كەتكەن روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.
— ماۋۇ بالىنىڭ دادىسى سارالىڭ، مەن بىلەن توي قىلىپ نەچچە يىل ئۆتكەندە، چاباش بىلەن مۇھەببەت باغلىغىنىمنى نەدىن ئاڭلاپ قالدىكىن، مەست بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشلارنى سوراۋشتۇرۇپ، دومبالايدىغان بولۇۋالدى، ئۇ ئىشنىڭمۇ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدىم، ئۇ تىجارەت قىلىپ ئۇتتۇق قازانغاندىن كېيىن نورغۇن دومبا يېدىم، بالىنىڭ دادىسى ساراڭدىن «سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتامسەن، ئۇ ھازىر بېيىپ كەتتى، مەندىن تېنىۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ پۇلى بولغان بىلەن مېنىڭ ۋىجدانىم بار، ۋىجدان دېگەننى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ.....» دېگەندەك گەپلەرنى جىق ئاڭلىدىم. ۋاي، سۆزلىسەم گەپ تولا جۇمۇ.
— ئۇ چاباشنىڭ بايلىقى سېنى تاياققا قويۇپتۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بايلىقىدا ھەققىڭ بار ئىكەن، رەشىدەك، — توختى كۈلۈپ كەتتى.
— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسەن توختەك؟
— ئۇنى ئىزدەپ بېقىشنى ئويلاپ باقمىغىنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

— قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ ئىزدەيتتىم؟ مەن ئۇنىڭغا ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتقاندا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئويلىسام قورققۇم كېلىدۇ ھازىرمۇ.
— نېمە ئىش بولغان؟
— مەكتىپىمىزنىڭ بوزتاغنىڭ غەربىدە دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدىغۇ؟
— ھەئە، ئاچچىقتا.
— ئاچچىقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا 4-ئاي كىرىشكە نەچچە ھەپتە كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا ۋەزىپىمىز بار ئىدى. ئاشۇ يەردە بىز ئارازلىشىپ ئايرىلىپ كېتىشنى ئېيتسام، چاباش بىر پىچاقنى نەدىن تاپتى دېمەيسەن، بوغۇزلىۋەتكىلى تاسلا قالغان مېنى.
— نېمشقا ئارازلىشىپ قالغان ئىدىڭلار؟
— سەنغۇ بىر گەپنى زىغىرلاپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكىچە توختىمايسەن، نېمە بولاتتى، ئەينى يىللىرى ئۇرۇمچىدىن بىزنىڭ مەكتەپكە شامىل ئىسىملىك بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىككى يىللىق چېنىقىشقا چۈشكەنىدى.
— يادىمغا كەلدى، ھېلىقى ئۆزىنى پەردازلاپ يۈرۈيدىغان ئۇزۇن چاچ.
— ھەئە، شۇ، ئۇ بىزنىڭ سىنىپىنىڭ ۋاقىتلىق سىنىپ مۇدىرى بولدى، ئۇ سىنىپىمىزغا كىرىپلا مەن بىلەن چىقىشىپ قالدى، مەن پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە، بىكار ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپمۇ بەردىم، چاباش ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرگەنلىرىمنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا دائىم ئۇرۇش-جېدەل بولىدىغان بولدى، ئۇ ئاق يەردىن پۇتاق تېپىپ ئۇرۇشاتتى.
— خوتۇن خەق دېگەن ئاشۇنداق بولىدۇ ئەمەسمۇ، رەشىدەك، سەنمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن.
— مەن دەپ بەرگۈچە توختاپ تۇرمامسەن، چاباشنىڭ كۆڭلەمچىلىكى كۆڭۈلدىن- كۆڭۈلگە كۆچەيدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرۇشتىن

ئەنسىرەيدىغان ھەتتا قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇرۇنقىدەك شېرىن-شېكەر گەپلەر ئاللىبۇرۇن تۈگەپ كەتتى. ھېلىقى ۋاقىتلىق سىنىپ مۇدىرىمۇ چاباش بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدى، «سىزگە جاپا سېلىپ قوياۋاتىمەن، بولدى، مەن بىلەن كۆپ بىرگە بولماڭ» دېدى، مېنىڭمۇ پاتىڭىم قاتتىق بولغاچ، چاباشنىڭ جېنى چىقسۇن دېگەندەك قىلىپ، بىكار بولسىلا سىنىپ مۇدىرىنىڭ يانىغا كىرىۋالاتتىم. سىنىپ مۇدىرى نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن، تىلى يۇمشاق ئادەم ئىدى، ئۇ ماڭا نۇرغۇن غايىلەرنى ئاتا قىلغان. چوڭ شەھەردە چوڭ بولسا بولەكچى بولىدىكەن. ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، شۇنداق تاتلىق ئىدى، بارا-بارا ئۇنىڭ گەپلىرىنى خۇماردايدىغان بولۇپ قالدىم، ئاشۇ كۈنلەردە چاباش ئاچ قالغان بۆرىدەكلا بولۇپ قالدى، بۇرۇنقى ئەركىن - ئازادىلىكىمىزمۇ تۈگەپ كەتتى. باللارمۇ ئۇنى كۆرسىلا رەشىدە سىنىپ مۇدىرىغا كۆڭۈل ۋاپتۇ، ئۇ سىنىپ مۇدىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۈندە كەچتە تانسا ئوينايدىكەن... دېگەندەك گەپلەرنى دېيىشەتتى، چاباش قۇلىقىم ئاڭلىسۇن دەمدۇ ياكى ئىچى ئېچىشامدۇ، ئۇلاردىن نېرى تۇراتتى. سىنىپ مۇدىرى گىتار چالاتتى، ناخشىنىمۇ پەيزى ئېيتاتتى، ئانچە - مۇنچە ئۆزى چېلىپ مېنى ئۇسسۇلغا سالاتتى. راستىنى دېسەم، تانسىنىمۇ سىنىپ مۇدىرىدىن ئۆگىنىۋالغان. چاباش ئاخىر بولالماي سىنىپ مۇدىرىنىڭ يانىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپتۇ، ھەتتا ئىككىسى مۇشتلىشىپتۇ. سىنىپ مۇدىرى چاباشنى ئوبدان جايلاپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ، ئۇ شۇ چاغدا كۆزەينەك، ماسكا تارتىپ يۈرگەنىدى، باشقىلار سورىسا يىقىلىپ كەتتىم دەپ قويغان. ئۇلارنىڭ جېدەللەشكەنلىكىنى مەن كېيىن ئۇقۇپ قورقۇپ قالدىم. چاباش دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى، مەن شەھەرلىك كادىرنىڭ بالىسى بولغاچقا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلماسلىقى ئېنىق ئىدى، ئىككىمىزنىڭ ئىشنىڭ ئاخىر چىقمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ،

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ، ۋاقىت، پۇرسەت كۈتتۈم، ئۇ ماڭا گەپ قىلمايتتى، مېنى كۆرسە كۆرمەسكە سېلىپ كېتەتتى. سىنىپ مۇدىرى بىلەن مېنىڭ گەپلىرىم مەكتىپىمىزدە خېلى غۇلغۇلا قوزغىدى، مەكتەپ تەربىيە ئىشخانىسىدىكى پاكار مۇئەللىم مېنى چاقىرتىپ سىنىپ مۇدىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىمنى سورىدى، مەن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغانلىقىمىزنى ئېيتتىم، بۇلارنى ئېيتىپ يىغلاپ كۆزلىرىم قىزىرىپ كەتكەن. ئەخلاق مۇئەللىمى سىنىپ مۇدىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپتىكەن، شۇنىڭدىن تارتىپ مەكتەپتە ھەممەيلەن مېنى كۆرسە كۇسۇلدىشىدىغان، كۈلۈشىدىغان بولۇۋالدى، مەن كىمنى كۆرسەم ئۈركۈيتتىم، نەدە ئادەم توپلىشىپ پاراڭلاشسا، مەن توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتقاندىمۇ دەپ گۇمانلىنىدىغان بولدۇم، كەچلىرى تولا ئويلاپ ئۇيقۇممۇ كېمىيىپ كەتتى، گېلىمدىنمۇ غىزا ئۆتمىدى، ئورۇقلاپ كەتتىم، ئىچىم غەم-ئەندىشىگە تولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپ مۇدىرىنىڭ ياتىقىغىمۇ ئاياغ باسمىدىم، ھەتتا سىنىپ مۇدىرى چاقىرتىسىمۇ باھانە كۆرسىتىپ كىرمىدىم. چاباش كۈندىن-كۈنگە كۆزۈمگە سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولدى. ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويسا يۈرىكىم جايىدىن قوزغىلىپ كېتەتتى، راستىنى دېسەم، ئەڭ چوڭ تەھدىت ئاستىدا قالغانىدىم، باشقا ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم رەشىدە دەپ تووۋلاپ سالسا چۆچۈپ كېتەتتىم. ئوقۇشىمۇ پۈتەي دەپ قېلىۋاتاتتى، دەرسلەر كاللامدىن ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپ كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەيدىغانلىقىم يۈزدە يۈز كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، ئۆتەلمىسەم ئۆتەلمەسمەن، كىم ئاچ - يالىڭاچ قاپتىكەن، دادام بىلەن ئانام ھايات بولغاندىكىن نېمىدىن ئەنسىرەيمەن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دېگەن يەرگە كەلدىم، كۆڭلۈمدىكى ئەندىشىلەر بارا - بارا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانمىتى دېگەن خىيالنى ئاشۇ يىللىرى

ئويلىغانىدىم، كۆڭلۈم يورۇشقا باشلىدى، تىنىمگىمۇ ماغدۇر كىردى، غەم- ئەندىشە باسقان چىرايىممۇ ئوگىشلىپ قالدى، چاباش كۈندىن- كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ، مۇگچان، خىيالچان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۆزمەنلىكىمۇ، شوخلۇقىمۇ قالمىغانىدى، ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىمنى ئوبدان بىلەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام ئارىمىزدىكى ئۇقۇشماسلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتسەم دەيتتىم، شۇنچە قىلساممۇ ئۆزۈمدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇدەك جۈرئەتنىڭ بارلىقىغا كۆزۈم يەتمىدى، ئاخىر ئۇ كۈنمۇ كەلدى.

رەشىدە سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئاز توختىۋالدى، توختى ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ رەشىدەنىڭ ھىكايىسىغا ئوگچە كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ توختىغاندا توختىنىڭ جىددىيچىلىكى چىرايىغا تەپتى. رەشىدە ئۇسساپ كەتكەنىدى، ئورنىدىن قوپۇۋىدى، توختى تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

— ئورنىڭدىن قوپتۇڭغۇ، ئاخىرنى دېمەمسەم.

— مەن مىس كاناي ئەمەس، ئۇسساپ كەتتىم، ئازراق چاي ئىچىۋالاي.

— مانا ماۋۇ سوغۇق چاينى ئىچ، — توختى ئالدىدىكى سوغۇق چاي بار كۇرۇشكىنى ئۇنىڭغا بەردى، رەشىدە كۇرۇشكىنى توختىنىڭ قولىدىن ئېلىپلا چاينى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— بۈگۈن مېنى مېھمان قىلىسەن، توختى.

— ۋاي، مېھمان قىلىمەن، چاپسان گېپىڭنىڭ ئايىغىنى دە.

— يېنىۋالمايسەن ـ ھە.

— ۋاي بولىدۇ، قاچان يېنىۋالغان.

— بۇرۇنقىدەك ما پۇلنى ئۆزۈڭلار خەجلەپ كېلىڭلار دەپ ئۆزۈڭنى قاچۇرمايسەن، مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيسەن.

— ماقۇل، سەن دېگەندەك بولسۇن.

رەشىدە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاچچىقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىر ھەپتە ئىشلەيدىغان بولدۇق، مەكتىپىمىزنىڭ ئاشپەزلىرى، مەكتەپ مۇدىرىمىز ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى ئۈچ سىنىپنىڭ باللىرىنى باشلاپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چىقتى، ھەممىمىز يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى ئېلىۋالغانىدۇق، ئاشۇ يەردە بىر ھەپتە كىرمەي ئەمگەك قىلىدىغان بولدۇق. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىرىنچى كۈن شۇنداق مەنىلىك ۋە تىنىچ ئۆتتى، ئىككىنچى كۈنمۇ شۇنداق ئۆتتى، شۇنداق ۋاقىتتا ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش خىيالىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئالدىرىدىم، ئۈچىنچى كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان «بۈگۈن كەچتە سەن بىلەن كۆرۈشىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى باغاقچىنى چاباشقا بەردىم، چاباش باغاقچىنى ئېلىپ ماڭا قاراپمۇ قويماي رېزىنكە پالاستىن ۋاقىتلىق ياسالغان ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. قىز ساۋاقداشلىرىم ئۇخلاپ قالغاندا مەن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تالاغا چىقتىم، تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، گۈر-گۈر شامال ئادەمگە خۇشياقاتتى، تەڭگە تاغدىن كەلگەن سۇ بوغۇز دەرياسىنى قۇچاقلاپ شارىلداپ ئاقاتتى. بوغۇز دەرياسىنىڭ چىرايلىق ئېقىنى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇيان-بۇيان قارىۋېتىپ دەريا تەرەپتىكى قويۇق ئورمانلىق تۈۋىگە كەلگەندە، ئارقامدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان بىر تىۋىش قۇلىقىمغا كىردى، ئىتتىك ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قاراپ ئاي يورۇقىدا چاباشنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدىم، يۈرىكىم نېمىشقىدۇر ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. تۇرغان جايىمدا يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى تەڭشەشكە تىرىشتىم، ئاياغ تىۋىشى بارغانچە يېقىنلىشىۋاتاتتى، مەن ئورمان ئىچىگە كىرىپ تۇرۇشنى توغرا تېپىپ توختىغان قەدەملىرىمنى ھەرىكەتلەندۈردۈم، ئورمان ئىچىگە كىرىپ، ئاي يورۇقىدا كىچىك ئېقىننىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدىم. چاباشمۇ يېتىپ كېلىپ، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى، چاباش بىلەن ئىككىمىزنىڭ تىنىقى ئاڭلىناتتى، يۈرىكىم مېنىڭ ئەمەستەك گۈپۈلدەپ سالاتتى، تىلىم ئىششىپ ئېغىزىمغا پاتماي قالدى،

چاباش يەردىن بېشىنى ئۆزمەي ئولتۇراتتى.
— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى ئوچۇق قىلىۋېتىلى، — ئىچىمدە مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى نەچچە قېتىم يادلىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم، ئاخىر ئېغىزىمدىن چىقتى.
— سەن مەندىن چانماقچىمۇ؟
— ئويلاپ باقسام ئىككىمىزنىڭ ئىشى زادىلا قاملاشمايدىكەن.
— نېمىشقا قاملاشمايدۇ؟ ھېلىقى يۈز مېيى پۇرايدىغان شىماللىق زەيپانىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ، شۇڭا مەندىن چېنىۋاتىسەن.
— نېمىشقا يوقىلاڭ خىيالدا بولىسەن دېيمەن، ئۇ دېگەن ئوقۇتقۇچى، مەن دېگەن ئوقۇغۇچى.
— تولا خۇپسەنلىك قىلما، ئۇقۇپ قال، ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، ھەر ئىككىلەڭ ياخشى كۈن كۆرمەيسەن.
— ساراڭ بولدۇڭمۇ نېمە؟
— ساراڭ بولغىنىمنى ئەمدى كۆرىسەن، ئۆزۈڭگىمۇ قىلىسەن، ماڭىمۇ قىلىسەن.
— ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، بولدى، ساڭا سۆزلىسەم بەرىبىر.
— ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق دېگەن گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۇنداقتا نېمىشقا مەندىن چانىسەن؟
— قارا، ئۇنىڭ بىلەن راستتىنلا مۇناسىۋىتىم يوق، بۇنىڭغا ئىشەن.
— مەندىن نېمىشقا چانىسەن؟
— ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە ماس كەلمەيدىكەنمىز، مەن ئاشۇ تەرپىمىزنى تونۇپ يەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ماقۇل كۆرگەندىمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىشى ناتايىن.
— تولا باھانە كۆرسەتمە، ئەجەب بۇرۇن بىلمەي ئەمدىلىكتە ماس كەلمەيدىغىنىمىزنى بىلىپ قاپسىنا، سېنىڭ مەقسىتىڭ ھېلىقى شىماللىق غىتمەكتە، سەن ئاشۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشسەڭ بىر ئۆمۈر پۇشايماندا

قالسەن، ئۇ دېگەن نادان قىزلارنى ئالداپ قىتمال بولۇپ كەتكەن نەرسە، ئۇ بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— سېنىڭ مېنى چۈشەنمەيدىغىنىڭنى تولۇق تونۇپ يەتتىم، بىر-بىرىنى چۈشەنمىگەنلەرنىڭ مۇھەببىتى قانداق بولىدۇ؟ ئاقىۋەتتە نۆل بولىدۇ، مەن بۇرۇن قايىنام ئىچىگە كىرىپ قالغاچقا، بۇ تەرەپلەرنى ئويلاشقا قۇربىم يەتمەيتتىكەن، ھازىر تونۇپ يەتتىم، شۇڭا ئاۋارە بولمايلى، كېيىنكى پۇشايمانىنىڭ ئالدىنى ئالىلى دەۋاتىمەن. سەن دەۋاتقان ئۇ غىتمەك بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق، قانداق ئويلىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى.

— ئۇنىڭ بىلەن چاپلىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن ئاشۇ چاغدا قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن، ئۇ غىتمەك بىلەن سېنىڭ قارنىڭنى چۇگۇپ تاشلىۋېتەي دېدىم، يەنە قولۇم بارمىدى.

— ئۇ دېگەن تانسا.

— تانسا دېگەنلىرىڭنى قوي.

— ھازىر مۇشۇنداق كۆنلەيسەن، بىر ئۆيگە كىرسەك قانداق قىلىسەن؟ سېنىڭ كۆنداشلىقىڭ بەك يامان ئىكەن، مەن قورقۇپ قالدىم، بىز توي قىلساقمۇ ئۆيىمىز چوقۇم ئۆي بولمايدۇ.

— ئەرنىڭ ياخشىسى ئايالىنى كۆنلەيدۇ، بىلەمسەن؟

— مەن تېخى سېنىڭ ئايالىڭ ئەمەس كۆنلەيدىغان، ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرگىنى يوق، ھېسسىياتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سەن مېنى ئاز نومۇسقا قويمىدىڭ.

— سېنى نومۇسقا قويدۇمما؟

— مۇشۇنداق كۆنداشلىق قىلىپ جېدەللەشمىگەن بولساڭ ھېچقانداق ئىش بولمىغان بولاتتى، مەكتەپتە مەن توغرۇلۇق ئىبقىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكنى ئاز ئاڭلىمىدىم، نومۇستىن ئۆلۈۋالاي دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم.

— ئاشۇ سۆز - چۆچەكلەرنى ئۆزۈڭ پەيدا قىلدىڭ، ماڭا دۆڭگەپ قويماقچىمۇ سەن؟ نومۇس دېگەننى بىلسەڭ ئۇ غىتمەك بىلەن بېرىش- كېلىش قىلمايتتىڭ.

— بۈگۈن ئۇ ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرۇشقا چولام يوق. سېنىڭ خۇي- پەيلىڭدە ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى دوزاخقا تاشلىغۇم يوق، ئىككىمىزنىڭ ئىشى مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزگە غۇم ساقلاپ دۈشمەنلىشىپ ئۆتمەيلى، ساۋاقداشلىقنىڭ مېھرى چوڭقۇر بولىدۇ، ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات قىلىپ ياخشى ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىلى. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈشىمىزگە ساناقلىقلا كۈن قالدى، ئۇزاق ئۆتمەي ھەممىمىز ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىمىز، قورساقىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىۋېتىپ، ئاغرىقچىلىقلارنى چىقىرىۋېتىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان رېئاللىققا يۈزلىنىشىمىز لازىم.

— بۇنداق ئەپسۇنلۇق گەپلىرىڭنى ماڭا دەپ يۈرمە.

— دېيىشكە تېگىشلىك بولغان گەپلەرنى ساڭا سەمىمىيلىك بىلەن دېدىم، ئويلاپ باق.

— مېنى ئازابلىماقچىمۇ.

— ئازابلىماقچى بولسام بۇنداق گەپلەرنى دېمەيتتىم.

— ئازابلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق گەپلەرنى دەۋاتىسەن.

— كەچ بولۇپ كەتتى، ساڭا دېگەن بۇ گەپلىرىم يۈرەك سۆزۈم، چىن دىلىمدىن چىقىرىپ دېگەن گېپىم.

— سەندە يۈرەك، چىن دىل نېمە قىلسۇن.

— قانداق ئويلىساڭ شۇنداق ئويلا، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى، خۇدايىمدىن ساڭا بەخت تىلەيمەن، ئالەم دېگەننىڭ ئېتىكى كەڭرى، ساڭا چوقۇم ياخشى قىز ئۇچرايدۇ، — مەن ئاخىر گېپىنى ئۈزۈۋەتتىم، چاباش تېپىرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ بولالماي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياتاققا كىرىپ كېتەي دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇ

ئاچچىقتىن سارالڭ بولاي دېگەنىدى، مېنىڭ ئورنۇمدىن قوپقىنىمنىمۇ بىلەلمەي قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇقسىز ئېغىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى، بىر چاتاق چىقىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ياتاق تەرەپكە جەھلىم بىلەن يۈگۈرگىنىمنى بىلمەن، تىلىم ئاغزىمدىن چىقىپ ساڭگىلاپ قالدى، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم، ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، چاباش ئورنىدىن تۇرۇپ مەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، مەن دەرھاللا روھىي ھالىتىمنى تۈزۈۋېلىپ، غىپپىدە ياتاققا كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىپ، يوتقىنىمغا يۆگىنىۋالدىم. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ياتاق ئىچىگە ئاڭلىناتتى، بەدەنلىرىم قىزىپ قايناق سۇ ئىچىدە ياتتىم، قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئۇ كۈنى ئۇخلىمىسىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، چاباشنىڭ ياتاقنىڭ چۆرىسىدە ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپلا تۇرغانىدى.

ئەتىسى ھەممىدىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ياتاقتىن چىقىشىمغىلا بىر قول ئاغزىمنى چىڭ ئەتتى، قورققىنىمدىن ئەس - ھوشىمنى يوقاتتىم، تىنىقىممۇ چىقماي قالدى، بوينۇمغا بىر پىچاق قادىلىقلىق تۇراتتى، قارىسام، چاباش ئىكەن، ئاستا-ئاستا ئېسىمگە كەلدىم، چاباشنى كۆرۈپ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان بولسامىمۇ، ئۇنىڭ ئەلپازىنىڭ بەكلا سەتلىشىپ كەتكەنلىكى مېنى سەل ئەنسىرەتتى.

— ئۇنىڭنى چىقارماي مەن دېگەن تەرەپكە ماڭ، — مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ماقۇل دەپ كۆز ئىشارەت قىلدىم، ئۇنىڭ قولى بەك قاتتىق ئىدى، زىڭقىمنى چىڭ قامالاپ پىچاقنى بوينۇمدىن تارتماي ماڭدى، مەن ياتاقتىن يىراقلىغىنىمدا بولالماي قېلىپ ئېغىزىمنى قويۇۋەت دەپ ئىشارەت قىلدىم، ئۇ ئىشارەتلىرىمگە قۇلاق سالماي ماڭدى، مەن كۈچىدىم، — بويۇنتاۋلۇق قىلىدىكەنسەن بوغۇزلىۋېتىمەن، — ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازىدىن چىققان تالاپپۇزىدىن قاتىللىقنىڭ ھىدى كېلەتتى .
قورقۇشقا باشلىدىم، پۇت - قولۇمنىڭمۇ جېنى قالمىدى، مېڭىۋېرىشكە ھالىم قالمىدى، پەسكە سىرغىدىم، ئۇنىڭ قولى ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلما.

— سەن ئۆزۈڭ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدىڭ، — چاباش قەتئىي ئىدى.

— قۇتقۇزۇڭلار! — ئاۋازىم تاغ باغرىدىكى كەڭ سايىنى لەرزىگە سالدى، چاباشنىڭ غەزىپى پۈتۈن ئەزايىدىن پورۇقشىپ چىقتى، ئۇ مېنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ ئاۋازىمنى باشقىلار ئاڭلىغانىدى، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بارلىق ساۋاداشلىرىم مەن بىلەن چاباش تۇرغان تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى، چاباش ئۇلارنى كۆرۈپ ئىشنىڭ چىڭىغا چىقىپ كەتكىنىنى بىلدى-دە، پىچاقنى جەھلى بىلەن پاتۇرۇپ، بوينۇمنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنى كەستى، قان ئېقىشقا باشلىدى ، مەكتەپ مۇدىرى بۇنى كۆرۈپ چاباشقا ۋارقىرىدى.

— ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلما، قولۇڭدىكى پىچاقنى تاشلا.

— بولغۇلۇق بولدى، دۇنيادىن كەچتىم.

— نادانلىق قىلما، سەن دېگەن ئوقۇغان ئادەم تۇرۇقلۇق شەنىڭنى بۇلغىساڭ بولمايدۇ، ئوبدان ئويلاپ باق.

— مەن ھەممىنى ئويلاپ بولدۇم، ئەمدى ئويلىمايمەن، بۈگۈن رىشىدە بىلەن تەڭ ئۆلىمەن، — چاباشنىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازىدىن ئۇ دۇنيانى كۆرۈۋاتقاندىم، سىنىپ مۇدىرىمىز توختالغان، سۈرلۈك ئادەم ئىدى.

— ھەي، چاباش، نېمە قىلىپ يۈرىسەن، قولۇڭدىكى پىچاقنى تاشلا، — چاباش سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بوينۇمغا پاتقان پىچاقنى سەل بوشاتتى.

— ھۇ ئەخمەق ساراڭ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ — سىنىپ مۇدىرىمىز قەدەملىرىنى تەمكىن بېسىپ ئالدىمىزغا كېلىۋاتاتتى.

— مۇئەللىم، مېنى قىستىماڭ.

— ئەركەك تۇرۇپ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭغا لەنەت، سەن مۇشۇنداقلا ھاياتىڭنى ئاياغلاشتۇرماقچىمۇ؟ مەن سىلەرنى مۇشۇنداق تەربىيەلىدىممۇ؟

تولا نومۇسمنى كەلتۈرمەي قولۇڭدىكى ئاۋۇ بىر نىمىنى تاشلا، چىدىماس ھەزلەك، يارامسىز، بولۇمسىز خۇمسى، تۆفىي، سىنى بىقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئاناڭغا قانداق يۈز كىلەلەيسەن؟ ئۆلارنى بىر ئۆمۈر ئازابتا قويامسەن؟ ــ سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ گەپلىرى چاباشنى ئىككىلەندۈرۈپ قويىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق يەرگە توككىدە چۈشۈش بىلەن تەڭ ھوشىمدىن كەتتىم. ھوشىمغا كىلىپ، كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، كىيىن ئۇقسام، چاباش يىغلىغىنىچە دىھقانچىلىق مەيدانىدىن قىچىپ كىتىپتۇ، مەن ساقىيىپ مەكتەپكە بارسام مەكتەپ چاباشنى ئوقۇشتىن قوغلاندى قىلىشنى قارار قىلىپ بوپتۇ. مەن سىنىپ مۇدىرىمىزدىن ئۇنى مەكتەپتىن قوغلىماسلىقنى ئۆتۈندۈم، مەكتەپ مۇدىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، ئۆلار تەربىيەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. چاباش شۇ يوقالغىنىچە مەكتەپكىمۇ دەسسىمىدى، مەكتەپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئۇنى مەكتەپتىن ھەيدىگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىدى، مەكتەپتىن قوغلاش ئۇقتۇرۇشىنى چاباشنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى، مەن ئامال قىلالمىدىم. شۇندىن كىيىن چۈشكۈنلىشىپ كاللامغا ھىچ نەرسە چۈشمىدى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، ئاتا ـ ئانام تولا قاتراپ، مىنى ئىشچىلىققا ئىمتىھان بەرگۈزۈپ، مۇشۇ ئىدارىغا نابۇرچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. چاباش بىلەن مۇشۇنداق ئايرىلىپ كەتكەن، توختى.

توختى رەشىدەنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى ئاڭلاپ بەدەنلىرى ئىغىرلىشىپ كەتكەندەك بولدى، رەشىدەمۇ ئىغىر تىنىپ توختىغا قاراپ ئولتۇردى.

ــ رەشىدەك، بۈگۈن سىنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم.

ــ شۇنداقمۇ، توختى، كۆرمىگىنىم ئاز دىمەن، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن مەن.

ــ چاباش سىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بۇ چاققىچە ئاتا ـ ئاناڭمۇ ئۇنتۇپ كىتەتتى.

— ئاغزىڭدىن ياخشى گەپ چىقمامدۇ سىنىڭ.
— راست دەيمەن.
— راست بولسا بولا، بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟ ئەگلەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەندەك ئىش بولدىغۇ بۇ، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئىشلىرىنى دەيمەن دەپ ئۆزۈمنىڭ گەپلىرىنى دەپ كەتتىمغۇ.
— تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئىشلىرىنى دېسەڭ قورسىقىڭ بوشامتى، سارىڭ؟ ئۆزىڭنىڭ گەپلىرىنى دەۋالسا قورساق بوشايدۇ، — توختى شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋەتتى، — گەپلىرىڭنى ئاڭلايمەن دەپ پۇت - قوللىرىممۇ قولىشىپ قاپتۇ.
— كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالغاندۇ؟
— راست، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.
— بۈگۈن ئوبدان مېھمان قىل، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالغاندىكىن.
— ماقۇل، ماقۇل.
— زەينەپ ئاچامنى چاقىرىۋالاي، بولامدۇ؟
— ۋاي بولىدۇ، ئاچا - سىڭىللىرىڭنىمۇ چاقىرساڭمۇ مەيلى، — توختى كۈلۈپ كەتتى، رەشىدە ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ تازا بىر گەپ قىلاي دېدى-يۇ، يەنە بولدى قىلدى.
— زەينەپ ئاچام دائىم سىنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىز بىر يەرگە بارساق ماۋۇ ئىدارىدىكى گەپ ئانىلىرىغا بولۇپ بېرىدۇ.
— ئىككىمىز تاماق يېگىلى بارىدىغان بولغۇيتۇق.
— تاماق يېگىلى بارماي نېمە يېگىلى باراتتۇق، سارىڭ؟ زەينەپ ئاچامنى قوشۇۋالساق قورۇق سۆز، قورۇق تۆھمەتتىن خالىي بولىمىز، شۇنداق بولسۇن-ھە، ساقام، — رەشىدە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ سۆزلەپ توختىنى ماقۇل كەلتۈردى.
رەشىدە سائەتكە قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا غۇلام كىردى.
— ماقۇل، بۆلۈمگە چىقىپ كەتتىم.

— ئۇزاتمىدىم ئەمىسە.
— ئۇزىنىش دېگەننى بىلەمتىڭ سەن؟ — دېدى رەشىدە گەپنى چاقچاققا ئۆرۈپ، غۇلامنى كۆرۈپ توختىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، غۇلام نېمىشقىدۇر كۈلۈپ قويدى.
— غۇلام، ئىشخانا ماراپ، تاپان يالاپ كىردىڭمۇ؟
— نەدىكىنى، ئەمتىكامىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كىردىم.
— ئەمەت ماناپ قاچاندىن بېرى قىزىق گەپ قىلىدىغان بولدى، قاملاشتۇرالمىغاندىكىن ھەئە دېسەڭ بولمىدىمۇ، سېنى بىرى تاپان يالىدى دەپ دارغا ئاسمىغاندىكىن، ئەي غۇلام، تاپان يالىغاننى دارغا ئاسقاننى ئاڭلاپ قالدىڭمۇ-يا؟
— توختى، كىمنىڭ تاپىنىنى يالىغىنىمنى كۆردۈڭ؟
— كۈندە تاپان يالاپ تۇرساڭ قايسى بىرىنى دەيمەن، — غۇلام قىلىن قاتتىق بولغاچقىمۇ ياكى توختىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەچكىمۇ، بوپتۇ دەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توختىنىڭ بۇنداق گەپلىرى ئۇنىڭغا يېڭى ئەمەس ئىدى.
— سەن نېمە دېسەڭ شۇ توختى، بولدىمۇ؟ — غۇلام شۇنداق دەپلا ئالدىدىكى ماقالە ئارگىناللىرىنى كوچىلاشقا باشلىدى، توختى ھېچنېمە دېمىگەنىدەك تەلئەت قۇرت ئەكىرىپ بەرگەن ماقالىلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ ماقالىنى بىر قۇر كۆرۈپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، غۇلامغا قاراپ ئېغىزى قىچىشتى، غۇلام ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، يوقلىڭ ئىشقا مەشغۇل بولۇۋالدى.
— قانچە پۇل پاي قوشىدىغان بولدۇڭ؟
— مەنما؟
— بۇ يەردە سەندىن باشقا كىم بار يەنە؟
— مېنىڭ پۇلۇم يوق تۇرسا، قايسى پۇلنى پاي قوشىمەن؟
— ۋاي، سېنى ئوبدان بىلىمەن غۇلام، ئاسىپ تايلاقنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ پۇلۇڭ بولمىسا جازانىخوردىن ئېلىپ بولسىمۇ پاي

قوشسەن، پاي قوشساڭ ئۆزۈڭ قوشسەن، ماڭا نېمە بولاتتى.

— بەربىر ئۇقسەن دېمسەممۇ، بۆلۈمدىكىلەر بىلەن ئوخشاش قوشتۇم، ئىشەك ـ ئىشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس دەپتىكەن.

— مانا، ئۆزۈڭنىڭ ئىشەكلىكىنى ئاخىر بىلىپسەن، ئىخى بۇ چېگرا سودىسى كىمنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ قويىدۇ، ھەر قانداق ئىشنىڭ يامان تەرىپى ھەم ياخشى تەرىپى بولىدۇ دېگەن مۇشۇ ـ دە، سېنىڭ ئىشەكلىكىڭنى سودا ئىخى باشلانماي تۇرۇپ تونۇتتى، سودا باشلانغاندا كىمنىڭ ئىشەك، كىمنىڭ چوشقىلىقى ئايدىڭلىشىدىكەن ـ دە.

توختى غۇلامنىڭ قارامتۇل چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ سىرتقا ماڭدى، ئىشىك تۈۋىگە چىقىشىغا تەلئەت قۇرت ئۇچرىدى.

— توختى، ھېلىقى ماقالىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىڭىزمۇ؟

— ھازىرلا كۆرۈپ بولدۇم، نابورچىكلەرگە تاپشۇرۇۋەتكىلى ماڭدىم، ھە راست تەلئەت مۇئاۋىن مۇدىر، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىۋالغانسىز؟ غۇلام بىلىۋاپتۇ.

— ھە؟ — تەلئەت قۇرت توختىنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭقىرالماي، سۇ ئۇستىدىكى كۆپۈكچىدەك تۇرۇپلا قالدى، توختى شۇنداق دەپ نابور بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى، تەلئەت قۇرت غۇلامغا قارىدى.

— دەۋەرمەمدۇ، ھەئە دەپ قويۇڭ ئۇنىڭ گېپىگە، ئاغزىغا نېمە كەلسە دەۋرىدىغان خۇيى تۇرسا ئۇنىڭ.

غۇلام قارىداپ، تاتىرىپ جىم بولدى، تەلئەت قۇرت توختىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئېغىزىنى توختىماي مىدىرلىتىپ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

توختى رەشىدە بىلەن زەينەپنى مېھمان قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى بۆلەكچىلا ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى، نەچچە يىلدىن بېرى زەينەپنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدا بۇنداق تەسىر، ھېسسىيات پەيدا بولمىغانىدى. زەينەپ تولغان، پىشقان ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئاقسېرىق چىرايىدا توختى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىچىرقاش شاۋقۇنلۇق دەريادەك

جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى، زەينەپنىڭ كۆزلىرىدىكى شەھۋانىيلىق يالقۇنلاپ تۇختىنىڭ پۈتكۈل ئەس - يادىنى ئالتۇن قۇتىغا سولىۋالغانىدى. تۇختى بۈگۈن زادىلا ئۇخلىيالمىدى، چىراغنى يورۇتۇپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، كۈچەپ - كۈچەپ شورىدى. ئۇنىڭ خۇمارى بۆلەك بولغاچقا تاماكىسى ئېغىزىغا تېتىمىدى. ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپلا كۆڭلى ئاينىدى، ئۆينىڭ ئىچىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى بىر ئالغانىدى. تۇختى ئۆينى تازىلىمىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا سۈپۈرگىنى ئېلىپ بىر ھازاغىچە ئۆيئىچىدىكى تورلارنى تازىلىدى، تورلاردا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈكلەرنى ئۇيان - بۇيان قوغلاپ نەلەرگىدۇر غايىب قىلدى، دۆلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلدى، تەرلەپ بەدەنلىرى قىچىشتى. ئۇ كىچىك ھويلىسىغا چىقىۋىدى، غەرب شامىلى ئۇنى سىپاپ ئۆتتى. ئۇ تۇرۇبا سۈيى بىلەن يۈزىنى بولۇشىغا يۇيۇپ ئۆيگە كىرىپ ئۈستىباشلىرىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. بۇرنىغا ئاچچىق بۇس ئۇرۇلۇپ چۈشكۈرۈپ كەتتى، بۇسنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، قولىدىكى لۆڭگىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، لۆڭگىمۇ مەينەتچىلىكتىن پۇراپ، سېسىپ كەتكەنىدى. بەدەن لۆڭگىسىنى ئالغاندىن بۇيان بىر قېتىممۇ يۇيۇپ باقمىغانلىقى ئېسىدىن كەچتى-دە، بۇ كېچىنى تازىلىق قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدى. يەنە ھويلىغا چىقىپ ئۇن سوپۇن بىلەن لۆڭگىسىنى يۇغىلى تۇردى، لۆڭگە سۇغا كىرىشى بىلەنلا كالا تېرىسىدەك ئېغىرلىشىپ كەتتى، قانداق قىلىپ بولسۇن، بۈگۈن كەچ چوقۇم يۇيۇۋېتەي دەپ ئويلاپ، خېلى ئۇزاققىچە بەدەن لۆڭگىسىنى يۇدى، لۆڭگىنى سىقىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلدى، ئاخىر لۆڭگىسىنى سىقماي ھويلىدىكى سىمغا ئارتتى. پېشانىسىدىن ئىسسىق تەر ئېقىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېغىزىغا كىرگەندە، تەرنىڭ كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق بىلدى، كۈچەپ تۈكۈرۈپ سۇ بىلەن ئېغىزىنى غەر - غەر قىلىپ چايقىدى. ئۇ چارچاپ كېتىپ سۇپىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بەدەنلىرىگە قارىغىنىچە،

مەيدىسىدىكى يۇڭلارنى سىلاپ قويدى، مەيدىسىنى سىلاۋېتىپ زەينەپنى ئېسىگە ئالدى، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ پۈتۈن ئەزايى ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇردى. زەينەپنى دەپ بۇنداق بولۇپ كېتىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. زەينەپنىڭ سېھىرلىك ئاياللىقى قەلب تۆرىدە ئاستا ـ ئاستا ئايان بولدى. زەينەپ بىلەن ئۆزىنىڭ ياش پەرقى ئاجايىپ زور ئىدى، ئۇ بۇ تەرىپىنى ئويلاپ بېشىغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ ئازابلاندى، تىگىش، چېقىلىش قىيىن بولغان تەرەپلەرنىڭ ئادەمنى تولىمۇ قىينايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بەدەنلىرىنى ئۇزاق سىلاپ غېرىبسىندى، ئۆيئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، كۆزىگە ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمىدى، ئۆينىڭ ئىچى ئېلېكتىر چىرىغى ئاستىدا شۇنداق يورۇق ئىدى، كۆزىگە ھېچ نەرسىنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچ نەرسىنى ئىزدىمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ بوشاپ كەتتى. مۇشۇ ياشقا كەلگىچە غەيرىي جىنسلىقلارغا بۇنداق ئوتتەك ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغانلىقى ئۇنى دەھشەت قىينىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەنمۇ نىكاھ ئىشى توغرۇلۇق ئارازلىشىپ قېلىپ، بوگۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمىغان، ئانىسىنىڭ تۆككەن ياشلىرىمۇ، دادىسىنىڭ ئەلەم بىلەن ئۆتۈنۈشلىرىمۇ، بىر تۇغقانلىرىنىڭ نەسىھەتىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلارغا: «مېنىڭ تويۇم توغرۇلۇق گەپ قىلىشىدىكەنسەن، ئۆيگە ئاياغ باسمايمەن» دەپ ئاتا ـ ئانىسى، قان ـ قېرىنداشلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمىدى. ئۇلارمۇ كېيىنى ئاقتۇرالماي ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ تاشلىۋەتكەنىدى. توختى بوگۈن ئاشۇلارنىمۇ ئويلىدى، ئۆزىنىڭ نىكاھ ئىشى بىلەن ھازىرقى ھېسسىياتىنىڭ ھېچقانداق باغلىنىشچانلىقىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، «ئۇ دېگەن ئۇ ئىش، بۇ بۇ ئىش» دەپ ئويلىدى. زەينەپ دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا ئۆچمەس نەقىشتەك ئويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى، بىر

قىتىملىق مېھماندارچىلىقنىڭ ئۆزىدە غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانلىقىغا تۇرۇپ - تۇرۇپ «تووۋا» دەيتتى.

— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ رەشىدەك، ئاشۇ بولمىغان بولسا مۇنداق بولۇپ كەتمەيتتىم، ئۇنىڭغا ھېسسىياتىمنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىمەن، — ئۆيئىچىدە توختى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى، سۆھبەتلىرى ئۆزىنى قاتتىق قىينىغاچقا ئىغىزىنى يۇمدى، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي دەپ كىيىملىرىنى كىيدى. بۇنداق قىلغاندا، ئازابتىن ئازراق بولسىمۇ خالاس بولاتتى. ئۇ ئاخىر ئۆيىدىن سىرتقا چىقتى، ئەتراپ سالقىن بولغان بىلەن قاراڭغۇ ئىدى، ئىتلارنىڭ يىراق - يىراقتىن قاۋاشلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇراتتى. توختى قورۇ ئىچىدىكى تار يولنى بويلاپ غەرب تەرەپكە ماڭدى، ئىدارە بىلەن ئائىلىلىكلەر قوروسى بىر دائىرىدە بولغاچقا، ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشقا توغرا كېلەتتى. چوڭ دەرۋازىنىڭ چىرىغى يورۇپ ئەتراپنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى، دىجورنىخانىدا قادىر كۆك كۆز بىلەن ئىچىۋالغان بىرسىنىڭ سۆھبىتى كېچە قوينىدا ئەتراپقا بوش تارايتتى، توختىنىڭ قۇلىقىغا بۇ ئاۋازلار تېتىمايدىغاندەك تۇيۇلدى. مەن دەرۋازىدىن چىققۇچە ئۇلار بىلەن چوقۇم ئۇچرىشىپ قالىمەن، بولدىلا، ئىدارىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ يۈرمەي دەپ ئويلاپ، ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى كىچىك باغچىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. بۇ قاشاسىز باغدىكى ئۆرە مېۋىلەرنىڭ پۇشماي تۆگەپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدى. يوقلاڭ ئىشلار مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئادەمگە يامىشىپ تۇراتتى، ئۇ بۇنى ئويلاپ كۈلۈپ قويدى، باغنىڭ قارشىسىدىكى ۋاسكىتبول مەيدانىغا كېلىپ توختىدى، بۇ مەيداننىڭ چۆرىسىگە قاتار ئورنىتىلغان ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەرب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرماقچى بولدى، لېكىن يالغۇز ئولتۇرسا ھەممە خىيال ھاپ قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، شۇڭا ئولتۇرماي قەدەملىرىنى كىچىك ئېلىپ ئاستا ماڭدى. ئۇ باسما زاۋۇتىنىڭ تاللىق بېغى بار يەرگە كېلىپ توختاپ،

ئارقىسىغا قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىداره دەرۋازىسى تەرەپكە قاتار سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن بىر ئادەمنىڭ ئىداره قورۇسى ئىچىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، جايىدا جىملا تۇردى، بۇ نامەلۇم ئادەم دېرىزىدىن چۈشۈپ بولۇپ ئۇستىبېشىنى بىر قۇر يېنىك قېقىشتۇرۇپ ئەتراپقا قارىغىنىچە تۇرغان جايىدىن مىدىرلىمىدى. توختى ئۇنىڭ مۇشۇ ئىدارىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى. كۆڭلىنى توختىتىپ تاۋۇش چىقارماي تال بارىگى ئاستىغا كىرىۋالدى، يوچۇن ئادەم ئەتراپنى بىر پەس كۆزىتىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىدارىنىڭ بېغىغا كىرگەندىن كېيىن دىجورنىخانا تەرەپنى كۆزەتتى. ئۇ شۇنداق قەدەممۇ قەدەم زىغىرلاپ مېڭىپ خالا تەرەپكە يۆزلەندى. توختى تېخىچە تال بارىگى ئاستىدا قاراپ تۇراتتى، يوچۇن ئادەم دىجورنىخانىنى كۆزىتىپ بولۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈگۈرگىنىچە خالاغا كىرىۋالدى. توختى ئۇنىڭ خالاغا كىرىپ ۋاقىت كۆتىدىغانلىقىنى پەملىدى-دە، ئاستا مېڭىپ خالاغا يېقىنلاشتى. خالانىڭ چىرىغى تاڭ ئاتقۇچە يورۇق تۇراتتى. توختى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ خالانىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئۇ مىدىرلىماي تۇرۇپ نەپەسلىرىنى تەڭشىدى، بىر قەدەم ئېلىپ ئۆزىنى دەڭسەپ باقتى، قەدەملىرىمۇ، تىنىقلىرىمۇ نورمال تۇيۇلدى. خالاغا ئاخىر كىرىپ تەرىتى كەلمىسىمۇ ئىشتىنىنى چۈشۈرۈپ بىر ئوقۇرنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى، خالانىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، ئۇنىڭغا سىيىق پۇراق بىلەن ئۆزىدىن باشقا ئىنسى - جىن يوقتەك بىلىندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاسمىسىنى باغلىدى، خالانىڭ ھەممە ئوقۇرىغا بويۇنداپ باقتى، ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، بەدەنلىرى قورۇلۇشقا باشلىدى، تۇرۇپلا ئەندىككەندەك بولۇپ تېنى جۇغۇلدىدى. ئۇ ئەرلەر خالاسىدىن چىقىپ ئاياللار خالاسىغا قاراپ تۇردى، كۆڭلىدە ئەقلىگە ياتمايدىغان ئوي - پىكىرلەر بىخ سۈرۈشكە باشلىدى، «ئۇ ئاياللار خالاسىغا كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قامال قىلدى، «ئاياللار

خالاسىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا نەگە كىرىۋالدى؟ چوقۇم ئاياللار خالاسىدا بار» دەپ جەزملەشتۈرۈپ ئاياللار خالاسىنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇردى، تۇرغانسېرى پەرەزلىرى يوقىلىشقا باشلىدى، «كىرىپ باقمايما-يا؟ ئۇ بولۇپ قالسا نېمە دەيمەن؟ زادى ئۇ مۇشۇ خالادا بارمۇ-يوق، قالغان گەپنى ۋاقتىدا ئويلىشاي». توختى غەيرەتكە كەلدى، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئاياللار خالاسىغا كىرىپ، ئاياللار خالاسىنىڭ بۇنداق پاسكىنا بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ئۇنىڭ قۇسقۇسى كەلدى، كىندىكىدىن بىر ئېلىشاڭغۇلۇق كۆتۈرۈلۈپ مېڭىسىگە چىقىشقا باشلىدى، ئۇ چىدىمىدى، ئىدارىنىڭ تازىلىق ئىشچىسى سانى كۆتەككە ئىچ ئاغرىتتى، «ئۇ بىچارە ئۆزى بىلىدىكەن-دە» دەپ ئويلىدى. خالادىكى پەرەز قىلىشقا ئۇلگۈرگىلى بولمايدىغان سېسىق پۇراق ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ۋايىجىنىنى چىقىرىشقا ئۆتكەنىدى. يەنە ئازراق تۇرسام چوقۇم ئايلىنىپ قالىمەن دەپ ئويلاپ، ھەر بىر ئوقۇرغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا قاچتى، بىر نەرسىگە تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. تالاغا چىقىپ سىرتنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ساپ ھاۋانى توختىماي سۈمۈرۈپ ئىچىدىكى ئېلىشاڭغۇچىلىقنى تۈگىتىش بىلەن بولۇپ، يوچۇن ئادەمنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاسلا قالدى، كۆزىدىنمۇ يۈرۈلداپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. «ئۇ زادى نەگە كىرىپ كەتكەندۇ بۇ كېچىدە؟ تۇۋا» ئۇ شۇنچە كۆچەپ ئويلىسىمۇ ئەقلى يەتمىدى، رەشىدەنىڭ «دېرىزەمنىڭ تۈۋىدە ھەر كۈنى كەچ بىر كۆلەڭگە پەيدا بولىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى. «ئۇ كۆلەڭگە رەشىدەكىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى بۈگۈن تازا بابلايدىغان پەيت كەلدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، رەشىدەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدى. «ئۇنى تازا بىر قورقۇتۇپ قوياي». توختى ئەتراپىغا قارىدى، كۆزىگە قولىغا ئالغۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، ئۇ بىر تۈپ ئاجىز رىدىگە تاقاق قىلىپ قويغان

بىر ئاچىنى ئاران پەرق ئېتىپ، رىدىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، پەم بىلەن ئۇ ئاچىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى، قەدەملىرىنى شۇنچە ئاياپ ئالسىمۇ يوق بىر نەرسىلەرگە پۇتلاشقاندەك بولۇپ مۇدۈرۈپ سىيلىۋاتاتتى. ئۇ بىر دەم تۇرۇۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدى، ئۈستىدە يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋا نۇرلىرى چىلىققاندىن باشقا ئالامەتلەر كۆرۈنمىدى، پۈتكۈل ئالەم جىمجىت ئىدى، زېمىندا پەقەت ئۆزىلا قالغاندەك بىلىندى. «مەن زېمىندا يالغۇز قالسام نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە!» ئۇ شۇنداق ئويلاپ بەدەنلىرىنى قاتتىق بىر سىلكىپ قويدى، ھەممە ئەزايى جالاقشىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ رەشىدەنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندى، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئەتراپقا زەڭ سالدى، دۇنيا تىپتىنچ ئىدى، ئۆزىنىڭكىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئادەمزاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى قۇلاققا كىرمەيتتى. توختى رەشىدەنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ بارغانسىرى يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك ھاسىرەشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئاپەتكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ توختىدى، ئۆزىنىڭ باياتىن بېرى قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، يوچۇن ئادەم بىلەن ھېچقانداق پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوقلۇقىنىمۇ ئەسلىدى. «ئادەم دېگەن پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى ئۇچۇنلا ياشىسا، كۈرەش قىلسا شەخسىيەتچىلىككە پېتىپ قېلىپ بىر ئۆمۈر لەنەتكە قالىدىغۇ، ياق، بۈگۈن مەن چوقۇم ئۇ يوچۇن ئەبلەخنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلايمەن» توختى يەنە غەيرەتكە كەلدى ـ دە، قەددىنى رۇسلاپ، ئالدىغا قاراپ ماڭدى، ئاخىر رەشىدەنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، ئەمما ھېچكىم كۆزىگە چېلىقمىدى، ئاچىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان قولى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ رەشىدەنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە تۆت ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىقلىرى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، توختى تۇيۇقسىز ئېچىلغان ئىشىكنىڭ تىۋىشىدىن قورقۇپ كەتتى، قولىدىكى ئاچىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، ھۆرمىتىنى بىلمەيدىغان ھەزلەك، ماڭا ئاراملىق بىرمەسەن يوق! نەچچە ۋاقتتىن بۇيان ئەتە توختاپ قالا، ئۆگۈن توختاپ قالا دەپ لېۋىمنى چىشلەپ كەلدىم، ئەجەب ئۆزۈڭنى سورىمىدىڭا؟

توختىنىڭ قۇلىقىغا رەشىدەنىڭ ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى كىردى، توختى ئۇنىڭغا مەن دەپ چۆشەندۈرۈشكە ئۈلگۈرمىدى، ئۇنىڭ بىر خۇيى قاچ دەپلا تۇرۇۋالدى. ئۇ بۇنداق كېچىدە ئۇنىڭغا قانداقمۇ چۈشەندۈرۈپ بولالىسۇن؟ قېچىپ كېتىش ئەڭ ئاقىلانە چارە ئىدى. توختى ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.

— بوپتۇ، يەنە ساڭا بولاپتۇ دەي، يەنە مۇشۇنداق قىلىدىكەنسەن، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن، ئاۋۇ ئۆيۈڭدە پالەچ بولۇپ ياتقان ئايالىڭنىڭ يۈزىنى قىلغان بولاي، — رەشىدەمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى، ۋارقىرىمىدى، باياتقى گەپلەرنىمۇ ئۆزى ئاڭلىغۇدەكلا ئاۋازدا دېگەنىدى.

توختى شۇ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ توختىدى، ھەممە ئەزايىدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى، كۆزلىرىگە تەر كىرىپ ئېچىشىپ كەتتى، يۈرىكىنىڭ توپۇر - توپۇر سوقۇشى ئۆيئىچىگە ئاڭلىناتتى. ئۇ سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ، بولغان ئىشلارنى ئويلىدى، قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ئىچ-ئىچىدىن قاقاقلاپ كۈلگۈسى كەلدى. «رەشىدەك، بۇ مەن، توختى دەپ، بولغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويسام بولمامتى؟ ئۇ ئىشەنمىسىچۇ؟ قاچقىنىم ياخشى بولدى، نۇرغۇن ئىشلاردىن قاچمىغۇچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئىشتىن قېچىش ئەڭ ياخشى چارە. ئالىمادىس باشقىلار ئويغىنىپ قىلىپ چىقىپ قالسا، ئۇلارغا چۈشەندۈرسەم ئىشىنەمتى؟ قاچقىنىم بەك بەلەن بولدى، ياشا، قېچىش!» ئۇ شۇنداق دەپ ياتقان سۇپىسىدىن تۇردى، كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقىنىغا كىردى، مۇۋەپپەقىيەتلىك قاچقانلىقىدىن قەۋەتلا رازى بولدى-يۇ، يوچۇن ئادەمنى يەنە خىيال قىلدى. «مەن خاتا كۆرۈپ قالدىممۇ-يا؟ ياق، ئۇنىڭ دېرىزىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن

سەكرىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، بۈگۈن نېرىپلىرىممۇ خېلى جايىدا ئىدى بولمىسا. ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟ چوقۇم مېنى كۆرۈپ قېلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا رەشىدەكىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرغان گەپ، مېنى كۆرۈپلا بىر يەرگە مۆكۈۋالغان بولۇشى چوقۇم، ئۇنىڭ ئانچە تەجرىبىسى يوق ئىكەن، ئوغرى تۇت دەپ مېنى ئوغرىغا چىقارسا قانداق كۈنگە قالاتتىم- هە، رەشىدەكقۇ ئىشەنمەيدۇ، ئەمما مېنى خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىشى ئېنىققۇ» توختى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ بولۇپ، چىراغنى ئۆچۈردى، ئۇيقۇسى يەنە كەلمىدى، تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالغانىدى. «بۇ ئىدارىنىڭ ئورنى ئەسلى زاراتلىق ئىدى.» ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆزىگە قورقۇنچ پەيدا قىلىۋالدى، قورققانسېرى كىچىك تەرىتى قىستىغىلى تۇردى، «ئەستا» دەپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلدى. كىچىك تەرىتى كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، «ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان» توختىنىڭ ئەس-يادىنى كىچىك تەرىتى قامال قىلىۋالغانىدى، قوپۇپ سىيىۋېتەي دېسە ھەممە يەردىن ۋەھىمە بويۇن سوزۇپ تۇرغاندەك بىلىندى، سىيمەي دېسە كىچىك تەرىتى كۆزىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولدى، قانچە قىلسىمۇ كىچىك تەرىتى تاراپ كەتمەيۋاتاتتى. «بۇرۇن جىم تۇرۇۋالساملا يوقاپ كېتەتتى، بۈگۈن ئەجەب مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ » توختى بولالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقانغا چىڭ يۆگىنىۋالغاچقا تەرلەپ پۈتۈن ئەزايى هورداپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىنى يوتقان ئىچىدىن چىقىرىپ چىراغنىڭ ياستۇق ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان يىپىنى تارتتى، چىراغ يورۇدى. قورقۇنچ ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىنىڭ ئىسسىپ پىشىپ كەتكىلى تاسلا قالغانلىقىنى بىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقتى، تۇرۇبىنىڭ ئورىكىگە سىيەيچۇ دەپ تۇرۇبا ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى-دە، ئىشىكتىن چىقساملا خالا تۇرسا ھويلىنى پۇرىتىپ نېمە قىلاي دېگەننى ئويلىدى، لېكىن سىرتتىن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. مۇشۇنداق ئەنسىرىگىلى تۇرسام بارا-بارا چورتلا تالاغا چىقالماس بولۇپ قالىمەن، ۋاي، نېمانچە

ئەندىشە بۇ؟ ئۇ ھويلىنىڭ تاق قاناتلىق ئىشكىنى ئاچتى، خالاغا يۈگۈرۈپ بېرىپ كىچىك تەرىتىنى تازا ئىنجىقلاپ قىلدى، تەرەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ ئىچ ئىشتىنىنى ئېگىزلەپ خالادىن چىقتى. خالا ئالدىدا قادىر كۆك كۆز قول چىراغنى يېقىپ تۇراتتى، توختى دەماللىققا سەل چۆچىدى، قادىر كۆك كۆز ئىككەيلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. توختى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قول چىراغنىڭ قىلىشمايدىغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆك كۆز دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— توختى، نېمانداق ئىت قوغلىغاندەك يۈگۈرەيسەن؟ مەن تېخى بىر ئىش بولدىمىكىن دەپتىمەن.

— كىچىك تەرىتىم قىستاپ، سەن نەدىن قادىركا؟

— بۈگۈن دىجورنىخانىدا زادىلا ئۇخلىيالماي ئىدارىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ يۈردۈم.

— باياتىن بىر مەست بىلەن تازا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتىكەنسەن.

— زاكىر ساراڭ بىلەن، بۈگۈن ئۇ خۇدىنى يوقاتقۇدەك ئىچىپتىكەن، ئايالى شۇنچە قىلسىمۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتمەي دىجورنىخانىدا ئۇخلاپ قالغان، ئايالىغا ئىچىم ئاغرىپ ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدۇم، مەست دېگەن ئۆلۈكتەك ئېغىر بولىدىكەن ئەمەسمۇ، دېمىم كېسىلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم.

— ماقۇل، ئەتە كۆرۈشىلى قادىركا.

— ئۇيقۇڭ كەلمىسە دىجورنىخانىدا بىر دەم ئولتۇرۇشۇپ بەرگىنە، توختى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، بۇدو شۇنداق قىلاي، — توختى قادىر بىلەن بۇ كېچىدە پاراڭلىشىشنى ئەخمەقلىق دەپ ئويلىدىمۇ ياكى ئۇيقۇسى قىستىدىمۇ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز قول چىراغنى ئۇيان-بۇيان يۆتكەپ غىڭشىپ دىجورنىخانا تەرەپكە كەتتى.

توختى يوتقان ئىچىگە كىرىپلا ئۇخلىدى، ئۇنىڭ روھىي ئالىمى

ئۇخلايدىغانىدەك قىلمايتتى، ئۇ ئۆيىنىڭ چوڭ ئىتىزلىقىدا بالىلىق چاغلىرىدا قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان مولla بىلەن قىر بويلاپ كېتىۋاتاتتى. چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن، بۇ موللام ئاشۇ چاغلىرىمدىلا ياشىنىپ قالغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن قانداقسىگە بىللە ماڭىمەن دەپ ئويلايتتى، موللام ئۇنىڭ ئويلىرىنى بىلگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى، توختى موللىنىڭ مەيدىسىدىكى تۆكلەرگە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇردى.

— سەن مېنىڭ تېخىچە ھاياتلىقىمدىن گۇمان قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

توختى ھاڭ-تاڭ قالدى، بۇ مولla قارىماققا بەك سۈرلۈك ئىدى، توختى ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى، بەرگەن ساۋاقلىرىنى يادلاپ كەلگەن بولسىمۇ موللىنىڭ چىرايىغا قارىسىلا ئۇنتۇپ كېتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ يادىغا ئالغان ساۋاقلىرىنى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يادلاپ بېرەتتى.

— توختى، نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟

— موللىكا مەن تېخى يوغىنىمىدىممۇ؟

— يوغىنىدىڭ، مانا ھازىر مەندىن ئېگىز تۇرماسەن.

— ئۇنداقتا سىز نېمىشقا يوغىنىمىدىڭىز؟ سىز شۇ پېتى تۇرۇۋېرىسىزغۇ؟

— بۇنى سەن چۈشەنمەيسەن، ساۋاقلارنى يادلاپ بولدۇڭمۇ؟ — توختى موللىنىڭ يەنە ئىمتىھان ئالىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قورقۇپ كەتتى، قايسى ساۋاقنى يادلاپ بېرىدىغاندىمەن دەپ ئويلاپ بېشى قاتتى، ئېسىدە ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

— قايسى ساۋاقنى دەيسىز؟

— ھەممىنى، — مولla پۇتىغا ھېچ نەرسە كىيمىگەنىدى، پۇتلىرى قارىداپ كەتكەنىدى، توختى موللىنىڭ قىش-ياز يالاڭ ئاياغ ماڭىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئاران ئالدى، ئۇنىڭ تاپانلىرى بىر قول بارماق پاتقۇدەك يېرىق - يېرىق ئىدى، ئۇچىسىغا يوغان بىر پاختىلىق چەكمەن ئارتىقلىق بولۇپ، مەيدىسىنىڭ ھەممە يېرى ئوچۇق تۇراتتى، قولىدا زاكۇن تايىقى تۇراتتى. توختى موللىنىڭ زاكۇن تايىقىنى كۆرۈپ

قارا تەرگە چۆمدى، ئاشۇ زاكۇن تايىقى توختىنىڭ بېشىنى نەچچە قېتىم يېرىۋەتكەنىدى.

— ئېسىمدە يوقلا تۇرىدۇ، بەك ئۇزاق يىل بولغاچقا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭ مېنى مەڭگۈ ئازابلايدۇ، سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — موللا ئۇنىڭ ئالدىغا سۆرلۈك كېلىپ ئاستى كالپۇكىنى چىشلىۋىدى، توختىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىكەتكەندەك بولدى، جۇپ كۆزىمۇ تاش كۆمۈرنىڭ چوغىدەك ياندى.

— سەن ئۇنتۇپ قالمىدىڭ، شۇ ساۋاقلار سېنى يۆلەپ كەلدى، ئېسىڭگە ئالالمىدىڭ شۇ.

موللىنىڭ جۇدۇنى يېنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ توختى ھەيران قالدى، ئۇ چوقۇم بېشىمغا زاكون تايىقى بىلەن يەنە سالىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدى. موللا كەينىگە قايرىلىپ چوڭ ئېتىزلىقنىڭ قىرىنى بويلاپ مېڭىۋەردى، ئېتىزلىقتا بىر چوكان بۇغداي ئېگىزلىرىدىن باشاق تېرىۋاتاتتى، توختى ئۇ چوكانغا قارىۋىدى، يۈرىكى قارت قىلىپ يېرتىلىپ كەتكەندەك بولدى. «زەينەپقۇ بۇ، ئۇ ئېتىزلىقتا باشاق تېرىپ نېمە قىلىدۇ...» توختىنىڭ قەدەملىرى توختاپ قالدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا موللىنىڭ ئوقۇپ ماڭغان ساۋاقلىرى كىرىپ تۇردى، توختى موللىنىڭ كەينىدىن قارىۋىدى، موللا كۆرۈنمىدى، نەگە كەتكەندۇ دەپ ھەممە يەرگە قارىدى، موللىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭ ئوقۇغان دىنىي ساۋاقلىرى توختىنىڭ قۇلىقىغا ئۇزۇلمەي كىرەتتى. زەينەپكە قاراپ بولۇپ زادى بۇ ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ ئېتىزمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ ئۆيگە قارىدى. راستلا چوڭ ئېتىز ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي باشاق تېرىۋاتقان زەينەپكە قارىدى

— موللام كەتكىلى نەۋاق، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟

— زەينەپ، سىزمۇ موللامنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، ئۇ بىر ئۆمۈر دىنىي ساۋاق بېرىپ كەلگەن موللىغۇ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— بولدى، موللام توغرىسىدا تـولا زىغىرلىماي يېنىمغا كېلىڭە، — توختى زەينەپنىڭ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، قاشلىرىنى تولغاپ، نازلىنىپ تووۋلاشلىرى ئالدىدا هايال ئۆتمەيلا موللامنى ئۇنتۇپ قالدى، قۇلىقىغا كىرىۋاتقان ساۋاقلارمۇ ئۇنىڭغا تېتىمىدى، — ۋاي، بولۇڭە دەيمەن.

توختى زەينەپكە قاراۋېرىشكە چىدىيالماي قالدى، بەدەنلىرى قىزىپ ئەرلىكى باش كۆتۈرۈۋاتاتتى، «ئۇنىڭ يېنىغا بارسام چوقۇم چاتاق چىقىرىپ قويىمەن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارماي مۇشۇ قىردا تۇرىۋېرەي» دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئىتتىك ئۆتكۈزدى. زەينەپنىڭ ئاق سېرىق چىرايى ئەتىرگۈلدەك پورەكلەپ ئېچىلىۋاتاتتى، تولغان بىلەكلىرى، سۈتتەك ئاپئاق پاقالچىقى، پۈتىنىڭ تىرناقلىرىغىچە توختىنىڭ كۆزىگە جەلپكارلىقى بىلەن تاشلىنىپ تۇراتتى، توختى قىردا تۇرۇپ زەينەپنىڭ ئىنچىكە، زىل يەرلىرىگىچە زەن قويۇپ قاراۋاتاتتى. زەينەپ هاۋارەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىنى تۆپىگە كۆتۈرۈپ تولغان كاسىلىرىنى پىلتىڭ - پىلتىڭ ئوينىتىپ قويدى، بىلەكلىرىنىمۇ سىلىدى، توختىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

— توختى، نېمىگە تارتىنىپ تۇرىسىز؟ ئانىڭىز ئوغۇل بالا دەپ سىزگە شۈمەك سالغانمۇ؟

— ماڭا شۈمەك سالغان بىلەن بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— مېنىڭ يېنىمغا كەلىسىڭىز مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى دەپ بېرىمەن، — زەينەپنىڭ كۆزىدىن چىققان بىر ئوت توختىنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ كىرىپ كەتتى، توختىنىڭ نەپەسلىرى بوغۇلۇشقا باشلىدى، تىلىدا گەپمۇ توختىمىدى، ئەركەك تومۇرلىرىمۇ چىڭقىلىپ ئېتىلاي دېگەن يەرگە كەلدى. زەينەپ بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قارشى قىرغا چىقىپ ئولتۇردى. توختى قان ئىچكەن قاتىلدەك تۆت ئەتراپىغا قارىدى، ئەتراپ شۇنداق يورۇق ئىدى، ئاسمانغا قارىدى، كۆن دەل چوڭ ئېتىزنىڭ تۆپىسىگىلا كېلىۋالغانىدى. «ئۇنىڭ يېنىغا بارسام كۆپكۆندۈزدە بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى چوقۇم، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، بۇ

ساراڭ خوتۇننىڭ كۈپكۈندۈزدە ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ ئېتىزدا ئۇچراپ قىلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.» توختىنىڭ ئىچكى دۇنياسى داۋالغۇپ كەتتى.

— بوشاڭلىق قىلماي كېلىڭە، توختى، مەن سىزنى يېۋەتمەيمەن.

— يېۋەتسىڭىزمۇ مەيلىتى، ئەمما شۇ...

— ئەمما شۇ دەپ گەپنى ئاۋۇتمىڭە، جېنىم.

توختى زەينەپنىڭ «جېنىم» دېگەن سۆزىدىن ھوشىنى چورتلا يوقاتتى، ئۆزىمۇ بىلمەي زەينەپ ئولتۇرغان قىرغا كەلدى، زەينەپ توختىنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ بوۋاقنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلەتتى. توختى چەكسىز شېرىنلىكنىڭ ئوت ئېقىنىدا خېمىردەك يۇمشاق كېتىۋاتاتتى. ئۇ زەينەپنىڭ قۇچىقىدىن ئۆزىنى تارتىپ پەسكە چۈشتى- دە، ئىشتان بېغىغا قولىنى ئۇزاتتى، ئۇنىڭ قولى زەينەپنىڭ ئىشتان بېغىغا بارغاندا، بېشىغا يوغان بىر چالما تېگىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— ھەي، ھاياسىز بەدبەخت! كۈپكۈندۈزدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — توختى بۇ ئاۋازنى تونۇپ ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتى. زەينەپ توختىنى ئىتتىرىۋېتىپ قاياققىدۇر تىكىۋەتكەنىدى. توختى قاچمىسام بولمىدى، ئەمدى بىر ئۆمۈر دادامنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، يىقىلغان جايىدىن مىڭ تەستە تۇرۇۋىدى، يەنە بىر چالما ئۇچۇپ كېلىپ ئوڭ كۆزىگە تەگدى، كۆزىدىن بىر ئوت ئېقىپ يەرگە چۈشتى. كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئېقىپ كەتتى، بۇ كۆزۈم قۇيۇلۇپ كەتتى، دەپ ئويلاپ زوڭزىيىپ قالدى. دادىسىنىڭ ئېغىر، كۈچلۈك قەدىمى قۇلاق تۈۋىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

— سەن بەدبەختنى بوگۈن مۇشۇ ئېتىزغا كۆمۈپ قىغ قىلىۋەتمىسەم،— توختىنىڭ دادىسىنىڭ ئەلپازى ئەزرائىلنىڭ ئەلپازىغا ئوخشاپ قالغانىدى. «نېمە بولسا بولمامدۇ، مەن چوقۇم قېچىپ كېتەي، قېچىپ كېتەلىسەملا قۇتۇلۇپ قالىمەن.» توختى شۇنداق بىر كۈچەپ ئورنىدىن تۇردى، ئەمما

كــۆزىنى ئاچالمــايتتى، قاياققــا قېچىــشنى ئىلغــا قىلالمــاي پىرقــراپ دادىــسىنىڭ تىنۋــشى چىققــان تەرەپــتىن ئــۆزىنى يىراقلىتىۋاتــاتتى. بىــر كۆچلۈك قــول ئاســماندىن چۈشــكەندەك توختىنىــڭ بىلىكىــدىن قامااللاپلا ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئاتىنىــڭ ئالــدىغا ئىلىۋالــدى. «چۇھ» دېــگەن ئــاۋاز بىلەن تەڭلا ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، توختىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يــورۇدى. «ئەمدى قۇتۇلدۇم» دەپ خاتىرجەم بولدى، كۆزىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتــى. ئــۇ ئۆزىنىــڭ بۇلــۇت ئارىــسىدا ئــات ئۈســتىدە ئولتۇرغــانلىقىنى كۆردى، ئاتىنىڭ كەينىدە قاراموتۇققىنە بىر ئادەم ئولتۇراتتى، ئات بۇلــۇت ئۈســتىدە يــورغىلاپ كېتىۋاتــاتتى. دۈلــدۈل دېــگەن مۇشــۇ ئوخــشايدۇ دەپ ئويلىدى.

—— سەن پەسكە چۈشۈپ كەت.

—— قانداق چۈشۈپ كېتىمەن؟

—— مەن سېنى قۇتقۇلدۇردۇم، رىسۋاچىلىقتىن قۇتۇلدۇڭ. بۇنداق رىسۋاچىلىقنىڭ ئازابى، بالاسى تولا.

تــوختى ئارقىــسىغا قايرىلىــپ ئــۇ ئــادەمنى كــۆرۈپ قورقــۇپ كەتتــى، «ئالۋاستى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى، پېشانىسىدىكى ساناقسىز قورۇقلارغا قارىــدى، يۈزىــدىكى قوتــۇرلارنى كــۆردى، قــارا چــاڭ باســقان چىرايىغــا قاراۋېرىــشكە پېتىنالمىــدى، ئالۋاســتى بىــلەن بىــرگە تۇرغانــدىن ئــاتتىن چۈشــۈپ كېتــەي دەپ ئــويلاپ پەســكە قارىــدى. زېمىــن بەك يىــراق كۆرۈندى، ئۇ ئۆزىنى ئات ئۈستىدىن پەسكە ئاتتى. ئاسماندىن لەيلەپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دېگەنىنلا ئويلىدى، يوغــان بىــر دەرەخــكە ئىلىنىــپ بەدىنــى ســىلكىنىپ ئاغرىــدى، ئــاغرىق مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى، «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ ياتقان جايىدىن تۇرۇپ كەتتى. دېرىزىدىن كىرگەن تاڭ نۇرى كــۆزىگە چۈشــۈپ تــۇراتتى، پۈتۈن ئەزايى قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئەمەس، ئۆيىدە ياتقانلىقىغا ئىشەنمەي ئۈستىخانلىرىنى توختىماي سىلاپ كــۆردى. «ئــۇھ، چــۈش كــۆرۈپتىمەن» دەپ ئىــسكە چۈشــۈپ، يوتقــان

ئۇستىدە بىر دەم سوزۇلۇپ يېتىۋالدى.

كۈن تېرەك ئۇستىگە كەلگەندە، توختىنىڭ بەدىنى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە ئورنىدىن تۇرۇشمۇ تەسكە توختىدى. ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە بەك قىينالدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇنىڭ سەزگۈر تومۇرلىرىنى ئويغاتتى. ئاخشام كۆرگەن ئىشلىرى ۋە چۈشلىرى ئۇنى تېخىچە بىئارام قىلىۋاتاتتى. ناشتىمۇ قىلماي ئۆيىدىن سىرتقا چىقتى. ئىدارىنىڭ ئىچىدە ھەممە ئادەم تازىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئېغىر بەدەنلىرىنى سۆرەپ خىزمەتداشلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاسىپجان ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بىلەن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ گەپ قىلمىدى. گېزىتخانا باشلىقى زامانباي بىلەن باش مۇھەررىرى شىياۋلىزا توختىنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. زامانباي توختىغا گەپ قىلاي دېدى ـ يۇ، ئەتىگەندە ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. توختى تازىلىق مەيدانىدا پەرۋاسىز تۇردى.

— توختى، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — ئاسىپجان ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، رەھبەرلەرنىڭ توختى بىلەن تەگىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. توختى ئۇنىڭغا قاراپ ھېچ نەرسە دېمىدى، — مىجەزىڭىز بولمىسا ئىشخانىغا كىرىپ كېتىڭ، — ئاسىپجان شۇنداق دەپ بۆلۈمنىڭ تازىلىقىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. زامانباي بىلەن شىياۋلىزىمۇ باشقا تازىلىق مەيدانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەتتى. توختى پايپېتەك بولۇپ تازىلىق قىلىۋاتقان غۇلامنىڭ قېشىغا كەلدى، غۇلام توختىغا ئۇزۇن ھەم نېرى چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى.

— غۇلام لىپى فېيك، بۈگۈن ئىدارىغا يۇقىرىدىن ئادەم كېلەمدىكەن؟

— ياقەي، قىرغىزىستاندىن ماشىنا كىرىدىكەن.

— ماشىنىنىمۇ تازىلىق قىلىپ كۈتۈۋالىدىكەنمىز ـ دە، ئەمدى.

— ئۇقمىدىم، تازىلىق قىلىڭلار دېدى، تازىلىق قىلدۇق، يۇقىرا دېگەن باشلىق نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان گەپ.

— سەنغۇ پوقنى يە دېسە يەيسەن، — توختى غۇلامنىڭ چىشىغا تەگكىلى

تۇردى، غۇلام توختىغا كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتمىسە گەپنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۈلۈپ قويۇپ ئىشنى قىلىۋەردى.

— يائاللا توختى، سەنمۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ نېنىنى يەۋاتقاندىكىن، قولۇڭنى ئەگرى قىلىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ گىدىيىپ تۇرۇشۇڭنى قارا، — رەشىدە توختىنىڭ پەرۋايى پەلەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەتىگەندىلا رودىپايدەك چاپلاشقىلى تۇردۇڭغۇ. بۈگۈن تازا تاۋىم يوق، ماڭا جۇغۇ، ئىشىڭنى قىل.

— باياتىننىڭياقى ئاسپكام ئاز گەپ ئاڭلىمىدى، سېنى دەپ ئاۋۇ بەگ غوجاملاردىن، سەنمۇ ئۇلارنى دېمىسەڭمۇ ئاسپجان ئاكامنى دەپ قولۇڭنى ئەگرى قىلىپ قوي.

— بولدى، تولا ۋالاقشىماي كۆزۈمدىن يوقىلە، — توختى رەشىدەگە بەك سەت قارىدى، رەشىدە ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بىلەن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— مىجەزىڭ يوقما؟

— نېمەمنىڭ يوقلۇقىنى كوچىلىماي يېنىمدىن كەتسەڭلا بولدى.

— كۆيۈنگەننى بىلمەيدىغان ساراڭ، — رەشىدە ئاۋازىنى بوش قىلىپ توختىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — زەينەپخاننى بىر ئاخشام ئۇخلاتمايسەن، — رەشىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ توختىنىڭ رەڭگى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

— ئاق يەردىن گەپ تاپمىغىنە.

— سەن بىلەن ھېلىقىنداق قىلىپ چۆشەپ چىقىپتۇ، — رەشىدە شۇنداق دەپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يەر سۈپۈرۈۋاتقان غۇلام ھېچنېمىنى بىلمىسىمۇ توختىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. توختى ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ تېگىدە ھېچ ئىشنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسەن غۇلام يۇگۇر.

— كۈلگۈم كېلىپ كۈلدۈم شۇ.

— نىمىگە كۆلگىنىڭنى بىلمەي ياشاۋاتقان بايقۇشتە سەن.
— ھەممە ئادەم بىلىپ كۈلسە، جاھاندا كۈلكە بولامدۇ توختى.
— ماۋۇ گېپىڭ مۇشۇ ئۆمرۈڭدىكى خېلى - خېلى گەپتىن ئېغىر
بىر ئېغىز گەپ بولدى، سەن تۇغۇلۇپ مانا بۈگۈن گەپ قىلدىڭ جۇمۇ،
غۇلام يۇگۇر، — توختى غۇلامنى ماختاپ قويدى.
— غۇلام، قىرغىزىستاندىن كىم ماشىنا ئېلىپ كىرىدىكەن.
— پولاتخان.
— قايسى پولاتخان ئۇ؟
— تۇگۇرمىتىلىك پولاتخانچۇ.
— ھېلىقى قارا، پاكار، ھاراقكەش بولمىسۇن يەنە.
— شۇنىڭدىن باشقا قايسى پولاتخان بار دەيسەن.
— ئۇنى ئىدارىدىن ھەيدەيمىز، بىر يىل ئىش تاشلىدى دەپ ھۆكۈرۈشۈپ
يۈرۈيتتىغۇ ئاۋۇ بىگىملەر، ئۇ قانداق بولۇپ قىرغىزىستاندىن ماشىنا
ئەكىرىدىغان بوپقالدى ئەمدى.
— ۋاي تاڭەي، ئەتىگەن شۇنداق دەپ ئۇقتۇردىغۇ.
— قىرغىزىستانغا قانداق چىقىپتىكەن ئۇ زابوي؟
— پاسپورت ئىشلىتىپ چىققان ئوخشايدۇ.
— يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ چىققان بولسا تاڭ، مەن
ئىشەنمەيمەن، پاسپورت دېگەننى نەچچە مىڭ كويغا ئىشلەيدىغان
تۇرسا، ئۇ پۇلنى نەدىن ئالىدۇ؟ چوقۇم مەن دېگەندەك چىققان گەپ،
بۈگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق، ھەممىمىزدىن پۇل تىلەيدىغان ھاراقكەش
تۇرسا ئۇ، غەلىتە ئىشقۇ بۇ.
— غەلىتە ئىش دېگەن جىققۇ.
— قايسى پۇلغا ئېلىپ كىرىدۇ دەيمەنغۇ ماشىنىلارنى.
— سودىگەرلەردىن ئېلىپچۇ.
— ئۇنىڭغا پۇل بېرىدىغان سودىگەرنىڭ بېشى ئېشىپ قالمىدى.
— بېشى ئېشىپ قالغان سودىگەرلەر ئاۋۇپ قېلىۋاتىدۇ ھازىر. يالغان

تامغىدىن بىرنى ياساپ «مەن دېگەن پوكۇنى ئىدارىنىڭ خادىمى، مانا ماۋۇ شىركىتىمىزنىڭ قانۇنلۇق تامغىسى» دەپ قۇرۇق قەغەزگە مانچە پۇلنى پوكۇنىدىن ئالدىم، ۋەتەندە بىر دوللارغا 11يۇەندىن پۇل قايتۇرىمەن دەپ ھۆججەت يېزىپ، ھېلىقى تامغىنى پوككىدە باسسا، ئاله ماۋۇ پۇلنى دەپ سومكىسى بىلەن كۆتەرتىپ قويۇۋاتقان گەپ، پولاتخان ئاشۇنداق توغرىلاپتۇدەك، ئۇ دوللارغا ماشىنىلارنى ئېلىپ ئىدارە بىلەن ئالاقىلىشىپتىكەن، رەھبەرلەر ئۇنى قارشى ئېلىپ، «چېگرا سودا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى» قىلىپ تەيىنلىدى، — توختى غۇلامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ توۋا دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

— ئاڭلىسام، پولاتخان قىرغىزىستاندا چوڭ شىركەت باشلىقى دەپ نام ئاپتۇ، ئۇ ياتقان ياتاقنىڭ ئالدىدا سودىگەرلەر تاغار - تاغارغا دوللار قاچىلاپ ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانمىش، رەھبەرلەر ئۇقۇپ مۇشۇ ھەپتىدىلا ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاپپاركام بىلەن ھاشىمكامنى قىرغىزىستانغا چىقارماقچى بولدى.

توختى بۇ گەپلەردىن ھەيران بولۇپ بىر دەم تۇرۇپ قالدى.

— زامان ئاخىر بولغان ئوخشايدۇ، — توختى شۇنداق دەپلا ئىشخانا بىناسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى، غۇلام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ پېشانىسىدىن ئاققان تەرلەرنى سۈرتتى.

— توختىنى ئاياندۇرۇۋەتتىڭغۇ غۇلام.

— ھەيران قالدى، ئاسپىكا، ئۇ دېگەن چوڭ زىيالىينىڭ پۇشتى، كاللىسى ئاجايىپ ئىشلەپ قويىدۇ ئۇنىڭ.

— ئەكىرىۋاتقان ئاغدۇرما ئاپتوموبىللارنىڭ ھازىر بازىرى بەك ئىتتىككەن، زامانباي بىلەن شىياۋلىزا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قۇرۇلۇش شىركەتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپتىكەن، بىرسى ئىككى بولغۇدەك باھا قويۇپتۇ، — ئاسپىجان شۇنداق دەپ كوماك ئېڭىقىنى چىقىرىپ قويدى، غۇلام «ۋاي تاڭ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە تازىلىققا چۈشۈپ كەتتى.

توختى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى چىڭ تاقىدى، تاماكىدىن

بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق شورىۋىدى، ئىس ئۆپكىسىگە كىتىپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، كۆڭلىمۇ ئېلىشىپ قۇرۇق ھۆ قىلدى، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى، قولىدىكى تاماكىنى زەردە بىلەن يەرگە تاشلاپ، توختىماي نەچچىنى دەسسىۋەتتى. ئۇ ئىسىگە كېلىپ ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ سالامەتلىك بىلەن زىچ باغلىنىشچانلىقى بارلىقىغا ئىشەندى. سىرتقا چىقىپ ناشتا قىلىپ كىرەي دېدى-يۇ، يەنە توختاپ قالدى، مەيداندا تازىلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشى تېخى تۈگىمىگەنلىكى ئېسىگە كەلدى، بىر ھازاغىچە كۆڭلى ئېلىششىتىن توختىمىدى، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كارىدوردا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى، توختى ئۇلار تازىلىقنى تۈگىتىپتۇ، ئەمدى چىقىپ ناشتا قىلىپ كىرەي دەپ ئىشخانىسىدىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا رەشىدە تۇراتتى، توختى ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەي ساراڭ، نەگە ماڭدىڭ؟

— تولا ساراڭ دەۋەرمە ھە، سېنى بىرى مېنىڭ ئىشخانامغا پوستقا قويغاندەك بۇ يەردە تۇرىسەنغۇ؟

رەشىدە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى. توختى شۇنداق دېيىلا ماڭدى، رەشىدەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئوشۇق گەپ قىلغۇسى كەلمىدى، توختىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولغۇسى كەلمىگەنىدى. غۇلام پەلەمپەيدە ئۇچرىشىپ قالدى.

— توختى، نەگە ماڭدىڭ؟

— ئىۋەگە.

— توختىنىڭ غۇلامغىمۇ دەيدىغان گېپى قالمىغانىدى، غۇلام ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان بولغاچقا، بۇرۇنقىدەكلا يېنىك كۈلۈپ قويۇپ ئۇستىگە چىقىپ كەتتى. توختىنىڭ ئەرۋايى تۇرۇپلا ئۆرلىگىلى تۇردى، ئۇ ئىچىدە كىم مەندىن نەگە ماڭدىڭ دەپ سورايدىكەن، ئاچاڭنىڭ يېنىغا دېمىسەم دەپ ئويلىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭغا ئۇچرىغانلار گەپ قىلماي ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ

ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ سەل دېمىنى ئالدى.

— توختى، يەنە نەگە ماڭدىڭىز؟

توختىنىڭ ئۆچۈپ قالاي دېگەن جۇدۇنى ئۆرلەپ تاپىنىدىن مېڭىسىگە چىقتى، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ «ئا» دەپ توختاپ قالدى، غەزەپتىن پۇرلىشىپ كەتكەن چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى زەينەپ ئىدى.

— پەسكە چۈشۈپ چىقاي دەپ ماڭغان، زەينەپ ھەدە.

— پەستە نېمە ئىش قىلىسىز؟ يوقىلاڭ، ئەرزىمەس ئىشلارغا، بولمىغۇر غەيۋەتلەرگە ئارىلىشىپ قالىسىز، ئىشخانامدا بىر دەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىڭگە، مېنىڭمۇ قىلىدىغان ئىشىم يوق بوۋگۇن، — زەينەپ ناز-كەرەشمە ئارىلاش توختىنى ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى.

— مەن... مەن...

— مەن، مەن دېمەي كىرىڭە.

زەينەپ توختىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، توختى ئۆزىنىڭ مۇنچىلىك يېنىكلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. «ئادەم دېگەننىڭ گېپى كەلسە قەغەزچىلىكمۇ ۋەزنى بولمايدىكەن، پۇتۇم يەردىن كۆتۈرۈلۈپلا كەتتىيا» دەپ ئويلىدى. زەينەپ توختىنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىچە توختىنى ئۆزىنىڭ شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن توختىنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتتى. چاقماق تېزلىكىدە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن توختى ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز يوقتەكلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى، قانداق ئولتۇرغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى، زەينەپتە ئاشۇنداق سېھىر بارلىقىغا كۆڭلىدە قول قويدى.

— مەن سىزگە بىر چاي دەملەپ بېرەي.

— مەن... مەن...

— ۋاي، بوۋگۇن مەن... مەن... دىن باشقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىسىزغۇ، توختى پالۋان، — زەينەپ كۈلۈپ كەتتى،

تـوختى بارغـانچە ئۇڭايسىزلىنىشقا باشـلىدى، زەيـنەپ هايـت ـ هۇيـت دېگـۈچە بىـر ئىـستاكان چاينى دەملەپ توختىنىـڭ ئالدىـدىكى شىرەگە قويدى.

ـــ مەن ناشتا قىلغىلى ماڭغان...

ـــ مانا ماۋۇ پىلتە قۇيماق بىـلەن ناشـتا قىلـىڭ، ـــ زەيـنەپ توختىنىـڭ ناشـتا قىلمىغانلىقىنى ئۇقـۇپ ئەتـىگەن قـورۇ ئالدىـدا ناشـتىلىق ئۈچـۈن سـېتىۋالغان بەش تـال پىلـتە قۇيمـاقنى توختىنىــڭ ئالـدىغا قويــدى. توختىنىـڭ خىجىلچىلىقـى ئەڭ يـۇقىرى چەكـكە يەتكەنـدى. ئالدىـدىكى پىلـتە قۇيمـاقنى ئـالغىچە قـوللىرى تىتـرەپ كەتتـى. زەيـنەپ ئۇنىـڭدىكى خىجىلچىلىقنى بىلگەن بولسىمۇ بىلمەسلىككە سالدى.

ـــ توختى پالۋان، ئېلىڭە، ـــ زەيـنەپ پىلـتە قۇيمـاقنى توختىنىـڭ قولىغا تۇتقـۇزۇپ قويـدى. تـوختى ئىككىلىنىـپ مۇشـۇنداق تۇرسام پىلـتە قۇيمـاقنى چايـنـاپ يېگـۈزۈپ قويمـسۇن يەنە دېگەنـنـى ئـويلاپ، پىلـتە قۇيماقنى قولىغا ئېلىپلا ئىنتىك ـ ئىنتىك چايناپ يۇتتى، ئىستاكاندىكى چاينىمۇ پۇۋلەپلا ئىچىپ، چاينىڭ بىر خىل شېرىن تەمىنى تېتىدى.

ـــ چاي تەملىكمىكەن، توختى پالۋان؟

ـــ تەملىككەن، زەينەپ هەدە، مازاق قىلماي تۇرۇڭە.

ـــ ئاغزىڭىزدىن هەنىم بولسا گەپ چىقتى، توختى پالۋان.

ـــ «توختى پالۋان» دېسىڭىز كۆڭلىڭىز يايراپ كېتەمدۇ ياكى ئىچ پۇشۇقىڭىز چىقامدۇ؟ پالۋان دېگەن گەپنى ئەمدى دېمەڭ.

ـــ بولىدۇ، بولىدۇ، تـوختى پـالۋان، ـــ توختىنىـڭ گۇچچىـدە مىجەزى بۇزۇلـدى-يـۇ، يەنە ئـۆزىنى بېـسىۋالدى. زەينەپمـۇ بۇرۇنقىـدىن سـەل پەسلىدى، توختىمۇ ئىككى تال قۇيماقنى يەپ بولۇپ توختىدى.

ـــ بۇرۇن مەن سىزدىن بەك قورقاتتىم، تونۇگـۈن بىـرگە تاماق يېگەنـدىن كېيىن مىجەزىڭىزنىڭ تۈزلۈكىنى بىلدىم.

ـــ هە.

ـــ مۇشۇ ئىدارىدە كۆلگىنىڭىزنى بىـر قېتىممۇ كـۆرۈپ بـاققىنىم يـوق

ئىدى، تولۇقۇن كۆلگىنىڭىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم دەڭە.
— مېنىڭ كۈلگىنىمگە شۇنچىلىك ھەيران قالدىڭىزمۇ، زەينەپ ھەدە؟
— ۋاي، سىزمۇ مېنى ھەدە - ھەدە دەۋەرمىگە، غوجام، مەن كۆزىڭىزگە شۇنداق قېرى كۆرۈنەمدىكەنمەن؟
— سىز مەندىن چوڭ تۇرسىڭىز، ھەدە دېمەي نېمە دەيمەن؟
— قاراڭ، توختى، — زەينەپ توختىنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئېگىشتى، توختى زەينەپنىڭ ئاياللىق ھىدىنى يۇراپ سەل ئىككىلەندى، نېمە قىلىدىغاندۇ دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن سەل قاچۇردى.
— ئاخشام سىزنى چۈشەپ قاپتىمەن.
توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئاخشامقى چۈشىنى يادىغا ئېلىپ چوغدەك قىزىرىپ كەتتى، زەينەپ پىسسىڭىدە كۈلدى. توختى بولسا ئۇركۈپ ئۆندەرەپ كەتكىلى تاسلا قالدى. گەپ قىلاي دېسىمۇ تىلى ئىششىپ گەپكە كەلمەي قالدى. زەينەپنىڭ كۆزى كۆكۈش نۇر چىقىرىپ ئادەمنى ئۆلتۈرگۈدەك خۇمارلاشتى. توختى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدى، يۈرىكى كۆكرىكىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلىدى.
— ئاخشام چۈشۈمدە مېنى ئاجايىپ خۇرسەن قىلىۋەتكۈدەكسىز، توۋا دەيمەن، مەن ئاخشامقىدەك رازى بولۇپ باقمىغان، — زەينەپ ئاخىر گېپىنى يالىڭاچلىدى. توختى يەنە بىر دەم ئۇلتۇرسام چوقۇم چاتاق چىقىدۇ دەپ ئويلىدى. زەينەپ يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، توختى ئۇلتۇرغان ئورۇنىدۇقتىن قوپۇپ كەتتى، ئىشخانىنىڭ دېرىزىلىرىمۇ قارسىلداپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئىشىك ئېچىلىپ ھاشىم ئىشخانىغا كىردى، توختى ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ھاشىم توختىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى - يۇ، ئەمما ئۆزىنى شۇ زامانلا تۈزىۋالدى. زەينەپ ھاشىمنى كۆرۈپ ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. «بۇ ئېشەك سويىدى نەدە ژىن پۇراپ يۈرگەن بولغىيتتى» دەپ غودۇرىدى، توختىمۇ چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشتى.
— توختى، قانداقراق؟ بىر ئىدارىدا تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەيدىكەنمىزغۇ.

— هاشىمكا، ئۆلتۈرۈڭ، — تـوختى هاشـىمغا ئـورۇن بوشـاتتى، زەيـنەپ ئاچچىقتىن تىن ئالالماي قىلىۋاتاتتى.
— سەنمۇ ئۆلتـۈرە، مانـا مەن مـاۋۇ ئورۇنـدۇقتا ئۆلتـۈراي، — هاشىم ياندىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ ئۆلتـۈردى، تـوختى يەنە ئۆلتۈرۈشقا مەجبـۇر بولدى.
— زەينەپخان، بۈگۈن يېڭى ژۇرناللار كەلدىمۇ؟
— ياق، تېخى پوچتالىيون كەلمىدى، — زەينەپنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن هەم جۇدۇنلۇق ئىدى، هاشىم زەينەپنىڭ مىجەزىنى بەش قولـدەك بىلگەچـكە، ئۇنىڭ چىرايىغا پەرۋامۇ قىلمىدى .
— توختى، جىگەرلىك ئوغۇل جۇمۇ سەن، خۇددى مېنىڭ ياش ۋاقتىمغا ئوخشايسەن.
— ۋاي، پو ئېتىپ كەتمىسلە هاشىماخۇن، ئۆتۈپ كەتكەن چاغلىرىنى پوپوزا قىلىپ، — زەيـنەپ هاشـىمغا ئـۇدۇللا تەگكىلـى تـۇردى، هاشـىمنىڭ چىرايـى سـەل تاتـاردى-يـۇ، يەنە ئېـرەن قىلماسـلىققا تىرىـشتى، ئۇنـىڭ گۆشلۈك كاچاتلىرى يېڭى سويۇلغان كالا گۆشىدەك لىپىلداپ كەتتى.
— مەن كـېلەر هەپتىنـىڭ ئىككىنچـى كـۈنى قىرغىزىـستانغا چىقـىمەن، جاپپاركام بىلەن، توختى، سەنمۇ چىقىپ كىرەمسەن؟
— مەن تىجارەتنى ئۇقمايمەن، ئۇ يەرگە چىقىپ نېمە قىلاي.
— سىېنىڭ بەشـرەڭ ئوچۇق، كەلگۈسـىڭ ياخـشى بولـدۇ، — هاشـىمنىڭ پالچىلىقتىن ئازراق ساۋاتى بار ئىدى.
— داخانلىق قىلغىلى تـۇردى، — زەيـنەپ هاشـىمغا دارىـتمىلاپ كونـا ژۇرناللارنى قايتىدىن رەتلەشكە چۈشتى، هاشىم ئۇنـىڭ ئـاچچىق گـېپىنـى ئاڭلىماسـلىققا سـالدى، توختىنىـڭ يـۈرىكى تـېخىچە بىـر ئىزىغـا چۈشمەيۋاتاتتى.
— سول قولۇڭنى چىقىرە، مەن كۆرۈپ باقاي، — هاشـىم توختىنىـڭ سـول قـولىنى زورلاپ چىقـارغۇزدى. هاشـىمنىڭ قـولى هەمىـشە تەرلەپ تـۇراتتى، بەدىنىمۇ سېسىق پۇرايتتى. توختىنىڭ پۇراش سېزىمـى سـەزگۈر

بولغاچقا هاشىمدىكى پۇراقلاردىن كۆڭلى سەسكىنىپ قىينىلىشقا باشلىدى.

— مانا، ماۋۇ بارماقلىرىڭنىڭ بىر-بىرىگە چىپىسلاشمىغانلىقى پۇل يىغالمايدىغانلىقىڭدىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، مانا ماۋۇ ئۆمۈر سىزىقىغا قارا، ئۆمۈر سىزىقىڭ قولىڭنىڭ بېغىشىغا تۇتۇشۇپتۇ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولىدىكەن. ماۋۇ سىزىق بەخت سىزىقى، سەن باياشات ئۆتىدىكەنسەن، ئەمما قولۇڭدىكى ماۋۇ سىزىقلار سىرتقا چېچىلىقلىق تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىڭغا چىگىلىق قىلىدىكەنسەن، ئەمما باشقىلاردىن خەير - ساخاۋەتنى ئايىماي قىلىدىكەنسەن، قولۇڭنىڭ توم، بارماقلىرىڭنىڭ قىسقىلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭنىڭ بېشارىتى، تىرناقلىرىڭمۇ ئىنچىكە ئىكەن، بۇمۇ ئەقىل - ھوشىڭنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى. بىلىكىڭنى يىغقىنە، مانا ماۋۇ جەينەك سىزىقىڭغا قارىغاندا، سېنىڭ بىرىنچى نىكاھىڭ ئۇتۇقلۇق بولمايدىكەن، ئىككىنچى نىكاھتا توختاپ قالىدىكەنسەن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يامانلىقتىن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى كۆپ.

هاشىمنىڭ جاۋغايلىرىدا بىر خىل ئاق ماغزاپ پەيدا بولغىلى تۇردى، زەينەپنىڭ غەزىپى مىڭ گەز ئۆرلىدى، توختىنىڭ كۆڭلى ئاينىپ هاشىمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ سۆزنى تۈگىتىپ قولۇمنى قويۇپ بەرسىلا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دېگەنىنىلا ئويلاپ ئولتۇردى. هاشىمنىڭ قولى تەرلەپ چىپىلداپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنىڭ ناهايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. هاشىم توختىنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى. شۇ ئەسنادا تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئىشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ كىردى.

— كېلىڭە غوجام، بۈگۈن سىزلا كەم ئىدىڭىز بۇ يەردە، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنى كۆرۈپ زەينەپنىڭ ئەرۋايى يەنە ئۆرلەشكە باشلىدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە هاشىم بىلەن توختىنى كۆرۈپ چوغقا دەسسەپ قالغاندەك بولۇپ كەتتى، زەينەپنىڭ سېسىق گېپىگىمۇ گەپ قايتۇرماي ئىشىك

تۇۋىدىلا تۇردى.

— مېنىڭ خېتىم يوقمۇ؟

— سىزگە نەدىن خەت كېلەتتى، غوجام؟ تېخى پوچتالىيون كەلمىدى.

تۇرسۇن كۆيدۈرگە بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇۋېرىشنى خالىمىدى، زەينەپنىڭ قامچىدەك سېسىق گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى، ھاشىم زەينەپكە قاراپ كۈلدى، توختى مۇشۇ پۇرسەتنى ئەلا بىلىپ ئىشخانىدىن غىپپىدە چىقىۋالدى.

— مۇشۇ يېرىڭنى دېمەن ئەمەسمۇ زەينەپ، كۆيدۈرگىنى تۇغدۇرۇۋەتتىڭغۇ بۈگۈن.

— بولدى، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرماي.

— ۋاي، ساڭا نېمە بولدى؟ بۈگۈن ئىت چىشلىۋېلىپ چۈش كۆرمىگەن بولغىيتىڭ؟

— تازا ساڭا ئوخشايدىغان بىر ئىت چىشلىۋالغان.

— قەيىرىڭنى، قېنى كۆرۈپ باقاي، — ھاشىم ئورنىدىن قوپۇپ زەينەپ تەرەپكە يېقىنلىشىۋىدى، زەينەپ كەينىگە داجىدى.

— ۋاي بولدى، بولدى، سېسىق تەر پۇراپ تۇرغان قولۇڭنى تارتە.

— ئەمدى سېسىق پۇراۋاتامدۇ بۇ قوللا خېنىم سىزگە! — ھاشىمنىڭ باياتىن بېرى يىغىلىپ قالغان ھەممە خۇيى بىرلىشىپ كۆزىگە قاپسالدى، زەينەپ ئۇنىڭ خۇيى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ئېپار پۇرىدى ھاشىم قارى قوللىرى، — زەينەپ ئۇدۇل ئىككى چىشىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى، توختى ئىشىك سىرتىدا بىردەم تۇرۇۋېتىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يوقتەك سوۋۇپ، بەدەنلىرىمۇ بوشاشتى، دۇنيا، كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇدات ئاجايىپ مەنىسىز كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

توختى پەشتاقتىن چۈشكىچە روھى تېنىدىن سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى، نېمە ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

— توختى، قانداقراق ئۇكام؟ — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەردىن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانا بىناسىدىن تېخىچە چىقىپ بولالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭغا بۇ جەريان ئاجايىپ ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى، تېنى بىلەن روھىنى ئاستا ـ ئاستا بىرلەشتۈردى، ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ قالدى، — نەگە ماڭغانتىڭىز؟ — توختى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بۇ سۆزدىن قانداق قىلىسمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈگىمەس كۆزلەر ۋە تۈگىمەس سوراقلار بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقانلىقىغا مەجبۇرلانغان هالدا ئىشەندى.

— ئايلىنىپ كىرەي دەپ ماڭغان! — توختى بۇ ئادەمنى تونۇغۇلۇپلا ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن هېس قىلغانىدى، بۇ ئادەم دەل هېلىقى تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئىدى. توختى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چېقىر بولسىمۇ چۈرىسىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، رەڭگىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئىشخانامدا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقسىڭىز بوپتىكەن، توختى.

— مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى، تۇرسۇن ئاكا؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سىز بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى بىر ئىدارىدە ئىشلەپ تۈزۈكرەك ئەسرالاشماپتىمەن ئويلىسام.

— ئۇنداق بولسا مەيلى.

توختى ئۆز ئىدىيەسىگە مۇخالىپ ئىشتىن بىرنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بۇ ئادەم بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە كارىدورنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىشخانىغا توختىنى باشلاپ كىردى. ئىشخانا پاكىز ھەم ئازادە ئىدى، ماتېرىياللار ئىشكاپلىرىدا شۇنداق رەتلىك تىزىقلىق ئىدى، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەلەمداندا شۇنداق پەيزى قەلەملەر تۇراتتى، ئىشخانىدىن سۇس ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. پاكىز، ئازادىچىلىكمۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بىسىملارنى ئازايتىشقا تۈرتكە بولىدىكەن. توختى زەينەپنىڭ

ئىشخانىسىدىكى روھىي بېسىمدىن بۇ ئىشخانىغا كىرىپلا قۇتۇلغاندەك بولدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىر ئىستاكان قېنىق چاي دەملەپ توختىنىڭ ئالدىغا قويدى. توختىنىڭ رەڭگىدىكى سولغۇنلۇقمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىچىدە، تۇرسۇن كۆيدۈرگىگە خاتا قاراشتا بولۇپ قالدىممۇ نېمە دەپ ئويلىدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسەتمەسلىكنى ئادەت قىلىۋاتقانىدى، توختى ئۇنىڭ چاي دەملەپ ئالدىغا قويغان چاغدىكى قول ھەرىكىتىدىن بۇ تەرەپنى دەرھاللا بىلىۋالدى.

— ئۇكام، سىز چوڭ ئوقۇغان زىيالىي، بىزمۇ زىيالىي، ئەمما سىلىدەك مۇنتىزىم ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان، مانا قاراڭ ماۋۇ دىپلومىغا، مەن ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە سەل ئالدىراپراق گەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىدە قالپاق يېزىسىنىڭ يەرلىك شىۋىلىرى دائىم ئۇچراپ تۇراتتى، توختى تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ دىپلومىغا قارىغان بىلەن كۆرمىدى، كۆرگەندەك قىلىپ قويۇپ دىپلومنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى، — ھازىرمۇ ئۆزلۈكسىز ئوقۇۋاتىمەن، پەقەت ئىككى پەن قالدى، پەلسەپە بىلەن ماركسىزم نەزەرىيەسى، بۇ يىل ئۇنىڭدىن ئىمتىھان بەرسەم كىلەر يىلى تولۇق كۇرس دىپلومىغا ئېرىشىمەن، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۆزىنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، ئۇنىڭ گەپلىرى توختىنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. توختى بۇ دۇنيادىن كەتكۈچە سان ـساناقسىز تۇتىرۇقسىز، ئەھمىيەتسىز گەپلەرنىڭ بولىدىغىنىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەچكە، ئۆزىدە مۇشۇنداق ئادەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ مۇشۇ ئىشخانىدا ئۆزىگە زوق بېرىدىغان پاكىز مۇھىتنى كۆرگەچكە، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئەھمىيەتسىز چۈشەندۈرمىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگىمۇ نەچچە ئون يىللىق خىزمەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ گېپىنى توختىدەك كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ئادەمدىن بىرىنىمۇ ئۇچراتمىغانىدى، توختىنىڭ بۇ ھالىدىن ئۇنىڭ ئەندىشە ـ گۇمانلىرى

يوقىلىپ، تىللىرى سىرىق قۇچقاچتەكلا بولۇپ كەتتى.

— ئۇكام، «ناخشا گاچىغا قالدى، ئۇسسۇل توكۇرغا» دېگەندەك، بىزدەك ئادەملەر مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلماي، مۇشۇ ئىشخانىدا كەلگەن ماقالىلارنى تىزىملاپ ئولتۇرۇۋاتىمىز، ماۋۇ لاتا غىلاپ باشلىقلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچىلىك بولغاچقا ئۆزىدەك «ئاقماس ماتا، زورلاپ ساتا» بىر نېمىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىكەن دەڭە. سىزنىڭمۇ ئۇلارنىڭ پەم-پاراسەتسىزلىكىنى بىلىپ يېشىگىزنى ئىچىگىزگە تىقىپ يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى مەن بۇرۇنلا بايقىغان، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئىچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىرىنى قويۇۋەتتى، توختى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسى ئىچىدە ئارام ئېلىۋاتاتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ كەتتى، ئۇ بۆگۈن گەپتىن توختايدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى، — مانا كۆردىڭىزمۇ، بەزىلەر «رەھبەرلەر بىر قولدا سىياسىينى، يەنە بىر قولدا ئىقتىسادنى تۇتۇشى كېرەك» دېگەن سۆزنى تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىدىغان مۇشۇنداق كەسپىي ئورۇنلارغا تەتبىقلايمىز دەپ «چېكرا سودىسى» بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى. كۆرۈۋاتقانسىز، ئۇكام توختى؟ بۇ ئىدارە بۇرۇن لاۋتاڭ بار چاغدا شۇنداق ياخشى ئىدى، ھەممە ئادەمنىڭ تۇرۇقىدىنلا زىيالىيغا خاس بىر خىل كەيپىيات مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، ھازىرچۇ، بۇ لاتا غىلاپ باشلىقلار ئۆزىنى بىر شەھەرنىڭ، بىر ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىدەك چاغلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىدارە ھازىر قارا چۈمۈلىنىڭ چۈگۈلۈپ كەتكەن ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى، ھەممە ئادەم پۇل، پايدىنىڭ شېرىن چۈشىگە غەرق بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رولىنى ئۇنتۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن نەدىمۇ زىيالىيلىق چىقىپ تۇرسۇن؟ ماۋۇ باشلىقلار نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىنتاڭ. كۆرۈۋاتىسىز، ئۇكام توختى، ھېق، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ گېپى تازا ئەۋجىگە چىققاندا بىر ھېقىق كىنىدىكىدىن كىرىپ ئېغىز - بۇرنىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۆڭ قولى بىلەن ئېغىزىنى توسۇۋالماقچى بولۇپ ئۈلگۈرەلمىدى. توختى ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ خىجالەتچىلىكتە قالغاندەك تەرلەپ كەتتى، — ئاشقازىنىمنىڭ

سوغۇقى بار، سەل نېرۋام ئۆرلىسە كۆپۈۋالىدۇ، دېمىسىمۇ ئادەمنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار ئاز بولمايۋاتىدۇ، هازىر سىزمۇ كۆردىڭىز، ئاۋۇ زەيىنەپ دېگەن مەينەتنىڭ ماڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى، ئۇنى تويغۇزۇۋېتەتتىم، سىزنى دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بۇ خوتۇن ئاجايىپ دۆت خوتۇن دەيمەن. لاۋتاك بۇ ئىداردىن كېتىشى بىلەن تەڭلا ئاران ساۋادى چىققان مۇشۇنداق مايماقلارنى تۆكىۋەتتى بۇ يەرگە، زەينەپنىڭ ئېرى شەھەرلىك پارتكومدا ئەمەلدار بولغانلىقى ئۈچۈنلا زەينەپنى مۇشۇ ئىدارىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان. لاۋتاڭنىڭ قەدرى ئەمدى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ، بۇرۇن بىلمەيتىكەنمىز، ئۇ ئادەم ئاجايىپ سۈرلۈك، سالاپەتلىك، كۆپنى كۆرگەن، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ «خوش-خوش» دېمەيدىغان، ئومۇمىيلىقنى، ئاممىنى ئويلايدىغان ھەقىقىي زىيالىي باشلىق ئىدى، ھازىرقى باشلىقلاردا لاۋتاڭنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ كىندىكىدىن يەنە بىر ھىقىق ئۆرلەپ چىقتۇدى، ئۇ قولى بىلەن توسۇۋالدى، — كونا كېسەل، نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەل ئۇكام، ئالدىڭىزدا خىجىلمەن.

توختىنىڭ كۆزى خۇددى پاقا تەشكەن سويمىنىڭ تۆشۈكىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر سەزگۈنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئىدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگىگە ھازىر گېپىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇپ بېرىدىغان توختىدەك ئادەم كېرەك ئىدى. ئۇ بۇنداق سۆزلىمىگىلى خېلى چاغلار بولۇپ قالغاچقا، بۇگۈن كۆڭلىدىكى قورساق كۆپۈكلىرى ئۇستىگە تېشىۋاتاتتى. ھەپتە، ئون كۈندە تەلئەت قۇرتقا ئانچە - مۇنچە سۆزلەپ بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپلا كېلەتتى. تەلئەت قۇرتمۇ توختىدەك بۇنداق جىم ئولتۇرۇپ بەرمەيتتى، زېرىكسىلا بىر باھانىنى تاپالايتتى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۇنىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ كەينىدىن قوغلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچە دەۋىلاتتى، بۇنداق دەۋىلەش دەۋالغۇچى ئۈچۈن مۇشۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىچارىلىك ئىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە بۇنى ئويلىمايتتى.

— ئاۋۇ پور كۆتەك قاسماق ھاشىم دېگەنمۇ ئەڭ چوڭ تۇڭچى، پورداقچى، ئەسلى يادا باقىدىغان گۇيلار بۇ، ماۋۇ باشلىقلارغا ئاشۇنداق پورداقچىلار كېرەك ـ دە، تېخى... بولدى دېمەي، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ھاشىم توغرىسىدا قىزىپ سۆز باشلاپ نېمىشقىدۇر توختىۋالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئېچىپلا، بېشىنى كارىدورغا ئاستا چىقىرىپ، چېقىر كۆزلىرىنى قىسقىنىچە كارىدورنىڭ شەرق تەرىپىگە قارىدى. كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ھەم يايماي، شامال كىرگۈدەك قىلىپ ياپتى. توختى ئۈدۈلىغا قاراپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە شىرەسىگە ئىككى بىلىكىنى قويۇپ توختىغا قارىدى . توختى ئاۋۋال قانداق ئولتۇرغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىنى گېپىمگە قايىل بولۇپ ئولتۇرغان تۇنجى ئادەم يەنى تۇنجى ئەقىل ئىگىسى دەپ چۈشەندى. ئەسلى توختىنىڭ مېڭىسى ئويلاشتىن، سىزىمدىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بولغانىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ بۇرنىنىڭ تۈۋىدىكى ئۆسمە «لىك ـ لىك» قىلىپ قىچىشقاندەك قىلدى، ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۆسمىنى سىلاپ قويدى، ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ يېيى تارتىشىپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ قالغانلىقى ئوچۇق كۆرۈندى. توختى ئۇنىڭ يېيى تارتىشقان بىگىز بارمىقىنى كۆرۈپلا ئېسىنى يىغىپ تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ جاۋغىيىدىكى قېتىپ قالغان ماغزاپ قېتىقچىلىرىنى كۆردى، كۆڭلى غەلىتە بولۇپ، بۇ ئىشخانىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئويلىۋىدى، زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى.

— ھېلىقى ھاشىم قانجۇق ھەممە ئادەمگە شالىنى چېچىپ ھۆرپىيىدىغان، تالادىكى لوكچەكلەردىن قېلىشمايدىغان، تۇتۇرۇقسىز، بولۇمسىز نېمە، باشقىلارنىڭ قۇيرىقىنىڭ تېگىگە كىرىۋېلىپ، جان بېقىپ كېلىۋاتىدۇ.

توختى ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى، «ھاشىم» دېگەن ئىسمىنىلا بىلەلىدى. ئىشخانىنىڭ بۇرۇنقى ھاۋاسى ئۆزگىرىپ بوشلۇقتا سېسىق تەر پۇرىقى ئۇچۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىچى

سىقىلىشقا باشلىدى، خومارى تۇتۇپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىماي سۆزلەيتتى.
— بۇ ئىداره لاۋتاڭ بار چاغدا ئىداره ئىدى، ھازىر نېمىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن، ئۇ ئادەم ئاجايىپ ئادەم ئىدى، ھەممە ئىشنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇراتتى، ماۋۇ لاتا غىلاپ باشلىقلار ـ زە...
توختى ئىدارىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ پاراڭلىرىدىن دائىم «لاۋتاڭ» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئادەم توغرىسىدا سۆزلىگەندە جانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ كۆرەتتى، ئەمما پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ بىر مۇنچە كاپىششلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گەپ قىستۇرۇپ قويدى:
— لاۋتاڭ دېگەن ئادەممۇ ـ يا، — توختى ئۇدۇللا شۇنداق دېدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى.
— ئۇكام توختى، بىلىپ دەۋاتامسىز يا بىلمەيمۇ؟
— بىلمەي.
— ئۇ ئادەم ئىدارىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زات، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىگە گەپ قىلىشقا يەنە پۇرسەت چىققانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى، — ئۇنى ئۇيغۇر دېسىگىزمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ يېرىم ئۆمرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆتكەن. ئۇ ئاجايىپ ئىقتىدارلىق رەھبەر ئىدى.
— ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟
— ياق، شىمالدىكى چوڭ شەھەردە تۇرۇۋاتىدۇ، ئارامغا چىقىپ شۇ يەرگە كەتكەن.
— شۇنداقمۇ؟ قىرىغاندا ئارامغا چىقىشى كېرەك، بولمىسا ئالجىپ قالىدىغان گەپ.
— ئۇ ئادەم ئالجىمايتتى، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئېغىر ئۇھسىندى. توختى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىنىڭ قوپقىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالدى، — قوپۇپ

قالدىڭىزغۇ؟

— سىرتتا ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە پۇخادىن چىققان بولسىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايۋاتقاندەك قىلدى، ئەمما خىيالىغا بىر ئەندىشە قېتىلىۋالدى.

— ئۇكام، بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىنىڭ ھەممىنى سىزگە دېدىم، مۇشۇ گەپلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قالسۇن جۇمۇ؟ — توختى تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ بۇ گېپىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى،— سىز زىيالىي تۇرۇپ گەپ كۆتۈرۈپ يۈرمەتتىڭىز، شۇنداقتىمۇ مۇنداقلا دەپ قويدۇم، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ.

— قايسى گەپنى كۆتۈرۈپ يۈرمەن، نېمە دېگەنتىڭىز؟ — توختى تۇرسۇن كۆيدۈرگىگە بۆلەكچە قارىدى، دېمىسىمۇ ئۇ تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلىمىغانىدى.

— ئوغۇل بالا دېگەن مانا سىزدەك بولمامدۇ! — تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئورنىدىن تۇرۇپ رازىمەنلىك بىلەن توختىنىڭ دولىغا شاپىلاقلاپ قويدى. توختى ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

توختى بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىدا رەشىدە توككىدە پەيدا بولدى.

— ھەي، توختى، نەدىن چىقتىڭ؟

— ئىشخانىدىن.

— كىمنىڭ ئىشخانىسىدىن؟

— تۇرسۇنكامنىڭ، — رەشىدە ھەيرانلىق بىلەن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدى، — بىر ياققا ئۆتە، ئادەمنىڭ كۆزىگە چاپلىشىۋالغان چاپاقتەك تۇرۇۋالماي!

— ئاشۇ كۆيدۈرگىنىڭ ئىشخانىسىدىمىتىڭ باياتىنتىڭىياقى؟

— ھەئە، قانداق؟

— توۋا، توۋا، ئۇنىڭ بىلەن نېمىش قىلدىڭ؟

— نېمىش قىلسام سېنىڭ نېمە كارىڭ! بىرى ئاتايىن سېنى ماڭا پايلاقچىلىققا قويمىغاندۇ رەشىدەك.
— ئىشىڭنى قىلە، ساراڭ! كۆيۈنگەننى بىلمەيدىغان مەتۇ!
— بىرسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمنى پايلاپ تۇرغىنىڭ كۆيۈنگىنىڭمۇ؟
— سەنغۇ غەرەز ئۇقمايدىغان ساراڭ، كىرسەڭمۇ كىر، بۇنداق ئادەمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمە دېگىنىم بۇ.
— ئۇ ئادەم ئەمەسما، بولدى قىلە رەشىدەك.
— ئۇنى ئادەم دېسەڭ ماۋۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتمەمدۇ؟ بىر ئىپلاسنى ئادەم دېگىنىڭنى قارا.
— ماقۇل، ئادەم دېمەي، تۇرسۇن ئاكا دەي، بولدىمۇ؟
— ئاشۇ هايۋاننى ئادەم دېگۈچە ماۋۇ ياقاڭنى چىشلەپ ئۈچنى يەرگە تۆكۈرۈۋەت، — رەشىدە توختىنىڭ ياقىسىنى تۇتتى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ هەيران بولدى.
— ئەتىگەن بىر ئۆيدان تۇراتتىڭ، باياتىنىڭغىچە سېنى قارا بېسىپ قالمىغاندۇ، رەشىدەك، — دېدى توختى مەجبۇرىي كۈلۈپ.
— سېنى جىن تاسقاپ قويغان ئوخشايدۇ توختى، — رەشىدە قىزىرىپ، تاتارغىنىچە توختىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا غەزەپ بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى.
— نېمىگە بۇنداق ئاچچىقلىنىسەن، رەشىدەك؟ — توختىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا چىقتى، ئىدارە قورۇسى ئۇنىڭ كۆزىگە نېمىشقىدۇر سىغمىدى. رەشىدەنىڭ بەللىرىنى قارا چوملىدەك تولغاپ ئۆيى تەرەپكە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر دەم تۇردى. خالاغا چىقىپ كىرگۈسى كەلدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە بىلەن رەشىدەنىڭ ئىككى خىل سىماسىنىڭ كۆزىدىن تېخىچە كەتمىگەنلىكىنى هېس قىلدى.
توختى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، سىرتتا بەللىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرى قورققۇدەك دەرىجىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر موماينى كۆردى. ئۇ موماي توختىنىڭ كۆزىگىلا قاراپ تۇراتتى. توختى مومايىنىڭ قورقۇنچلۇق

كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، بەدىنى بىلىنەر- بىلىنمەس تىكەنلىشىشكە باشلىدى. توختى ئىداره ئىچى ۋە سىرتىدا بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ بوگۈن باشقىلارغا نېمە بولغاندۇ دەپ ئويلاپ قالدى، دىجورنىخانىغا قارىدى، دىجورنىخانا ئىچىدە قادىر كۆك كۆز كارىۋاتتا ياتقانىدى. توختى ئۇنى كۆرۈپ كۆزىنى ئېلىپ قېچىشىغا قادىر كۆك كۆز كۆرۈپ قالدى.

— چوشلۇك تاماقنا ئەمدى ماڭغان ئوخشىمامسەن، توختى؟ تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بىرەر قىز تېپىۋالساڭ بولاتتى، — قادىر كۆك كۆز كارىۋاتتىن قوپماي ئۇنىڭغا گەپ قىلدى.

— چۈش بولدىما؟ — توختى ھەيران بولدى.

— چۈش بولغىلى نەۋاق، ئىشخانىدا ئۇخلاپ قاپسەن-دە؟

توختى قادىر كۆك كۆزدىن چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، بوگۈن زادى نېمە بولدۇم دەپ ئويلاپ، دەرۋازا سىرتىغا چىقتى.

بوغۇز تەرەپتىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئاسمانمۇ ئۆزگىچە ئىدى، يوللاردىن ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنا، موتسىكلىتلەرنىڭ سەسكىنىشلىك ئاۋازلىرى قۇلاقنا كىرىپ تۇراتتى، توختى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان موماينا قاراي، دەپ شۇنچە غەيرەت قىلىپ باقسىمۇ يۈرىكى سىلىپ بېشىنى ئاياغ تەرەپكە بۇرىۋالدى.

— ئەي ئوغلۇم، سەن توختىغۇ، — توختى بۇ ئاۋازدىن مۇدۇرۇپ كەتكەندەك بولدى، ئاۋاز مومايغا ماس كەلمەيتتى، مومايدىن ئاۋاز تېتىك ھەم جانلىق ئىدى. توختى مومايغا قارىدى، موماي بەكلا قېرىپ كەتكەنىدى، توختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزى ياشقا تولدى.

— بۇياققا كەل، بالام، مېنىڭ بۇ ئەپتىمدىن قورقۇپ قېلىۋاتىسەن-ھە، ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، — مومايىنىڭ سۆزلىرى دانە-دانە ئىدى. توختى مومايغا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇردى. توختى مومايىنىڭ كىملىكىنىمۇ، ئۆزى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ تۇرماي، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىنى ئاڭلاپ

تۇرغاندەك ئاجايىپ ھىجران دەرياسىدا ئېقىۋاتاتتى.

— تولا ھاڭ بېقىۋەرمەي يېقىنراق كەلگىن، سەندىن سورايدىغانلىرىم بار، — موماي بىر تۇپ رىدە دەرىخى ئاستىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى، تـوختى مومايىنىڭ ئالدىغا باراي، دەپ بىر قەدەم ئېلىشىغا قادىر كۆك كۆز چىقىپ قالدى.

— ماۋۇ كەمپىرنى، ئەي خاناچا يەنە تالاغا چىقىۋاپسىزغۇ؟ ھەي سائادەت نىمىش قىلىۋاتىسەن؟ ماۋۇ ساراڭ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ ـ دە.

قادىر كۆك كۆز ئالدىراپ ـ تىنەپ مومايىنىڭ ئالدىغا كەلـدى، تـوختى نىمىش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالماي قالـدى، شۇ ئارىلىقتا سائادەتخان يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى.

— سەن بەك بىخەستە بولۇپ كېتىۋاتىسەن، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ چاتاقنىڭ چوڭى چىقماي قالمايدۇ، ئورنىڭىزدىن تۇرىڭە خاناچا، — ئاندىن سائادەتخانغا قاراپ دېدى، — قولتۇقىدىن يۆلە، سانىڭ مېڭىسىنى يەۋالغان ساراڭ.

— ئاغزىلىرىنى بۇزمىسىلا قادىراخۇن، — سائادەت قالپاق يېزىسىنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى، بوي تۇرقى بىلەن تەلەپپۇزى ئۆزىگە ماسلىشىپ كەتكەن ئىدى،— بۇدو دىققەت قىلسام بولدىغۇ، قادىيباي.

— دائىم مۇشۇنداق دەپلا تۇرۇۋالىسەن، ماۋۇ يولدا ماشىنا بەك تـولا بولـۇپ كەتتـى، ھـازىر پىراۋىسى يـوق ماشـىنا ھەيدەيـدىغانلار كـۆپ، پىراۋىسى بـار بولغـانلارمۇ ئوقۇمـاي پـۇل تـۆلەپلا پـىراۋا سـېتىۋېلىپ ھەيدەۋاتىدۇ، قاتناش ھادىسىمۇ كۈندىن كـۈنگە كۆپىيىـپ كېتىۋاتىـدۇ، بىخەستىلىك قىلما، خوتـۇن، — قـادىر كـۆك كـۆز خوتۇنىغا جۇدۇنلاپ سۆزلىدى، موماي ئاغزىنى ئۆمەللەپ تېخىمۇ بوشـاپ كەتتـى. تـوختى مەن ئۆيـدە ئۇخلاۋاتامـدىم يـا سـىرتتا تۇرۇۋاتامـدىم، كۆرۈۋاتقـانلىرىم چـۈش ئەمەستۇ؟ دەپ ئويلىدى.

— ھەي كۆك كۆز، ماڭا لاۋتاڭ ئىنىمنى چاقىرىپ بەر، ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. توختى بالام، بۇلار چاقىرىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى،

سەن چاقىرىپ بەرگىنە.

— ماقۇل، مەن چاقىرىپ ئۆيگە باشلاپ كىرەي، سىلى ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، خاناچا.

— سەن مېنى قاچانغىچە ئالدايدىغانسەن، ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار، سەن ئۇنى ماڭا چاقىرىپ بەرمىسەڭ، بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىسەن.

— ماقۇل، مەن بۈگۈن چوقۇم تىۋلاپ كىرىمەن، خاتىرجەم بولسىلا، خاناچا.

— مېنى خاناچا دېمە يامان بولىدۇ.

— ماقۇل، هاما، — قادىر كۆك كۆز ئايشەمخان نېمە دېسە ماقۇل بولۇپ، ئۇنى ئالداپ ـ سالداپ يۆلەپ ئۆيى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. توختى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن هاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇردى. قادىر كۆك كۆز ئايشەمخاننى ئۆيگە سولىۋېتىپ توختىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قېرىپ كەتتى، مېڭىسىدىنمۇ ئېزىپ قالدى دېگىنە، توختى، دائىم ئۆيدىن تالاغا قاچىدۇ، چوڭ بولۇپ قالغاندا ئالىمادىس بىرەر پىشكەللىك يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەنمىز، تاغام رەھمەتلىك كۆز يۇمغاندىن بۇيان خاناچام يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىدە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، ئامال يوق، — قادىر كۆك كۆز توختىغا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

— ئۆزى قېرىپ كەتكەن بىلەن هوش ـ كاللىسى جايىدا تۇرمامدۇ، قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرىۋەرسە ئادەم دېگەن ئېلىشىپ قالىدۇ، ئانچە ـ مۇنچە تالا ـ تۈزگە چىقىپ ساپ هاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغىنى ياخشى، ساپ هاۋا دېگەن ئىنسان ئۈچۈن هەر قانداق ئالىي ئوزۇقلۇقتىن ياخشى، قادىركا.

— ئايال كۈندە بىر قېتىم تالاغا ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا سېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — قادىر كۆك كۆز يالغان سۆزلەپ قويدى، توختى ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— ئاپتاپقا سالىدىغان يوتقان ئەمەس. ئادەم ساپ هاۋادىن ئايرىلسا

بولمايدۇ، ــــ توختىنىڭ بۇ گەپلىرىنى قادىر كۆك كۆز ئاڭلىماسلىققا سېلىپ دىجورنىخانىغا كىرىۋالدى. توختىنىڭ بېشى ئاغرىپ، پۇت-قولى ماغدۇرسىزلاندى. ئۇ ئايشەمخان موماي توغرىسىدا نۇرغۇن سىرلىق خىياللارغا ئىگە بولدى.

توختى چۈشلۈك تاماقنى يەپ ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ئايشەم مومايىنى يەنە ئىبسگە ئالدى. تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئۇ مومايىنىڭ ئۈنى «توختى» دەپ چاقىرغانلىقى توختىغا سىرلىق بىلىنگەنىدى. ئۇ قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. «مەن بۇ ئىدارىدە چوڭ بىر ئەرباب بولمىسام ئۇ موماي مېنى قانداقمۇ بىلسۇن، ئۇنىڭ كىشى بىلمەيدىغان كارامىتى بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.

ــــ سەن ئۆلگەندىغۇ ئۆيگە كىرەسەن، هوي ئىپلاس قىلتىرىق.

ــــ ئاۋازىڭلارنى بوش قىلىڭلار، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، سادىغاڭ كېتەي.

ــــ باشقىلاردىن قورقۇنچىم يوق مېنىڭ.

ــــ ماۋۇ ياقامنى قويۇۋېتىڭلار دەيمەن، دېمىم سىقىلىپ كەتتى.

ــــ ماۋۇ كاساپەت ئاغزىڭغا گۆش كىرگەندە سىقىلىپ قالمىدىما ماۋۇ كانىيىڭ.

ــــ بۇنىڭدىن كېيىن يىمەي، هەممىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرەي.

ــــ مەن نەچچە بالىنى ئوقۇتىۋاتسام، سەن بازاردا بىخاراماڭ مەززە قىلىپ يۈرۈيسەن. قانداق يېگىنىڭ كەلگەندۇ شۇ گۆشنى جۇۋاينىمەك قىلتىرىق.

ــــ سەت تۇرىدۇ، بولدى قىلىڭلار سانىخان.

ــــ ماڭ، تالادا لالما ئىتتەك يۈر، ــــ سانى كۆتەك ئېرى سادىق قىلتىرىقنى سۆرەپ چوڭ يولغا ئېلىپ چىقىپ، پالاققىدە يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئىككىنى تۈكۈرۈپ كىرىپ كەتتى. سادىق قىلتىرىق يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كەتكەچكىمۇ تەستە ئورنىدىن تۇردى. توختى بۇ سەتچىلىكنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشنى خالىماي، ئىدارىگە

كىرىپ كەتتى. قادىر كۆك كۆز ئۇلارنىڭ چاقچىلىسىنى تازا مەززە قىلىپ كۆرۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ كۈلۈۋاتاتتى، توختى ئۇنىڭ كۈلگىنىنى ئاڭلاپ، دىجورنىخانا ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ قارىۋىدى، قادىر كۆك كۆزنىڭ كۈلكىسى توختاپ قالدى.

— كىرە، ئۇكام توختى، بىردەم ئولتۇرۇۋال، ئىشقا چۈشۈشكە خېلى بارغۇ تېخى، — توختى دىجورنىخانىغا كىرىشنى خالىمىسىمۇ ئۆزىنى باشقۇرالماي كىرىپ قالدى. دىجورنىخانىدا رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئىلاستىكلىقى يوقالغان، قاسماق باغلاپ كەتكەن ئىككى تال ساپا بىلەن بىر دەم رەڭلىك، بىردەم رەڭسىز چىقىدىغان، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆچۈپ قالىدىغان، ئۈستىگە شاپىلاقلاپ قويسىلا چىقىدىغان بىر تېلېۋىزور تۇراتتى. توختى دىجورنىخانىغا بۇرۇن كىرىپ باقمىغانىدى.

— ئولتۇرە، ئۇكام توختى، ماۋۇ باشلىقلارغا تولا دېدىم دىجورنىخانىنى تۈزەشتۈرۈپ بېرىشنى، قۇلاق سالامدۇ دەيسەن، لاۋتاڭ ئاكام ئون يىلنىڭ ئالدىدا قىلىپ قويغان پېتى تۇرىدۇ مانا، ئامال قانچە، مەن يېنىمدىن خەجلەپ ئوڭلاپ قوياي دېسەم بىر مائاشلىق، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋاتىمەن، — قادىر كۆك كۆز توختىنىڭ كىرىپلا ساپاغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاشۇلارنى زورىغا دەپ قويدى. توختى ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپمۇ ياكى ئۆزىنىڭ بىردەم ئولتۇرغۇسى كەلگەنمۇ ئاخىر ساپاغا چۆكتى، ساپا ئۇنىڭغا تاشتىن قاتتىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئۆزۈمدە بار، ساڭا نېمشقا مۇشۇ ئېغىزىمنى ئاۋارە قىلىپ يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ بېرىمەن دەيمەن، قادىر كۆك كۆز، — رەڭگى ئۇنىڭغا ساماندىن بەتتەر سارغىيىپ كەتكەن سادىق قىلتىرىق دىجورنىخانىغا كىرىپ كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، سادىقكا؟

— ۋاي، شۇنداق ئاكاڭنىڭ پالان نېمىسىگە بۇنداق قىلاي، دائىم ماڭا بىر بالا تېپىپ بېرىسەن، كۆك كۆز مۇشۇك.

— ئاۋۋال ئولتۇرۇۋاله.

— ئولتۇرمايمەن، نېرى تۇرە، ھېلى... ئاپلا...، — سادىق قىلتىرىق قورسىقىغا تو كەتكەندەك دەم ئالالماي قالغانىدى. قادىر كۆك كۆز سادىق قىلتىرىقنىڭ ئۆزىنى سەتلەپ كەتكىنىنى توختى بولمىسا ئېغىر ئالمايتتى، توختىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ جۇدۇنىنى ئۇيغاتتى.

— مەن نېمە قىلدىم ساڭا بۇنچە دەپ كەتكۇدەك؟

— ساۋۇركامنىڭ يۈزىنى دېمىسەم ساڭا قىلىدىغان گېپىم بار ئىدى، خەير، ئېشەكنىڭ بىر نېمىسىدەك بالا ئىكەنسەن جۇما سەن.

— خوتۇنىڭدىن ئالمىغان دەردىڭنى مەندىن ئالامسەن؟ چوڭ بولغاندىكىن ئاۋۇ ئاغزىڭنى بۇنچە پەرىشان قىلىپ كەتمە.

— يەنە ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتامسەن؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، مۆشۈك كۆز ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيتتى، ئۆزۈمدە بار.

— بولدى قىل دېيمەن، سادىقكا، ئاچچىقىڭنى خوتۇنىڭدىن ئالمامسەن بۇ يەردە ۋارقىراپ يۈرمەي! قانداق گەپ بۇ! — قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆك كۆزلىرى پالدىرلاپ يېنىشقا باشلىدى.

— سېنىمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟ ساڭا بىر گەپنى كۆڭلۈمنى يېقىن تۇتۇپ دەپ بەرسەم خوتۇن خەقكە دەپ بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ ئىچىڭ زەھەر بىلەن توشۇپ كەتكەن چۈپرەندە ئىكەنسەن ئەمەسمۇ.

— ئاغزىڭنى بۇزما دەۋاتىمەن.

— بۇزسام قانداق قىلاتتىڭ! مەن ئۆزۈم تېپىپ يېگەن نەرسىگىمۇ دو قوپاۋاتامسەن، ئۇقۇپ قوي، ماندامۇ قىلىۋاتىمەن تېخى، چىدىيالمىساڭ بۇنىمۇ دەپ قوي.

سادىق قىلتىرىق قوللىرىنى بىر خىل قىلىپ، ئوڭ قولى بىلەن سول قولىغا پوك - پوك چېقىرىپ بىر نەچچىنى ئۇرۇۋېتىپ دىجورنىخانىدىن چىقىپ كەتتى. توختى سادىق قىلتىرىقنىڭ قول ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، كۈلۈپ سېلىشتىن ئەنسىرەپ، قولىنىڭ تىرنىقىغا قارىۋالدى. قادىر كۆك كۆز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋىدى، يالغان چىشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى،

ئۇ يەردىن ئىككى تال يالغان چىشنى ئېلىپ چاپىنىغىلا سۈرتۈپ ئېغىزىغا سېلىۋالدى. توختى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېجورنىخانىدىن ئىتتىك چىقىۋالدى-دە، ئىشخانا بىناسىغا يۈگۈرۈپ كىرىۋالدى. قادىر كۆك كۆز توختىنىڭ دېجورنىخانىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى، ئېسىگە كېلىپ توختى ئولتۇرغان ساپاغا قارىغىدەك ئۇنى كۆرمىدى، چىرايىدىكى خىجىلچىلىق ۋە ئوسالچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئاستا- ئاستا تارىشقا باشلىدى.

توختى كېچىسى ياخشى ئارام ئالالمايدىغان بولۇپ قالدى، زىيادە چارچاپ، چارچىغىدەك ئىش قىلغانلىقىنى يادىغا ئالالمىدى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ كۆزىنى ئەمدى يۇمۇشىغا، قۇلىقىغا ماشىنىلارنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىگنال ئاۋازى كىرىشكە باشلىدى. رىتىمسىز سىگنال ئاۋازى توختىنىڭ قۇلاق- مېڭىسىنى يېيىشكە باشلىدى. زادىلا تاقەت قىلالماي چىراغنى يورۇتتى. ئۆيئىچىدە ئېسىنى يوقاتقان هالدا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭغا هەممە نەرسە ئۆزىدىن يىراق كۆرۈنەتتى، ئۇلارغا ئۆزىنى شۇنچىلىك يېقىن تۇتسىمۇ بەرىبىر ئىدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇشقا مەجبۇر بولدى، سىرتتىكى ئاۋازلار شۇنچىلىك يېقىمسىز بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاشۇلارنىڭ ئارىسىغا سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ ئاشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ئۆيدىن تالاغا چىقتى، قوشنىلىرىنىڭمۇ سىرتقا چىقىپ ئاشۇ ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە ئالدىراش كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيرانۇ هەس بولدى.

— زاۋۇت تەرەپتىكى مەيدانغا بىر قىسمىنى تىزىڭلار، قالغانلىرىنى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا تىزساق سىغىدۇ، — هېلىقى ئاۋازلار ئارىسىدىن چىققان بۇ ئاۋازلار پاشىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى. توختى بۇ ئاۋازدىن پولاتخانىنىڭ قىرغىزىستاندىن ئەكىرگەن ماشىنىلىرى كىرىپتۇ-دە، دەپ بىلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كېتەي، دەپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن رەشىدە ئۆشنىسىگە بىر چاپانىنى ئارتىۋېلىپ ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا پەيدا بولدى. جاهان قاپقاراڭغۇ بولغىنى بىلەن ماشىنا چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى ئىدارە

ئاسمىنىنى ئالىيىشىل قىلىۋەتكەنىدى. توختى ئاسمانغا قاراپ قويۇپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ تۇرۇشقا رەشىدە يېقىنلاپ كەلدى.

— ئۆيۈڭگە كىرىپ كىتىۋاتىسەنغۇ، ماڭ يۈر، قانداق ماشىنىلىقىنى كۆرۈپ كىلىلى، — توختى رەشىدەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— كۆرۈپ كەلسەڭ ئۆزۈڭ كۆرۈپ كەل، مەن ئۇخلايمەن.

— مۇنداق تووا ـ سۈرەندە ساڭا نەدىكەن ئۇ ئۇيقۇ، بىرنىجىلىك قىلماي يۈر دەيمەن.

— تېزرەك بىرىپ كۆرۈپ كەل، بولمىسا ساڭا كۆرىدىغان يېرى قالماي قالمىسۇن يەنە، — توختى رەشىدەگە شۇنداق دەپلا هويلىغا كىرىپ ئىشىكنى داراققىدە يېپىۋەتتى، رەشىدە ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلاي دىدى ـ يۇ، ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

بۇ كىچە توختى مىلڭ تەستە ئۇخلىدى.

توختى تەستە ئۇخلىغان كۈنلىرى سەھەر قوپالماي قالاتتى. بۈگۈنمۇ قوپقۇسى كەلمەي، كۆزىنى ئىچىپ يىرىم سائەتكىچە جىم ياتتى، ئۇنىڭ بىشى قىيىپ، بەدەن ـ ئۇستىخانلىرى ئىغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئازراقلا ناشتا قىلىپ ئۆيىدىن سىرتقا چىقتى. ئۇ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەيدانغا كىچىك تىپتىكى ئاغدۇرما ماشىنىلارنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. لىكىن ئۇلارغا قىزىقىش نەزىرىدە قاراپمۇ قويماي ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كەتتى. ئىدارە باشلىقى زامانباي بىلەن شياۋلىزا توختىنىڭ پەرۋا قىلماي كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى. بوينىڭ پاكارلىقىغا باقماي كۆزىگە يوغان كۆزئەينەك تاقىۋالغان، ئۇچىسىغا رۇس پوسۇنىدىكى قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق قارا كاستيۇم كىيىۋالغان تۇغما قارا پولاتخان جىنى تىرىسىگە سىغمىغان هالدا كىرىلىپ، زامانباي بىلەن شياۋلىزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ئىدارىنىڭ ھەممە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە تامغاقلىرىنى چاكىلدىتىپ، پولاتخانىنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىگە قايىل

بولۇشـــقانلىقنى ئىپـــادىلەيتتى. پولاتخـــان يانچۇقىـــدىن بىـــر قـــاپ «پارلامېنت» ماركىلىق سىگارتنى ئېلىپ زامانباي بىلەن شىياۋلىزىغا بىر تالدىن تاماكا تەڭلىدى.

ـــ بۇ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق سىگارتى، رۇسىيە بىلەن قىرغىزىستاندا چوڭ ـ چوڭ ئاقساقاللار چېكىدۇ، زامان ئاغا، پۇرىقى بەك ياخشى شياۋلىزا، ـــ پولاتخان بۇ سىگارتنى داڭلاپ ئۇلارنىڭ تېتىپ بېقىشىنى ئۆتۈنۈپ چاقماق چاقتى. شياۋلىزا ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، سىگارتنى يېنىك شوراپ ئىچىگە تارتىپ تېشىغا پۈۋلىدى.

ـــ راست تەمى ياخشى تاماكا ئىكەن، ـــ زامانبايمۇ شىياۋلىزىنى دوراپ ئىچىگە يېنىك تارتىپ تېشىغا پۈۋلەپ قويدى. ئەمەلىيەتتە زامانباي تاماكا چەكمەيتتى، پولاتخاننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇسى كەلمىدى. پولاتخان شياۋلىزىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى:

ـــ مەن سىزگە بىرنەچچە بولاق ئالغاچ كىرگەن، كەچتە ئۆيىڭىزگە ئەكىرىپ بېرىمەن، ـــ شياۋلىزا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ـــ بۇ رۇسىيە قازاقىستاندىكى «كاماز» ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان، مەخسۇس قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان داڭلىق ئاپتوموبىل، زامان ئاغا، ھازىر ئۇ زاۋۇت تاقالدى، بۇنداق ئاپتوموبىلنى تاپماق بەك قىيىن، قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى سېتىش ئورنىدا مۇشۇ 24 لا قالغانىكەن. ھەممىنى ئۆزۈم ئېلىۋالدىم، بەك كۈچى بار، ئاسان بۇزۇلمايدىغان ئاپتوموبىل دەڭە بۇ.

ـــ ئۇنداقتا بۇ ئاپتوموبىللارنى ئىنتىك قولدىن چىقىرىۋەتمەيلى، 24 ئاپتوموبىلدىن كۆپ پايدا قالىدۇ، شياۋلىزا، ئىچكىرىدىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

ـــ بار، ئالىدىغان شىركەتلەر بەك كۆپ ئىكەن، مەن ئىشەنچلىك، نەق پۇلى بار شىركەتلەر بىلەن ئۇقۇشۇۋاتىمەن دېدىم.

پولاتخان بۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، جېنى تىرىسىنى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغاندەك بولۇپ كەتتى. ئىككى ياندا تۇرغان

خىزمەتداشلىرىغا قولىدىكى «پارلامېنت» ماركىلىق سىگارتنى بىرتالىدىن تارقىتىشقا باشلىدى. پولاتخاننىڭ گۇلقەقلىرى ئېچىلىپ، بوغدىيەكلىرى قىمىرلاپ كەتتى، هاراق خۇمارى تاپىنىدىن ئۇسسۇپ مېڭىسى تەرەپكە ماگدى. زاكىر بىر چەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— پولات قوناق، ئۆزۈڭچە تاش كۆزەينەكنى ئېلىۋەتمىسەم باشقا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالىمەن دەپ ئويلاپسەن - دە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا بارغۇ؟ سەن يەنىلا پولات قوناق جۇمۇ. ماۋۇ كاساپەتنىڭكى قۇرۇق جازىسىنى كۆرەي. باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەۋاتقانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ سېنىڭ؟ ماۋۇ «سېرىق شەپكىلىرىڭنى» (ئاپتوموبىللارنى سېرىق شەپكە دەپ ئاتىغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك) دەرھال قولۇڭدىن چىقىرىۋەتمىسەڭ، ساڭا جاھاندا تۇرغۇدەك جاي قالمايدۇ. ئەتە - ئۆگۈن باشقىلارغا يېزىپ بەرگەن قەرز هۆججەتلىرىڭ مۇشۇ يەردە خەنجەرگە ئايلىنىپ يۈرۈڭگە قادىلىپ قالمىسۇن يەنە.

زاكىر پولاتخانغا قورسىقىدىكىنى دېۋېتىپ ئۇنىڭ سۇنغان تاماكىسىنى ئالماي، ئادەملەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. پولاتخان زاكىرنىڭ گېپىنى ئويلاپ بوشاپ قالدى. زاكىر ئاجايىپ ئىسقىرتالايتتى، ئۈچ بارمىقىنى كالپۇكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئىسقىرتىپ قويدى، پولاتخان زاكىرنىڭ ئىسقىرتىشىدىن «ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول» دېگەندەك بىر مەنانى چۈشەندى.

— هەي پولاتبەگ، — زامانباي ئۇنى چاقىردى، پولاتخان چوڭقۇر ئويقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ كەتتى.

— مانا مەن، زامان ئاغا.

— بۈيادقا كەلگىنە، — پولاتخان ئالدىراپ زامانباينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى، — بۈگۈن كەچتە «2X» ئالىي مېهمانخانىدا ساڭا هاردۇق چېيى بېرىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟ باشقىلار بىلەن بىر ياققا كەتمە.

— ماقۇل ئاغا.

— ئۇنداق بولسا بىز ئىشخانىمىزغا چىقىپ كەتتۇق، باشقىلارمۇ ئىش

ئورنىڭلارغا بېرىڭلار. تازا قانغۇدەك كۆرۈۋالدىڭلارغۇ، ئەمدى بولدى قىلىڭلار.

باشقىلارمۇ تارقىلىپ ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. پولاتخاننىڭ قۇلىقىغا زاكىرنىڭ گەپلىرى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇ كۆزىدىكى قارا تاش كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، بىر ماشىنىنىڭ كاپىنكىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ـــ پولات قوناق، بىسمىللا دېمەيلا يالغۇز قاپسەنغۇ، مەسچىتتە نامازنى ئوقۇپ بولسىلا بىر ئادەم قالمايدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمۇ سەن؟ ئۆمرۈڭدە قوڭاڭنى يۇيمىساڭ ئۇنى قانداق بىلەتتىڭ. سەندىكى شىرنە تۆگەپ باقسۇن قېنى، ئاۋۇ پوققا قونۇپ تۇرغان رو چىۋىنمۇ ساڭا قونمايدۇ. يۈر، مەن سېنى مېھمان قىلىپ قوياي، ھەقاچان چېگرادىن ئۆتكەندىن بۇيان ئېغىزىڭغا قاغا جىگدىچىلىك بىر نەرسە سالمىدىڭغۇ دەيمەن؟ خوتۇن ـ بالىلىرىڭ تاغقا چىقىپ كەتكەن تۇرسا، قانداقمۇ قىزىق تاماق يەيتتىڭ، مەن ساڭا يەنە شۇنى دەپ قوياي، سەن بىر يىل ماۋۇ ئىدارىدىن يوقاپ كەتكەنسەن...

ـــ مەن سورىغان تۇرسام.

ـــ كىمدىن سورىغان؟ ئالدىرىماي تۇر، سەن سورىغان بەگلىرىڭ يۇقىرىغا جاۋاب بېرەلمەيمىز دېگەن بىلەن، ئاخىرىدا تېنىۋېلىپ، ماۋۇ ئىدارە خوتۇن ـ باللىرىڭنى تۇرغۇسىز قىلىۋېتىپ، تاغقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. تولا غادىيىۋالماي ماڭە، ھەر قانداق ۋاقىتتا بىزنىڭ ئەركەكچىلىكىمىزنىڭ يوقاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانسەن؟ ـــ زاكىر خۇددى ئۇنى پايلاپ تۇرغاندەك ياندىن چىقىپلا سۆزلەپ كەتتى.

ـــ زاكىر ئاغىنە، بۈگۈنچە سەن بىلەن ماڭماي، باشقا كۈنى بولسۇن، قانداق؟

ـــ بىغەرەز نېمىدە سەن، باشقا كۈنى مەن بىلەن قانداق كۆرۈشەلەيتىڭ؟ ماڭە تولا گەپ قىلماي، جۇمبۇ ـ جاۋەنلىرىڭنى قوي، قوپ ئورنىڭدىن، ـــ زاكىر ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ

ماڭدى، ئۇلار سۆرىشىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. بۇ ئىككىسىگە قادىر كۆك كۆز كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

— مۈشۈك كۆز كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— قىلىمەن دېگەن ئىشىڭنى قىلماي قالمايسەن ـ هە، زاكىر؟

— بۇ دېگەن بىزنىڭ كونا ئۆلپىتىمىز، بىلىدىغانسەن مۈشۈك كۆز؟ تومۇرنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككى سەردىن قېقىشىۋالمىسام كۆڭۈل ئارام تاپمايدۇ. ئۇقۇپ قوي، بىزدەك كەيىپ قىلىپ، ئىچىپ يۈرگەنلەر ئىچىدە هىيلە ـ مىكرى بارلار زادىلا يوق دېسەڭ يالغان ئېيتقان بولمايسەن. بىز هېچكىمنى قەستلىمەيمىز، هېچكىمگە ئورا كولىمايمىز، ئىچىمىزدىكىنىڭ هەممىسى تېشىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئىشىنەمسەن؟

زاكىر ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قادىر كۆك كۆزنىڭ ئالدىغا تىلىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ كەلدى.

— ئىشىنىمەن، ماڭە بولاپتۇ، يەنە ئىچمىسەڭ تولا سۆزلەپ سەۋدا بولۇپ قالىسەن.

— ئوغۇل بالا دېگەن هەقنى سۆزلەيدىغان گەپ، ساڭا ئورما بولدى، قادىر مۈشۈك كۆز، ئاۋۇ بارى سېرىق بىلەن ئىشنى ئىش قىلىۋالسەن ئەمدى، — زاكىر شۇنداق دەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— ۋاي بولدى ماڭە، تولا سۆزلىمەي، پولانخان، ئۇنى تولا جوراتماي شىپپىدە مېڭىڭلار ئەمدى، — قادىر كۆك كۆز زاكىر بىلەن پولانخاننى دەرۋازىدىن ئىتتىرگەندەك چىقاردى.

— خوش، قادىر مۈشۈك كۆز، سېنىڭ نېسۋەڭنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، خاتىرجەم بول، بىز ماڭدۇق ئەمسە.

— ئاق يول بولسۇن، هوش ـ كاللاڭ بىلەن كېلەرسەن.

قادىر كۆك كۆز ئۇ ئىككىسىنى ئۇزىتىۋېتىپ دىجورنىخانىغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. «ماۋۇ زابوينىڭ دەپ قويىدىغان چوقۇم بىر جىنى بار جۇمۇ، بارى سېرىق بىلەن تۈزۈشكەن پىلانىمىزنى قانداق ئۇقۇپ قالغاندۇ. قارىسىغىلا بۇنداق دېسە راست چىقىدىغان ئىش نەدە

بار؟ قىيامەت يېقىنلىشىپ قالغانلىقى راست ئوخشىمامدۇ، نېمە دېسە، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا ھايال بولمايلا شۇ پەيدا بولىۋاتىدۇ. ماۋۇ ئېشەكنىڭ سۆيىدۈكىنى ئىچىدىغاننىڭ پوككىدە بارى سېرىق بىلەن تۈزگەن پىلانىمىزنى دەۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان، تووۋا... تووۋا...» قادىر كۆك كۆزنىڭ بەدىنىگە قىچىنىڭ ئۇرۇقى كىرىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى.

— ئەي قادىر! — قادىر كۆك كۆز بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى.

— كىمسەن! — ئۇ ياتقان جايىدىن چۇراپ تۇردى.

— ۋاي، نېمىگە بۇنداق ئۈركۈيسەن! — بۇ دەل بارى سېرىق ئىدى، قادىر كۆك كۆز بارى سېرىقنىڭ كۆزىگە ناتونۇش كىشىگە قارىغاندەك ئۇزاق قاراپ كەتتى.

— قادىر، سېنى جىن تاسقاپ قويمىغاندۇ، بۈگۈن غەلىتە كۆرۈنۈۋاتىسىنا، — بارى سېرىق قادىر كۆك كۆزگە قاراپ ھەيران قالدى، قادىر كۆك كۆز ئەسلىگە كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

— ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، ئايشەمخان مومايىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قالدىمۇ يا؟

— ماڭا بىر ئىش بولمىدى، خاناچامنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى، ئۇ مېنى ئۆزىتىپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ تېخى، گېپى ياخشى، پوك - پوك سۆزلەپ كېتىدۇ.

— ئاشۇ خوتۇندا چوڭ بىر ئامەت بار جۇمۇ، ئۇ موماي لاۋتاڭنىڭ ئوغلىغا بىر يېغلىۋىدى. چوڭ ئوغلۇڭ ھەربىيلىككە ئېلىنىدى. ھازىر ھەربىيلىككە ئۆتمەك ئاجايىپ قىيىن، خەق 50 مىڭ سوم خەجلەپمۇ باللىرىنى ھەربىيلىككە ئۆتكۈزەلمەيۋاتىدۇ، سەن ئۇ مومايىنى ئوبدان ئاسرا، ياخشى كۈت، ئامەتلىك موماي ئۇ، — بارى سېرىق بويى ئېگىز، قامەتلىك بولغىنى بىلەن ئېغىزى يۇمشاق ئىدى، باشقىلار بىلەن گەپلەشكەندە تىلىدىن ھەسەل تېمىتاتتى.

— كۆڭلۈم باياتىندىن بېرى بىر خىل ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ، بارى.

— نېمىگە شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىسەن؟ — بارى سېرىق قادىر كۆك

كۆزنىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ باردى.

— توۋا دېسەممۇ يۈرىكىم جايىغا چۈشمەيۋاتىدۇ.

— ئوچۇق گەپ قىلە! — بارى سېرىقمۇ جىددىيلەشتى، قادىر كۆك كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ، دېجورنىخانا ئىشىكىدىن بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ، سىرتنى كۆزىتىۋېتىپ بارى سېرىقنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بايا ئاۋۇ زاكىر دېگەن زابويىنىڭ ئېغىزىدىن بىر گەپ چىقىۋىدى، ئوسۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدىم، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، ئاخشام ئىككىمىز خۇپپىيانە كېلىشكەن ھېلىقى گەپنى دەپ يۈرمەمدۇ، توۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالدىم، — بارى سېرىقمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، قادىر كۆك كۆزنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق بىلەن ئەندىشە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

— شۇنداق دەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، قورقۇپ كەتكۈدەك يېرى يوق ئىكەنغۇ، ئۇ ساراڭ نېمىنى ئويلىسا شۇنى دەيدۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئۇدۇل كەپ قاپتۇ شۇ، شۇنىڭغىمۇ قورقۇپ كەتكەن بارمۇ.

— ئۇنىڭ دېگىنى راست تۇرسا.

— قادىركا، نېمە راست؟ قىلساقمۇ يالغان بولىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

بارى سېرىق قادىر كۆك كۆزنىڭ يۈرىكىنى جايىغا چۈشۈرۈشكە ئۆتتى. بارى سېرىق مۇشۇ ئىدارىنىڭ ئون نەچچە يىللىق شوپۇرى ئىدى، كۆز كىرىشى بىلەنلا ئىدارىنىڭ «شەرق شاملى» ماركىلىق قوش كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلى بىلەن كۆمۈر توشۇيتتى، ئىدارىنىڭ زاپخوزى بىلەن تىلنى بىر قىلىۋېلىپ كاندىن ئەكەلگەن كۆمۈرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سېتىپلا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. كۆمۈر توشۇپ بولغاندىن كېيىن ئىدارىنىڭ پىكاپىنى ھەيدەيتتى، ماي بېلىتىدىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئەپلەپ - سەپلەپ زىغىرىق چىقىرىپ، ئۇنى سېتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى نەچچە قېتىم پاش بولۇپ قېلىپ نۇرغۇن تەنقىد-تەربىيە ئاڭلىسىمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بىلگىنىنى قىلىۋېرەتتى. بارى سېرىقنىڭ دادىسى قالپاق يېزىسىنىڭ ئولىمالىرىدىن بولغاچقا، لاۋتاڭ ئۇنى مۇشۇ ئىدارىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

— قادىركا، ماۋۇ ماشىنىلارنىڭ تىلىنى مەن ئوبدان بىلىمەن دېگىنە، ماڭا سەن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرسەڭلار بولىدى، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، — قادىر كۆك كۆزىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى، بارى سېرىق ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويۇپ دىجورنىخانىدىن چىقىپ كەتتى.

توختى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئاۋۋالقىدەكلا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى، غۇلام يەرنىڭ تېگىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇۋاتاتتى، توختى ئۇنىڭ ئۆزىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ بولغانىدى.

— غۇلام يورغا، يەرنىڭ تېگىدىن ماڭا قارىغىنىڭدا بىر گېپىڭ بارمۇ نېمە؟

— ياق، مۇنداقلا قاراپ قويدۇم شۇ.

— سەن بىكاردىن بۇنداق قاراپ قويمايسەن، قېنى دېگىنە، نېمە گېپىڭ بار، — غۇلام بېشىدىكى كەپكە شەپكىسىنى ئېلىپ شالاڭ چاچلىرىنى بارمىقى بىلەن ئۇچلاپ قويدى، نېرى چىشلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ كۈلۈمسىرىدى.

— مۇئاۋىن باشلىق جاپپاركام بىلەن مۇدىرىمىز ئاسىپجانكاملار مۇشۇ ھەپتە قىرغىزىستانغا ماڭىدىكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — غۇلام شۇنداق دەپ يانتۇ كۈلدى.

— ئۇنى ئۇقۇپ نېمە قىلىمەن، ماڭسا ماڭمامدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بۆلۈمدىكى باللار پۇل يىغىپ، زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويىمىز دەپ مەسلىھەت قىلىشىۋېتىپتۇ.

— تولا گەپ ئوينىتىپ قىلىشىۋېتىپتۇ، ئىتىشىۋېتىپتۇ دېمىگىنە، شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇق ـ دە، مەسلىھەتكە قاتناشمىغانىدەك قىياپەتكە كىرىۋالماي، — غۇلام توختىنىڭ چىرايىغا ھۆلشىر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— نېمە دېمەكچى سەن ماڭا؟

— ئۇقۇپ قال دېمەكچى شۇ.

— ئۇقتۇم مانا.
— ئۇنداقتا....
— نېمە ئۇنداقتا؟
— سەنمۇ ئازراق كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىلمامسەن؟ — توختى غۇلامغا قاراپ سەل توختاپ قالدى.
— مەن ۋاقتىنى ئاۋارە قىلىدىغان ئۇنداق سورۇنلارغا بارمايمەن، سىلەر نەچچە پۇلدىن يىغىش قىلىدىكەنلار؟ — غۇلام بەش بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ 50 يۈەندىن دېگەن مەنىنى ئىپادىلىدى، — ماۋۇ 50 يۈەننى قېتىپ قوي، ئەمما مەن بارمايمەن.
— بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقاندىكىن ياۋا خۇيۇڭنى تاشلاپ بىرىپ ئولتۇرۇپ كەلسەڭ بولمامدۇ، — غۇلام يەرگە قارىۋېلىپ قورسىقىدىكى گېپىنى دەۋالدى، توختى غۇلامغا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى.
— مەن بارمايمەن دېگەندىكىن بولمىدىمۇ، مەن بولمىسام سەن تازا نايناق خوتۇنلاردەك باشلىقلارنىڭ ئالدىدا غىلجىڭلىۋالالايسەن ئەمەسمۇ.
— بارمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.
— بەگدىن توڭچى يامان كەپتۇ دېگەندەك سېنىڭ خۇيۇڭ تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە.
— مېنىڭ نېمىشقا خۇيۇم تۇتاتتى؟ — غۇلام توختىنىڭ قولىدىكى 50 سومنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ قىيىدىغان ھالىتىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.
توختىغا كۈنلىرى مەنىسىزلىككە توشۇپ كېتىۋاتقاندەك، تەكرار خىزمەت ئۆزىنى چۆشەپ قويۇۋاتقاندەك بىلىندى. قولىدىكى تاماكىنى ئاچچىق شورايتتى. بىر پەستىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ كارىدورغا چىقتى، كارىدوردا ئەمەت ماناپنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم توختىنىڭ نەزىرىدە بويى ئۆزۈن بولسىمۇ تولىمۇ ئاددىي، بىچارە كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ قوپال بۇرنى بىلەن ئۆزىگە ماسلاشمايدىغان ئاق كۆزەينىكى توختىنىڭ مېڭىسىنى قوم قەغەز بىلەن

سۇرتۇۋەتكەندەك بىئارام قىلاتتى.

— بولاپتۇ، بۇ بالىنىڭ خىيالىنى چۇشەنگىلى بولمايدۇ، كۆزۈمگىمۇ باشتىلا سىغمىغان. ئاسپىجان ئىقتىدارلىق، ياخشى ئوقۇغان زىيالىي دەپ تۇرۇۋېلىپ ئىدارىغا خىزمەتكە ئالغان، شۇنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمايدىغۇ، بارمىسا بارماس، ئۇ بارمىغانغا سورۇن توختاپ قالاتتىمۇ.

ئەمەت ماناپ توختى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتاتتى. توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ھېچقانداق بىر تۇيغۇ ۋە ئاغرىنىش پەيدا قىلماي پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە زەينەپ خۇددى ئۇنى پايلاپ تۇرغاندەك ئالدىدا تۇراتتى، توختى ئۇنى كۆرۈپ بويۇن قوشاش ھەممە ئەزايى قىزاردى.

— توختى قارى، نەگە ماڭدىڭىز؟.... — زەينەپنىڭ ئاشۇنداق خۇيى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئادەم چاقىرىشتىكى ئۇسۇلى ۋە يوسۇنى شۇنداق بولسا كېرەك. توختى ئۇنىڭ چاقىرىشىدىن ھېچقانداق مەسخىرە ھېس قىلمىغانىدى.

— پەسكە چۈشۈپ چىقاي دېگەن، — توختى قىسقىلا جاۋاب بېرىپ بۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى، نېمىشقىدۇر توختىنىڭ يۈركى بۇ خوتۇننى كۆرسىلا «ۋىژژىدە» قىلىپ كېتەتتى.

— ئىشخانامغا كىرىڭە، — زەينەپ بۇرۇنقىدەكلا توختىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. توختى ئۇ خوتۇننىڭ سىرىنى ئۇقالماي ھەيران ئىدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا ئىشەندى. زەينەپ توختىنى شىرەسىنىڭ نېرىرەقىدىكى يەرگە ئولتۇرغۇزدى، توختى قولىغا بىر رەڭلىك ژۇرنالنى ئېلىۋېلىپ قالايمىقان ئۆرۈگىلى تۇردى، توختى ئولتۇرغان جاي بىلەن زەينەپنىڭ شىرەسىنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم چامدام كېلەتتى. زەينەپ توختىنى ئالايتەن مۇشۇنداق ئولتۇرغۇزاتتى، زەينەپ پۇتىغا بوگون ساپما كەش كىيىۋالغانىدى، ئۇ ساپما كەشتىن پۇتىنى چىقىرىپ ساپما ئاياغنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ ئولتۇرۇپ، تولغان ئاپئاق پاقالچاقلىرىنى ئوچۇق

كۆرسىتىپ كۆڭلىكنى تېزىغا تارتىۋالدى.
— توختى، ھېلىقى كۈنى پاراڭلىشالمىغان ئىدۇق ـ ھە.
— قايسى كۈنى؟
توختى زەينەپكە قارىدى، زەينەپ توختىنىڭ قارىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پۇتىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، پۇتىنى ئىلمەكلەشتۈرۈۋالدى، توختى زەينەپنىڭ تولغان ئاپئاق يوتىسىغا قاراپ قالدى، ئۇ تۈنجى قېتىم بۇنداق تولغان ئاپئاق پاقالچاقنى كۆرۈۋاتقان. زەينەپ توختىنىڭ پاقالچىقىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قولىنى تىزىغا تىزىپ ئاپئاق يوتىسىنى سىلاپ قويدى. توختى زەينەپنىڭ تولغان يوتىسىدىن تارتىپ ئۇنىڭ چىرايلىق بارماقلىرىغىچە قاراپ چىقتى، پۇتىنىڭ بارمىقىنىڭ تىرناقلىرىمۇ شۇنداق چىرايلىق، ماسلاشقانىدى. ئۇ پۇتىنىڭ تىرناقلىرىغا باشقىچە تۇيغۇدا قارىدى، بارماقلىرىنى مەھكەم كىرىشتۈردى، يۈرىكى ئاشۇ بارماقلاردىكى تىرناقلارنىڭ ئۈستىدە قانغا ئايلىنىپ قاتتى.
— توختى، نەگە قاراۋاتىسىز؟
زەينەپ قەستەن سورىدى، توختىنىڭ قۇلىقىغا زەينەپنىڭ گەپلىرى كىرمىدى، كۆزى ئەسلىي ئورنىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كېتىپ، زەينەپنىڭ پاقالچاقلىرىدا، تىرناقلىرىدا، يوتىلىرىدا سەرسان ئىدى، بوغدىيەكلىرىمۇ «غۇرت ـ غۇرت» ئاۋاز چىقىرىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا يۈگۈرەتتى. توختى بۇ دۇنيادا ئاشۇ ئاپئاق تولغان پاقالچاقلارغىلا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئاخىر ئاشكارىلىدى، زەينەپ توختىغا قاراپ سېھرگەرلەردەك قىلىشقا ئۆتتى: تۈگمىلىك كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ تۈگمىلەرنى ئاۋايلاپ، ئالدىرىماي يېشىشكە ئۆتتى، توختىنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاۋۇلداپ كۆيەتتى، مېڭە قان تومۇرلىرى قىزىپ تېشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك بولدى. زەينەپ ماھارەت كۆرسىتىپ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ توختىنىڭ جىنسىي دۇنياسىغا ئاشكارا تاجاۋۇز قىلىۋاتاتتى. توختىنىڭ نەپەسلىرى ئىتتىكلىدى، كۆزىگە قان تولدى، يۈرىكى ناغرا ئۇرغاندەك گۈپۈلدىدى. زەينەپ يوتىلىرىنى، بارماقلىرىنى،

تىرناقلىرىنى توختىماي گەۋدىلەندۈرۈپ تۇردى، توختىنىڭ قولىدىكى رەڭلىك ژۇرنال ئۇنىڭ ئالقانلىرىدا پۇرلىشىپ قوينىڭ قىرىنىدەك بولۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قولىدىكى ژۇرنال يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا توختى ھودۇقۇپ كېتىپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا يەرگە چۈشۈپ كاسىسىچە ئولتۇرۇپ قالدى. توختى يەردە ئولتۇرۇپ قالغاندىلا ئەسلىگە قايتتى، جىنسىي ھەۋەسىنىڭ ئىسيان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. «مەن ساراڭ بولدۇممۇ نېمە، ئۆزۈمدىن ئون نەچچە ياش يوغان ئايالنىڭ پۇتى، يوتىسى، پاقالچاقلىرىغا قاراپ نېمە قىلارمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ زەينەپنىڭ يۈزىگە قارىيالماي قالدى. زەينەپ يوتىلىرىنى توختىماي سىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. توختى ئەمدى ئۇنىڭ پاقالچىقىغا قارىمايمەن دەپ قەسەم قىلدى، ئورنىدىن قوپۇپ يوگۇرگىنىچە كارىدورغا چىقىۋالدى.

※ ※ ※

پولاتخاننىڭ ماشىنىلىرى كىرگەندىن كېيىن، زامانباي بىلەن شياۋلىزا كەينى-كەينىدىن قىرغىزىستانغا سودىغا ئادەم چىقاردى، ماشىنا سېتىۋالدىغان خېرىدارلارمۇ ئىدارىغا كېلىپ تۇردى. زامانباي ھەر بىر ماشىنىغا ئۆزى بىلگىنىچە باھا قويۇپ، پولاتخاننى ئارىلاشتۇرمىدى، پولاتخانمۇ «زامان ئاغام نېمە دېسە، مەن شۇ دەپ» تۇرۇۋەردى. زامانباي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى يىغىپ توختىماي يىغىن ئېچىپ «ئۇنىداق پايدا ئالىمىز، مۇنداق پايدا ئالىمىز» دەپ شوئار توۋلىغىلى تۇردى. بۇ ئىدارە بەئەينى ماشىنا بازىرىغا ئايلىنىپ كەتتى، كادىرلار پاي قوشقان پۇللارنى پولاتخاننىڭ سودىگەرلەردىن ئالغان قەرزلىرىگە ئانچە - مۇنچىدىن بېرىپ جىددىيلىكنى پەسەيتتى. توختى بۇ ئىشلارغا قاراپ يا يىغلاشنى،

يا كۆلۈشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بۆلارنىڭ ئۈيۈننى كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— توختى، سەنمۇ ئازراق پاي قوشۇپ قويغان بولساڭ پايدىسىنى كۆرەتتىڭ، — توختى ئۆزىگە گەپ قىلغان ئادەمگە قاراپ گەپ قىلماي ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، ئۆزىگە گەپ قىلغان ئادەمگە قارىغان بىلەن ئۇنىڭ چىرايىنى پەقەتلا كۆرمىگەنىدى.

— بەك جاھىل جۇمۇ سەن توختى، كۆپىنىڭ ئىشىغا ھە-ھۇ دەپ قويسا زىيىنى يوق ئىدى.

— مېنىڭ پايدا ئالغۇم يوق، شۇڭا قاراپ تۇردۇم.

— شۇنداقتىمۇ، — توختىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان بۇ ئادەم دەل بارى سېرىق ئىدى، — كۆپ بىلەن ئۆلگەن ئۆلۈم توي دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، بۇنى ساڭا دېمىسسەممۇ ئۆزۈڭ زىيالىي مەندىن ئوبدانراق بىلىسەن.

توختى بارى سېرىققا گەپمۇ قىلماي سوكۇتتە تۇردى، بارى سېرىق چاشقاندەك خۇيى بار بولغاچقا، توختىنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىككىسىگە رەشىدە خېلىدىن بېرى قاراپ تۇراتتى، بارى سېرىقنى ئوتتۇندەك گەپتىن بىر نەچچىنى ئاڭلاپ بېسىقىغا چۈشىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئۇ ئويلىغاندەك ئىش بولمىدى. توختى بارى سېرىقنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ قورسىقىغا نېمىشقىدۇر بىر جىن كىرگەندەك بولۇپ كۈلدى. رەشىدە ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ: «ماۋۇ ساراڭ نېمىگە كۈلۈۋاتقاندۇ» دەپ كۈلدى، توختى ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا رەشىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يەتتى.

— ھەي توختى، توختىغىنە، بارى سېرىققا قاراپ زادى نېمىگە كۈلدىڭ؟ ماڭا دەپ بەرگىنە.

— نېمىگە كۈلگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان تۇرسام، ساڭا نېمىنى دەپ بېرىمەن؟ — توختى توختىماي ماڭدى، رەشىدە ئۇنىڭغا يېتىشىپ

تەڭ قوۋلاق بولۇپ ماڭدى.
— چوقۇم بىر نېمىگە كۈلدۈڭ.
— توۋا، بىر نېمىگە كۈلسەم دەپ بېرەتتىم، كۈلگۈم كەلگەن ئوخشايدۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مېنىڭ كۈلگىنىمنى سەن كۆرۈپسەن، نېمىگە كۈلگىنىمنى پەقەت سەن بىلسەن، سەن ماڭا دەپ بەر.
— ماۋۇ ساراڭنى، سەن كۈلسەڭ مەن نېمىنى دەپ بېرىمەن؟
— مېنىڭ كۈلگىنىمنىچۇ.
— كۈلگىنىڭنى كۆردۈم، ئەمما نېمىگە كۈلگىنىڭنى مەن قانداق بىلەي؟
— قانداق كۈلگىنىمنى كۆرگەن تۇرساڭ، سەن بىلمىسەڭ كىم بىلىدۇ ئەمىسە.
— بارى سىرىق بىلەن پاراڭلاشتىڭ، ئۇ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۈلدۈڭ، نېمە مەقسەتتە كۈلگىنىڭنى ئۆزۈڭ بىلىسەن.
— بارى سىرىق كەتسە كۈلۈپتىمەنغۇ ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق مەقسەت بولىتتى؟
— نېمىگە ئېلىشتۇرۇپ يۈرۈيسەن، مېنى مازاق قىلىپ چالغىتىڭمۇ بۇ؟ نېمىگە كۈلگەنلىكىڭنى دېمىسەڭمۇ مەن ئوبدان بىلىمەن.
— بىلىدىكەنسەنغۇ، مەن نېمىگە كۈلدۈم، — توختى رەشىدەگە قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى، رەشىدە ئۇنىڭ كۈلگىنىگە قاراپ غۇچچىدە خۇيلىنىپ كەتتى.
— ۋۇي غوجام ! نېمىگە كۈلسەڭ كۈلمەمسەن، مەن نەدىن بىلەي!— رەشىدە توختىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىتتىك ماڭغىلى تۇردى.
— رەشىدەك، نېمىگە چىچاڭلايسەن؟ مەن زادى نېمىگە كۈلدۈم، دەۋەتمىسەن! — رەشىدە مېڭىشتىن شاپپىدە توختاپ توختىغا قارىدى، توختى تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى.
— سەن بارغۇ، — رەشىدە كۈلۈۋاتقان توختىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ، — مانىڭغا كۈلدۈڭ ، — دەپلا ئوڭ قولىنى سول قولىغا بىر خىل ئۆرۈپ قاس- قاس دەسسەپ پەلەمپەيدىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ

كەتتى، توختى بىلى ئۈشتىلىپ كەتكۈدەك كۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ قالدى.

توختى كۈلكىسىنى مىڭ تەستە توختاتتى، «ئادەم كۈلسىمۇ ئۆلۈپ قالىدىكەن» دەپ ئويلىدى، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، «رەشىدە بىلەن چىقىۋالسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى، قەدەمنى پەشتاققا ئالماي خېلى ئۇزاق تۇردى. ئادەم خالىمايدىغان توختى ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ بىرسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىئارام بولۇشقا باشلىدى، بىر ئادەم كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىكەن دېگەن يەرگە كەلدى، كىم قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ؟ بۇ ئۆزىگە ئايان ئىدى.

ـــ پەشتاققا دەسسىيەلمەي قاراپ تۇرىسەنغۇ، زىيالىي ئۇكام، ـــ توختى بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسا كۆڭلى ئېلىشقۇدەك سەسكىنەتتى، ئەمما بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا نىجاتكارنىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلدى.

ـــ سىز بىلەن بىرگە چىقاي دەپ قاراپ تۇردۇم ئەمەت ماناپىكا.

ـــ ھە، مۇنداق ـ دە، ـــ ئەمەت ماناپ سىرتقا چىقسا كۆزىگە ھېلىقى تاش كۆزەينەكنى سالماي، ئىدارىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا سېلىۋالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىدىن يا كادىرلىق، يا زىيالىيلىقنىڭ ھېچقانداق پۇرىقى كەلمەيتتى، ئۇنى سىرتتا ئۇچرىتىپ قالغان ھەر قانداق ئادەم «دېھقان ياكى ئىشلەمچى» مىكىن دەپ قالاتتى. توختىمۇ بۇ ئادەمنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيالىرىنى ئاختۇرۇپ زىيالىيلارنىڭ بىر تالمۇ ئېلېمېنتىنى تاپالمايتتى. ئەمەت ماناپ ئۆزىگە قارىماي ناھايىتى ئىلمىي گەپ قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇشىغا زەينەپ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى سۈرتكەن بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. توختى قىزىرىپ كەتتى، «خۇدايىم ساقلىدى» دەپ ئەمەت ماناپتىن بەك رازى بولدى.

ـــ زەينەپگۈل، پاھ، بۈگۈن بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىپسىزغۇ، بىر پارچە ئوت جۇمۇ! ـــ ئەمەت ماناپ زەينەپكە قاراپ كۆزىدىكى تاش كۆزئەينەكنى كۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈرۈپ، توڭگاي مىس چىشىنى چىقىرىپ كۈلدى.

— كۆندە مۇشۇنداققۇ، ئەمەت ماناپىكا.

— ياق، يېقىندىن بېرى بۆلەكچىلا بولۇپ كېتىۋاتىدىلا، زەينەپگۈل، كاككۇكلار ئاۋۇپ قالدىمىكىن دەيمەن، ها...ها...ها... — ئەمەت ماناپ كالاچتەك ئېغىزىنى ئېچىپ كۈلۈۋىدى، توختىنىڭ قۇسقۇسى كەلدى، ئەمەت ماناپ كۈلسە ئاجايىپ سەت بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى پەشتاققا ئۆزىنى ئېتىپ يوگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ۋايەي، بۇنداق كۈلسىڭىز بىر نېمىگىلا ئوخشاپ قالىدىكەنسىز، ئەمەت ماناپىكا، ئادەمنى قورقاتمىكە.

— شۇنداقمۇ زەينەپ، نېمىگە ئوخشايدىكەنمەن؟ — ئەمەت ماناپ كۈلكىسىنى توختىتىپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ زەينەپكە يېقىن كېلىپ، قارا، ئۇزۇن بارماقلىرىنى دۈدەك يوگۈرتۈپ، زەينەپنىڭ مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ قويدى، زەينەپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋۇي ماۋۇ سەت، ئۇزۇن بارماقلىرىڭىزنى دۈدەدەك قىلىپ يۇمەي نېرى تارتىڭە، — زەينەپ ئىشخانىسىغا كىرىۋالدى. ئەمەت ماناپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كىردى، زەينەپ ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ۋۇي، ئىشخانىڭىزغا چىقماي بۇ يەرگە كىرىپسىزغۇ؟

— مەن كىرسەم بولمامتى، جانان؟

— ۋايجان، كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرمىگە، سەتلىشىپ ئەمەت ماناپكا.

— زەينەپگۈل، «رەڭگى بولسا گۈل ئەمەس، گۈلدەك پۇرىقى بولمىسا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ بىزنى قىرى كۆرۈۋاتىسىز ـ ھە، — ئەمەت ماناپ بىزەڭلىك قىلىپ بارماقلىرىنى زەينەپنىڭ بېشىغا تەككۈزۈۋىدى.

— بۇنداق چاقچاقنى ماڭا قىلىپ بۇرمەڭ ـ ھە، بۇدو مۇشۇنداق قىلىدىكەنسىز، يۈز قىلىپ ئولتۇرمايمەن، — زەينەپنىڭ رەڭگى بۇزۇلۇۋىدى، ئەمەت ماناپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— قانداق قىلىدىكەن دەپ سىناپ باقسام، راست دەپ قالدىڭىز ـ ھە.

— مەن دېگەن ئائىلىسى، دوتەي ئېرى بار ئادەم، سىناپ باقىدىغان كەچ بازاردىكى خېنىملارغا ئوخشىتىپ قاپسىز-دە، ئادەم چوپچوك بولۇپ قالغاندا سەتلەشمىگۈلۈك، ئەمەت ماناپكا.

— مۇنداقلا بىر قىپ قويسام كۆڭلىڭىزگە كىپ كەتتى-ھە، بوپتۇ - بوپتۇ، — ئەمەت ماناپ يەنە تۇرۇۋەرسە ئىشنىڭ يوغىنى چىقمىسۇن دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ئالدىراپ-تېنەپ زەينەپنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقىپ ئۆزىنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، يانچۇقىدىن قول ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتىۋەتتى، كۆزەينىكىمۇ هوردىۋالغانىدى، كۆزەينىكىنى ئېلىپ سۈرتۈپ يەنە بۇرنىنىڭ ئۈچىغا تاقىۋالدى.

— ماۋۇنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق خوتۇنلۇقنى مەن بىلمەيدىغاندەك ئەجەب قىلىپ كەتتا. ھەي ياشلىقىمىز يامان كۈنلەردە بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، ئىسست! ھازىرقى دەۋردە ياش بولۇپ قالساق نېمە قىلىۋېتەتتىم، تۇفي، پاسكىنا! — ئۇ شۇنداق دەپ زەينەپنىڭ ئىشىكىگە تۈكۈرمەكچى بولۇپ كەينىگە قارىۋىدى، زەينەپنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىزىدىكى تۈكۈرۈكنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئېغىزلىرىغا كەلگەن سېسىق يۇندىلىرىنى يۈزلىرىگە تۈكۈرسىلە، كىمنى بىلدىلا؟ كىم پاسكىنا ئىكەن؟ — زەينەپ ئەمەت ماناپقا ئېتىلغۇدەك ئەلپازدا جۇدۇنلىدى.

— مەن ھېچكىمگە گەپ قىلمىدىم ھۆرمەتلىك ئاپئاق ئۇكام، — ئەمەت ماناپ شۇنداق دەپلا ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پەشتاقلىرىنى ئىككىدىن تاقلاپ چىقىپ كەتتى، زەينەپ ئۇنىڭ كەينىدىن تىللىدى.

— ماۋۇ مەينەت قېرىنىڭ كۆرگۈلىكىنى بىر كۆرستەي دېگەن ئىدىم، خەير، بوپتۇ.

— زەينەپگۈل، كىمنىڭ كۆرگۈلىكىنى كۆرسەتمەكچىتىڭىز، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە غايىبتىن زەينەپنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇنى كۆرۈپ

زەينەپنىڭ ئىمانىي مىڭ گەز ئۆرلەپ كەتتى.

— ۋوي، ماۋۇ بىر نېمە نەدىن پەيدا بولدى ئەمدى،«پاتما ياتسا زورى قوپۇپتۇ» دەپ، — زەينەپ شۇنداق دەپلا ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى «جاڭگىدە» يېپىۋەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرەي دەپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك بۇرنىغا تەگكىلى تاسلا قالدى، بېشىدىكى تور شلەپىسى يەرگە دوملاپ كەتتى.

— ماۋۇ بىر نېمىگە بوگۇن يەنە نېمە بولدىكىنە، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە دوملاپ كەتكەن شلەپىسىنى ئېلىپ بېشىغا كىيىۋالدى-دە، بىردەم كوتۇلداپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

توختى ئىشخانىغا كىرىپ ئاران ئېسىگە كەلدى، زەينەپنى كۆرسىلا قورقىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. غۇلام ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر نېمە دېيەلمەي تۇراتتى، توختى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق - ئاچچىق ئىككىنى شوراپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، غۇلام ئۇنىڭ تاماكا چېكىشىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمىغانلىقىدىن ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولدى دەپ ئويلىدى، توختى بوگۇن غۇلامغا گەپ قىلمايدىغاندەك كۆرۈندى.

— مىجەزىڭ يوقما؟

— ياق.

— رەڭگىڭ سارغىيىپ كېتىپتۇ.

— رەڭگى سارغىيىپ كەتسىلا مىجەزى يوق بولامدىكەن؟

— ياق ئەمدى، — غۇلام ئوشۇق گەپ قىلمىدى، توختىمۇ گەپ قىلمىدى.

توختىنىڭ خىيالى زەينەپتە ئىدى، زەينەپنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىك سىلىقۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى قاتتى. غۇلام ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، غۇلامنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالغۇسى كەلدى-يۇ، ئەمما تاقاش خۇشياقمىدى.

— قاچان كىرسە سىسىق تاماكىنى چىكىپلا تۇرغان، — توختى رەشىدەنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشكىنى تاقىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، چىشىنى ئاق قوناق يىگەندەك قاراسلاتتى.

— چىشىڭنى قاراسلىتىۋاتىسەن، غانجۇ كىسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىڭمۇ نىمە؟

— سەن مىنى غانجۇ كىسىلى قىلىۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئوخشايسەن، يەنە نىمىگە كىردىڭ ئادەمنى ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى قويماي؟

— ماۋۇ ئىشخاناڭغا دەسسىمىگىلى نەچچە ئاي بولدى، بىلەمسەن.

— توۋا دە، كۆڭلۈڭدە بارغۇ.

— هەي، هىلىقى كۆيدۈرگە بىلەن پاراڭلاشقان كۈندىن باشلاپ ئىشخاناڭغا كىرىپ باقتىممۇ؟

— ئىشخانىغا كىرمىگەن كۈنلىرىڭ هىچ يادىمدا يوققۇ ئەمىسە، — توختى رەشىدەگە قاراپ كۈلدى.

— سەن يىقىندىن بىرى كۈلىدىغان بولۇپ قالدىڭ، بىر نىمە تېپىۋالمىغانسەن؟ — رەشىدە توختىنىڭ كۈلكىسىگە هەيران قالدى. توختى ناهايىتى ئاز كۈلەتتى، هىچكىم ئۇنىڭ كۈلگەن كۈنلىرىنى ئېيتىپ بىرەلمەيتتى، ئۇ بۈگۈن تاسادىپىي كۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى رەشىدەنى هەيران قالدۇرۇپ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

— سىنى تېپىۋالدىم رەشىدەك، — توختى ئاشۇنداق مەنىسىز كەيپىياتتا زەينەپنىڭ سىماسىنى يوقىتىشقا تىرىشتى.

— هىلىقى كۆيدۈرگە بىلەن كۆرۈشكىنىڭنى كۆرۈپ ساڭا بىر ئۆمۈر گەپ قىلماسمەن دىگەنىدىم، يەنە گەپ قىلدىم .

— ئۇنىڭ ئىشخانىسى بەك هاۋالىق، رەتلىك، ئازادە ئىكەن، مەن ئۇنىڭ گىپىنى ئەزبىرايى خۇدا ئاڭلىمىدىم، ئىشخانىسىدىكى مۇهىتتىن راهەتلەندىم، ئۇ بەلكىم بەك كۆپ سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن، كىيىن قارىسام ئىغىزىنىڭ ئىككى جاۋغىيى ئاقىرىپ كىتىپتۇ.

— بولدى، ئۇ بىشىڭنى يىگۈرنىڭ گىپىنىلا ئەمەس، ئىسمىنىمۇ

ئاڭلىسام تىتاك تومۇرلىرىم قوپۇپ كېتىدۇ، ئادەم ئەمەس ئىپلاس نېمە ئۇ دەيمەن، تـوۋا، تـوۋا. ئەي تـوختى، ئۇنىڭـدىن نېـرى تـۇر ھە، ئۇنىـڭ ئىنسانغا ئوخشىمايدىغان يەرلىرى بەك تولا، ــ رەشىدەنىڭ يـۈزى پۈرلىشىپ كەتتى.

ــ سەن ئۇنىڭغا بوھتان قىلىۋاتقاندەك تۇرىسەن، ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى خېلىلا يامان ئەمەستەك بىلىندى، ــ توختى ئـۆزى كۆرگەننى ياسىماي ئېيتتى.

ــ تۆۋبى!

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ــ توختى رەشىدەنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

ــ ساڭا دەپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك. ئـۇ بـۇزۇق ئـادەم قىلمايـدىغان ئىشلارنى قىلغان دەيمەن، توختى، ئۇنىڭ ئايالى ھېلىقى شياۋخې بىلەن بولغـان ئىشنى ئۇقـۇپ ئـاچچىق يۇتـۇپ يىقىلىـپ، مېڭە قېتىش پـالەچ كېسىلى بولۇپ قالغان، ئايالىنىڭ پەقەتلا بىر ئەركەك قېرىندىـشى، يەنـى ئىنىسى بـار ئىـدى، ئـۇ قالپاق يېزىسىدا مۇئەللىم ئىكەن، ئىنىسىنىڭ ئايالى خېلىلا ھايالىق، ئېگىز، چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئىنىسى ئاچىسىنى كۆرۈپ ئاجايىپ ئازابلىنىپتۇ، نەچچە كېچە كىرپىك قاقماي ئاچىسىنىڭ ئوتـىدا كۆيـۈپ، سـۆيىدە ئېقىپتـۇ. ئاچىسىنىڭ ئۆزىنىـڭ ھاجىتىـدىن چىقالمـاي خارلىنىـپ كېتىۋاتقانلىقىنى كـۆرگەن ئىنىـسى ئايـالىنى بىـر مەزگىل ئاچىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەكىرىـپ قويۇپتـۇ. كۆيـدۈرگىنىڭ بـالىلىرى ئاساسـىي جەھەتـتىن ئـۆي ـ ئوچـاقلىق بولـۇپ بولغانىدى، كىچىك قىزى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا كۆيدۈرگە ئايالىنىڭ ھاجىتىـدىن چىقالمـاي تاشـلاپ قويغـان، باشـقا بالىلىرىنىـڭ خىزمىتـى بولغاچقـا بىچـارە ئايـال كـۆرمىگەننى كـۆردى، ئىنىـسىنىڭ ئايـالى كۆيـدۈرگىنىڭ ئائىلىـسىگە كىرىـپ قېيىنئاچىـسىنىڭ ئـازابلىرىنى يېنىكلەتكەنىـدى، كۆيـدۈرگە كـۆزلەر ئۆتكەنـسېرى قېيىنئىنىـسىنىڭ خوتۇنىغا يامان نىيەتتە بولۇپ پۇرسەت كۈتۈپتـۇ. كۆيدۈرگە بـۇ ئايالىنـىڭ

قوللىرىنى تارتىيدىغان، ئۇنىڭغا كۆز قىسىدىغان بولۇۋاپتۇ، كېلىن كۆيدۈرگىنىنىڭ بۇ بەتقىلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋاپتۇ. كۆيدۈرگىنىنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇ بىچارە ئايال سۆزلىيەلمىسە، ماڭالمىسا قانداق قىلالايتتى دەيسەن، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۇم - يۇم ياش تۆكۈشتىن باشقىغا كۈچى يەتمەپتى. كۆيدۈرگە تۇرۇپ - تۇرۇپ ھاراق ئىچىپ ئۆيگە كىرىدىغان بوپتۇ، ئايالى ئۇخلاپ قالغان پەيتتە ھېلىقى كېلىن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاراقشىتىپ زادىلا ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ، كېلىن ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ ئېچىپ بەرمەپتۇ. ئۇ بىر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى تاۋىدە پايلاپ تۇرۇپتۇ، كېلىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى شۇنداق بىر ئېچىشى بىلەنلا كۆيدۈرگە ئۆينىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ كېلىننى بېسىۋاپتۇ، كېلىن قورققىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ، ۋارقىراي دېسە خانئاچىسىنىڭ ئازابلىنىپ تولگىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. بۇ ھايۋان كېلىننىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگەچكە، ئىپلاس ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۆيدۈرگىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تۈيۈپ يېتىپ قان سىيىپتۇ، كۆيدۈرگە پۇرسەت تاپسىلا كېلىننىڭ نومۇسىغا تېگىپتۇ. كېلىننىڭ ئېرى كىرگەندە كېلىن ئېرىگە ئېتىلىپ يىغلاپ كېتىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئېرى خوتۇنىنىڭ يىغىسىدىن ئاچامنى بېقىش تەس كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، خوتۇن ئېرىگە: «خانئاچامنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ چىقىپ باقىلى، مېنىڭ بۇ يەردە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى» دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ئېرى ئاخىر خوتۇنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئاچىسىنى يېزىغا ئېلىپ چىقىپ باقىدىغانلىقىنى كۆيدۈرگىگە ئېيتىپتىكەن، كۆيدۈرگە ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ماقۇل كۆرۈپتۇ. ھازىر ئىنىسى بۇ نىجىسىنىڭ ئايالىنى يېزىدا بېقىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، كۆيدۈرگىنىڭ ئايالى خېلىلا ئوڭشىلىپ گەپ قىلالايدىغان، تەمتىم مېڭىپ تالا - تۈزگە چىقالايدىغان بولۇپ قاپتۇمىش، بۇ ئىپلاس

يېنىدا بولسا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانمايتتى. مۇشۇنداق مەلئۇن بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغىنىڭ توغرا بولۇپتىمۇ، توختى؟ — رەشىدەنىڭ چىرايى غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ قۇم چاينىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى، مېڭىسىگىمۇ ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك بولدى، يۈرىكى ئېچىشتى. رەشىدەنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسام بوپتىكەن، ئەمدى مۇشۇ ئىشنى دەپ نەچچە كۈن گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولدى... دەپ ئويلىدى.

توختى رەشىدەنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ يەنە ئۇخلىيالمىدى، ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ دىجورنىخانىغا يېقىنلاشتى. بۈگۈن ئاجايىپ سەت كېچە بولغانىدى، ئاسماندا نە ئاي، نە يۇلتۇزدىن ئەسەر يوق ئىدى، دىجورنىخانىنىڭ چىراغلىرىمۇ ئۆچۈك تۇراتتى. ئۇ دىجورنىخانىنىڭ چىرىغىنىڭ كېچىچە ئۆچمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، چىراغ كۆيۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئەركىن قەدەم ئېلىشىغا توسالغۇ بولدى. ئۇ بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختاپ قالدى، قۇلىقىغا «كۇسۇر - كۇسۇر» قىلغان ئاۋاز كىردى.

— مېنىڭ كەينىمدىن يۈرمەي ئەتراپقا قارا.

— قاراۋاتىمەن، بۈگۈنچە بولدى قىلىلى بارى، — توختى بۇ ئاۋازلارنى تونۇدى، ئۇلارنىڭ بۇ كېچىدە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ كۇسۇر - كۇسۇرلىرى توختاپ قالدى، توختى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قۇلىقىنى ياقتى، ھېچنېمە ئاڭلانمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ بىر نېمىگە پۇتلىشىپ كەتتى.

— ئادەم كەلدى.

— ئۇنىڭنى چىقارما.

— ۋاي بولدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭنى چىقارما، — بۇ ئاۋازلارنى توختى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاڭلىيالمىدى. ئۇ ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتى، ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمىدى .

— كىم سەن؟ — توختى بۇ ئاۋازنى تونىدى، ئاۋازدىن كېيىنلا

دىجورنىخانا تەرەپتىن قول چىراغنى يورۇتۇپ قادىر كۆك كۆز توختى تۇرغان تەرەپكە ئىتتىك كەلدى، توختى قول چىراغنىڭ يورۇقىدا ئەتراپنى غۇۋا كۆردى.

— كىم سەن؟

— مەن.

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن دېگەن شۇ مەن! — قادىر كۆك كۆز توختىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى تونۇدى.

— بۇ كېچىدە بۇ يەردە نېمىگە تۇردۇڭ، توختى؟

— ئۆزۈمچە تۇرغۇم كەلدى.

— شۇنداقمۇ، مەن تېخى ئوغرىمىكىن دەپتىمەن، — قادىر كۆك كۆز توختىغا ھەجىيىپ قارىدى.

— ئۇيقۇم كەلمەي دىجورنىخانىدا بىر دەم ئولتۇرۇپ كىرەي دەپ چىقسام توك ئۆچۈك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە ئالدىمغا ماڭالماي تۇرغانىدىم، بايا ئىككى ئادەمنىڭ خۇپىيانە بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — توختىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.

— مەن ئاڭلىمىدىمغۇ.

— ئىككى ئېغىزلا گېپىنى غۇۋا ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم، كېيىن يوقاپ كەتتى.

قادىر كۆك كۆزنىڭ پۈتۈن ئەزايى جۇغۇلداپ كەتتى، ئېغىزىمۇ گەپكە كەلمىدى.

— خا... خاتا ئاڭلىۋالدىڭمۇ يا؟

— خاتا ئاڭلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، كېيىن سەن كەلدىڭ، — توختى شۇنداقلا دەپ قويدى، ئەمما قادىر كۆك كۆز بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالدى، — دىجورنىخانىنىڭ چىرىغى كۆيۈپ كەتكەنمىدى؟

— ھە، دىجورنىخانىنىڭمۇ... كۆيۈپ كەتكەن، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى،

ئەته ئالماشتۇراي دېگەنىدىم، — تـوختى بـۇ گەپنـى ئـاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى.

— هەي توختى، ئۇ ئاۋازلارنى تونۇمدىكەنسەن.

— تونۇغانـدەك قىلغانـدىم، پەقەت ئىككـى ئېغىـز گەپ بولغاچقىمكىن جەزملەشتۈرەلمىدىم، بىرسىنىڭ ئـاۋازى سـېنىڭ ئاۋازىڭغا ئوخشاپ قالىدىكەن، «بار دېدىمۇ، بارى دېدىمۇ» تازا بىلەلمىدىم، بۈگۈن بەك سەت قاراڭغۇ بولغاچقا قورققىنىمدىن بىرسى گەپ قىلىۋاتقانـدەك بىلىنىپ كەتتىمىكىن ماڭا.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، نەگە ماڭدىڭ؟

— ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىۋالاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — قادىر كۆك كـۆز ئـۇنى تۇتۇۋېلىپ پاراڭلىشىۋېرىشنى خالىمىدى بولغاي، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، هويلىدىكى ماشىنىلارنى كـۆزدىن كۆچۈرۈپ كىلەي دېگەندەك كېتىپ قالدى.

تـوختى ئۆيىنىـڭ ئالـدىغا كېلىـپ دېرىزىـسىدىن ئۆيىنىـڭ يـورۇق تۇرغـانلىقىنى كـۆردى، ئـۇ دېرىزىـسىدىكى يورۇقلۇققـا قـاراپ مېڭىـشتىن توختىـدى. مەن ئۆيـدىن چىققـان چېغىمـدا چىراغنـى ئۆچۈرگەنـدەك قىلىۋاتقان، بۇ نېمە ئىش دەپ ئويلىدى، ئۇ ئويلىغانسېرى بىر قورقۇنچ پۈتىدىن يامىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئالدىراپ قالدى، كاللىسىغا بىر توقاي خىيـال ئۇچـۇپ كىرىـپ سېرىق قۇچقاچتەك مېڭىسىنى قوچۇپ يېگىلـى تـۇردى. چىراغنـى ئۆچـۈرگىنى ئېسىدىن كەچتـى، بەدەنلىرىنـى تەر قاپلىدى، ئۆزىنىڭ تىنىقلىرى يات بىلىنىپ، ئـالاقزادىچىلىكتە چۆرىسىگە قاريالمـىدى. «مەن ياتقانـدا چىراغنـى ئۆچـۈرگەن، قوپقانـدا چىراغنـى چوقۇم ياقتىم، تالاغا چىققانـدا چىراغنـى ئۆچۈرۈشـنى ئۇنتۇمايتتىم.» ئـۇ مۇشۇنىڭدىن باشقىسىنى ئويلاشقا ئېشىنمايلا قالـدى، هەممىنـى باشـتىن ئويلىغـان بولـسىمۇ چىراغنـى ئۆچـۈرگىنىلا يادىغـا كېلەتتـى، ئۆزۈمنىـڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىمۇ-يا باشقىلارنىڭ دېرىزىسىمۇ؟ ئـۇ ئـۆيلەرنى ساناشقا ئۆتتى، باشتىن سانىدى، ئۆزىنىـڭ ئـۆيگىلا كەلگەنـدە ئۇنتـۇپ ئېزىـپ

كەتتى، قايتا ساندى، يەنىلا ئازدى، چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ كۆردى، كۆزلىنمۇ يوغان ئاچتى، يەنىلا ساناقتا ئېزىپ كەتتى. كەينىگە يېنىپ ئۆي بار يولنىڭ بېشىغا چىقتى، باشتىن ساندى، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېڭىسى چورتلا ئىشلىمەيلا قالدى، دېرىزىدىن چىراغ نۇرى سىرتقا تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇچىسىغا قارىدى، ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى سىلاپ پەرق ئەتمەكچى بولدى، نېمە كىيىۋالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى، بۈگۈن ئەتىگەن قايسى كىيىمنى كىيگەن بولسام ھازىرمۇ شۇ كىيىملەرنى كىيىكلىك دەپ ئويلىدى، كەچتە يەنە شۇ كىيىملەرنى سالغانلىقى ئېسىدىن كەچتى. ئۆزىنىڭ نەچچە قۇر كىيىمنىڭ بارلىقىنى ئەسلىدى، كىيىملىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى ئۆزىگە ناھايىتى ئايدىڭ بولسىمۇ، ھازىرىنىڭ ئۆزىدە قايسى كىيىمنى كىيگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدىكى يورۇق يەرگە بېرىپ بىر نېمە دەيچۇ دەيتتى، قەدەملىرى ئالدىغا ماگماي، جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئۆيۈمگە كىم كىرىۋالغاندۇ؟ كالىلىسىغا توككىدە بۇ خىيال چاپلاشتى، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. «ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى، ھويلىنىڭ دۆلمە ئىشىكىنى ئەتكەندىمەنمۇ؟» ئۇ دەرھال يانچۇقىغا قول سېلىپ ئاچقۇچنى ئىزدىدى، ئاچقۇچ قولىغا ئىلىنىشتى، ئاچقۇچنى قولىغا ئېلىپ پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، چوقۇم قۇلۇپ سالدىم، ئىشىكلەرنى ئەتتىم، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سالمىسام ئاچقۇچ يېنىمدا بولمايتتى، ئاچقۇچ يېنىمدا بولغانلىقىدىكىن ئىشىكلەرنى تاقاپ قۇلۇپ سالغىنىمدا شەك يوق، ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن ھەممىنى قىلدىم. ئۇنداقتا ئۆيىنىڭ چىرىغىنى كىم يورۇتۇپ قويىدى؟ ئۇ ئويلاپ-ئويلاپ چىراغنى زادى كىم يورۇتتى دېگەن سىزىقتىن ئۆتەلمىدى، ئاخىر ئېغىر قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلدى، دىجورنىخانىغا بېرىپ، قادىر كۆك كۆزنى تۇۋلاپ كەلمەكچى بولدى. «ئۆيدە ئادەم بولمىسىچۇ؟ چىراغ چوقۇم ئۆزلۈكىدىن يورۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال،

چوقۇم چىراغ ئۆزلۈكىدىن يورۇپ قالغان.» شۇنداق دەپ ئويلاپ قادىر كۆك كۆزنى باشلاپ كېلىشتىن يالتايدى. ئاۋۋال ئىشىكنىڭ ئالدىغا باراي دېدى. ئاخىر غەيرەتكە كەلدى، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ھويلا ئىشىكىنىڭ داغدام ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى، مەن ئىشىكنى ئەتمىگەن ئىكەنمەن دەپ ھويلىغا قورقۇپ كىردى، ھويلىنىڭ ئىشىكنى ئەتمىگەنلىكىگە زادىلا قايىل ئەمەسلىكى ئۆزىگە مەلۇم ئىدى. رىئاللىق ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ھويلىغا كىرىپ ھويلا ئىچىگە قارىيالمىدى، ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۆيىنىڭ ئىشىكى قىيپاش ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ سىرتتا تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى تىڭشىدى، قۇلىقىغا بىر خىل تىۋىش ئاڭلانغاندەك بىلىندى. نەپىسى بوغۇلغاندەك بولدى، كۆزى چەكچىيىپ كەتكەن بىلەن ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. ھويلا ئىچى ئۆيىنىڭ يورۇقىدا نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، ئاسمانغا قارىغۇسى كەلدى، قارىيالمىدى، قارىسىلا غايىپ كۆلەڭگە كاپپىدە گېلىدىن بوغىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ھويلىدا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلمىدى، ئۇلارنى ئويلاش خىيالىغا قانداقمۇ كىرسۇن؟ ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىرى باردەكلا بىلىندى، «كىم باردۇر؟» ئۇ بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدى، بىر چۈشكۈرۈك ئۇنىڭغا ياماشتى، يەنە قېچىپ كەتتى. بۇرنى ئېچىشىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى، بەدىنى جاقىلداپ تىترەپ كەتتى، تېگى - تۈۋى چىشلىرى بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، «قاس - قاس» ئاۋاز چىقىرىۋىدى، تېخىمۇ ئەنسىرىدى. ھەر خىل چىرايلار كۆزىگە يۈگۈرۈپ كەلدى، كۆزىدىكى بۇ چىرايلار ناتونۇش ئىدى، ئاشۇ چىرايلار ئۇزاق ئۆتمەيلا قورقۇنچلۇق، بەتبەشىرە چىرايلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ئىدارىنىڭ ئورنى ئەسلىي زاراتلىق ئىكەنلىكىمۇ ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۆيىنىڭ ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سېزەلمەيلا قالدى. يورۇق ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. بەدىنىنىڭ تىترىكى يوقىماي

پەگادا خېلى ئۇزاققىچە تۇردى، ئېسىگە كېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى شاققىدە تاقاپ كەشىنى سېلىپلا سۇپىغا سېلىقلىق يوتقانغا كىرىۋالدى. چىراغنى ئۆچۈرەي دېدى-يۇ ئۆچۈرۈشكە قولى بارمىدى، ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن دەپ تۇرۇۋىدى، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئەتمىگەنلىكى يادىغا كەلدى، كىچىك تەرەتتىگە چوڭ تەرەتتى قوشۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. پۈتۈن ئەزايى چىڭقىلىشقا باشلىدى. بىر دەم جىم ياتسام تەرەتتىم تاراپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى، قېيىشىپ يۇرۇپ تەرەتنى بەدىنىگە تارقىتىۋەتتى، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئەتمىگەنلىكى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەي قىينالدى. ئاخىر ئېلىپ چىقىپ كەتكۈدەك نېمەم بار ئىدى دەپ يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ تۇرۇۋالدى. بەدەنلىرى تەرلەشكە باشلىدى، تەرلىگەنسېرى بەدىنى قىچىشتى، يوتقاننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى بىر - بىرلەپ سالدى، يوتقاننىڭ ئايىغىدىن ئىشتىنىنى چىقىرىۋەتتى، چاپان، كۆينەكلىرىنى ياندىن چىقىرىپ تاشلىدى. سەل ئارام تاپقاندەك بولدى، قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى.

توختى سول تەرىپىنى بېسىپ ئۇخلىغانىدى، ئۇ ئىككىلى دۇنيادا بىر ئاۋارىچىلىكنىڭ بىر يىپقا چىگىلىپ قالغانلىقىنى چۈشىدە ھېس قىلغاندەك بولدى، ئەمما سەۋەبى ئۇچۇن ئاۋارە بولۇشنى راۋا كۆرمىدى، مۇشۇ تانىقتىن[①] چىقىپ كەتسەم بولاتتى دەپ ئەنسىرىدى، ئەنسىرىشىنىڭ تولۇپ سەۋەبىنى زادىلا بىلمەيتتى. بۇ تانىق ئۇنىڭغا بەك تونۇش بولسىمۇ، ئەندىششىدىن خالىي بولالمىدى، ئاسمانغا قارىدى، جاھان يوپيورۇق تۇراتتى. قورسىقىغا سانجىق تۇرۇۋالغاندەك بولدى، تۇيۇقسىز تۇرۇپ قالغان سانجىقنى تونۇدى، بىلدى. 20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى بۇ سانجىق تېخى كۆچىدىن قالماپتۇ دەپ ئويلىدى. سانجىق 20 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىسىدىنمۇ كۈچەپ كەتتى. ئۇ ئاغرىق

[①] تانىق ــــ ئىككى تەرىپى تام، ئىككى ئادەم ياندىشىپ ماڭسا ئاران پاتىدىغان تار يول.

دەردىدىن يەرگە يىتىۋالدى، ۋارقىراي دىسە ئوڭايسىزلاندى، چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ ۋارقىرىسا سەت ئەمەسمۇ، كۆز يىشىمنى باشقىلار تولغۇل ئاتا ـ ئانامغىمۇ كۆرسەتمەيمەن دەيدىغان بويۇك بىر ئىرادىسى بارلىقىنى دائىم ئىسىدىن چىقارمايتتى، سانجىق ئۇنى تىس ئالدۇرمايتتى، ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى تامنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى، بۇ تانىق ئاجايىپ ئۇزۇن، چىكى يوق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ تانىق ئەينى يىللىرى بەكلا قىسقا ئىدى، مۆكىمۆكىلەك ئوينىساق كۆزنى يۇمۇپ، ئاچقۇچە ئۇ چىتىگە يوگۇرۇپ ئۆتۈپ كىتەتتىم، بوگۇن نىمانچە ئۇزىراپ كەتتىكىنە. ئۇ شۇنچىلىك ئويلاشقا ئاران پايلىدى. چاتىرىقىنى ئىككى تەرەپتىكى تامغا كىرىپ باقتى، ئىككى پۇتى ئىككى تەرەپتىكى تامغا كەڭتاشا يەتتى. ئۇ تانىقنىڭ ئىسمىنى ئويلىدى، ئىسمى ئىغىزىنىڭ ئۇچىغا كىلىپ توختاپ قالدى. ئەمما ناھايىتى ئىنىق ئىسىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى، سانجىقنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئاغرىققىمۇ كۆنۈپ قالغاندەك بولدى، ئوڭ بىقىنىنى تۇتۇۋالغان قولىنى قويۇپ بىرىپ باقتى، ساق ـ سالامەت ئۆرە تۇرالىغانلىقىنى بىلىپ كوڭۇل ئازادىچىلىكى تىپىشغا تەپكىلى تۇردى. بۇ تانىق ھىلىقى دىۋانە كوچىسىدىكى تۇل خوتۇننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتىغۇ، ئۇ خوتۇننىڭ ئىسمى نىمىتى، تووا، ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ، نىمىشقا دىيەلمەيمەن؟ ئۇ ئاجايىپ مۇلايىم، يۇمشاق خوتۇن ئىدىغۇ. توختى ئۇ خوتۇننىڭ ئىسمىنى تاپالماي ئاۋارە بولدى. ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇن خوتۇنلارنىڭ ئىسمىنى ئىيتىپ باقتى، پەقەت مۇشۇ خوتۇننىڭلار ئىسمىنى تاپالمىدى، ھەسەلخاننىڭ تانىقى، پاتەمخاننىڭ تانىقى، شەرۋانىخاننىڭ تانىقى... ئاشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن خوتۇنلارنى توختىماي يادلىدى، كۆزنى يۇمۇۋالغانىسىرى جىددىيلىشىپ ئاخىر خوتۇن خەقلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىرنىمۇ قويماي دەپ بولغاندەك بولدى، ئىككى پۇتى بىلەن تاقلاپ تانىقتىن يۇقىرىغا چىققۇسى كەلدى. بۇرۇنقىدەك ئويناپ باقسام ئۇ خوتۇننىڭ ئىسمى چوقۇم ئىسىمگە كىلىدۇ دىگەن خىيال چاپلاشتى، ئۇ تانىققا ئىككى پۇتىنى كىرىپ، ئىككى قولى

بىلەن تاق-تاق تاقلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى، ئەمدىلا ئۈچ تاقلىۋىدى، تانىقنىڭ يۇقىرى تەرىپى تارايغىلى تۇردى، يۇقىرى تەرەپنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يۇقىرى ئۆرلەۋەرسە بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بىر دەم ئېسىنى ئېلىۋېلىپ تاقلاپ چىققان جايىدا تۇردى. بۇرۇن بۇ تانىقنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن كەڭلىكى يادىغا كەلدى، يۇقىرىغا قارىدى، تانىقنىڭ ئۈستى باش پاتقۇچىلىك قالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئالدىراپ قالدى، تۆۋەنگە ئىتتىك چۈشۈۋالمىسا مۇشۇ تانىقتا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدىغانلىقى كۆڭلىگە يېقىنلاشتى. تۆۋەنگە قارىدى، تۆۋەن تېگى يوق ھاڭدەك كۆرۈندى، كۆزىگە ئىشەنمەي بىر قولى بىلەن تامنى تىرەپ، يەنە بىر قولىدا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۆۋەنگە يەنە قارىدى، كۆزى يەتمەي، ئاجايىپ سەت بىر قاراڭغۇلۇق ئايىغىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندەك بىلىندى. تۆۋەنگە قارىغانسېرى كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغىلى تۇردى، كۆزىنى يۇمۇۋالدى، بۇ زادى نەدۇ؟ نەگە كېلىپ قالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ كاللىسى ئوماچ بولۇپ كەتتى، ئويلاۋەرسە پەسكە موللاق ئاتىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيدى. ئۇ بىر پەس كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، كۆڭلىدىكى قاراڭغۇچىلىقلارنى پەسەيتتى، قانداق قىلىپ بولسىمۇ بۇ يەردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلاشقا باشلىدى. تۆۋەنگە قارىمايمەن دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ئېگىزدىن تۆۋەنگە قارىسا بېشى قايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، پارچە - پۇرات خىياللارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھايات قېلىش ئۈچۈن بارلىقىنى دوغا تىكتى، يۇقىرى ئۆرلەشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدى، ئىتتىك - ئىتتىك تاقلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى، ئىككى تەرەپتىكى كونا تام تۈگىمەيتتى. ھەممە ئەزايى تەرگە چۆمۈلدى، پۇتىنىڭ پەيلىرى سوزۇلۇپ زىڭىلداپ ئاغرىدى، ئالىقانلىرىمۇ يېرىلىپ قانىدى، بولارغا پەرۋا قىلمىدى. ئاسمانغا قاراپ كۆڭلى سۆۋىندى، ئۆرلىگەنسېرى تاملار ئېگىزلەۋاتقاندەك بىلىندى، بۇ تاملارنى قانداق تۈگىتىشكە كۆزى يەتمىدى، ئەمما ۋۇجۇدىدا ھايات ئىشقىدا يېنىۋاتقان بىر ئۇلۇغۋار ئوت

مەۋجۇد ئىدى، ئۇ ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئوتنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىسا بولمايدىغانلىقىنى جەزم قىلدى، بىر دەم ئىسسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ئاخىر يۇقىرىغا چىقىپ، پەسكە قارىۋالاي دەپمۇ قارىمىدى، ئەتىگەندىن بۇيانقى ئۇرۇنۇشلىرىم، تىرىشچانلىقىم پەسكە قارىسام يوققا چىقىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئاسمانغا قارىۋىدى، بىر ئادەم بويى ئېگىزلىك قالغانىدى. ئۇ يېنىك - يېنىك تاقلاپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى، پۈتۈن ئەزايى قىزىپ كەتتى، ئالىقانلىرىغا توپا ـ سامان كىرىپ كەتكەچكە ئازراق ئېچىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىدى، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ ئېغىر - ئېغىر تىنىدى. ئېغىزىدىن پۇرۇقشىپ هور چىقاتتى، يۈزلىرىنى تەبىئەتنىڭ ئەركە شاماللىرى سۆيگىلى تۇردى، بەدىنىنىڭ هارارىتىمۇ تۆۋەنلەشكە باشلىدى، هاياتلىقنىڭ ئەزگۈ تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدىدا كۆكلىدى. ئۇ ئەتراپىقا قارىدى، بېشىمنىڭ ئۈستىدە چوقۇم ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرىدۇ دەپ ئويلىدى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە سان ـ ساناقسىز ئۆگزىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ زادى نېمە ئىش بولغىنى ئەمدى دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇ ئۆگزىلەرمۇ ئۆگزىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئوبدان تونۇش ئىدى، مۇشۇ ئۆگزىلەرگە مۇشۇ تاغنىن تاقلاپ چىقىپ مۆكمۆكىلەك ئوينىغانلىقى هازىرمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. ئۆگزىلەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئويلاپ تاپالمايدىغانلىقىنى بىلدى، ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر ئۆگزىگە تاقلاي دەپ تۇرۇشىغا پەستىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هوي جۇۋاينىمەك، سەن ئېخىچە تاغنىمىنىڭ ئۈستىدە ئويناۋاتامسەن؟ يىقىلىپ ئۆلگىلى تاس قېلىپمۇ ئېخى تويمىدىڭمۇ؟ ئۆگزىلەرگە يېڭىدىن لاي سالغان ، چاپسان پەسكە چۈشە!

تۇختى بۇ ئاۋازنى تونۇپ، پەسكە قارىدى، پەستە تاغنىڭ ئۇ خوتۇننىڭ يوغان سۈپۈرگىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. تۇۋا دېيىشكە ئۆلگۈرەلمەي قالدى، بايقى ئېگىز يوق هاڭدىن قىلچىمۇ ئەسەر

قالمىغانىدى، ئۇ خوتۇنمۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزى گەپكە كەلمىدى، ئۆزىنىڭ گەپ قىلالايدىغانلىقى ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، چاپسان چۈشۈپ كەت!

ئۇ خوتۇن سۇپۇرگىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەكلا پوپوزا قىلدى، توختىنىڭ ماغدۇرى ئاللىبۇرۇن كېسىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەدەپ ئۆگزىلەرگە قارىدى، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدى. پەسكە چۈشسەم چوقۇم جىنىمدىن ئايرىلىمەن ياكى تەقدىرىمدە چوڭ بىر ئوڭۇشسىزلىق بولىدۇ دەپ گەپمۇ قىلماي تۇرۇۋالدى، ئويغىنىپ كەتسەم بولاتتى دەپ ئويلىدى. ئۇ خوتۇننىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. بۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، بۈگۈن بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ مېنى قارا بېسىۋاتىدۇ، مۇشۇ قارا بېسىشنى چوقۇم ئوڭغا ئۆرۈۋېلىشىم، تانىقىنىڭ ئۇستىدىن باشقا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تېقىملىرى تېقىلىپ ئاغرىپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىمۇ چۆچەكتەك يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

— بۈگۈن سېنىڭ پۇتۇڭنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام، جۇۋاينىمەك.

ئۇ خوتۇننىڭ تىللاشلىرى قۇلىقىغا كىرىۋاتاتتى، ئۇ گەپ ياندۇرۇپ قالماسلىققا تىرىشتى، تۆۋەنگىمۇ قارىمىدى. شەرق تەرەپتىكى ئۆگزىلەرگە قاراپ ئەنسىرەپ قالدى، نېمىقىشقىدۇر ئۇ تەرەپ توختىغا قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. غەرب تەرەپتىكى ئۆگزىلەر پۇختىدەك كۆرۈنىسمۇ، ئۆگزىلەرنىڭ ئىگىلىرىنىڭ خۇي - مىجەزى، مەۋقەسىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كۆڭلى تۇيدى، ئۇ ئۆگزىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە گاھىدا شۇنداق تىنچ كۆرۈنسە، گاھىدا ھېرىپ قورسىقى ئېچىپ كەتكەن شىردەك كۆرۈنەتتى، تانىقنىڭ تېگى تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن بىر خوتۇن قولىغا سۇپۇرگە كۆتۈرۈۋېلىپ، تۇۋا - سۈرەن كۆتۈرۈۋاتاتتى. ئۇ غەرب تەرەپتىكى ئۆگزىلەرگە ئۇزاق قارىۋىدى،

كۆڭلىنىڭ شۇ تەرەپكە مايىلراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئاشۇ ئۆگزىلەرگە ئۆتۈۋېلىپ قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. بۇ ئۆگزىلەرمۇ ئۆزىگە يوشۇرۇن خەۋپ ساقلاپ تۇرغاندەك بىلىنگەچكە، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. پەستىكى خوتۇنىنىڭ پاراكەندىچىلىكى توختىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېيىشكە باشلىدى، ئۇ بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئايلىنىپ كېتەي دەپلا قالدى. ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلسىمۇ، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈۋاتاتتى، پەسكە چۈشۈپ كەتسەم چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن، چۈش ھاياتلىقنىڭ بىر قىسمى، بولىدىغان ئىشلار چۈشتە ئايان بولىدۇ. قىسمەتلىرىم كاجلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆتۈشكە مەجبۇر بولۇشىغا، ئاسماندا قاتتىق چاقماق چاقتى، تۇيۇقسىز چېقىلغان چاقماقنىڭ زەربىسىدىن توختى ئۈركۈپ پەسكە تىك موللاق ئاتقىلى تاسلا قالدى، بىر پۇتى پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى.

— ھوي، بېشىڭنى يېگۈر، چۈشە دەيمەن.

ئۇ خوتۇن توختىنىڭ پۇتىنىڭ پەسكە ساڭگىلىغانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىكى سۈپۈرگىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىۋىدى، توختى چاقماق تېزلىكىدە ھوشىنى تېپىپ ساڭگىلىغان پۇتىنى شارتتىدە تارتىۋالدى، ئاشۇ سۈپۈرگە بىر يېرىمگە تەگسىلا چوقۇم خەتەر يېتەتتى، خۇداغا شۈكۈر، ھەنىم بولسا تەگمىدى، دەپ ئويلىدى.

جەنۇب تەرەپتىن بىر توپ قارا بۇلۇت توختى تۇرغان تامنىڭ ئۈستىگە كەلدى، توختى بۇ قارا بۇلۇتنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىن بىر بوز يورغا پەسكە شۇڭغۇدى، بوز يورغىنى توختى تونۇدى، بوز يورغىنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى ئادەم ئولتۇراتتى. توختى ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنىشىغا، ئات ئۈستىدىكى ئۇ ئادەم توختىنى كۆتۈرۈپلا ئاتنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈۋالدى، ئات بۇلۇت ئۈستىدە قانات قاقاتتى، توختى كەينىدىكى ئۇ ئادەم بىلەن پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچاي دېيىشكە، ئۇ توختىنى ئاتتىن

پەسكە تاشلىدى، تۇختى لەيلەپ چۈشۈۋېتىپ يوغان بىر دەرەختكە ئىلىشىپ بىقىنغا قاتتىق بىر نەرسە پېتىپ كەتتى، ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي ۋاقىراپ ئويغىنىپ كەتتى، كۆزىنى ئېچىپ ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ دىمى ئىچىگە چۈشتى. چۈشىدىكى ھېلىقى تانىق كۆز ئالدىغا كەلگىلى تۇردى، ئۇنىڭ بىقىنى چىمىدە ئاغرىپ، 20 يىلنىڭ ئالدىدا ھېلىقى تانىقتىن يىقىلىپ سانجىق تۇرۇۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغانلىقى يادىدىن كەچتى. ئۇ مەنساخاننىڭ تانىقى بۇگۈن ئەجەب چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىغۇ، دەپ پىچىرلىدى. تاڭمۇ يورۇپ كەتكەنىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ، ھويلىنىڭ ئىشىكىگە ئىتتىك قارىدى، ئىشىكنىڭ ئىلگىچى ئىلىنىپ تاقاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

تۇختى ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پولاتخان قىرغىزىستاندىن ئەكىرگەن ماشىنىلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى، ئۇ يەرنىڭ ئاستىدىن ئەتراپقا يوچۇن قارىۋېتىپ ئىشخانا بىناسى ئىچىگە كىرىپ، ئۆزىگە بىر ھەمراھ ئىزدەپ كارىدوردا تۇرۇپ قالدى، زەينەپنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى پەشتىقىنىڭ تۈۋىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىر بىسىم پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئۆزىنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئىشقا ئىنچكىلىك بىلەن قاراشقا ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ بەك ئوڭايسىزلاندى، زەينەپ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولماي تۇرۇپ بۇنچىۋالا ئۆركىلەپ كېتىشىنىڭ ئەڭ چوڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىدىن نومۇس قىلدى، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا ئۇشۇقچە ئۇيراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇ ئىدارىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات دوسكىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ كۈلگۈسى كەلدى: «ئىدارە پارتكومى ۋە مەمۇرىيىتى بۈگۈندىن كېيىن ھەممە ئىشنى ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ، نېمە ئىش قىلماقچى بولسا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئالدىن ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندە ئاندىن قىلىدۇ، ئىدارە مالىيەسى ھەر ئايدا ئېلان قىلىنىدۇ.

ئىدارە ئىشلىرىنى تۆۋەندىكى خادىملار نارازەت قىلىدۇ. توختى ئىسمىلىكلەرنى ئوقۇپ ئاخىرنى ئوقۇشقا چىدىيالماي قالدى، ئۆزىنى شۇنچە زورلىسمۇ قاتتىق زورۇقۇپ كەتكەچكە شىللىسى تالغاندەك قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— توختى، بۇ كونا ئىشقا بولغان ۋاقىتلىك يېتىپتۇ-دە، — غۇلام ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىدىن ھەيران بولۇۋاتاتتى.

— كارامەت بىمەنە ئىكەن، ئوقۇغان ئېغىزىم بىلەن كۆرۈپ قالغان ماۋۇ كۆزۈمنى ئۇرۇپ كۆكەرتىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ، يا بولمىسا سەن ئۇرۇپ كۆكەرتىۋېتە، غۇلام يولغۇر، — توختى غۇلامغا يېقىنلىشىپ بېشىنى ئالدىغا سوزدى.

— ئەتىگەندە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ساڭا؟ — غۇلام ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ كەينىگە داجىدى.

— ماۋۇ ھارامزادىلەر تېخى نارازەت قىلىدىغان گۇرۇپپا تەشكىللىدۇق دېسە، «ب د ت» دىن ئادەم تەكلىپ قىلغان ئوخشىمامدۇ دەپ ئوقۇپ كېتىپتىمىنا، ئۆزىنى ئۆزى نارازەت قىلىدىكەنغۇ، خۇددى «ئوغرى دېدى: ئوغرى تۇت تېشىپ قويۇپ مورىنى، ئەمەلدارلار ئاغرىق تۇرسا پۇقرا يەمدۇ دورىنى» دېگەنگە ئوخشاش ئىش قىلغىنىنى، — توختى شۇنداق دەپ غۇلامغا قاراپ توختاپ قالدى.

— قورقۇپ كەتمە، غۇلام يولغۇر، قىلغان گەپلىرىمگە ئۆزۈم ئىگە بولالايمەن.

— مەن نېمىگە قورقاتتىم شۇ...

— نېمە شۇ؟ ئىشتىنىڭغا چىقىپ كەتتىغۇ چىگىتچىلىك، بۇنداق قورقۇپ كەتمە، — توختى غۇلامنىڭ چىشىغا تەگكىلى تۇردى، غۇلام تولىمۇ ئېھتىياتچان، يۇمشاق قۇلاق، كىم نېمە دېسە ھەئە دەيدىغان بولغاچقىمىكىن، تېرىككىلى تۇردى.

— مەن نېمىگە قورقىمەن دەيمەن؟

— ئۇنداقتا رەڭگىڭ نېمىشقا سارغىيىپ كېتىدۇ؟

— قانداق سارغىيىپ كەتتى؟ يوتاڭغا بىرنى ئۇرۇپلا گەپ تاپما!

— يوتامغا ئۇرۇپ تاپمىدىم، ئۆزۈڭ ساماندەك سارغىيىپ كەتتىڭ.

غۇلام ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇشنى راۋا كۆرمىدى.

— سەن نىمە دېسەڭ شۇ، ھە - بولدىمۇ!

توختى ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر بىچارىلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلگەچكە، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، بولدى قىلدى.

— پولاتخانىنىڭ ئەكىرگەن ماشىنىلىرى ئازلاپ قاپتىغۇ، غۇلام؟ — توختى گەپنى قەستەن باشقا ياققا يۆتكىدى.

— سېتىپتۇ.

— ئاۋۇ قالغانلىرىنى ساتماپتىما؟

— ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن لى باشلىق ئۇقۇشۇپتىكەن، ئۇلار پات ئارىدا ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — غۇلام بىلەن توختى ئىشخانىسىغا چىققۇچە قىرغىزىستانغا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىشتى.

— ئاسىپ مۇدىر، ھاشىم يەنە ھېلىقى تۇغماس باشلىق جاپپاركاملاردىن خەۋەر بارمۇ؟ — غۇلام توختىغا قاراپ تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— بۇلارغا قىزىقمايتتىڭغۇ سەن؟ ھاشىمكام بىلەن جاپپار باشلىق نۇرغۇن مال ئېلىپ چىقىپتىكەن، قىرغىزىستاندا بىرى ئۇن بوپتۇ، ئۇنىڭغا گېزىتخانا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن قەغەز بىلەن «لادا» پىكاپلارنى كىرگۈزۈپتۇدەك، لى باشلىق بۇنى ئاڭلاپ سەيشەنبە كۈنى ئۇلاردىن ھال سوراشقا ھەم ئەھۋال ئىگىلەپ سودا يوللىرىنى كېڭەيتىشكە چىقىپ كەتتى. ئاسىپ مۇدىرنىڭ ئاشۇ يەردە دەمدۇ، قازاقىستاندا دەمدۇ، ئانىسىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى باركەنمىش، ئۇ شۇ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، چوڭ تىپتىكى «كاماز» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بەشنى سېتىۋاپتۇ، ئۇ ماشىنىلارمۇ ھازىر قازاقىستاندىن قىرغىزىستانغا كېلىپ بولۇپتۇ، چېگرادىن كىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋاتقۇدەك. لى باشلىق بىلەن ھاشىمكاملار مۇشۇ ھەپتىدە قىرغىزىستاندىن سېتىۋالغان

«لادا» ماركىلىق پىكاپلار بىلەن قەغەزلەرنى ئېلىپ كىرىدىكەن، — غۇلام سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغانىدى، «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، زەينەپ ئىشخانىنىڭ ئالدىدا قولىدىكى خاشو داسقا سۇ ئېلىپ تۇراتتى، توختى ئۇنى كۆرۈپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى، غۇلام بۇنى بىلەلمىدى.

— ئىشقا چىقىشۋاتاملا، غوجىلىرىم، — زەينەپ ناز-كەرەشمە ئارىلاش كۈلۈپ ئۇلارغا سالام قىلدى.

— قېرىمايسىز جۇمۇ زەينەپ ئاچا، بۈگۈن 18 ياشلىق قىزدەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ.

— هازىرقى قىزلارنى بىزگە قانداق سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، ئۇلار لەۋزىنى بىلەن راۋاجلىنىپ يېگەچكە، سوغۇقى ئېشىپ خام سېمىز بولۇپ قالغان، ماۋۇ بىزنىڭ بەدىنىمىزنى ئامبۇردا تارتسا چىقامدىكىن، — توختىنىڭ كۆزىگە زەينەپ خۇددى ئۆزىنى تىلىۋىرزوردا ئىلان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى.

— ئۆزىنى تاشلىۋەتمىگەن يامان خوتۇن-دە سىز، — غۇلام زەينەپكە چاقچاق قىلىپ قويۇپ ئۈچىنچى قەۋەتكە ماڭدى، توختىمۇ ئەگەشتى.

— هوي توختى پالۋان، ماۋۇ ئىشىمنى قاچان قىلىۋېتىسىز؟ — زەينەپ قەستەن باهانە تېپىپ توختىنى غۇلامدىن ئايرىۋالماقچى بولۇپ توۋلىغانىدى، توختى ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىغا پۇتىنى ئالالماي توختاپ قالدى. قايسى ئىشنى دېگەندەك زەينەپكە قارىدى. زەينەپ سوقا چىلاندەك تولغان قىپقىزىل لەۋلىرىنى قورۇپ، توختىنى ئىرىدىن غايىۋى سۆيۈپ قويغاندەك هەرىكەت قىلدى، توختىنىڭ ۋۇجۇدى قىزىپ مېڭىسى ئىشلىمەيلا قالدى.

— ئوغۇل بالا دېگەن ۋەدىسىدە تۇرمىسا بولمايدۇ، — زەينەپ توختىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاللا بۇرۇن ئىگىلەپ بولغاچقا، پوسۇڭ-پوسۇڭ گەپلەرنى قىلىۋېرەتتى، توختى تۇرغان جايىدا قېتىپ قالغانىدى.

— بولۇگە غوجام، تولا ئىزىلەڭگۈلۈك قىلىپ تۇرماي، — زەينەپ ئۇنىڭغا تولغان كۆكسىنى كۆزى ئارقىلىق ئىشارەت قىلدى، زەينەپنىڭ بويۇن تىرىلىرى توختىنىڭ كۆزىگە ئاقىرىپ، سوزۇلۇپ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان شەھۋەت قانلىرىمۇ كۆرۈنگەندەك بىلىندى، ئۇ زەينەپنىڭ ياقالچىقىغا، بارماقلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ تولغان يوتىسى نېپىز كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى، پۇتىنىڭ تىرناقلىرىمۇ توختىنىڭ مېڭىسىنى غىدىقلايتتى.

— تولا ئۇ يەردە بەز ماراپ تۇرماي ئىشخانىغا كىرىڭە، كىچىك بالا دېگەننى زادى، — زەينەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۇقىرىغا بىر قارىۋەتتى، غۇلامنىڭ چىقىپ كېتىپ بولغانلىقىنى بىلىپ توختىنى قولىدىن تارتىپ ئىشخانىسىغا سۆرىمەكچى بولدى، توختى تۇك سوققاندەك جاقىلداپ كەتتى، زەينەپ ئۇنىڭ بارماقلىرىنى غىدىقلىدى.

— بۈگۈن بولمايدۇ، باشقا كۈنى كىرەي، — توختىنىڭ ئۇنىڭ قاپىقى تارتقاندەك قىلدى.

— بۈگۈن نېمىشقا بولمايدىكەن؟

زەينەپ تىنىقلىرىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ نازلاندى، توختىنىڭ ھېسسىياتى زەنجىر ئۈزەي دەيتتى، كۆزىنىڭ قىزارمىغان يېرى قالمىدى، بىر خىل جاھىللىق ئۇنىڭ كانىيىنى سىقىپ تۇراتتى، زەينەپنىڭ ئۆزىنى كۈچەپ تارتىشلىرى بۈگۈن ئۇنىڭغا پەقەتلا كار قىلمىدى، مۇنداقالا تارتىپ قويسا لەگلەكتەك ئۇچۇپ كىرىدىغان توختى زەينەپنىڭ ئۇھ دېگۈلۈكىنى قويمىدى. پەستىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، توختى زەينەپنى سىلكىشتۈرۈپ قولىنى تارتىۋالدى، زەينەپ ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتمىدى، ئەمما قىزىرىپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتسىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەن چوقۇم كىرىمەن.

توختى شۇنداق دەپ يۇقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، زەينەپ ئۇ چىقىپ كەتكەن پەشتاققا قاراپ تۇرۇپ قالدى. پەستىن تۇرسۇن

كۆيدۈرگە چىقىپ كەلدى، زەينەپ ئۇنى كۆرۈپ يەرگە بىرنى تولغۇرۇپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى جالاققىدە تاقىۋەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەچكە بېشىدىكى شىلەپىسى چۈشۈپ كېتەي دەپ قالدى.

— ماۋۇ پاسكىنىنىڭ ئىشىكنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ياپقاندەك يېپىپ كەتكىنىنى، — تۇرسۇن كۆيدۈرگە شۇنداق دەپ ئەتراپىغا ئەنسىرەپ قاراپ قويدى، زەينەپنىڭ ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇۋېرىشتىنمۇ قورقۇپ قالدى، ئىشىك ئېچىلغۇچە چۈشۈپ كېتىۋالاي دېگەندەك ئالدىراپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.

توختى شۇ يوگۇرگىنىچە ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئىشخانىسىغا شامالدەك كىرىپ ئورنىدا ئولتۇرغاندىلا خۇداغا شۈكۈر، دېدى. غۇلام ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. توختى ئىشخانىغا كىرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچ نەرسىنى كۆرمەي ئېغىر ھالسىراپ ئولتۇردى. غۇلام ئۇنىڭغا قاراۋەرسە ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە باشلىدى. مۇئاۋىن مۇدىر تەلئەت قۇرت ئىشىكتىن غىرتتىدە بېشىنى تىقىپ توختىنىڭ بارلىقىنى كۆردى-دە، بىر تۇتام ماقالە ئارگىنالىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ قويدى.

— ماۋۇ ماقالىلەرنى بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىڭ، توختى، بوگۈن ھايالشىپ قالدىڭىزغۇ؟ — تەلئەت قۇرتنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. غۇلام تەلئەت قۇرتقا قارىدى.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ، ئۇ ماتېرىيال بولۇمىدە قالدى دەپ، — تەلئەت قۇرت غۇلامغا قاراپ گەپ قىلاي دېدى- يۇ، توختىنىڭ مىجەزىنى چۈشەنگەچكە ئۇشۇق گەپ قىلمىدى.

— بايا دېگەنتىڭىز، ھە، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، — تەلئەت قۇرت غولامغا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ماۋۇ قۇرتنىڭ قولىغا قالساق كۆرمىگەننى كۆرمەدۇق تېخى، ئاسىپجانكام

قىرغىزىستانغا چىقىپ كەتكەندىن بىرى بۇنىڭمۇ گېپى ئاۋۇپ قېلىۋاتىدۇ، — غۇلام تەلئەت قۇرتىنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن توختىغا قاراپ بىر مۇنچە كوتۇلدىدى، توختى ئۆزىنىڭ روھسىي دۇنياسىدىن چىقالماي تۇرغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىدى، غۇلام ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى بىر قۇر كۆرۈپ بولۇپ سىرتقا چىقىشقا مېڭىۋىدى، توختى ئۇنىڭغا قارىدى.

— نېمە دېدىڭ، غۇلام يوگۇر؟

— ئاۋۇ يوگۇر دېگەن گېپىڭنى ئىسمىمنىڭ ئارقىسىغا ئېسىپ قويمىساڭ زادىلا كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدىغۇ سېنىڭ توختى، نېمە دەيتتىم، ماۋۇ تەلئەت قۇرتىنىڭمۇ گېپى كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاۋۇ ئۇستىسى ئۆگىتىۋاتىدىغۇ دەيمەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىسى كىم؟ نېمىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ؟

— كىم بولاتتى؟ تۇرسۇن كۆيدۈرگە.

— تۇرسۇن كۆيدۈرگە كىمنىڭ ئۇستىسى.

— سەن بوگۇن مۇشۇ يەردە بارمۇ-يوق؟ — غۇلام توختىنىڭ غەلتىلىكىگە ھەيران قېلىۋاتاتتى.

— مانا تۇرمامدىم، — توختى ئۆزىنىڭ چاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، — تۇرسۇن كۆيدۈرگىنى ئىدارىمىزدا ياقتۇرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىغا ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن، سەن غۇلام يوگۇرمۇ ئۇنى ياقتۇرمىغاندىكىن.

— ئۇ رەسۋا ئادەمنىڭ گېپىنى ئېغىزىڭغا ئېلىپ مەينەت قىلىۋالمىغىنە، ماۋۇ تەلئەت قۇرت ئاسپىجانكام يوق بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوگۇر-سوگۇر قىلىپ، بىرگە يېگى - يېگى قائىدە- تۈزۈملەرنى ئاۋۇتىۋاتىدۇ، تېخى نېمە بولسا ئۇنىڭغا ئېلىپ چىقىپ مەسلىھەت سورىمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇۋالدى.

— ئىشخانىدا تالىشىدىغان نېمە بار دەيسەن، غۇلام؟ ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساقلا كىم بىرگە ئوشۇق بىر نېمە

دېيەلەيتتى.

— ساڭا بىر نېمە دېيەلمىگەن بىلەن بىزگە بىر نېمە دەپ ئىچىمىزنى ئېلىشتۇرۇۋېتىپ بارىدۇ دەيمەن ماۋۇ قۇرت، — غۇلام شۇنداق دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، توختى غۇلامنىڭ بۇنچىلىك خۇيى تۇتقىنىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىگى كىنو كۆرگەندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مۇشۇكنىڭ يولۋاسقا ئېتىلىشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە.

— ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ، توختى، مەن كىرسەم جېنىڭدىن تويغاندەك بولۇپ كېتەتتىڭ، مېنىڭمۇ سېنىڭ يېنىڭغا كىرىپ تۇرغىنىم ياخشى جۇمۇ، بولمىسا مانا مۇشۇنداق ساراڭلاردەك ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ سۆزلەپ ئولتۇرۇپ قالىسەن - ھە، — رەشىدە ئىشىكتىن كىرىپلا تەكەللۇپ قىلىپ يۇرمەي توختىنىڭ ئالدىدىكى غۇلامنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى، توختى ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتمەسلىككە چارە تاپالماي قالدى.

— مۇنچە سوغۇق كۈلۈپ كەتمە، مېنى يەنە كوتۇلدىغىلى كىردىڭغۇ دېمەكچىغۇ، مەنمۇ كۆرگەنلىكى ئادەمگە سۆزلەپ يۈرۈيدىغان ئۇنداق بولۇمسىز، تېتىقسىز خوتۇن ئەمەس، ئۇقۇپ قوي، بۇ دۇنيادا يالغۇز قالغاندىن چوڭ ئازاب يوق، — رەشىدە توختىنىڭ يۈزىگە قارىماي تۇرۇپ شاپتۇل قېقىپ ئۆزىنى بىر تۈزەشتۈردى.

— چوقۇم ياخشى گەپ قىلغىلى كىرمىدىڭ، — توختى ئالدىدىكى ماتېرىيالغا قارىغاچ ئۇنىڭ يىغىرىنى تاتلاپ قويدى.

— دۇنيادىكى ھەممە يامان گەپنى مەنلا كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىكەنمەن ـ دە سېنىڭچە، سەن ساراڭنىڭ كەينىگە كىرىپ زىيان تارتىپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ يېنىڭغا كىردىم، — توختى كۆرۈۋاتقان ئورگىنالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ رەشىدەگە قارىدى.

— قانداق كەينىمگە كىرىپ؟ نېمىنى زىيان تارتىنىڭ؟ — توختىنىڭ رەڭگىدە سۈس ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى.

— سىنى ھەممىنى بىلىدۇ دەپتىكەنمەن، ھازىر پۇشايمان قىلدىم.
— نېمىگە پۇشايمەن قىلىدىڭ، ئوچۇق دېمەمسەن، تولا شاپتۇل قاقماي، ساڭا مۇنداق قىل دەپ بىرەر يول كۆرسەتمىگەنتىمغۇ، بۈگۈن گەپ تاپالماي پوككىدە بۇ مۇجمەل گەپنى كۆتۈرۈپ كىرىپسەن - دە.
— ئەل بىلەن ئۆلگەن ئۆلۈم توي بىلەن ئوخشاش دەپتىكەن، مەن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالدىم، بالىلىرىمنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن يىغىپ قويغان پۇلۇمنى تەۋەككۈل قىلىپ پاي قوشقان بولسام، مانا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قولۇمغا نەقلا 500 يۈەن پايدا تېگەتتى ئەمەسمۇ، ۋاي ئىسىت، — توختى ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتى.
— سەن پاي قوشمىغانمۇ؟
— پاي قوشسام ساڭا دەپ يۈرەمتىم، بىر ساراڭلىق قىلىپتىمەن ئەمەسمۇ.
— ئەڭ چوڭ ئۇگلۇقتىن بىرنى قىلىپتىكەنسەن، نېمىشقا پۇشايمان قىلىسەن.
— ساڭا دېدىمغۇ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قوشقان پايلارغا پايدا ئايرىپ بېرىدىكەن، باشقىلارنىڭ قولىغا مۇنداق پۇل تېگىدىكەن، — رەشىدە قولىغا تۈكۈرۈپ قۇرۇق ساناپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ يەنە كۈلدى.
— ۋاي تولا كۈلمىگىنە، توختى، بۈگۈن ھەممە ئادەمنىڭ قولىغا پايدا تېگىدۇ، بىز شۇ بەز مارىغان مۈشۈكتەك پۇشۇلداپ ئولتۇرىمىز، — رەشىدە توختىغا قاپاق سۈزۈپ يانغا قارىۋالدى.
— ھەي ساراڭ! — توختى قولىدىكى ئورگىنالنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ رەشىدەگە نەشتەردەك قارىدى.
— مەن ساڭا قاچان پاي قوش، قوشما دېگەن، مەندىن ھېساب ئالغىلى كىرىپسەن-دە بۇ تۇرقىڭدا؟ — توختىنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن چىقىپ رەشىدەنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ توختىغا قاراپ ئۆزىنى سەل تۈزۈۋالدى.
— ياق دېمىنا، باشقىلار ئالسا بىز قاراپ تۇرامىزما؟

— قاراپ تۇرمساڭ ئۇلارغا يالۋۇر، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟
رەشىدە توختىنىڭ خۇيى تۇتقانلىقىنى بىلگەچكە جىم بولۇپ كەتتى، توختىمۇ ئۇنىڭ قورۇلغان چىرايىغا قاراپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى، توختى يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ، ئاچچىق شوراپ، ئېغىزىغا لىق تولغان ئىس-تۈتەكنى پۇرقىرىتىپ پۈۋلىدى. رەشىدە شاپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ خوشمۇ دەپ قويماي چىقىپ كەتتى. توختى ئۇنىڭ ئۇن-تىنسىز چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ خىياللىرى بەك ئۇزۇن ئىدى.
— ئۇكام، ماقالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىڭىزمۇ؟ — توختى تەلئەت قۇرتنىڭ چىرايىغا شۇنداق بىر سەت قارىدىكى، ئۇ قورققىنىدىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ سالغىلى تاسلا قالدى.
— تېخى كۆرۈپ بولمىغان ئوخشىمامسىز، بوپتۇ، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇۋەتسىڭىز بولىدۇ، چۈشتىن كېيىن ئىدارىدا چوڭ يىغىن بار ئىكەن، شۇنى ئۇقتۇرۇپ قوياي دەپ كىرگەنىدىم، ماقۇل ئەمىسە.
تەلئەت قۇرت قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق چىقىپ كەتتى، توختى قولىدىكى تاماكىنىڭ كۈلى يەرگە ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتكىچە بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

※ ※ ※

توختى ئۆيدە بۇرۇقتۇرما بولدى، سىرتقا چىقاي دەپ ئويلىدى، ئەمما نەگە بېرىشنى بىلمىدى، تەۋەككۇل دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دىجورنىخانىدىن قادىر كۆك كۆز چىقىپ ئۇنىڭغا قارىدى، توختى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىر خىيالغا ئەسىر بولۇۋېلىپ ئۇنى كۆرمەسكە سالدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ قارىمىغىنىغا پەرۋا قىلماي

ئالدىنى توراپ سالام قىلدى.
ــ نەگە ماڭدىڭ، توختى.
ــ ئۆەگە، ــ توختى ئاشۇنداق دەپلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي دېگەنىدى، قادىر بىزەڭلىك قىلىپ ئۇنىڭغا چاپلاشقىلى تۇردى.
ــ تاماقتا ماڭغان ئوخشىمامسەن؟ ــ تاماق ئىچىپ بېرىدىغان چوكاندىن بىرنى تاپساڭ بولاتتى، بۇنداق يالغۇز ئۆتتۇۋەرسەڭ تۇرمۇشۇڭ تۇرمۇش بولمايدۇ، ئەتىگەندە قوپۇپ بىر چىنە قايناق سۇ ئىچمىسە كۆڭۈل بولامدۇ؟ ــ توختىنىڭ سوۋۇپ قالغان نېرۋىسى بۇ گەپ بىلەن پىقىراپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىكىنى ئۇقتى بولغاي، گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكىۋالدى، ــ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىدارە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پاي تارقىتىدىكەنغۇ، ساڭمۇ تېگىدىغاندۇ، مەن تاغام رەھمەتلىكنىڭ يىغىپ خاناچامغا قالدۇرۇپ قويغان ئازراق پۇلىنى پاي قوشقان.
توختى ئۇنىڭغا قانداق قارىغان بولسا، شۇنداق ئەلپازىنى ساقلاپ دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر دەم قاراپ تۇرۇپ دىجورنىخانىغا كىرىپ كەتتى. توختى دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ قاياققا مېڭىشنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. يولدىن توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنا، موتوسىكلىتلەرنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاقنى ياراتتى. توختى غەرب تەرەپكە قاراپ توختاپ قالدى، غەرب تەرەپتىكى يول بويىدىكى چىملىق تۆۋەدە ئايشەمخان موماي ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىپ تۇراتتى، توختى ئۇ مومايىنىڭ چىرايىنى كۆرسىلا بىر قىسىم بولۇپ قورقۇپ كېتەتتى، مومايغا قاراپ پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ قالدى.
ــ بالام توختى، قېشىمغا كەلگىنە، ــ ئايشەمخان موماي ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ ئۈنى چاقىردى، توختى مومايدىن قورقىسىمۇ تۆۋلىغاندىكىن بارماسلىقتا چارە تاپالماي بېرىشقا مەجبۇر بولدى، ئايشەمخان توختىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بەك خۇرسەن بولدى، توختى بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ مومايىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بالام، يېنىمدا بىردەم ئولتۇرە، — ئايشەمخان موماي يېنىنى قولى بىلەن سىلاپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— مەن قېرىپ كەتكەچكە قورۇنۇۋاتامسەن؟ ئولتۇرە، قېرىغاندا ئادەمنىڭ ئەڭ موھتاج بولىدىغىنى پەقەت يېنىدا بىر ئادەمنىڭ ھەمراھ بولۇپ ھال-مۇڭ بولۇشى، قورۇنۇپ كەتمەي ئولتۇرە، — توختى موماينىڭ يېنىدىلا ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى، — بىزنىڭ ئادەم ماڭا تەۋە بولماي، مېنى بۇ ئالەمدە داغدا قويۇپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئادەم دەپ كۆتۈپ قاپتىمەن بالام، — توختى ئايشەمخان موماينىڭ سىرلىق گەپلىرىگە كۆڭلىدە ھەيران ئىدى. — كۆڭلۈڭنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ماۋۇ سارالڭ خوتۇن تونۇمايدىغان ئادەمگە بىكاردىن گەپ قىلىپ يۈرۈيدۇ دەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — توختى بۇ خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى، بۇ خوتۇن كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ دەپ ئويلىدى، — بىزنىڭ قوتۇر ساڭا مېنىڭ گېپىمنى قىلمىدىغۇ دەيمەن، — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاللىسى تېخىمۇ چىگىچلىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئايشەمخان موماينىڭ كۆزىگە قاراپ تۇردى، — ئىچى چىڭ قوتۇر ئۇ، قورسىقىدىكىنى بىر ئۆمۈر ئىچىدە ساقلاپ بۇ دۇنيادىن كەتتى، — توختى ئايشەمخان موماينىڭ ئۆلگەن ئادەم توغرىلىق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ، — ئۆزى ئوبدان تۇرۇپتىما؟ — توختى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، تىنالمايلا قالدى، — قورقما، سەن ئۇ قوتۇرنى كۆرگەندىكىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ؟ مەن ھېچكىمگە دېمەيمەن، ياخشى تۇرسىلا بولدى.

توختىنىڭ تىلى ئىششىپ ئېغىزىغا پاتمىغىلى تۇردى.

— ئۇ قوتۇر دېگىنىڭىزنى مەن نەدىن بىلەي؟

— توغرا، سەن بىلمەيسەن، ئەمما ئۇنى ئىككى قېتىم كۆردۈڭ، ياخشى تۇرۇپتىمۇ، — توختى چۈش كۆرۈۋاتامدىم نېمە دېگەندەك تۆت ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ قويدى، موماي تەمكىن، توختاشلىق ھالەتتە ئولتۇراتتى، — ئۇ قوتۇر سېنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدىغۇ، ئەمدى ئېسىڭگە كەلگەندۇ، — توختى ئۆزىنىڭ

ئەڭ چوڭ ئالۋاستىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغاندى، — بۇنداق قورقۇپ كەتمە، ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، مېنى ئالۋاستىمىكىن دەۋاتقانسەن ھەقاچان، ئۇنداق ئويلىغان بولساڭ خاتالاشقان بولىسەن.

— موما، مېنى بۇنداق قورقاتمىسىڭىز.

— مەن سېنى نەدە قورقىتىۋاتىمەن؟ سەندىن ئۇ قوتۇرنى قانداق تۇرۇپتۇ دەپ سورىدىم شۇ.

— قايسى قوتۇرنى دەيسىز؟

— سەن چوڭ ئېتىزلىقتا ئۇياتقا قالغاندا، تانىقتا ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن مەنساخان دېگەن ئايال ساڭا تەھدىت سالغاندا، دولدۇل مىنىپ كېلىپ سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى قوتۇر ئادەمنى دەيمەن.

توختىنىڭ يۈرىكى كونىراپ كەتكەن چىبەرقۇتتەك يىرتىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرسەم ئۆلۈپ كەتمىسەممۇ ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلدى-دە، ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئولتۇرە، بالام، — موماي ئۇنىڭ پېشىدىن تۇتماقچى بولۇۋىدى، توختى ۋارقىراپلا شەرق تەرەپتىكى يولنى بويلاپ قېچىپ كەتتى، موماي ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىگە قاراپ ئولتۇردى، — ياش تۇرۇپ بىزنىڭ قوتۇرچىلىك يۈگۈرەلمەيدىكەنسەن تېخى، — موماي شۇنداق دەپ چىشلىرى قالمىغان ئېغىزىنى ئۆمەللەپ كۈلدى.

توختىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى قادىر كۆك كۆز ئاڭلاپ ئالدىراپ سىرتقا چىقتى، توختىنىڭ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ قالدى. موماي قادىر كۆك كۆزنى كۆرۈپ، ئولتۇرغان جايىدىن شاپىدە تۇرۇپ، ئىتتىك مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز تۆت ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىمنى كۆرەلمىدى.

— توۋا، مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتىۋەرسە چوقۇم مېڭىسىدىن ئايرىلىپ

قالدۇ، — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ دىجورنىخانىغا كىرىپ كەتتى.

قادىر كۆك كۆز دىجورنىخانىغا كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ بىر دەم يېتىۋالدى، شۇ ئەسنادا بارى سېرىق دەرۋازا تۈۋىدە پەيدا بولۇپ، ئۇيان-بۇيان قارىۋېتىپ دىجورنىخانىغا كىردى.

— ئەي قادىركا، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — قادىر كۆك كۆز بارى سېرىقنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپمۇ قويمىدى، بارى سېرىق شوخلىدەك كاچىتىنى پولتايتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مېنى كۆرسەڭلا ماي تارتىدىغان بولۇۋالدىڭغۇ، مەندىن بىر ئاغرىقىڭ بار جۇمۇ سىنىڭ.

— نېمە ئاغرىقىم بولاتتى بارى؟

— ئاغرىقىڭ بولمىسا يانتۇ قارايسەنغۇ؟ — قادىر كۆك كۆز ياتقان جايىدىن شاپپىدە قوپۇپ سىرتقا چىقىپ، ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىۋېتىپ دىجورخانىغا قايتىپ كىردى. قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزى تۈنىدىكى مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزىدەك يېنىشقا باشلىدى، بارى سېرىق ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە بۇنچە يامان كۆزدە قارايسەن ماگا؟

— ساگا يامان كۆزدە قارىمىسام بولامتى ئەمىسە، سېرىق ئادەم دېگەندە زادىلا ۋاپا يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتىم، مەن دەيۈزدە بارغۇ، — قادىر كۆك كۆز ئۆزىنى باسالماي ئېڭەكلىرىنى يۇگداپ كەتتى.

— ۋاي، ساگا زادى نېمە قىلدىم؟ ئوچۇق دېمەمسەن! مۈشۈكتەك كۆزۈڭنى پالدىرلاتماي.

— ماگە جۇغۇ، سەن بىلەن تالىشىپ تۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق مېنىڭ، قىلغان ئىشلىرىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ — قادىر كۆك كۆز بارى سېرىقنى دىجورنىخانىدىن قوغلىغىلى تۇردى.

— مەن سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئەمەس، ئوبدان بىلىۋال، بۇ دېگەن ئىدارىنىڭ دىجورنىخانىسى، مېنى ماڭ-تۇر دەيدىغانغا چىشىڭ پاتمايدۇ، — بارى سېرىقنىڭ شوخلىدەك قىزىل كاچىتى لىپىلداپ كەتتى.

— رەڭگىڭنى بۇزسەنغۇ؟ ئۇرىدىغان ئوخشىمامسەن؟
— سېنى كىم ئۇرىمەن دەپتۇ؟ ئۆزۈڭ ئاۋۋال ئىششىپ قوپۇۋاتىسەن، نېمە بولغانلىقىنى دېمەمسەن قېنى!
— تولا خۇپسەن بولۇۋالما، ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپ رەڭگىڭگىمۇ چىقمايدۇ سېنىڭ!
— نېمە رەڭگىمگە چىقىدۇ دەيمەن؟
— ئاغزىمنى ئاچمىغاندىكىن بولدى قىل، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالما!
— نېمە دەپ كۆزۈڭگە كىرىۋالدىم؟ ئوچۇق دېيە قېنى!
— دەمدىم؟
— دېمەمسەن قېنى! — بارى سېرىق ھاڭ - تاڭ بولغان ھالەتتە تۇردى.
— سەن ھېلىقى ماللارنى پولاتخانغا سېتىپ يەنە پايدا ئالغىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ بىز ساتقان ئادەم بىلەن سەن تىل بىرىكتۈرۈپ قوش پايدا ئالدىڭغۇ.
— مۇشۇنىڭغا ماي تارتىپ يۈرۈپسەن-دە، سەن بىلەن قىلغاننى سەن بىلەن تەڭ ئۈلۈشتۇق، بولمىدىمۇ، باشقا ئىش بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، — قادىر كۆك كۆزىنىڭ قورۇق پېشانىسى توقاچ ناننىڭ قىرغىقىدەك توم-توم بولۇپ كەتتى.
— سەن ھېلىقى ھارام مال يىغىدىغان ھايانكەشكە ئەرزان ئۆتكۈزۈپ، مېنىڭ كۆزۈمنى بويىدىڭ، ئالدىرىماي تۇر، ئالدىمغا كەلمىگىنىڭنى بىر كۆرەي، دوپپامغا جىگدە سېلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.
— دوپپاڭغا قانداق جىگدە سالدىم؟ ھەققىڭنى ئالدىڭغۇ، مەن ساڭا تېخى تەڭ يېرىمىنى بەردىم، سەن پەقەت قاراپلا بەردىڭ، ئۆزۈم سۆكتۈم ئۇ توك ساندۇقىنى، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ تېخى.
— ماڭ! كۆزۈمدىن يوقال دەيمەن! — قادىر كۆك كۆزىنىڭ چىرايى سەتلىشىپ بەتبەشىرىگە ئايلانغانىدى.
— ئېلىپ قويغان خوتۇڭغا بۇيرۇق سوققاندەك پوپوزا قىلما دەيمەن!

— شۇنداق قىلسام قانداق قىلاتتىڭ؟ — قادىر كۆك كۆز بارى سېرىقنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— ئاپلا جۇمۇ!

— ئاپلا دەپ كېتىۋاتىسەن، نان بەرگەنگە مۇشت بەر دېگەندەك ئۇرىدىغان ئوخشىمامسەن تېخى؟!

— ئەي مۇشۇك كۆز، ئۆكتەملىك قىلما! — بارى سېرىق ئۆزىنىڭ ياقىلىرىنى تارتىپ يىرتىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

— تېگى پەس ئادەم دېگەن ھامىنى ئۆزىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ.

— كىمنىڭ تېگى پەس، پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل، كەلگەن — تۇرغان يېرىنىڭ تايىنى يوق يوغان گەپ قىلىپ كەتكىنىنى مانىڭ!

— كىمنىڭ كەلگەن-تۇرغان يېرىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن، ئوغرى سېرىق!

— سېنىڭ! داداڭنى بىلەمسەن؟ ئاناڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئوغرى بولماي ھازىر توغرىكەنسەن-دە؟

— ماۋۇ پەس سولامچىنىڭ دەۋاتقىنىنى! زەللىدە چوڭ بولغىنىڭنى كىم بىلمەيدۇ! قەرزدار بولۇپ داداڭنى شەمۇ شەدە تىلەمچىلىك قىلدۇرۇۋاتىسەن!

— دادامنى چىشلەپ تارتما! چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن!

— ماۋۇ نېمەمنى تۆكۈۋېتەسەن! — قادىر كۆك كۆز بارى سېرىققا چاترىقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

بارى سېرىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز بولسا، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى. ئۇلار تىللىشىپ ھېرىپ كەتتى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ جۇدىنى پەللىگە يەتكەن بولسىمۇ، جېدەللىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ئىشلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. بارى سېرىق كۆچەپ يەرگە تۆكۈردى. ئېغىزىدا تۆكۈرۈكى تۆگىگىچە تۆكۈرۈپ بولۇپ ئۇدۇل چىشىنىڭ چۆشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى-دە، تۆكۈرۈك ئىچىدە تۇرغان يالغان

چىشنى ئېلىپ يۇمايلا ئىغىزىغا سېلىۋالدى، ئىغىزى غۇچۇرلاپ كەتتى، جۇدۇنغا چىلانغان ۋۇجۇدى بۇنى تۇيمىدى.

— ساڭا ئاز بېرىپتىكەن ـ دە، كۆك كۆز ئوغرى، — بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قادىر كۆك كۆزنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكىلى تاسلا قالدى، ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئىتتىك قارىدى، يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى ئازلا قالغانىدى، زاكىر تىلىنى يانتۇ چىشلەپ تۇراتتى.

— ياللا، سەنمىتىڭ زاكىرىم؟

— مەندىن باشقا يەنە كىم بولاتتى، پالاكەت ئوغرىلار؟ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىشىۋاتىسەنغۇ، تاغار باينىڭ، ئىشەك باينىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن دەۋاتىسەنغۇ، قولۇڭنى كۆتەر، بولمىسا پاقالچىقىڭغا ئاتىمەن، — زاكىر قادىر كۆك كۆزنىڭ قوڭىغا بىرنى تېپىپ قولىنى تاپانچىغا ئوخشىتىپ چېكىسىگە تاقاپ تۇرۇۋالدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ بەردى.

— ئىقرار قىلغانغا كەچلىك، سەن قانچىلىك ئالدىڭ، بىرنى قويماي ـ دە، بولمىسا مېڭەڭدىن تۆشۈك ئاچىمەن، — ئۇ قولىنى قادىر كۆك كۆزنىڭ چېكىسىگە چىڭ مىختىدى.

— چېكەم ئاغرىپ كەتتى، بولدى مۇشۇنچىلىك بولسۇن، زاكىرىم، — ئۇ زاكىرغا قاراپ خۇشامەت قىلغىلى تۇردى.

— بوپتۇ، پوزىتسىيەڭ يامان ئەمەس، — زاكىر شۇنداق دەپ ئۇنىڭ چېكىسىگە مىختىلىپ تۇرغان قولىنى تارتىۋالدى، قادىر كۆك كۆزنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىك يوشۇرۇن ماراپ تۇردى.

— توۋا دېمەي نېمە ئامال، ماۋۇ سارالڭ قىرغىز بىر مۇنچە ماشىنىنى سەندەك ئوغرىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كۆڭلىدە مەشرەپ ئويناۋاتىدۇ، ئۇنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى بار تېخى، — زاكىر ئاچچىق كېكىرىپ بىر پەس تۇرۇۋالدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنى ئامال قىلىپ يولغا سېلىش ئۈچۈن نېمە دېسە ماقۇل دەپلا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى، — مەن ئۇنى تاپمىسام بولمايدۇ، ھەي پولۇمپاي ئوغرىلار، مەن سىلەرنىڭ نېمە

قىلىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ تۇردۇم جۇمۇ، بولاپتۇ، پولاتخانىغۇ بۇ پۇللارغا ئىگە بولالمايدۇ، شۇڭا ئاۋۇ چوڭ ئوغرىلارنىڭكىگىلا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ سىلەرنى بولدى قىلىۋەتتىم، ئۇقۇشتۇڭمۇ؟ بارى سىرىق ناھايىتى ھىيلىگەر ئوغرى، بۇنى سەن بىلمەمسەن؟ بولدى، بولدى، پولاتخانىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆرگەن، ھازىرلا ئاۋۇ تەرەپكە كەتكەن.

— يالغان سۆزلىمە، مەندىن ئىتتىك قۇتۇلاي دەۋاتىسەنغۇ، تۆلكە قانچىكى قۇۋ بولسىمۇ قاپقانغا ھامىنى چۈشىدۇ، سەن مېنىڭ قاپقىنىمغا چۈشۈپ بولدۇڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن، — زاكىر قولىنى ئۇنىڭ چېكىسىگە تاپانچىدەك تەگلىدى، — سەن بۇگۈن، ياق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پولاتخانىنى مۇشۇ يەرگە چاقىرىپ بېرىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟— زاكىر قولىنى ئۇنىڭ چېكىسىگە مىختەك قادىدى، قادىر كۆك كۆز بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — تىلىڭنى چايناپ يەنە تۇرىدىكەنسەن تۇگىشىسەن، ئۇقتۇڭمۇ، — زاكىر قەتئىي قىلىپ ئېيتتى، قادىر كۆك كۆز سائەتكە قاراپ سەل جىددىيلەشكىلى تۇردى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، سەن بىر دەم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن ئۇنى تېپىپ بېرەي، — قادىر كۆك كۆز پولاتخانىنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردى، زاكىر ئۇنىڭ يۈگۈرگىنىگە قاراپ قەدەملىرىنى رۇسلاپ، ئۆزىگە كوماندا بېرىپ، بىر دەم راھەتتە، بىر دەم دىققەتتە تۇرۇپ قالدى.

توختى ئاشۇ قاچقىنىچە ئۈچ دوقمۇشقا كەلدى، كۆزىنى يۇمۇپ ئايشەمخان موماينىڭ چىرايىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى، پۇت - قوللىرىنىڭ دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ روھىي ھالىتىنىڭ قارا بورانغا ئۇچرىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، قانچە ئويلىسىمۇ بۇ بوراندىن ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بۇرۇن قاراپمۇ قويمايدىغان يەرلەرگە قارىدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇشلا ئىدى. ئۇ بارلىق ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر كاللىسىنىڭ

سەل يېنىكلەپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دوختۇرخانا ئالدىدىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپ بىر قاچا ئۆگرە ئىچتى، ئىچىپ بولۇپ قاتتىق تەرلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ سۇپىتى ناچار قەغەز بىلەن يۈزىنى سۈرتتى، قەغەز يۈزىنى ئاپئاق قىلىۋەتتى، ئۇ بۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي پۇلنى تۆلەپ سىرتقا مېڭىشىغا ئاشپۇزۇل ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاياللاردىن گېلىغىچە تويغانىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىگىمۇ پەرۋا قىلماي تالاغا چىقىپ كەتتى.

— ئامىن، بالام، — بۇمۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى، ئۇ دەھشەتلىك قارىدى، دىۋانە ئايال بېشىغا تور رومال ئارتىۋالغان، ئوتتۇرا ياش، بىر كۆزى قىزىرىپ كەتكەن، ئاق سېرىق، ئوتتۇرا بوي ئايال ئىدى، ئۇ توختىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، توختىنىڭ ئەرۋايى تېخىمۇ ئۇچتى.

— سەن دىۋانىمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتامسەن؟ — توختى ئەلەمدىن ئۆپكىدەك ئىششىپ كەتتى، دىۋانە ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى باسالماي تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى، توختى ئۇنى قاتتىق بىر ئەدەپلەي دېدى-يۇ ، ئەمما ئايال ئىكەن دەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاياللارغا بولغان ئەڭ نەپرەت بىلەن يۈزلەنگەنىدى.

— بالام يۈزىڭىزگە قەغەز پارچىلىرى چاپلىشىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭغا كۈلدۈم، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ.

— قەغەز چاپلاشقانغا كۈلگەن نەدە بار؟ — توختىنىڭ جۇدۇنى تېخىچە ياناي دېمەيتتى، ئۆتەر يول بولمىسا، بۇ دىۋانىغا بارلىق سېسىق گەپنى دەپ دەردىنى چىقىرىۋالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ماقۇل، مەن كۈلمەي، سەدىقە بالانى يە، تۆۋە گۇناھنى ، ئامىن، — توختى يانچۇقىنى كولاپ قولىغا چىققان قانچىلىك پۇللىقىغا قارىماي دىۋانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپلا ئىدارىسى تەرەپكە ئىتتىك كېتىپ قالدى، دىۋانە خوتۇن قولىدىكى بىر تۇتام پۇلغا قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاڭغىچە توختى بۇ يەردىن غايىب بولغانىدى. دىۋانە پۇللارنى بىرسى قولىدىن تارتىۋالىدىغاندەك كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىكى

مەخپىي يانچۇقىغا شىپىدە سىلىقلىپ، ئاغزى كۆتۈلۈپ قالغان بىر نىمىلەرنى دەپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرۇپ توۋلاپ مېڭىپ كەتتى.

توختى ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرگەندە دىجورنىخانا ئالدىدا زاكىرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى كومانىدا بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ زاكىرنىڭ تۇرقىدىنلا مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

— توختا! — زاكىر توختىنى كۆرۈپ گەپ قىلدى، توختى ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.

— ئەكېلە قولۇڭنى، ئىنىم، جىگەرلىك ئوغۇل بالىدىن مۇشۇ ئىدارىدا سەنلا قالدىڭ، خېلى - خېلىنىڭ كامىرى يەل قويۇۋەتتى، سالىمىنى قوبۇل قىل، — زاكىر توختىنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭغا چاس بەردى، توختى ئۇنىڭ ھالىتىگە قاراپ ئوڭايسىزلاندى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇردى.

— سەن بىلەن ئىككى سەر قېقىشقۇم بار ئىدى، دائىم ماڭا پەرۋا قىلماي يەرگىلا قاراپ مېڭىپ كېتىپ قالىسەن، — زاكىر ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ ئۆزىگە كوماندا بېرىپ راھەتتە تۇردى.

— مەن ئىچىپ باقمايتىكەنمەن.

— ماۋۇ گېپىڭ يالغان، ئىچىسەن، ئەمما مەخپىي، تېپىۋالدىم - ھە، ھا...ھا...ھا...، — زاكىر كۈلۈۋىدى، ئىچىدىن سېسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقىپ توختىنىڭ بۇرنىدىن كىرىپ ئۆپكىسىگە كەتتى، ئۇ چىدىيالماي قالدى، — بۈگۈن مۇھىم ئىشىم بار، ئوكا، بولەك بىر كۈنى چوقۇم سەن بىلەن ئىككى سەر قېقىشمىسام بولمايدۇ، مېنىڭ پەيزىمنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىسەن، سېنىڭ بۇ تۇرقىڭدىن تۇرغۇن ئوينىغانلىقىڭ، سورۇن كۆرگەنلىكىڭ مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ، — زاكىر توختىنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى، توختى قىزىرىپ كەتتى «ماۋۇ كاساپەتنىڭ قولى تاشتىن قاتتىقكىنە» دەپ ئويلىدى، — خوش ئەمىسە، ئارقاڭغا بۇرۇل، — ئۇنىڭ كوماندىسى ناھايىتى جانلىق ئىدى،

بۇ تۇرقىدىن ئۇنىڭ ھەربىي سەپتە تۇرغانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى، توختى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالىماي تۇراتتى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئۆي تەرەپكە كىتىپ قالدى.

قادىر كۆك كۆز پولاتخاننى باشلاپ زاكىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

— يارايسەن، نومۇرۇڭ 5، بولدى سەن قايتساڭ بولىدۇ.

پولاتخان ئېغىزىنى ئېچىپ - ئاچماي تۇرۇشىغىلا زاكىر ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇپ سىرتقا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قورسىقىدىكى ۋىدۇىلىرى تۆكەپ ئارامىغا چۈشتى، «بۇ كاساپەت مەست يۈرگىنى بىلەن يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ، خۇدا ساقلاپتۇ مىنى. مەن ئۇنى ئۆيگە يۆلەپ ئەكىرىپ قويغاندا نەچچە قېتىم خوتۇنىغا پوخۇرلۇق قىلغىلى تەمشىلىپ بولدى قىلغانىكەنمەن، ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام كۆرگۈلىكىم بار ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ مىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ نىمە دىسە ماقۇل دىمىسەم چاتاق چىقماي قالمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالدىم دىگىنىم بىلەن ماۋۇ زابوي مىنىڭكىنى ئاللىبۇرۇن تۇتۇۋاپتىكەن ئەمەسمۇ، ۋاي ئىسىت...» قادىر كۆك كۆز شۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ كاچىتىغا تاراسلىتىپ ئىككىنى ئۇرۇۋىدى، يالغان چىشى ئېغىزىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ماۋۇ بىر نىمىدىن ئەجەب زىرىكتىم، — ئۇ يەردىكى چىشىنى ئېلىپ يىڭىگە سۈرتۈپ ئورنىغا سېلىۋالدى-دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

توختى زاكىردىن ئايرىلىپ ئۆيگە كىردى، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتى، كۆزىنى يۇمسىلا ئايشەمخان موماي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ دىگەنلىرىنى ئويلىسا يۈرىكى سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىندى، ئۇنىڭ ھۇجرىسىمۇ سۈرلۈك كۆرۈندى. بىتىۋەرسە خىيال تاغدەك باساتتى، ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

توختىنىڭ ئاي - كۈنلىرى ئەندىشە ئىچىدە ئۆتتى، ئۇ بوگۈنمۇ ياخشى ئۇخلىيالمىغاچقا كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، بەدىنىمۇ تاش ئېسىپ قويغاندەك، كاللىسىمۇ شۇنداق ئېغىر ئىدى. ئۇ ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كەلگەندە خىزمەتداشلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. ئۇ بۇلارغا پەرۋا قىلماي، ئىشخانا بىناسى ئىچىگە كىرىپ پەشتاق ئالدىغا كەلگەندە زەينەپ يادىغا يېتىپ توختاپ قالدى. ئۇ بۇ خوتۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. «زەينەپ ئەخمەقمۇ ياكى مەنمۇ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويدى، ئۇ ئۆزىگە قويغان بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. پەشتاققا ئالغان يۇتىغا قاراپ ئۇزاق تۇردى، قەدەملىرىنىڭ ئاخىر نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ تەرسالىقى قوزغالدى، بۇنداق تەرسالىقىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۆزىگە قايتتى، تەقدىرىنىڭ كارامەتلىرىنىڭ ساناقسىز، تەسۋىرلىگۈسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ، باشقا كەلگەننى كۆرۈشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، ئۇ پەشتاققا ئالغان قەدىمىنى كەينىگە قايتۇرۇپ، ئىشخانا بىناسىدىن سىرتقا چىقتى. قۇياشنىڭ كۈچى ئاجىز ئىدى، كۈز ئايلىرى بۇ يەردە كۈن ئاشۇنداق ئاجىز نۇر تۆكەتتى، ئىدارە ئىچىدىكى ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇششاق ياپراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى تۆكۈلۈشكە باشلىمىغانىدى. ئۇ ئادەملەر ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى، ساراسىمە پەيدا قىلاتتى، نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى باشقىلارغا يۈكلەيتتى. توختى ئادەملەرگە قاراپ شۇلارنى ھېس قىلدى. دەرەخلەرگە قارىسا نۇرغۇن بىمەنىچىلىكلەردىن خالاس بولىدىغانلىقىنى، كۆكۈل ئارام تېپىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. توختى ئاسماندىكى بۇلۇتلارغىمۇ شۇنداق قىزىقىش بىلەن قارىدى، ئاشۇ بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆك ئاسماننىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ئىنتىلدى، پەسكە قارىماي قانچىلىك تۇرالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، «قاق - قاق» سايرىغان قاغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا، گۈزەل تۇيغۇلاردىن قايتىپ چىقىپ قاغىلارغا

قارىدى، قاغىلار توپ ئۇچۇپ كېلىپ ئىدارىنىڭ ئىشخانا بىناسىغا قوندى، توپ - توپ بولۇپ كۇسۇرلىشىۋاتقانلار قونۇۋالغان قاغىلارغا قاراپ ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ قالدى، توختى بۇ غەلىبە مەنزىرىدىن ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدى.

— شۇملۇقنىڭ ئالامىتى.

— بۇ شۇملۇقتىن بېشارەت، بىكاردىن پولاتخانغا ئىگە بولۇۋالدى، چوقۇم ئۇنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ.

— ئوقۇغان ئادەم تۇرۇپ، ماتېرىيالىزمچى تۇرۇپ مۇشۇنداق خۇراپىيلىقلارغا ئىشەنگىنىمىز نېمىسى.

— قارىماسلەر، بىر تال قاغا كېلىپ قاقاقلاپ قويسىغۇ بىر گەپ، جاھاندىكى ھەممە قاغا ئىشخانا بىناسىغا قونۇۋالغان ئىشنى قايسىڭلار كۆرگەن؟ بۇ چوقۇم شۇملۇقنىڭ بېشارىتى.

ئۇلار شۇنداق تالىشىۋاتقاندا ئىدارە باشلىقى زامانباي پەيدا بولدى، بايا سۆزلەۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئېغىزىنى چىڭ يۇمۇشتى. زامانباي ئۇلارغا قاراپ بىر ئىشنى تۇيدى بولغاي، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىنا ئۈستىدىكى قاغىلار قاقىلداپ جاھاننى بىر ئالدى، زامانباي ئەنسىزلىك ئىچىدە قاغىلارغا قارىدى، قاغىلار پۇخادىن چىققۇچە قاقىلداپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، غەرب تەرەپكە سەپ تارتىپ ئۇچۇپ كەتتى، زامانباينىڭ قىزىل كاچاتلىرىدىكى قانلار نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ، چىرايى سامان رەڭگىگە كىردى، ھەممە ئادەم قاغىلار ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— بۈگۈن سىلەرگە نېمە بولدى، توپلىشىپ تۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ، ئىشلىمەمسىلەر؟ — زامانباينىڭ تېرىكىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. كۆپچىلىك زۇۋان سۈرمەي ئۆز ئىشخانىلىرىغا مېڭىشتى. توختى زامانباينىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى ئوچۇق كۆردى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە توختىنىڭ كۆزىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، توختى ئۇنى كۆرۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئىشخانا بىناسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غۇلام توختىغا

يېتىشۋالغانىدى، توختى ئۇنى كۆرۈپ سورىدى:

— تونۇلىشىپ كۇسۇر - كۇسۇر قىلغىنىڭلاردىن بىر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— چوڭ ئىش بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئىشخانىغا كىرگەندە ساڭا دەپ بېرەي، — غۇلام توختىغا شۇنداق دەپ ئۇدۇل ئىشخانىسىغا ماڭدى، توختى غۇلامغا چاپلىشىۋالمىدى، ئەمما شۇنداق يېقىن ماڭدى، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، غۇلامنىڭ قەدىمىگە ئۆزىنىڭ قەدىمىنى تەڭكەش قىلىپ ماڭدى.

— بۇگۈن نېمانداق چاپلىشىۋېلىپ ماڭىسەن، توختى؟

— تولا گەپ قىلماي ماڭە، غۇلام، — توختى ھېچ يەرگە قارىماي غۇلامغا ئەگىشىپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىۋالدى، ئىشخانىسىغا كىرىپ جايىدا ئولتۇرغاندىلا كۆڭلى تىندى.

— ماۋۇ قاپاقباش باشلىقنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — غۇلام ئورنىدا ئولتۇرۇپلا سۆزلىگىلى باشلىدى، — پولاتخانىغا قىرغىزىستاندا پۇل ئۆتكۈزگەن سودىگەرلەرگە ۋەدە بېرىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھۆججەت يېزىپ ئىدارىنىڭ تامغىسىنى ئۇرۇپ بېرىپ يولغا سېلىپتۇ دەيمەن، — غۇلامنىڭ ئۇزۇن، بىر - بىرىگە نېرى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن شالدامىلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى، ئۇ قولى بىلەن شالدامىلىرىنى ئېرتقىلى تۇردى.

— ئىگە بولغاندىكىن ھۆججەت يېزىپ بەرمەي، نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى ئەمىسە؟ — توختى غۇلامغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىدى.

— ھۆججەت يېزىپ تامغىنى ئۇرغان ئادەم بىر مۇنچە ماشىنىنى نېمىشقا ئۇنىڭ يالغۇز بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، پولاتخان ماشىنىلارنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ كېلىمەن، ئىچكىرىدىكى چوڭ قۇرۇلۇش شىركەتلىرى بىلەن ئۇقۇشتۇم، ئۆزىمىز ئېلىپ بارساق نۇرغۇن پايدا ئالالايدىكەنمىز، مەن ئاۋۋال ماشىنىلارنى ئاپىرىپ باشقا شىركەتلەر بىلەنمۇ ئۇقۇشۇپ بازارنى كۆرۈپ ئاندىن ساتىمەن دېسە، شۇنداق قىل دەپ ھەممە بالانى ئىدارىگە

ئارتتۇبلىپ ئۆلتۈردى، ئىدارىدە ئادەم ئاز بولمىغاندىكىن بىرەرسىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويمامدۇ دەيمەن، — غۇلام ئالدىدىكى شىرەنى مۇشتلىغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— ئۆزۈڭنى بىسۋال، نېمىگە بۇنچە جۇۋاپ كېتىسەن؟ ماشىنىنى ئۇ ئۆزى ئېلىپ كىرگەندىكىن، ئۆزى ساتمامدۇ، ھېلىمۇ تېگىدىن تولىسىنى ئىدارە سېتىپ سىلەرگە پايدىسىنى بۆلۈپ بەردى. ھەممىنى سېتىپ سىلەرگە بۆلۈپ بەرسە ئوبدان بولاتتىمۇ؟ — توختى ئاچچىق كۈلدى، غۇلامنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، نۇرغۇن گەپ دېمەكچى ئىدى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

— چاتاق چىقماي قالمايدۇ، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، لى باشلىق بىلەن ھاشىمكام ئېلىپ كىرگەن قەغەز بىلەن «لادا» ماركىلىق ماشىنىلارنى ساتقاندا چىققان پايدىنى تارقىتىپتىكەنمىش.

— «لادا» ماركىلىق ماشىنا بىلەن قەغەزلەرنى كۆرمىدىققۇ، — توختى غۇلامنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپلا چېگرا ئېغىزىدىكى بازاردىلا سېتىۋېتىپتۇمىش.

— سەن كۆردۈڭمۇ، غۇلام؟

— لى باشلىق، ھاشىم، زامانباي قاتارلىق ئۈچى شۇنداق قىلىپتۇ.

— ئۆزىنى ئۆزى نازارەت قىلىپ سېتىشىپتۇ - دە، كىم بىلىدۇ، ئاشۇ نەرسىلەرنى راست چېگرادىن ئېلىپ كىردىمۇ - يوق.

— ئىدارىنىڭ شوپۇرى بارى سىرىقمۇ كۆرۈپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — توختى كۈلدى.

— نېمىگە كۈلىسەن، ئادەمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە تۇرسا.

— نېمىگە پاراكەندە بولىسەن؟ پايداڭنى ئېلىپ موككىدە خەجلىگەن بولغىيتىڭ، غۇلام يۇگۇر؟

— توفىي، شۇنداق پايدىنى، ئاران 500 يۈەندىن پايدا ئايرىدى، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، قوشقان 10 مىڭ يۈەن پۇلۇم قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ.

— سەن زىيانغا پاي قوشماپتىكەنسەن-دە، سودا دېگەندە پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان، زىيان تارتسا پۇلۇڭدىن قۇرۇق قالىسەن شۇ.

— ئىبغىزلىقنى ئۆشتىمىگىنە، شۇم ئىبغىزلىق قىلىپ.

— مەن شۇم ئىبغىزلىق قىلىۋاتامدىم، سەنمۇ؟ — توختى يەنە كۈلدى، غۇلام دەم تاتىرىپ، دەم قىزىرىپ ئاخىر ئورنىدىن قوپۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. توختى كۈلۈپ قويغان بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. نەچچە يىل ئاران توپلىغان ۋەجىدىن كىم ئەنسىرىمەيدۇ، ئۇچىينى كۆك قويۇپ يىغقان پۇل تۇرسا. شۇ كۈندىن باشلاپ ھەممىسىنىڭ بېشى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ھەر خىل گەپلەر ئاۋۇغىلى تۇردى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

توختىنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر كۆز كىرىشتىن بۇرۇنلا كۆزگە كىرگەندەك بولۇپ كېتىشكەنىدى، ھەممىسىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، نېرۋىلىرىمۇ ئىتتىكلەپ ئانچىكى يوق گەپلەرگىمۇ چىچاڭشىيدىغان بولۇپ قېلىشتى، بىر-بىرىگە دۈشمەندەك قارىشاتتى. غۇلام نەچچە كۈن ئىچىدە خېلىلا ئورۇقلاپ كەتتى، ئىشلارنى بۇرۇنقىدەك ئەستايىدىل قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئەڭ يامىنى ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغانىدى. بىكار تۇرماي يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئەستەرلىرىنى نەچچە قېتىم ئۆرىمىگىچە بولدى قىلمايتتى. توختى ئۇنىڭغا قاراپ بىر كۈلگۈسى كەلسە، يەنە ئىچى ئاغرىپ ئۆزىنى چىڭ بېسىپ ئولتۇراتتى، غۇلامغا بۇرۇنقىدەك ئاچچىق گەپ قىلمايدىغان بولدى، توختىنىڭ ئاچچىق گېپىسىزمۇ ئۆزىنىڭ ئاچچىققا لىق تولغان قەلبى ئۇنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. توختى كۆرۈپ، چۈشىنىپ ئولتۇردى، دائىم كۈلكە-چاقچاق ئۈزۈلمەيدىغان بۇ بۆلۈم ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە مۆلدۈرەپلا قالدى. توختىنىڭ ئىچى ئەمدى تېخىمۇ پۇشۇشقا، تىتىلداشقا ئۆتكەنىدى، ئىش قىلىشقا قولى بارمايتتى، تاماكا چېكىپ باقسىمۇ ئېغىزىغا تېتىماي نەچچىنى شوراپ ئۆچۈرۈۋېتەتتى. ئۇ غۇلامغا قارىدى، غۇلام يەنە بىر يەرلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىغانىدى.

— ئەجەب بىر يەرلىرىڭنى تولا ئاختۇردۇڭ، غۇلام، ئىچىمنى پۇشۇرۇپ،— توختى ئاخىر بولالماي قالغانىدى.

— ھېلى مۇشۇ يانچۇقۇمغا سېلىۋاتقاندەك قىلغان، يوق تۇرىدۇ.

— سەن بۇگۈن يانچۇقىڭغا ھېچ نەرسە سالمىدىڭ، كەلگەندىن تارتىپ يانچۇق ئاختۇردۇڭ، بىچارە يانچۇقلىرىڭ يىرتىلىپمۇ كەتمىدى،— توختىنىڭ غۇلامنىڭ يانچۇقلىرىغا راستلا ئىچى ئاغرىپ كەتكەنىدى، ئەگەر يانچۇقلارنىڭ زۇۋانى بولسا نەۋاق «مەندە ھېچ نەرسە يوق، ماڭا ھېچ نەرسە سالمىدىڭ» دەپ ۋارقىرىۋەتكەن بولاتتى.

غۇلام قولىنى يانچۇقلىرىدىن ئېلىپ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى، توختى ئۇنىڭغا كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى.

— نېمانداق قىلىپ يۈرۈيسەن؟ مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېلىشىپ قالمىغىنىڭنى مەن بىر كۆرەي! ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتمە، پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، تېخى پۇلۇڭلار يوق بولدى، دەپ ھېچكىم ئۇقتۇرمىدىغۇ، — توختى غۇلامغا تەسەللى بەرمەكچى بولدى، غۇلامنىڭ رەڭگى دەم قارىداپ، دەم تاتىرىپ كەتكەچكە، ئادەمنىڭ راستتىنلا ئىچى ئاغرىيتتى. توختى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا، ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چورتلا ئۇنتۇپ قالدى. غۇلام توختىغا گاراڭچىلىقتا قاراپ تۇراتتى.

— ئايال بىلەن ئىككىمىز ئون نەچچە يىلدا بىر پۇڭدىن سېغىپ، تاراپ يىغقان پۇللار ئىدى، بالىلىرىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە ئىشلىتىمىز دەپ ئويلىغانىدۇق، ئەگەر شۇنداقلا يوقاپ كەتسە خۇدانىڭ بىزنى ئۇرغىنى بولماي نېمە؟ ئايالىم تېخى ئۇقمىدى، ئۇقۇپلا قالسا بېشىمغا چوڭ بىر بالا ياغىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۇنداق پايدا ئالىمىز، بۇنداق پايدا ئالىمىز دەپ نەچچە كېچە ئۇخلىماي چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئاران قايىل قىلغان... — غۇلام نومۇس قىلمىسا يىغلىۋەتكەن بولاتتى. توختى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى تىلغاندەك بولدى، توختى غۇلامنى يالغۇز قويۇپ سىرتقا چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، تەلئەت قۇرت ئىشكتىن بېشىنى تىقتى-دە، مۇغەمبەر چىرايىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىردى.

— توختى، ماۋۇ ماقالىنى كۆرۈپ بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىڭ.

توختى بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇردى، تەلئەت قۇرت قولىدىكى ئارگىنالنى توختىنىڭ ئالدىغا قويۇپ غىڭ قىلماي چىقىپ كەتتى. توختىدا ماقالە كۆرگۈدەك قىزىقىش يوق ئىدى، تەكرار خىزمەت ئۇنىڭ جېنىغا مىختەك پاتتى. غۇلام يەنە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، توختى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەيۈسلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. توختى يانچۇقىدىن تاماكىنى ئالدى-دە، بىر تال تۇتاشتۇرۇپ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشقۇدەك دەرىجىدە ئىچىگە تارتىپ تۇتۇنىنى سىرتقا چىقارماي ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، ئۇ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ۋۇجۇدى قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ بولالماي يەل قويۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن لاسسىدە بوشىشىپ، بىر مەھەل گاراڭچىلىقتا ئولتۇردى. تاماكىنىڭ ئىسى بەدىنى بىلەن ئورتاقلىشىپ كۆچىدىن قالدى، كۆزىمۇ يورۇدى، ئەتراپنى، ئىشخانىنى غۇۋا كۆردى، غۇلام ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى، رەشىدە ئولتۇراتتى. ئۇ رەشىدەنى كۆرۈپ چۆچۈگەندەك تىترەپ كەتتى، رەشىدە تاماكىنىڭ سېسىق بۇسىدا ئاران ئولتۇراتتى.

— ئىچىڭ تام ئوچاقنىڭ مورىسىدىن قېلىشمايدىغان بولۇپ كەتكەندۇ ھەقچان، بۇ نېمىدىن پايدا چىقسا قانچىلىك چېكەتتىڭكىن!— رەشىدە يەنە شىتىلداق خۇيىنى كۆرسەتكىلى تۇردى.

— ئەگەر مۇشۇ تاماكا بولمىغان بولسا سەندەك شىتىلداق خوتۇنلار ئۆلۈپ بولۇشاتتى، — توختى رەشىدەنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى، رەشىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— مانىڭ سەپرا مىجەزى ئۆرلەپتىكەن ئەمەسمۇ، كۆزۈڭنى نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، يۈرەك كېسىلىم بار مېنىڭ، — رەشىدە تۆۋەنگە قارىۋالدى، توختى ئەسلىگە قايتىپ، ئالدىدىكى ئارگىناللارغا قارىدى. رەشىدە توختىنىڭ ئەلپازىدىن ئۇشۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى پەملەپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مىدىرلىدى.

— نېمە دەپ كىرگەنىدىڭ؟

— مۇنداقلا كىرگەن.

— مۇنداقلا كىرمىگەنسەن؟ — توختى ئارگىنالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ تەگقىسلىقتا قالغانىدى، توختى ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويىدى، ئۇ توختىنىڭ كۈلۈپ قويغىنىنى كۆرۈپ باغلاقتىن بوشانغاندەك بولدى.

— نېمىگە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك بولۇپ كەتتىڭ؟ كىرگىنىمگە تويغىلى تاسلا قالدىم.

— قاتىلغا ئوخشامدىكەنمەن؟

— كۆزۈمگە قاتىلدەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭغۇ بۇگۈن، — رەشىدە ئازادىچىلىككە ئېرىشتى، توختىمۇ ئېچىلدى.

— سەن قاتىلنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن، ۋاي بولدى، ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنىدىغان گەپلەرنى قويغىنە، — مانداق بىر كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان ئىشلارنى دېيىشەيلى، توختى، — رەشىدە ئۆزىنى ئەركىن تۇتتى.

— ھازىر قانداق ئىشلار كۆڭۈلگە ئارام بېرە، ھەممە ئادەم يىگىنە يۇتۇۋالغان ئىتتەكلا بولۇپ قېلىشتى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ، — توختى غۇلامنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدۇرۇپ بوشاپ كەتتى.

— شۇنى دېگىنە، مەن پاي قوشقان بولسام نېمە بولۇپ كېتەتتىم؟ بايا سانى كۆتەك زامانباينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، بۇرۇن ئالغان پاي پايدىسىنى يۈزىگە ئېتىپ، قوشقان پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر دەپ ئىشتىنىنى سىيىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن يىغقان 10مىڭ يۈەن ئىكەن دېگىنە، كارىدوردا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتكۈچە يىغلىدى.

— بىرەرسى ئۆلۈۋالمىغىيدى.

— توغرا، ئۇنداق ئىشنىمۇ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ جۇمۇ. باش مۇھەررىر قىرغىزىستاندىن كىرىپلا كاماندۇرۇپكىغا كېتىپ، ھازىر ھەممە بالاغا زامانباي قالدى.

— شۇ قالماي كىم قالاتتى.

— ئاڭلىسام پاي قوشۇشنى باش مۇھەررىر ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەن.
— ئۇمۇ ئۆز بېشىدىن قورقىدۇ ھەقاچان.
— ھاشىم دېگەن پوق تەڭلىسى ھېچ ئىشنى كۆرمىگەندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ يۈرۈيدۇ، ئاشۇ بېشىڭنى يېگۈر ھەممىنى بىلىدۇ، ئاڭلىسام يۇقىرىدىن ھۆججەت كەپتۇدەك.
— نېمە توغرۇلۇق؟
— مەمۇرىي، كەسپىي ئىدارە - ئورگانلار چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك دەپ، شۇڭا گېزىتكە ئىدارىمىزنىڭ چېگرا سودا شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى دەپ ئېلان بېرىلدى.
— ئويۇننىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدۇ، مۇئاۋىن باشلىق چاپپار بىلەن بۆلۈم مۇدىرى ئاسپىجان تېخى قىرغىزىستاندا، ئۇلار كىرگەندە نېمە ئىشنى كۆرىدۇ تېخى.
— مەنمۇ شۇنى دەيمەن. ھەر راست، ھېلىقى پولاتخان دېگەن قارا كۆمۈر ئون نەچچە ماشىننى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىدىغۇ، ھازىر ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى يوقمىش، ئىدارە يېزىپ بەرگەن كېپىل ھۆججىتىنى سودىگەرلەر كۆتۈرۈپ كېلىشكىلى تۇردى، ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن تېخى، شەلىك دەمدۇ، نەلىك دەيدۇ خۇدايىم، نەچچە ئادەم زامانبايىنىڭ ئىشخانىسىغا كۈندە قاترايدىغان بولدى، بەك سەت، ئاچچىق گەپ قىلىدىغان نېمىلەركەن دېگىنە، پەستە بىر نەچچىمىز كۇسۇرلىشىپ تۇرساق، «پۇلىمىزنى بېرىشمىسەڭ چىرايلىق خېنىملىرىڭنى بەرسەڭمۇ ياق دېمەيمىز» دەپ بىزگە يەۋەتكۇدەك قاراپ مىڭىشۋاتىدۇ، زەينەپنىڭ خۇيى تۇتۇپ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ تويغۇزۇپ قويدى دېگىنە ، سەن دېگەندەك ئەمدى كۆرىدىغان ئوخشايمىز.
— بىز نېمىنى كۆرەتتۇق، ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ دېگەن گەپ بار، ئاشۇ بىغەرەزلەر كۆرىدۇ، — توختى شۇنداق دەپ ئاچچىق كۈلدى، تەلئەت قۇرت يەنە ئىشخانىغا بېشىنى تىقىپ كىردى.

— توختى، ماقالنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىڭىزمۇ؟

— مانا ھازىر نابورچىكلارغە بېرىۋېتىمەن، — تەلئەت قۇرت رەشىدەگە قاراپ سەت ھىجىيىۋىدى، ئۇ قارىماي تۇرۇۋالدى، رەشىدەدىن سادا چىقمىغاچقا تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ماۋۇ قۇرتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان بولدى، — رەشىدە ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا گەپ باشلىدى.

— ئۇ نېمە دەپ دۇئا قىلغان؟ — توختى بۇ گەپكە قىزىقىپ رەشىدەگە قارىدى.

— جاپپار باشلىق بىلەن ئاسىپجاننى مېنىڭ ئالدىمنى تورۇۋالدى دەپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا قارغاپ يۈرەتتى، ئەمدى ئۇلار پوققا دەسسىدى دېگىنە، بۇ قۇرت خۇشلۇقىنى ئىچىگە پاتقۇزالمايۋاتىدۇ، ھەممە ئادەمگە پاي قوشۇڭلار دەپ، ئۆزى قوشماپتىكەن جۇمۇ، توۋا - توۋا، بۇنىڭدەك قورسىقىدا ئالىسى بار قۇرتتىن يەنە بىرسى تېپىلمايدۇ، ھازىر تۇرسۇن كۆيدۈرگە بىلەن كۆندە بىر. نۇرغۇن شۇملۇقنى پىلانلاپ يۈرۈۋاتىدۇ بۇ ئىككى نىجىس.

— ئۇلارنىڭ قولىدىن قانداق چوڭ ئىشلار كېلەتتى، تەدبىرنى باشقىلار تۈزىدىغان تۇرسا.

— شۇنداقتىمۇ ئىچىڭنى سىقىپ، يۈرىكىڭنى مۇجۇيدىغان ئىشلارنى تاپىدۇ، — رەشىدە شۇنداق دەپ چىك ـ چىكلاپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۈكلىنىپ قالدى.

— بولاپتۇ، سەن قولۇڭدىكى ئاۋۇ ماقالىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەت، مەن چىقىپ كېتەي، — رەشىدە چىقىپ كەتتى. توختى يەنە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، ئىشخانا ئاچچىق تۈتۈن بىلەن تولدى.

توختى بۈگۈن ھەممىدىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقتى، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۆركۈيدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە، ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقاۋاتقان زەينەپ، توختىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، توختى ئۇنى كۆرسىمۇ ھېچقانداق قورۇنۇش

ھېس قىلمىدى، رەڭگىدىمۇ باشقا ئالامەتلەر پەيدا بولمىدى.

— ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ، توختى قارى؟

توختى زەينەپكە قاراپ بېشىنى «ھەئە» دېگەن مەنادا لىڭشىتىپ قويدى. زەينەپنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. توختى ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قاراپ قويماي پەشتاقتىن ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان بولۇپ چۈشۈۋاتاتتى.

— توختى، مەندىن ئاغرىنىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، سىزدىن نېمىگە ئاغرىنىپ قالىمەن.

— ياق ئەمدى، — زەينەپنىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك چىقىپ كەتتى. توختى بۇ ھەسرەتلىك ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر يات سېزىم قوزغالمىدى، ئۇ بوگۈن ھەيران قالدى، زەينەپ ئۇنچىقماي ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەشتاقلاردىن چۈشۈۋاتاتتى، توختىمۇ ئىلگىرى ئۆزىگە تەھدىت ئاتا قىلغان پەشتاقلاردىن زوۋانسىز ئەركىن چۈشۈۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنىڭ تەكشى تىۋىشىدىن باشقا ھېچقانداق تاۋۇش بۇ پەشتاقلاردا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، پەشتاقلار تۈگەپ پەسكە چۈشكەندە زەينەپمۇ توختاپ قالدى، توختىمۇ توختاپ قالدى، ئۇلار مىدىر-سىدىر قىلماي بىر ھازا تۇردى. زەينەپنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىمابتەك ئېرىپ بولغانتى، ئەگەر توختى ئۇنىڭ كۆزىگە ئالىمادىس مۇنداقلا بىر قاراپ سالسا، ئىككى تەن بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، زەينەپ توختىغا قارىدى، توختى يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى، ئۇ زەينەپنىڭ ئاۋۋال مېڭىشىنىلا كۈتۈۋاتاتتى، زەينەپ توختىنىڭ ھەممە يېرىگە ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك قارىدى، توختىدىكى ھېسسىيات ئالدىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى، كارىدورنىڭ ئىچى زەينەپكە خاس ھۇجرىدەكلا بىلىنىپ كەتتى.

— توختى، ماڭا، كۆزۈمگە قارىڭە.

— قاراشتىن قورقۇۋاتىمەن.

— مەن سىزنى يەۋەتمەيمەن، ئۇنداق قىلماي بىر قارىڭە.

— سىز مېنى چوقۇم يوتۇۋېتىسىز.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بۇرۇلۇپ قارىڭە.
— مەن دېدىمغۇ، سىزگە قاراشتىن راستتىنلا قورقۇمەن، مېنى قىينىماڭ.
توختى بىلەن زەينەپ ئۇن - تۈنسىز تۇراتتى، ئۇلارنىڭ جىمجىت تەنلىرىدىن ئاڭلانماس دىيالوگلار چىقىۋاتقانىدى. شۇ ئەسنادا كاردورنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىكى تاققىدە ئېچىلدى. قىمىرلىماي، ئۈن - تىنسىز تۇرغان بۇ گەۋدىلەر تەۋرىنىپ كەتتى، توختى ئاۋۋال قەدەم ئالدى، زەينەپ لىۋىنى چىشلەپ قانتىۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى، ئۇمۇ توختىغا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى تېزلەشتى، ئىشخانا بىناسىدىن چىققاندا توختى ئالەمنىڭ ئىتتىكىنىڭ كەڭرىلىكىنى يېڭىدىن ھېس قىلغاندەك بولدى. ئۇ سىرتقا چىقىپلا «قۇتۇلدۇم» دەپ ئېغىر تىن ئالدى. توختى ئۇدۇل ئىدارىدىن چىقىپ كەچلىك تاماق يېمەكچى ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر سىرتقا چىقىپلا ماڭماي تۇرۇۋالدى، زەينەپنىڭ ئۆيى يولدىشىنىڭ ئىدارىسىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقماسلىقنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، زەينەپ ئۇنىڭ ماڭماي تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىككىلىنىپ تۇردى.
— تۇرۇۋالدىڭىزغۇ؟ — زەينەپ ئاخىر گەپ قىلدى.
— مەن ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن، — توختى قىسقىلا جاۋاب بەردى.
— سىرتقا چىقمامسىز؟
— ياق، — توختى كەينىدىن بىر ئاياغ تىۋىشىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.
— يەكشەنبە كۈنى چۈشتە مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولۇپ كېتىڭ، — زەينەپ بوش ئاۋازدا بۇ گەپنى توختىغا دەۋالدى، توختى ئۇنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى، زەينەپ شۇنداق دەپلا ئىتتىك مېڭىپ ئىدارە قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى.
توختى زەينەپنىڭ كەينىدىن خۇپىيانە قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۆزىنىڭ

بوشاڭلىق قىلغانلىقىغا پۇشايمەن قىلغانىدى. كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئويلاپلا «ساراڭلىق قىلسام شەرمەندە بولاتتىم» دەپ ئۆزىنى بەزلىدى. زەينەپ كۆزدىن غايىب بولغاندا ئۆيگە كىرمەي سىرتقا ماڭدى، دىجورنىخانىغا كەلگەندە قادىر كۆك كۆز بىلەن زاكىرنى كۆردى.

— پاي قوشۇپ ئالغان پايداڭنى خەجلىۋەتكەنمىتىڭ يا؟

— زاڭلىق قىلمىغىنە، زاكىر.

— سەنغۇ پۇلۇڭنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تېپىپ بولغان، باشقىلارغا ئۇۋال بولدى دېگىنە.

— نەدىكى پۇلنىڭ يېرىمىكەن ئۇ؟

— ماشىنىلارنىڭ زاپچاسلىرىنى بارى سېرىق بىلەن ئوغرىلىشىپ ئۆلندۈرۈۋېلىشمىدىگمۇ، پولاتخان ياخشى گېپىمگە كىرىپ ئىدارىدىن ماشىنىلارنى باشقا يەرگە يۆتكىۋالدى، بولمىسا ھەممە نېمىسىنى سېتىپ بولاتتىڭ، — قادىر كۆك كۆز زاكىرنىڭ گېپىگە غىڭ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— مۇشۇك كۆز، زىيان بەك ئاچچىقمىكەن؟ سۇغا چۆشكەن مۇشۈككە ئوخشاپ قالغىنىڭنى قارا. ھەممە ئەلەم سانى كۆتەككە بولدى، ئۇ بىچارە ھازازۇل تىلىدىن قېلىپ يىقىلىپ قالدى دېگىنە، سادىق قىلتىرىق ھەنىم بولسا ئارام تېپىپ قالدى.

توختى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر دەم تۇردى، زاكىرنىڭ چىقىپ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، چاندۇرماي پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ سىرتقا چىقىۋالدى - دە، غەرب تەرەپكە كەتتى. زاكىر ھەدەپ قادىر كۆك كۆزنىڭ ئوغىسى قايناپدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئىچكەن ھارىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى.

— زاكىر ئىنىم، باشقا گەپ بولسا قىلغىنە، ئادەمنىڭ قورسىقىنى ئاچچىق قىلماي.

— ساڭا ھازىر بارغۇ ، ھەر قانداق گەپ ئاچچىق ئاڭلىنىدۇ، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ گەپنىلا قىلاي، تۇرە ئورنۇڭدىن يېتىۋالماي، مەن ساڭا ھەربىي بۇيرۇق بېرىۋاتىمەن، — زاكىر قولىنى تاپانچىلاپ تۇتۇپ

كارىۋاتتا يېتىۋالغان قادىر كۆك كۆزنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — پولاتخان ھازىر ئىچكىرىدە ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ، ياخشى ھاراق، چىرايلىق قىزلار بىلەن. ياشا پولاتخان، — زاكىر كىمگىدۇر سالام بەردى.

— ئۇنىڭ بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويۇپ ياخشى كۈن كۆرىدىغىنىغا ئىشەنمەيمەن، چوقۇم قارغىشىمىزغا كېتىدۇ، — قادىر كۆك كۆز ئەلەمدە بوغۇلۇپ كەتكەچكە، زاكىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىيالماي قالدى، زاكىر ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن كەلدى-دە ئىككى تال مىس چىشىنى ھىڭگايتىپ كۈلدى.

— سېنى بۇ كۈنگە پولاتخان قويمىدى، دۆت مۇشۇك كۆز، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، ساڭا گەپ قىلىش خۇددى يېغىر، لەقۋا ئېشەككە دۇتار چېلىپ بەرگەنگە ئوخشاشلا، ئورنۇڭدا يات، كۆتەر قولۇڭنى، — زاكىر قوللىرىنى غەلىتە قىلىپ دەسلەپ دىجورنىخانىدىن چىقىپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي ئىككى قولى بىلەن تاغىل بېشىنى قاماللاپ كارىۋاتتا يانتۇ بولۇپ يېتىپ قالدى.

زاكىر دىجورخانىدىن سىرتقا چىقتى، ئۆيىگە كىرىپ كېتىشنى بالدۇر كۆرۈپ دوقمۇش تەرەپكە ماڭدى، قادىر كۆك كۆزنىڭ مەلەق بولۇپ كەتكەن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تازا بىر كۈلۈۋەتتى.

توختى كەچلىك تاماقنى يەپ دوقمۇشقا كەلدى. قۇياش پارچە تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇپ بولغانىدى، كۈزنىڭ كەچكى شاملى دەرەخلەرنىڭ بېغىشىغا ئۇرۇلۇپ ساپىقى پىشىپ قالغان غازاڭلارنى توختىماي تۆكەتتى. توختى دوقمۇشتا تۇرۇپ كۈزنىڭ كەچكى شاملىدىن ھۇزۇرلاندى، ئۇنىڭ گاراڭ بولۇپ كەتكەن كاللىسى سەگىپ قالغاندەك بولدى. يۇرتنىڭ كۈزلۈك ھاۋاسى تېپىلغۇسىز ئىدى، ئەتراپنى ئەنجۈرنىڭ، مۇناقى ئۈزۈمنىڭ پۇراقلىرى قاپلاپ كۆڭۈلدىكى بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى قوغلاپ چىقىراتتى. ئاسمانمۇ شۇنداق سۈزۈك ئىدى، يۇلتۇزلار ۋىل - ۋىل قىلاتتى. توختىنىڭ ھەر قانداق كۆڭۈل يارىسى مۇشۇ مەنزىرىلەردىن ئۆزىگە شىپا ئىزدەيدۇ، تەسەللىي تاپىدۇ دەپ

قارايتتى، توختى دوقمۇشتا ئۇزاق تۇردى، ئۆزىنى ئاشۇ مەنزىرىلەرگە قويۇۋەتتى.

— سەن توختىمۇ؟ — بۇ ئاۋاز توختىغا تونۇش ئىدى، توختى قارىدى، كۆزىگە سادىق قىلتىرىق قاراپ تۇراتتى.

— ھەئە، سادىقكا، مەن توختى، — ئۇ سادىق قىلتىرىققا چىرايلىق سالام قىلدى، سادىق قىلتىرىقنىڭ جۇدەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، بېشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئىنچىكە لاتا قونچاققىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— كۆڭلۈم سەندەك بىر ئادەمنى تارتىپ تۇراتتى، ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز ئەجەب بەلەن بولدى، ئۇكا. بىز 1950 ـ يىللارنىڭ داڭلىق زىيالىيلىرىدىن ئىدۇق، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ياراملىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن دېگىنە، ئەينى يىللىرى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئاتا ـ ئانىمىز يىغلاپ تۇرۇۋالسا يۇرتىمىزغا يېنىپ كەلگەن دېگىنە، ئۇكا، بولمىسا مەكتەپ ئېلىپ قالىمىز دەپ بەك چىڭ تۇتقانىدى، — سادىق قىلتىرىق سۆزىنى ناھايىتى بۇرۇندىن باشلىدى، توختىغا ئۇنىڭ گەپلىرى كېچىچە تۈگىمەيدىغاندەك تۇيۇلدى، سادىق قىلتىرىق توختىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، توختىنىڭ بايامقى پەيزى غايىب بولدى، — سەن بىلەن مۇشۇنداق دوقمۇشتا تۇرۇپ پاراڭلاشسام بولماس، ئۇكام، مەن زىيالىي بولغاچقا زىيالىيلارنى ھۆرمەت قىلىمەن. بىزنىڭ ئىدارىدىكى تۇتسا قولغا چىققىدەك سېپى بار، ئېغىزغا ئالغۇدەك ئېپى بار مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەملەرنى ساناپ كەلسەك بەش بارماقمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ جۇمۇ، مەن ساڭا دەپ بەرسەم، ئىدارىنىڭ باشلىقى زامان دېگەن ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان بىر نېمە، دائىم بۇيرۇق بىلەن ئىش تۇتىدۇ، شىياۋلىزىمۇ ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن، دىپلومىنىڭ تايىنى يوق. ھېلىقى ئىلمەك بۇرۇن جاپپار دېگەن تۇغماسمۇ ھەربىي قىسىمدا تەرجىمان بولۇپتىكەن، كېيىن ئۇقسام ئۇرۇمچىدە كۆمۈر كان تېخنىكومىدا ئوقۇپتىكەن، دەپ كەلسەم بارغۇ ھەممىسى ئاشۇنداق

كېلىپ قالغان نىمىلەر، تېخى تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ كادىر بولغانلار تولا، سەيپۇڭلۇقتىن چىققانلارمۇ بار ھى -ھى،— سادىق قىلتىرىق توختىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي قېقىلىپ كۈلۈپ كەتتى، توختى ئۇنى يىقىلىپ كەتمىسكەن دەپ چىڭ تۇتۇۋالدى. سادىق قىلتىرىق چىڭقىلىپ بىر كۈلۈۋېلىپ ئەسلىگە كەلدى،— سەن بىلەن مۇشۇ يەردىلا گەپلەشسەم تازا قاملاشمىغۇدەك، بىر يەرنى تېپىپ ئىككى سەردىن ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق قانداق؟ بۇنداق تۇرۇپلا سۆزلەپ كېتىش ھۆرمەتسىزلىك، بىز دېگەن ئادەتتىكى زىيالىيلاردىن ئەمەس، — سادىق قىلتىرىق توختىغا نۆۋەت بەرمەي سۆزلەيتتى، توختى ئۇنىڭدىن قانداق قىلسام قۇتۇلارمەن دېگەننىلا ئويلايتتى، ئۇنىڭ قولىنى سىلكىشتۈرۈپ قويىۋېتەي دېسە كۆڭلى ئۇنۇماي تەڭقىسلىقتا قالدى، — شۇنداق قىلىلى، ئاۋۇ ھەربىي رايوننىڭ يېنىدىكى كىچىك قاۋاقخانىلاردىن بىرىگە كىرىپ ئولتۇرۇلى، ماقۇلمۇ؟ ماڭە ئەمىسە، — سادىق قىلتىرىق توختىنىڭ ماقۇللۇقىنى كۈتمەيلا ئۇنى سۆرەپ ماڭدى، توختىمۇ بۇ ياشتىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار تام بوتكىلاردىن بىرىگە كىرىپ جايلاشتى، سادىق قىلتىرىق پوكەيدىكى مەيپۇرۇشقا بىر نىمىلەرنى كالدىرلىدى. مەيپۇرۇش 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاقباش، توڭكاي ئادەم ئىدى، ئۇ سادىق قىلتىرىقنى تونۇيدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇنىڭ ئىسمى لاۋۋاڭ، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ھازىر پېنسىيەگە چىقىپ ھاراق دۇكىنى ئېچىۋالدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەينى يىللىرى تۆۋەنگە خىزمەتكە چۈشكەندە بىر يېزىدا ئىشلىگەن. بۇ قاقباش يامان نەرسە، ئاشلىق ئىدارىسىدا ئىشلەپ قىرىۋەتكەن دېگىنە، ھازىر مانا مۇشۇ دۇكاننى ئېچىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ خۇيى ئوخشىمايدۇ، شۇنداقمۇ، قېرى شۇۋچى؟ — سادىق قىلتىرىق مەيپۇرۇش لاۋۋاڭغا چاقچاق قىلدى.

— تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭنى يىغىۋال لاۋسا، —

لاۋۋاڭ بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن ياغدا قورۇغان بىر تەخسە خاسىڭنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— هەي، لاۋۋاڭ، ماۋۇ ئىنىمنى كۆرگەنمىتىڭ؟

— ياق، بۈگۈن كۆردۈم.

— بىزنىڭ ئىدارىدا زىيالىي دېگىنە.

— سىلەرنىڭ ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تونۇيمەن، ئەمما بۇ ئىنىمنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— توغرا، ئىدارىدىكىلەرنىڭ تېگىدىن تولىسىدا ئېلىشىڭ بار، شۇڭا تونۇيسەن - دە، بۇ ئىنىم ئاساسىي جەھەتتىن ئىچمەيدۇ.

— لاۋسا، ئىدارەڭدىكى ھېلىقى قىرغىزنىڭ ئىسمى نېمىتى؟ — لاۋۋاڭ شۇنداق دەپ كۆزەينىكىنى ئېلىپ كۆزىگە تاقىدى - دە، دەپتىرىنى ئېچىپ قۇرمۇ قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ئىدارىمىزدا قىرغىز تولا تۇرسا، قايسىسىنى دەيسەن؟

— دائىم ئىچىۋالىدىغانچۇ،— بۇرۇن زاكىر بىلەن كۆپ كېلەتتى، ھە، پولاتچۇ.

— ئۆلۈپ كەتتى، — سادىق قىلتىرىق كېسىپلا شۇنداق دېدى، توختى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىتتىك قارىدى، ئۇ ئالدىدىكى ھاراقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئىككى رومكىغا قۇيغىلى تۇردى، توختى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ گەپ قىلمىدى.

— ئۇنى قىرغىزىستاندىن ماشىنا كىرگۈزۈپ نۇرغۇن پايدا ئالدى دەپ ئاڭلىغان ئىدىمغۇ.

لاۋۋاڭ كۆزىدىكى كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ سادىق قىلتىرىقنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇ ئىككى رومكىدىكى ھاراقنى سىلىشتۇرۇپ بېقىپ توختىغا بىر رومكىسىنى تەڭلىدى.

— سادىق ئاكا، مەن ھاراق ئىچمەيتتىم، كۆڭلىڭىزنى ئاياپ بۇ يەرگە كىرگەن، — دېدى توختى سادىق قىلتىرىق تەڭلىگەن رومكىنى قولىغا ئالماي. ئۇ توختىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ بېشىنى سىلكىدى.

— سەن بىلەن بىز چوڭ ئوقىغان ئادەم، ئوشۇق تەكەللۇپنىڭ ھاجىتى يوق، ئالە قولۇڭغا، ئۇكام، — سادىق ئورنىدىن تۇرۇپ توختىنغا ھاراقنى يېقىن سۇندى، توختى تەڭقىسلىقتا قالدى، ئالماي دېسە ئۇ ياشقا چوڭ ئادەم، ئالاي دېسە كۆڭلى پەقەتلا ھاراق تارتمايتتى. توختى ئۇنىڭ قولىدىكى ھاراقنى قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى.

— بۇرۇن پەقەتلا ئىچمىگەن بولساڭ زورلىمايمەن، ئىچكەن بولساڭ ئال، ئۇكام، تارتىنىپ ئولتۇرما.

— بۇرۇن ئىچمىگەن دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن، ئالىي مەكتەپتە ئىچكەن، ئەمما ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن ئىچمىدىم.

— بۇرۇن ئىچكەندىكىن ئالە قولۇڭغا، 60 ياشقا كىرگەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ ساڭا رومكا تەڭلىمىكى ئاسانمۇ، ئۇكام، قانچىلىك كۆڭلىمىز قالىدۇ دەيسەن. ئويلاپ باقسام، مۇشۇ ياشقىچە بىر قېتىممۇ كۆلۈپ باقمايتىمەن، ئالە بولدى، — سادىق قىلتىرىق توختىنى يامان يەردىن قىستىغاچقا، توختى رومكىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ھە، مانا ئەمدى زىيالىيغا خاس ئىش قىلدىڭ، ئىنىم، — سادىق قىلتىرىق ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان لاۋۋاڭغا قاراپ كۈلدى.

— سەن نېسىگە ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىزگە ئوقۇپ بەرمەي پوكىنىڭدە ئولتۇر.

لاۋۋاڭ كۈلگىنىچە پوكەي ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى. توختى بىلەن سادىق قىلتىرىق بىر رومكىدىن قېقىشىپ ئارامغا چۈشتى، توختىنىڭ كېكىردىكىنى ھاراق كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بولۇپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئالە، ئاغزىڭغا ماۋۇ پۇرچاقلارنى سال، — سادىق قىلتىرىق شىرەدىكى پۇرچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى، ئۇ بىر تال پۇرچاقنى ئېغىزىغا سېلىپ كورۇسلىتىپ چايىندى، توختىنغا بۇ پۇرچاق تاشتىن قاتتىق تۇيۇلدى. ئۇ چىشىم سۇنۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىدى. سادىق قىلتىرىق ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ، توختىنغا قارىدى، توختىنىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسى

پىيالىدەك چوڭلۇقتا قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توختىنغا قاراپ كۈلۈپ، گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا زاكىر ناخشا توۋلاپ ئۇلار ئولتۇرغان دۇكانغا كىردى.

— لاۋۋاك قېرى، پېچەتتەك تۇردۇڭمۇ؟ سايمان ياخشىمۇ؟ — زاكىر ئىشىكتىن كىرىپلا لاۋۋاكغا چاقچاق قىلىپ غەلىتە قىلىق چىقاردى، لاۋۋاك ئۇنى كۆرۈپ كۆزەينىكىنى بۇرنىغا چۈشۈرۈپ، سادىق قىلتىرىق بىلەن توختى ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ كۆز قىسىپ قويدى، زاكىر ئۇلار ئولتۇرغان يەردىكى لاتا پەردىنى قايرىپ قاردى-دە، توختى بىلەن سادىق قىلتىرىقنى كۆرۈپ چاۋاك چالدى، زاكىرنى كۆرۈپ سادىق قىلتىرىقنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى، ئىنچىكە بويىندىكى تومبۇغدىيىكى يۇقىرى-تۆۋەن مىڭىپ كەتتى.

— ياشا بۇگۈن، سول قاپىقىم تارتىۋەرسە نېمانچە تارتىدىغاندۇ دېسەم، بۇ يەردە ئەزىز ئىنىم بار ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەككىلە توختى قولۇڭنى، ئاخىر بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا قوشۇلدۇڭ، — زاكىر توختىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، كۆزىنى قىسىپ، مىس چىشىنى ھىڭگايتىپ كۈلدى. توختى ئۇنى كۆرۈپ بۈگۈن نېمە بولۇپ كېتەرمەن دېگەننى ئويلىدى.

— بەللى، سايىم قىلتىرىق، پەيزىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، تېۋىپلىك قىلىپ سەمرىپ كەتكىنىڭنى قارا، ئۇستىخانلىرىڭ سىلىنىپ كېتىپتۇ، ۋەيت!

زاكىر ئىككى تەرەپكە ئىككى قولىنى تاسقاپ كۈلدى، توختى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەيران ئىدى، زاكىر تەكەللۇپسىزلا بىر ئورۇندۇقنى ئەكېلىپلا ئولتۇردى.

— ياخشى ئىنىمدىن بىرسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، مېنىڭغۇ نورمام توشۇپ ئېشىپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ ئىچىمەن، سايىم تېۋىپ قۇيە، — زاكىر شۇنداق دەپ پەردىدىن بېشىنى چىقىرىپ رومكىدىن بىرنى ئەپكەل دەپ لاۋۋاكغا ئىشارەت قىلدى، لاۋۋاك رومكىدىن بىرنى ئۇنىڭغا بەردى.

— بېشىڭنى يەرگە سىلىۋالماي قۇيە مانىڭغا، سايىم تېۋىپ.

— مازاق قىلماي ئىسمىمنى دە، سايىم تېۋىپ دېگىنىڭ نېمىسى؟ — سادىق قىلتىرىق توختىنىڭ تاجىسىدەك قىزاردى، زاكىر كۆزىنى قىسىپ كۈلۈۋەردى، ئۇ كۈلگەنسېرى سادىق قىلتىرىق تە بولۇپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ماقۇل، بۈگۈن توختى ئىنىمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلاي، سادىق قىلتىرىق، قويە بولدى، — سادىق قىلتىرىق زاكىرنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئېلىپ يېرىم هاراق قۇيۇۋىدى، زاكىرنىڭ قىسىلىپ كەتكەن كۆزى بىر دەمدىلا جامدەك بولدى، — لىق قۇيە، لىق! زەيپانىگە قۇيغاندەك ئىش قىلماي، — سادىق قىلتىرىقنىڭ هاراق قۇيۇۋاتقان قولى تىترەپ كەتتى، زاكىر رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پەردىنى تارتىپ لاۋۋاڭغا قارىدى، — لاۋۋاڭ قېرى، بۈگۈنكى ماۋۇ سورۇنىنىڭ ئىگىسى مەن جۇمۇ، هېساباتنى ئۆزۈم قىلىمەن.

سادىق قىلتىرىقنىڭ تىترىگەن قولى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەشتىن توختىدى، زاكىر قۇيغان هاراقنى قولىغا ئېلىپ توختىغا قارىدى.

— سەن بىلەن بىر ئىدارىدا نەچچە يىل بىرگە ئىشلىدۇق، ئەمما بىر يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغانىدۇق، توغرىمۇ؟ مېنىڭ كاللام جايىدا تېخى، باشقىلاردىن يۈرەكلىكلىكىڭنى كۆپ ئاڭلىدىم، هەق - ئادالەتنى ياقىلايدىغان ئادەملەر هازىر يوق بولۇپ كەتتى، ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ دەيدىغانلار ئىتنىڭ قۇرتىدەك لۆمشۈپ تۇرىدۇ هازىر. سەن باش كەتسىمۇ ئادالەتنى، هەقنى دەيدىكەنسەن، مەن مۇشۇ يېرىڭگە قايىل، هازىرقى جەمئىيەتتە ئوقۇغان زىيالىي دېگەن سايىنىڭ تېشىدىنمۇ كۆپ، ئەمما ۋىجدانلىقلىرى بەكمۇ ئاز، بىز ئىچىپ يۇرسەكمۇ بارغۇ هەممە ئىشنى بىلىپ يۇرۇۋاتىمىز. جىق گەپ قىلىپ كەتكەن بولسام كەچۈر، خوشە ئەمىسە، — زاكىر شۇنداق دەپ قولىدىكى رومكىنى توختىغا تەڭلىدى، توختى بەك خىجالەتچىلىكتە قېلىپ، سادىق قىلتىرىققا قارىدى، ئۇ بېشىنى يەرگە سېلىپ ئولتۇراتتى، زاكىر توختىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى، — سادىقكا، ئالە قولۇڭغا، بىردىن سوقۇشتۇرايلى، — سادىق قىلتىرىق

ئالدىدىكى ھاراق رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ زاكىرغا قارىدى.
— چوڭ بولمايدىغان، كۆڭۈل ئايىمايدىغان بۇ خۇيۇڭدىن قاچانمۇ قالارسەن، — سادىق قىلتىرىقنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى.
— خوشە!!! — زاكىر ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، توختى خىيال سۈرگىنىچە رومكىنى تۇتۇپ تۇراتتى، پوجاڭزىدەك چىققان بۇ ئاۋازدىن تىترەپ كەتتى، قولىدىكى رومكىمۇ چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار ئاخىر رومكىدىكى ھاراقلارنى ئىچىۋەتتى. زاكىر ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ «تەھ، بەھ» دەپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مەززە قىلغىنى بولسا كېرەك. ھاراق توختىنىڭ كانىيىنى يىرتىپ كىردى، ئۇ بەك قىينىلىۋاتاتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلسا يېنىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، شۇڭا ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدى، زاكىر دىرىلداپ تىترەپ كەتتى.
— سايىم تېۋىپ، ھەي، — زاكىر سادىق قىلتىرىققا قارىدى.
— يەنە ئاغزىڭ چوڭگۇلغىلى تۇردىغۇ، ئادەم چالماقچى بولساڭ چىقىپ كېتىمەن جۇمۇ، — سادىق قىلتىرىق زاكىرغا پوپوزا قىلدى.
— مەن دېمەكچىمەنكى، تېۋىپچىلىكىڭ خېلى يۇرۇشۇپ قالدى جۇمۇ سىنىڭ.
— مەن قاچان تېۋىپلىك قىپتىكەنمەن؟ ئاغزىڭغا نېمە كەلسە دەۋېرىدىكەنسەن، ئىچكىرىدىن چىققان تېۋىپنىڭ تەرجىمانلىقىنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن.
— ئۇ تېۋىپنىڭ خېلى كارامىتى بار ئوخشىمامدۇ، يانداش تېۋىپ، — سادىق قىلتىرىق ئۇنىڭ گېپىگە ھەئە دېمىسە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.
— بوپتۇ، بوپتۇ، سىنىڭ ئاغزىڭغۇ... — سادىق قىلتىرىق توختىغا قاراپ كۈلدى. قورسىقىغا كىرگەن زەھەردەك ھاراق توختىنى بىئارام قىلىۋاتقاچقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالماي ئولتۇراتتى، زاكىرمۇ بىر رومكىنى ئىچىپلا توختىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك سادىق قىلتىرىق بىلەنلا بولدى.

— سەن دېگەن ئۇ تېۋىپ بىر ئادەمنى داۋالاپ ساقايتتىمۇ؟

— نۇرغۇن ئادەمنى ساقايتتى، ھازىر ئادەملەر كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇۋاتىدۇ، قوشنا شەھەرلەردىنمۇ كېسەللەر كېلىپ داۋالىنىۋاتىدۇ، — زاكىر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

— نامراتنى، دېھقاننى ئالداۋاتىدۇ دېگىنە، تېۋىپ ئادەم ساقايتتى دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئەتە مەن بىلەن بېرىپ كۆرۈپ باقمامسەن، كېسەل كۆرسىتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆچرەت ساقلاپ كەتكىنىنى كۆرىسەن.

— باكنى قۇۋۇەتلەيدىغان كوملاچنى ئالدىغان ئادەملەردۇ ئۇ، ئاڭلىسام 60 ياشتىن ئاشقان ئاق ساقال قېرىلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ تېۋىپىڭنى ئىزدەرمىش.

— ئاغزىڭغا كەلگەننى دېمە دەيمەن.

— دېگەنلىرىم يالغانمۇ؟ ئاڭلىسام سېنىمۇ ئاشۇ كوملاچلارنى سېتىۋاتىدۇ دەيدۇ، — زاكىر سادىق قىلتىرىقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ يېنىدا ئولتۇرغان توختىغا قارىدى، توختى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

— زاكىر، چاقچاق قىلدىم دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە.

— ساڭا چاقچاق قىلىپتىمەن-دە، ئۇ راست كېسەل داۋالىسا نېمىشقا بۇلۇڭ - پۇشقاقتا كېسەل داۋالايدۇ، ئىچكىرىدە ئادەم جىق تۇرسا شۇ يەردە تېۋىپلىك قىلماي، ئادەم ئاز، تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەن نامرات رايونغا كېلىپ كېسەل داۋالايدۇ؟ نامرات دېگەننىڭ ئەقلى كەم بولىدىغىنىنى ئۇ ئوغرى تېۋىپىڭ تازا ئوبدان بىلگەچكە، مۇشۇ يەردە قاقتى-سوقتى قىلىشقا پۇرسەت تاپقان گەپ.

— ساڭا چۈشەندۈرسەممۇ بەرىبىر، نېمە دېسەڭ دە، — سادىق قىلتىرىق ئىششىپ ئولتۇردى.

— سەن بالاغا قالما، ئۇنىڭ نەچچە تال دېنىنى يەيمەن دەپ.

— مەن نېمىشقا بالاغا قالىمەن؟

— ھالىمادىس بىرى ئۇ ئوغرى تېۋىپنىڭ دورىسىنى يەپ ئۆلۈپ كەتسە، سېنىڭمۇ چېتىشلىقلىق بولىدۇ، ئۆزۈڭنى چوڭ زىيالىي دەپ يۈرۈيسەن، مۇشۇنچىلىك تەرتىپنى بىلەلمەيسەن، — زاكىر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزى قۇيغىلى تۇردى، — مەن بىلىمەن، سېنىڭمۇ خۇپىيانە ھېسسىيات قوزغايدىغان «چىگۇڭ كۇمىلىچى» سېتىپ يۈرگىنىڭنى.

— يوقنى يەپسەن ! — سادىق قىلتىرىق چىچاڭشىپ، شىرەنى بىرنى ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمىگە چىچاڭشىيسەن؟

— ھەزىلەكتەك گەپ قىلما دەيمەن، زاكىر! — توختى ئۇلارنىڭ قىزىرىشىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆڭلىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى. سادىق قىلتىرىق چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— مەن دەپ قويدۇم، سەن ئۇنداق كۇمىلاچىلارنى ئەڭ ياخشىسى سېتىپ يۈرمە، ھېسسىيات قوزغايدىغان كۇمىلاچىنى يەپ يۈرىكى تىنقىلىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ياشانغان ئادەملەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغاچقا دەۋاتىمەن، بىرەر قېرى سەندىن ئالغان كۇمىلاچىنى يەپ ئۆلۈپ كەتسە، ھەممە بالاغا ئۆزۈڭ قالىسەن، — زاكىر شۇنداق دەپ قۇيغان ھاراقنى توختىغا تەڭلىدى، سادىق قىلتىرىق تېرىكىپ ئۆلەي دەپلا قالغاندى.

— ئۆزۈڭ ئىچىۋەر، — ئۇ شۇنداق دەپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتتى، زاكىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى. توختى زاكىر ھاراق قۇيۇپ قويغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ ھاڭ - تاڭ قالدى.

— خوشە!

زاكىر شۇنداق دەپلا ئىچىۋەتتى. توختى قولىدىكى ھاراقنى مىڭ تەستە ئىچىپ رومكىنى ئۈستەلگە قويۇشىغا، زاكىر بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپلا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى، ئۇ زاكىرنىڭ خورىكىنى ئاڭلاپ بىر ھازا ئولتۇردى.

— ئۇنى ئويغىتالمايمىز، — لاۋۋاڭ پەردىنى قايرىپ توختىغا كۆلۈپ قارىدى، توختى ئورنىدىن قوپۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ، سىز قايتىۋېرىڭ، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ لاۋۋاڭغا قارىدى، لاۋۋاڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى.

— سىز كېتىۋېرىڭ، ھېسابنى قىلىۋېتەي دېمەكچىغۇ، زاكىر مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالغان بىلەن ئۇنىڭ بېشى ئۇخلاپ قالمايدۇ. ئۇ مەن ھېساب قىلىمەن دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەگەر سىز تۆلىۋەتسىڭىز مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ، — توختى ھاراق دۇكىنىدىن سىرتقا چىققاندا خۇددى قاماق مۇددىتىنى پۈتكۈزۈپ چىققان جىنايەتچىدەك يېنىكلەپ قالدى.

توختى ئاسماندىكى ئاي - يۇلتۇزلارغا قارىدى، ئەمەلىيەتتە ئاي-يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى چىمىرلىتاتتى. ئۇ ئۈچ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنىڭ مۇزدەك قۇرۇغانلىقىنى سەزدى، ئۇيان-بۇيان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغ نۇرلىرى بىلەن سىگنال ئاۋازلىرى ئۇنىڭ ئۆزگىچە كەيپىياتىنى ئۇزۇپ قوياتتى، ئۇ ئىدارە تەرەپكە قاراپ بىر دەم تۇردى. ئالىي مەكتەپتىكى كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئېغىر ئۇھسىندى. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ قايسى بىرىنى ئويلاشنى بىلەلمىدى، يۈرىكى ۋە تومۇرلىرىدا بىر ئېقىن پەيدا بولدى، بۇ ئېقىن ئۇنى ئاشۇ كۈنلەرگە سۆرەيتتى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ ئۆزىنى خۇش قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ بىچارىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپلا، ئۆزىنىڭ يول بويىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، «ئەگەر مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئاشۇ شەھەردە قالغان بولسام، بۇ كەمگىچە ئۆلۈپ كېتەتتىم، ئۆزۈمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۇرتقا قايتقان مەن» دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى. ئۇ مۇشۇنداق دېگەندىلا رېئاللىققا يۈزلىنىدىغانلىقىنى، كۆڭلى ئارام تاپىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەر يېڭى

يىل كېچىسى ئۇنىڭ باش-كۆزلىرى يېرىلمىسىمۇ كۆكىرىپ قالاتتى. يېرىم مېتىر ياغقان قارنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۇنىڭ يادىدىن زادىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيتتى. ئۇ بۆگۈنگىچە بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىغانىدى، كۆرىدىغان كۈنۈم بار بولغاچقا، ئاشۇ قاردا ساق قېلىپتىكەنمەن، دەيتتى، نۇرغۇن پەشۋا - تېپىكلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا يېغىپ كەتكەنلىكى چۈشىدەكلا بىلىنىپ تۇراتتى، «بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشقۇچى بولىدىكەنسەن، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئۇقتۇڭمۇ؟» دېگەن بۇ ئاۋاز توختىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ناھايىتى ئېنىق ئاڭلانغانىدى، ئۇنىڭ كىملىكى يەنىلا بىر تېپىشماق ئىدى. ئۇ مېنى ئۇرۇپ يىقىتىپ بولۇپ يەنە نېمىگە بۇنچىلىك قورقۇپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىغانىدى. ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. دەرۋازا ئالدىدا ئۇزاق تۇرماسلىق دېگەن بىر ئۇقۇم كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە تۇرغاچقا، دەرۋازا ئالدىدا تۇرماي ئىدارە قورۇسى ئىچىگە كىردى.

— قادىركا، بىزنىڭ مەست تېخىچە ئۆيگە كىرمىدى.

— بايا مۇشۇ يەردە بار ئىدى، يەنە نەگە كەتكەندۇ.

— ئىزدىشىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، ھازىر كۈندىن-كۈنگە بەتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئىدارىنىڭ يېڭى تۈزۈملىرى چىقىۋاتىدۇ، مەن دىجورنىخانىدىن ئايرىلسام بولمايتتى، تېخى بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەندىكىن، ئاۋۇ ھەربىي رايوننىڭ ئالدىدىكى ھاراق دۇكانلىرىغا بېرىپ بېقىڭ، ئۇ يەردىن باشقا ياققا كەتمەيدۇ، ئۇ يەردە بولمىسا ئاندىن ئىزدەپ باقاي، قانداق؟

قادىر كۆك كۆزگە راستىنى دېگەندە خۇشياقمىغانىدى. زاكىرنىڭ ئايالى لېۋىنى بىر دەم چىشلەپ تۇرۇۋېتىپ دىجورنىخانىدىن چىقىپ دوقمۇش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. توختى دىجورنىخانىدىن ئۆتۈپ ئۆيى تەرەپكە ماڭغاندا، ئىدارىنىڭ يان تەرىپىدىكى باغچىدا بىر دەم

ئولتۇرغۇسى كەلدى-دە، چوڭ بىر توپ ئۆرۈك دەرىخى ئاستىدىكى غازاڭلارنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ كۆزىنى بىر پەس يۇمۇۋالدى، غازاڭلارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى، ئۇ بۇ ئاۋازلارنى تەپسىلىي ئاڭلىدى، بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭغا يىراق ئۆتمۈشنى شىۋىرلاپ قويغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 1-يىللىقىدىكى كۈز پەسلى ئېسىگە كەلدى، ئۇنىڭ چىڭقىلىپ كەتكەن مىڭە تومۇرلىرى ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

ئاشۇ يىللاردا ئۇزۇن چاچ بىلەن كاناي ئىشتان ئوغۇللارغا مودا بولغانىدى. توختى ئۇزۇن چاچ قويۇشقا قىزىقمايتتى، كاناي ئىشتانىنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغان ۋاقتى ئۇزاق ئىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن باشلاپلا ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغاچقا، تەنھالىقتىن قورقۇپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ بۇنداق يالغۇزچىلىقىغا ئاشۇ ئىشلار تۈرتكە بولغانىدى. مەكتەپنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ ئۇنىڭ يالغۇزچىلىقلىرىنى تەڭ تارتىشىپ بەرگەنىدى، ئۇ بىكار بولسىلا ئۆستەڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ قورسىقىدىكىنى دەۋالاتتى، باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ تەتۈر مىجەزىنى ساۋاقداشلىرىمۇ ئوبدان بىلەتتى، ھەممە ئىشنىڭ قارشى تەرىپىنى ئويلاش ئۇچۇن زېھنىنى كۆپ سەرپ قىلىدىغان بۇ خۇيى ساۋاقداشلىرىغىمۇ ئانچە يېقىپ كەتمەيتتى. ئۇ يۇرتىكىدىكى بارلىق سىرلارنى مەخپىي تۇتۇشقا كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇزۇن چاچ قويغان، كاناي ئىشتان كىيگەن ساۋاقداشلىرى نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەتلا سىغماي، زەيپانىدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇزۇن ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمەيتتى. توختى تولۇق بىرىنچى يىللىققا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىدە بىر خىل قىزىقىش، يەنى قىزلارغا بولغان بىر خىل ئىنتىلىش پەيدا بولغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ سىنىپتا ئىككىنچى رەتتىكى پارتىدا ئولتۇراتتى، ئۈچىنچى رەتتىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان شاراپەت ئىسىملىك ساۋاقدىشىغا يوچۇن زەڭ سالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس

قىلدى. ئۇنىڭ تەتۈر مىجەزىگە بۇ ئىشلار پۈتىۈنلەي ماس كەلمىگەنىدەك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنى ئۆستەڭ بويىغا ئېلىپ چىقىپ قانغۇچە ئەيىبلىدى، ئۆزىنى ئەيىبلىگەنسېرى قەلبىدىكى قىزىقىش يالقۇنلاشقا باشلىدى. دەرس ئارىلىقىدىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ شارابەتكە قاراپ سالىدىغان بولدى. شارابەت ئېرىلىرى سۇزۇك، كالپۇكلىرى ئېغىزىغا ماسلاشقان، بوستان چىچى دومبىسىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، بادام كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئىچ- ئىچىدىن تەبىئىي گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىز ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەبىئىي، سىدام تۇرقى توختىنىڭ يۈرىكىنى ۋىژىلداتقان ئىدى. شارابەتنىڭ ئوغۇللارغا خاس مىجەزى، ئوچۇقلۇقى توختىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شارابەت توختىنىڭ ئۆزىگە قاراپ قىزىرىپ، تاتىرىپ كېتىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆيۈپ قالغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى. توختى كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان بولۇپ قالدى، گېلىدىن تۈزۈكرەك غىزا ئۆتمىدى، ئولتۇرسا، قوپسا خىيال ئىچىدە ياشايدىغان بولدى. شارابەت توختىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ تۇراتتى، توختىغا بارا-بارا ئىچى چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، توختى قارىسىلا خۇيى تۇتىدىغان بولۇۋالدى. توختى دەرس ۋاقتىدا شارابەتكە ئاستا قارىۋىدى، شارابەت ئۇنىڭ كۆتىگە بىرنى تەپتى، توختى بۇ تېپىكتىن قورقۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى، شارابەت بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ توختىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— بۇدو يەنە ئارقاڭغا قارايدىكەنسەن، بۇرنۇڭغا قويىمەن. توختى شارابەتنىڭ بۇ گېپىدىن بىر قات ئېرىسى سويۇلۇپ كەتكەنىدەك ئىزا تارتتى، ئىچىدە ئۆلسەممۇ ساڭا قارىماسمەن دەپ قەسەم قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شارابەتكە قاراپمۇ قويمىدى، دېيىشكە زۆرۈر بولغان گەپلەرنىمۇ دېمىدى. شارابەت توختىنىڭ ئۆزىگە قارىمايدىغان ھەتتا دوققۇرۇشۇپ قالسىمۇ گەپ قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. كەچلىك مۇزاكىرىدە توختى پارتىسىدا

ئولتۇراتتى، شاراپەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئولتۇردى. توختى ئۇنى كۆرۈپ قورۇلۇپ مىدىر - سىدىر قىلالمىدى.

— مەندىن ئاغرىنىپ قالدىڭما؟ — شاراپەت بوش ئاۋازدا توختىغا گەپ قىلدى، ئۇ شاراپەتنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى، — مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— ئاڭلىدىم.

— ئاڭلىغان بولساڭ نېمىشقا مۆرىمەيسەن؟

— مەن كالا بولمىسام مۆرىگىلى.

— مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى ئالىبۇرۇن ئۇققان، — توختى شاراپەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— كۆڭلۈمدىكى نېمىنى ئۇقانتىڭ.

— سەن ئالدىراپ قاپسەن، — توختى ئولتۇرغان جايىدىن يانغا قىستالغىلى تۇردى.

— چۈشەنمىدىم، نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى.

— ئالدىراپ قاپسەن دېدىمغۇ.

— نېمىگە ئالدىراپ قاپتىمەن؟

— بىز تېخى كىچىك، ئۇنداق ئىشنى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندە ئويلىشىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟ — شاراپەت گەپنى شۇنداق ئوچۇق قىلىپلا توختىنىڭ يېنىدىن قوپۇپ كەتتى. توختى تام تەرەپتە ئولتۇرمىغان بولسا يىقىلىپ كېتەتتى، شاراپەتنىڭ قوپۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېسى جايىغا چۈشتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپلا سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ قورسىقىدىكىنى سۆزلەپ ئىچىنى بوشاتتى.

توختىنىڭ بويى ئېگىز، لايغەزەلرەك، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، بۇرنى ئېلىپتەك چىرايلىق، بوي - تۇرقى جايىدا، ئەمما بوشاڭ، تەپسە تەۋرىمەيدىغان، ئەقلى گال شەمسى ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى تال يان چىشى چۈشۈپ كەتكەچكە گەپ قىلسا ش ھەرپى س ھەرپىگە ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۇ توختىدىن بىر-ئىككى

ياش چوڭ ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، سىنىپتا بويىدىمۇ، ياشتىمۇ ئەڭ چوڭى ئىدى، تۇغما زىققا كېسىلى باردەك تىنسا كارنىيى غىژىلدايتتى، ئۇشتۇمتۇت بېشى قاتتىق ئاغرىپ ئايلىنىپمۇ قالاتتى. شەمسى دەرستىن چۈشكىچە موخۇركا چېكىشكە ئالدىراپ كېتەتتى، ئۇنىڭ باش ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرى ھەر ۋاقىت سارغىيىپ تۇراتتى، توختى تاماكا چېكىشنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ قالغانىدى. توختى ئۆستەڭ بويىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلاپ ئولتۇرسا شەمسى ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— توختى ئۇكە (شەمسى ھەممە بالىلارنى ئۇكە دەپ ئاتاشقا ئامراق ئىدى)، ئۆزۈڭ يالغۇز دائىم ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرىسەن، چوقۇم بىر دەردىڭ بار جۇمۇ، — توختى شەمسىنى كۆرۈپ خىيالىدىن ئويغاندى.

— مېنىڭ نېمە دەردىم بولىدۇ؟ ئۆستەڭگە قاراپ ئولتۇرساڭ ئادەمنىڭ زېھنى ئېچىلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ - شۇ.

— مەن ھازىر بۇ ئۆستەڭ تۈگۈل، دەرياغا قارىساممۇ كۆڭلۈم ئېچىلمايدۇ جۇمۇ، — شەمسىنىڭ گېپىنى توختى چۈشىنەلمىدى.

— دائىم خۇشال يۈرۈيسەنغۇ، شەمسى، كۆڭلۈڭ نېمىگە ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى؟

— ئۇكە، سەن تېخى كىچىكتە، دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن.

— چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن، دەپ باقە، ئاڭلاپ باقاي.

— ئۇكە، ماۋۇ يۈرەككە ئىشىق چاپلاشتى، ئىشىق، — شەمسى شۇنداق دەپ مەيدىسىگە كۈچەپ ئۇردى.

— مەيدەڭگە بوشراق ئۇرۇي، يېرىلىپ كەتمىسۇن يەنە، — توختى شەمسىنىڭ مەيدىسىنى مۇشتلاپ كەتكىنىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەيدەم پاك بولۇپ كەتكىلى نەۋاق، توختى ئۇكە، بۇگۈن كەچ چوقۇم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن، — شەمسى شۇنداق دەپ خىر -خىر كۈلگىنىچە ئاچچىق موخۇركىدىن بىر ئورام يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شوراپ ئىچىگە تارتتى، تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىنىڭ زەربىسىدە قاتتىق يۆتىلىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— بولدى، ئولتۇرۇۋال، — توختى شەمسىنى ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئۇ بىر دەم يۆتىلىپ بەلغەم تۈكۈرۈپ ئىسسگە كەلدى، مەيدىسى غىژىلداپ تۇراتتى.

— ئازراق چىكە، مەيدەڭ غىژىلداۋاتقاندەك.

— سەن مەيدەمدىكى ئۇ غىژ - غىژنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن - دە ئۇكە، بۇ غىژ - غىژ كۆيەك ئوتى، ئۇقتۇڭمۇ؟ — شەمسىنىڭ چىشىنىڭ كاۋىكىدىن شالىلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— كۆيەك ئوتى دېگەن ئاشۇنداق غىژىلدايدىكەن - دە، شەمسى؟ — توختى ئۇنىڭ يۆتىلىپ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كۈلدى.

— ئۇكە، سەن تېخى كىچىك، كۆيەك دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، قىل ئوتتا قانداق كۆيىدۇ، ئادەمنىڭ جېنىمۇ ئاشۇنداق كۆيىدىغان گەپ. مەن بۈگۈن كەچ چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن، — شەمسى گەپ ئارىلىقىدا «ئۆلۈۋالىمەن» دېگەن گەپنى ئىككى قېتىم چىقىرىپ تاشلىدى، توختى باشتا ئېرەن قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى، ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمىگە ئۆلۈۋالىسەن شەمسى؟

— ئۇكە، بۇ ئوتقا راستىنلا چىدىيالمىدىم، بۈگۈن سىنىپتا ئۆلىمەن، ئارغامچىنىمۇ تەييارلاپ قويدۇم، بۇ هارامىلىقنىڭ قىزى شۇنچە قىلسام ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، يا يۈرەكنى سۇغۇرۇپلا ئېلىپ بەرگىلى بولمىسا تېخى.

— سەن ئۇ قىزغا دېگەنمىتىڭ؟

— دېمەمدۇ ئۇكە، هازىرغىچە يازغان خېتىمنى توپلىسا نەچچە توم كىتاب بولىدۇ، هى - هى، — شەمسى كاماك چىشىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى، مەيدىسىدىكى غاژ - غاژ توختىمايتتى.

— ئۇ ئۇنىمىدى - دە، هە راست، ئۇنىڭ دوستلىرىغا دەپ خىزمەت ئىشلىتىپ باقمىدىڭمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن ئۇكە، راستىنى دېسەم بارغۇ ، سەندىن باشقا

ھەممە ساۋاقداشلار دەپمۇ گەپكە كىرگۈزەلمىدى، ھازىر ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ بىر قىز بالىنى دەپ ئۆلۈۋالىمەن دېگىنىڭنى، يەنە كۆتۈپ باقمامسەن، ئۇ سېنى ياراتماپتىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمىكەن؟

— ھازىر مۇھەببەتلەشمەيدىكەن، مۇھەببەتلىششنى ئالىي مەكتەپكە چىققاندا ئويلىشىدىكەن.

— ئۇ سېنىڭ تەلپىڭنى رەت قىلىۋەتمەپتىغۇ، ئالىي مەكتەپكە يەنە ئىككى يىل قالدى، ئىككى يىل دېگەنمۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە يېتىپ كېلىدۇ، شۇ ئىككى يىلغا چىدىماي ئۆلۈۋالىمەن دېگىنىڭنى قارا سېنىڭ، ساڭا باشقىلارنىڭ «لايىغەزەل» دەپ لەقەم قويىغىنى بىكار ئەمەسكەن جۇمۇ.

— مەن ساڭا راستىنى دېسەم ئۇكە، بىر مىنۇتمۇ كۆتكۈچىلىكىم قالمىدى، ماۋۇ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى دەيمەن.

— سېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن ئۇ زادى كىمۇ؟

— كىم بولاتتى؟ سېنىڭ كەينىڭدە ئولتۇرىدىغان شارابەت، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى، يۈرىكى پىژژىدە قىلىپ قورۇلۇپ قالغاندەك بولدى، دىمى سىقىلىپ، تىنىقى تېشىغا تەپمىدى.

— مەن ئۇكە، ۋەسىيەتنامىنىمۇ يېزىپ قويدۇم، ئۇنى ئۇ دۇنيادا كۆتۈپ تۇراي، — توختى شەمسىنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇ ئۆلۈۋالىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى.

— ساڭا نېمە بولدى، ئۇكە؟ ئۇنىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟

— ياق، نەدە ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتتى؟ ئۇ ياق دېمىگەندىكىن كۆتۈپ باقساڭ بولاتتى، ئۆلۈۋالىمەن دېگىنىڭ چىدىماسلىقىڭ، — توختى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى كۆتۈش ئۇچۇن نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى راستىنلا بىلمەيتتى، ئاڭقىرالمايتتى. ئۇنىڭ شارابەتكە كۆيۈپ، مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا ئۇزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ

ئۆلتۇرغانلىقىنى ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۇلارلا بىلەتتى، شەمسىنىڭ قىرىشقاندەك بوگۈن مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا شارايەتكە كۆيۈپ ئۆلۈۋالدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى ئۇنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا ئىتتىرەتتى.

— مەن سەندىن باشقا ھەممە ساۋاقداشقا دەپ بوپتىمەن، ئويلىسام ئۇكە، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويدۇم، ئۆلۈپ كەتسەم سەۋەبىنى بىلىپ قال، ھى - ھى- ھى، — ئۇنىڭ كۈلكىلىرى توختىنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك يەۋاتاتتى.

— سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، بىر قىز بالا ئۈچۈن ئۆلۈۋالمايسەن.

— ئۇكە، ئەتىلا نامىزىمغا بارىسەن.

— ساراڭمۇ سەن، جىنىڭ ئامان بولسا جاھاندا قىز بالا دېگەن جىق، ئۆلۈۋېلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئۇكە ، سەن تېخى كىچىكتە، ئىشقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن.

— ئۇ ياق دېمەپتىغۇ، يەنە ئۈمىد بار دېگەن گەپ، — توختى ھازىر باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى، شەمسىنىڭ مۆرىمەس مىجەزىدىن شۇملۇقنى سەزدى.

— مىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغان يىرىم قالمىدى، ئۆلۈپلا قۇتۇلىمەن.

— سەن يەنە ئويلىشىپ باقساڭ بولاتتى.

— نېمىنى ئويلىشىمەن؟ ئۆلسەملا ئارام تېپىپ قالىمەن.

— بولۇمسىز نېمە ئوخشىمامسەن، ئۆلۈش شۇنداق ئاسانمۇ؟

— ئۆلۈش بەك ئاسان، قاراپ تۇر، — شەمسى بېلىگە باغلىۋالغان ئارغامچىنى كۆرسەتتى، — مانا مۇشۇ ئارغامچا بىلەن مۇرادىمغا يېتىمەن، نەدە ئۆلىدىغىنىمنىمۇ تاللاپ قويدۇم، سىنىپىنىڭ كەينى تورۇسىنىڭ لەمپىسى يامغۇر ئۆتۈپ چۈشۈپ كەتكەن ئىدىغۇ، ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ياغاچقا ئارغامچىنى سالىمەن - دە، ۋاچچىدە ئېسىلىپ ئۆلىمەن، سىناپ باقتىم، ھى - ھى، ئۇكە، ئەتىلا نامىزىمغا بارىسەن.

— ئۆلۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزىنى كىم چۈشۈرەتتى؟ دوۋزىخى بولىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— نېمە بولسام مەيلى، ھازىرقى مۇشۇ ئازابتىن ياخشىراق ئۇ، ھى - ھى- ھى.

— تولا مىدە ئېشەكنىڭ بىر نېمىسىدەك كۆلمىگىنە، سەن لۆم - لۆمنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بوگۇنچە تۇرۇپ تۇر، مەن بىر خىزمەت ئىشلەپ باقاي، قانداق؟ — توختى ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى، شەمسىنىڭ قارىداپ كەتكەن چىرايىدىن ھاياتلىقنىڭ نۇرى كۆرۈنەتتى.

— ئۇكە، مېنى چالمىغىنە، ئۇ ساراڭنىڭ قىزى سېنىڭ دېگىنىڭگە ئۇناما؟

— بۇنى كېيىن بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— بىر كۈن كەينىگە تارتىلسا جېنىمنىڭ نەچچە ھەسسە كۆيىدىغىنىنى ئۇقمايسەن - دە، ئۇكە.

— ئۇكە - پۇكە دېگەن گېپىڭنى يىغىشتۇرۇپ تۇر، مەن دەپ باقاي، ماقۇلما؟

— ئۇنداقتا، بوگۇن كەچلىك مۇزاكىرىدە دەپ باق، — توختىنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈملا پۇراپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇنىڭغا ماقۇل دېدى.

توختى پارتىسىدا ئولتۇراتتى. كۆزىنىڭ شامىلى بوگۇن كەچ كۆچەپ قالغانىدى، شامالنىڭ تەسىرىدىنمۇ بوگۇن كەچلىك مۇزاكىرىغا شەھەردە ئۆيى بار ساۋاقداشلار كۆپىنچىسى كەلمىگەنىدى. ئۇ ھەدەپ ئىشىككە قارايتتى. كارىدورغا شامال ھۇجۇم قىلىپ دەرسخانا ئىشىكىنى تۇيۇقسىز ئېچىۋېتەتتى. توختى جايىدا ئولتۇرالماي ئىشىك تۈۋىگە نەچچە قېتىم چىقتى، شارابەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئەڭ ئاخىردا ئولتۇرغان شەمسىگە پات - پات قاراپ قوياتتى، شەمسى خۇددى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. توختى ئاخىر دەرسخانىدىن چىقىپ مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. قىرىشقاندەك شامال تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆچەپ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى شاراقشىتىپ تۆكەتتى. توختى دەرۋازا چىرىغى ئاستىدا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلايتتى. ئۇ خۇدادىن شامالنىڭ توختاپ كېتىشىنى تىلىدى،

شامالنى كاللىسىغا ئەكىلىشىگە دەرەخلەرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازلىرى قۇلىقىغا ئاڭلىناتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى دوغا تىكتى، ئىككى خاس ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ ئون قېتىم ئازماي دېسەم شاراپەت چوقۇم كېلىدۇ، ئەگەر ئېزىپ كەتسەم كەلمەيدۇ دەپ سىناپ كۆردى، «تاختا ـ پاختا، پاختا ـ تاختا، تاختا ـ پاختا، پاختا ـ تاختا، تاختا ـ پاختا...» ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئىچىدە شۇنداق دەۋاتقاندا، ئاۋازى ئۈشتۈمتۈت تېشىغا چىقىپ كەتتى.

— توختى، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ بوراندا جىن تاسقاپ قويمىغاندۇ سېنى؟ — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ تۇردى، شاراپەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھەنىم بولسا كەلدىڭ، — ئۇنى كۆرۈپ توختىنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېقىپ، بەدىنى بوشاپ كەتتى، ئادەم مۇشۇنداق جان ئۈزىدىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، شاراپەت ئۇنىڭ نېمىشقا تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى، جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى.

— مېنى ساقلاپ تۇرغانمىتىڭ؟

— ھەئە، — توختىنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى، ئۇلار دەرۋازا ئالدىدىن دەرسخانا تەرەپكە ماڭدى. توختى ئەمدى ئۇنى كەلمىسچۇ دەپ ئويلايتتى.

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى، بۇ يەردە ساقلاپ كەتكۈدەك؟

شاراپەتنىڭ يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى، چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ ئىشى ئۈچۈن سېنى ساقلاپ تۇرغاندىم، — توختى ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقانلىقىنى، تىلىنىڭمۇ ئىششىۋاتقانلىقىنى بىلدى، شاراپەت توختىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— كىمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىزدىگەن؟ — شاراپەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاۋازى تېشىغا چىقماي قالدى، ئۇ تىلىم تۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى، شاراپەتكە قاراپ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ قانىتىۋالدى، لېۋىدىن چىقىۋاتقان قاننى تۈيمىدى، ئەتراپ قاراڭغۇ

بولغاچقا، شاراپەتمۇ ئۇنىڭ لېۋىدىن سىرغىپ ئاققان قاننى كۆرمىدى.
— كىمنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئىزدىگەنىدىڭ، توختى؟ گەپ قىلماي تۇرىسەنغۇ، — شاراپەت ئۇنىڭ تاياقتەك تۇرقىغا قاراپ تۇردى.
— مەن... مەن سىنى شەمسىنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئىزدىگەن، — توختى ئۆزى مەڭگۈ خالىمايدىغان گەپنى ئىغىزىدىن چىقاردى، شاراپەت ئۇنىڭغا نەشتەردەك سانچىلىپ قاردى. ئەگەر قاراڭغۇ بولمىغان بولسا، بۇ قاراشتىن توختىنىڭ يۈرىكى پوكۈندە ئىتىلىپ كەتكەن بولاتتى.
— ئۇ سىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن، — شاراپەت ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلىماي، بۇ توختىمۇ، ئەمەسمۇ دەپ قاراپ تۇراتتى. توختى گەپنى باشلاپ مەيدىسىدە تۇرۇۋالغان غايەت توپىنىڭ ئاستا - ئاستا تاراۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدى.
— سەن توختىمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ؟ — شاراپەت كاللىسىغا كىلىپ قىيناۋاتقان گەپنى دىدى.
— مەن سىنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى بىلىۋاتىمەن، ئەمما ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئەڭ مۇھىم، ئۇ بۈگۈن ئۆلۈۋالماقچى، مەن ئۇنى توسۇپ تۇرۇۋالدىم، ئۇ سىنى جىنىدىنمۇ ئارتۇق بىلىدىكەن، بۈگۈن ئۇنىڭغا ماقۇل دىمىسەڭ ئۇ چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، — شاراپەت توختىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ نىمە دىيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. توختىنىڭ بىشى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى.
— شاراپەت، سەن ئۇنىڭغا ماقۇل دە بولامدۇ؟
— ئۇ مىنى ياخشى كۆرىدىغىنى راست ، ئەمما مەندە ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ھىسسىيات يوق تۇرسا، سەن ئۇنىلا ئويلاپ مىنى ئويلىمىدىڭمۇ؟— شاراپەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.
— ئۇنى ئاستا - ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، ئاۋۋال ماقۇل دىگىن.
— قىلچىمۇ ھىسسىياتىم بولمىغان بىر ئادەمگە مىنى زورلىماقچىمۇ سەن؟ كەچۈر، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — شاراپەت گىپىنى كەسكىن قىلىپلا دەرسخانىغا كىرمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆيگە كەتمەكچى

بولۇۋىدى، توختى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.
— سەن ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى خالامسەن؟
— ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق!
— نېمىشقا ئالاقىسى يوق، ئۇ سېنى دەپ ئۆلمەن داۋاتسا.
— ئۆلسە ئۆلمەمدۇ! ئالدىمنى توسما....
— ئۇنداق قىلما، تاش يۈرەكلىك قىلساڭ كېيىن بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىسەن، بىر جاننىڭ بېشىغا چىقىش ئىككى دۇنيالىق گۇناھ، سەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئارىلىشىپ باقمامسەن.
— مېنى زورلىما دەيمەن، — شاراپەت يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى.
— ئۇ چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، ماڭا ئىشەن، ئۇ ئۆلۈۋالسا ئۆزۈڭگە ئەڭ چوڭ ئازاب بولىدۇ، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە نائىل بولالماي ئۆلۈۋاپتۇ دېيسە، بىر ئۆمۈر يۈرىكىڭدە داغ بولۇپ قالىدۇ، نامىڭغىمۇ شۇنداق، بۇ ئىشقا ئېرەن قىلماي كېتىپ قالساڭ، بىر ئادەمنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
— توختى، ھەي... توختى مېنى زورلىما.
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلما، شاراپەت، ئۇ بۈگۈن چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇنىڭغا ماقۇل دە، — شاراپەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىدىماي ئۇنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ماڭدى، توختى يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتۇۋالدى.
— قويۇۋەت، بولمىسا ۋارقىرايمەن جۇمۇ.
— ۋارقىرا، ۋارقىرىمامسەن!! — توختىنىڭ ئاۋازى ناغرا چالغاندەك چىقتى، شاراپەت ئۇنىڭغا قاراپ لېۋىنى چىڭ چىشلىدى.
— سەن پۇشايمان قىلمامسەن؟
— مەن سېنى ئۇنىڭچىلىك ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن، ئۇ سېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، ماڭا ئىشەن.
— سەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى دەپلا تۇرۇۋالما، مېنىمۇ ئويلاپ قوي، كۆڭلۈمنى چۈشىنىۋاتامسەن، توختى؟

— چۈشىنىۋاتىمەن، مەن سېنى ئۇنىڭچىلىك بەختلىك قىلالمايمەن، مەن ئۆزۈمنى ئوبدان چۈشىنىمەن، كۆڭلۈم تۇراقسىز ئادەم مەن، شەخسىيەتچىلىكىم كۈچلۈك، سەن ئىزدىگەن، خىيال قىلغان ھەقىقىي مۇھەببەتنى شەمسىدىن كۆردۈم، — توختى مۇشۇ گەپلەرنى داۋاتقاندا پۈتۈن ئەزايىغا ئۆرۈلگاندەك بولۇپ كەتتى. شارابەت توختىنىڭ چىرايىغا نەپرەت بىلەن قارىدى، چىشلىرىنى قوناق يېگەن ئاتتەك كاراسلاتتى. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندى، كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، توختى قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قالدى، دەرسخانىلارنىڭ چىرىقى ئۆچكىلى تۇردى. ئۇ چىراغلارنىڭ ئۆچۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شارابەتنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— يۈر چاپسان، سىنىپقا كىرىلى، ئۇ سىنىپتا ئۆلتۈۋالماقچى بولغانىدى، — توختى شارابەتنى سىنىپ تەرەپكە تارتتى. شارابەت جايىدا چىڭ تۇرۇۋالدى، كەچلىك مۇزاكىرىدىن يانغانلار بوگۈن ئاز بولغاچقا ئۇلارنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىغا ھېچكىم زەن سالمايتتى، بورانمۇ كۈچەپ قالدى، باللار ياتاق ۋە ئۆيلىرىگە ئىتتىك كېتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈگۈرۈشتى.

— مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، گېپىمگە كىرگىن، شارابەت، يەنە تۇرۇۋېرىدىكەنسەن، ئۇ چوقۇم ئۆلۈۋالىدۇ، ماڭ دەيمەن، — توختى ئۇنى كۈچەپ تارتتى، شارابەت بارغانچە بوشاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ توختىنىڭ كەينىدىن سۆرۈلۈپ ماڭدى، توختى ئۇنى قويۇپ بەرمەي دەرسخانا تەرەپكە تارتىپ تەرلەپ كەتتى. قويۇپ بەرسىلا ئۇنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئۇلار كارىدورغا كىردى، توختى ھاسىراپ كەتتى.

— سەن پۇشايمان قىلمامسەن، توختى؟ — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپمۇ نېپتىدىن يانمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى شەمسىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى.

— پۇشايمان قىلمايمەن، — ئۇ دەرسخانا ئالدىغا كەلگەندە شۇنداق دېۋىدى، قاراڭغۇدا بىر شاپىلاق بۇرنى بىلەن ئېغىزىغا تەگدى. توختى

ئۆنىڭ شاپىلىقىغا پىسەنت قىلمىدى، ئەمەلىيەتتە توختىنىڭ ئىغىز - بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتكەنىدى، توختى دەرىخانىنىڭ ئىشىكىنى تىپىپ ئاچتى، شەمسى پارتىلارنىڭ ئۈستىگە پارتا قويۇپ سىنىپنىڭ يامغۇر ئۆتۈپ چۈشۈپ كەتكەن يېرىدىكى ياغاچقا ئارغامچىنى سىلىپ ئۆنىڭغا ئېسىلاي دەپ تۇرغانىدى، داراگىسىدە ئېچىلغان ئىشىكنىڭ زەربىسىدە شەمسى ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى، توختىنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى...

توختى ئولتۇرغان ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئاشۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولدى، ئېغىز - بۇرنىنى سىلاپ كۆردى. بۇرنى ئېچىشىپ ئاغرىغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ نېمىشقىدۇر يېنىك كۈلۈپ قويدى، ھاراقنىڭ تەسىرى تۈگەپ كەتكەندى، تۇرۇپلا شەمسى بىلەن شاراپەتنىڭ ئىشلىرىنى قانداقسىگە ئويلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. تۈن تەڭ بولغاندەك تۇيۇلدى، كۆزنىڭ كەچكى ھاۋاسى ئۇنى خېلىلا سەگىتىپ قويغانىدى، بەدەنلىرى تۈگۈلاپ ئېچىشىۋاتقاندەك بولۇپ، دولىسىنى قورۇدى. ئۆيگە كىرىپ كېتەي دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئىككىلى پۇتى سىرقىراپ تۇرالمىدى، ئالىقانلىرىغا بىر نېمە سانچىلغاندەك بولۇپ پۇتىنى پەي - پەيلەپ كەتتى، پۇتىنىڭ سىرقىراشلىرى ئاستا - ئاستا تۈگىدى، بۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن دەپ ئويلىدى.

توختى پۇتىنىڭ سىرقىرىشىنى تۈگىتىپ، بەدەنلىرىنى رۇسلىۋىدى، باغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى ئاستا ئېچىلدى، توختى ئۇ دېرىزىنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۆزىنى ئۆرۈك دەرىخىگە چاپلاپ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولدى. بىر باش دېرىزىدىن چىقىپ ئەتراپىنى كۆزەتتى، دېرىزىدىن چىققان چىراغ نۇرى ئۇ يوچۇن ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۇ يوچۇن ئادەم دېرىزىنىڭ بىر قانىتىدىن يانتۇ بولۇپ يامىشىپ چىقتى، يەرگە قارىدى - دە، يەنە سىرتنى كۆزىتىپ كۆڭلىنى تىندۇرۇۋالدى، ئاخىر مۈشۈكتەك

ئىداره تەرەپتىكى باغقا پوككىده سەكرىدى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن دىرىزىدىن سەكرەشتە خېلى تەجرىبىسى بارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. يوچۇن ئادەم دىرىزىدىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ زوڭزىيىپ بىر دەم ئولتۇرۇۋالدى. توختى ئۇنى غۇۋا كۆزىتىپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تۇراتتى. يوچۇن ئادەم بېشىنى پەسكە ئېگىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كېلىپ، بىنا ئالدىدىكى يوغان ئارچا دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، ئەتراپىنى ئىنچىكە كۆزەتتى. دىجورنىخانىدىكى چىراغمۇ ئۆچۈپ بولغانىدى، قادىر كۆك كۆزىنىڭ خورىكى سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، يوچۇن ئادەم پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغانىدى، ئۇ ئارچا دەرىخى ئارقىسىدىن چىقىپ توختى تۇرغان باغ تەرەپكە يېنىك دەسسەپ ماڭدى. توختى ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈتۈپ قويماي دەپ ئۆرۈك دەرىخىگە چىڭ چاپلاشتى، يوچۇن ئادەم شەپە چىقارماي خالا تەرەپكە ماڭدى، توختىنىڭ جىددىيچىلىكى ئەزۋەيلىگىلى تۇردى، باياتىن بېرى كەلمىگەن يۆتەللىرى قىستىغىلى تۇردى، نەپەسلىرى كۆچەپ قۇلىقىغا خېلى چىڭ ئاڭلاندى. توختى بىر قولى بىلەن ئېغىزىنى چىڭ ئېتىۋالدى، يوچۇن ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختاپ قالدى، توختى يۆتىلىۋېتەي دەپلا قېلىۋىدى، بۇرنى قىچىشىپ چۈشكۈرۈك يامىشىۋالدى، كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، يوچۇن ئادەم توختى تۇرغان تەرەپكە خېلى قارىدى، توختىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆڭلى تۇيغانىدەك بولدى، توختى تەرەپكە بىر قەدەم ئېلىپ يەنە توختاپ خالا تەرەپكە ئىتتىك مېڭىپ كەتتى، توختى جايىدىن قىمىرلىماي تۇردى، يوچۇن ئادەم كۆزدىن غايىب بولۇشىغا باياتىن بېرى قىستىغان يۆتەل بىلەن چۈشكۈرۈكمۇ تۇگەپ كەتتى، ئۇ ئاغزىنى ئېتىۋالغان قولىنى ئېلىۋېتىپ ئەركىن نەپەس ئالدى، ئۇ چوقۇم مېنى كۆزىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ بۇرۇنقىدەك تۇرۇۋەردى، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆرۈك دەرىخىدىن ئۆزىنى تارتىپ يوچۇن ئادەم كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدى، قەدەملىرى تەكشى ئەمەس

ئىدى، ئۇ قەدەملىرىنى خېلى تەستە رىتىمغا چۈشۈردى. ئۇ بۇ يوچۇن ئادەمگە بۇرۇنمۇ قىزىقىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ زادى كىملىكى ئىچىنى پۇشۇرۇپ كەلگەنىدى، بۈگۈن بۇ يوچۇن ئادەمنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك، ئۇ زادى كىم، بۇ كېچىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دېگەنىدەك سوئاللار كاللىسىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، ئۇ خالا تەرەپتىكى تار يولغا كىرىپ يەنە تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا تەتۈر تۇيغۇ پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كىم بولۇشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ ئۆتكەندە ئۇنى پايلاپ ئېلىشىپ قالغىلى تاسلا قالدىم، بۈگۈن يەنە ئۇنى پايلىسام ياخشىلىقتىن يامانلىق جىقتەك. بولدىلا، ئۆيگە كىرىپ پوككىدە ئۇيقۇمنى ئۇخلايچۇ، ئالىمادىس بىر ئىش چىقىپ قالمىسۇن..... دېگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. «ئۇ بۈگۈن يەنە كۆرۈنمىسە قانداق قىلغۇلۇق.» ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە چېچىلغىلى تۇردى. ئۇ تۇرغان جايىدا تۇرۇۋېرىشنى خالىمىدىمۇ، ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، خالانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇرۇنقىدەك خالاغا كىرىپ ئاختۇرۇپ باقاي دېگەننى ئويلاپ، ئاۋۋال ئەرلەر خالاسىغا كىردى، ھەر بىر ئوقۇرغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ چىقتى، ئاياللار خالاسىمۇ كىردى، يوچۇن ئادەم يەنە غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ تەتۈرلۈكى گۇچچىدە تۇتتى، خالانىڭ ئالدىدا يوچۇن ئادەمنىڭ قەيەرگە بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى چوڭقۇر ئويلىدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا رەشىدە كەلدى، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشنى مەقسەت قىلغان دەپ جەزم قىلدى. ئۇ روھىي ھالىتىنى بىر قۇر تەڭشىدى، قەدەملەرنى سىناپ باقتى، رەشىدەنىڭ ئۆيى تەرەپكە تىۋىش چىقارماي مېڭىپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپتىكى تانىققا يېقىنلاشتى، قۇلىقىغا گۈرۈڭ ـ گۈرۈڭ قىلغان بىر تىۋىش ئاڭلاندى، توختى بۇ تىۋىشنى ئاڭلاپلا قەدەملىرىنى توختاتتى، تامنىڭ تۈۋىگە چاپلاشتى، تام بېغىرلاپ بىر قەدەمدىن، بىر قەدەمدىن تىۋىش چىققان تەرەپكە يېقىنلاشتى، توختىنىڭ قۇلىقىغا يوچۇن ئادەمنىڭ ئېھتىيات بىلەن دەۋاتقان بوش ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــــ رەشىدە، ئۇنداق قىلماي ئىشىكىڭنى ئاچ، دېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي.

— تولا كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرماي كىرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا.

— نېمانداق قىلىسەن، مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىم ئاسانمۇ، ساڭىمۇ تۇرمۇش كېرەك، بىر مائاش بىلەن قىينىلىۋاتىسەن، ماڭا ماقۇل بولساڭلا بارلىق يۈكىڭنى تارتىشقا تەييارمەن، جېنىم.

— ۋېيەي، قانداق ئادەمسەن؟ بىر ئىدارىدا دەپ يۈزۈڭنى قىلىۋاتىمەن ئۇقتۇڭمۇ، كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇپ جېنىم دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ كۆيدۈرگىنىڭ.

— نېمە دەپ تىللىساڭ مەيلى، ئىشىكىڭنى بىر ئېچىۋەت.

— ماۋۇ باللىرىم ئويغىنىپ كەتمىسۇن، ئۇقۇپ قالمىسۇن دېمىسەم، چاۋاڭنى چىتقا يايىاتتىم، باللىرىمنى دەپ سېنى ئاياپ قويۇۋاتىمەن چاپسان يوقال.

— مەن مۇشۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە تۇرىمەن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قانچە پۇل دېسەڭ بېرەي، ئۇنداق قىلما.

— سەن تولا چۆچۈرنى خام سانىماي يولۇڭغا ماڭ، خەپ... باللىرىم ئۇقۇپ قالمىسۇن دېمىسەم قېرى شەرمەندە تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزىۋېتەتتىم.

— سېنى ئويلاپ ساراڭ بولاي دېدىم، ئۇنداق قىلما، نېمە دېسەڭ بېرەي، مانا 500 سوم، 1000سوم... ئۇنداق قىلماي ئىشىكنى ئاچقىن دەيمەن، يۈرەك پارەم، — توختى يوچۇن ئادەمنى تونۇدى، بۇ دەل تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئىدى، ئۇنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ توختى كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالسىمۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ جىم تۇردى.

رەشىدە تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ لەت يېمەيدىغىنىنى بىلىپ يەتتى، ئۇنىڭ زارلاشلىرىغا پەرۋا قىلماي جىم تۇرۇۋالدى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۇنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ چوقۇم يۇمشاپ قالدى دەپ ئويلىدى. شەيتىنى بېشىغا مىندى، ئىشىكنى ئاستا - ئاستا ئىتتىردى، ئىشىك ئېچىلمىدى. رەشىدە باللىرىنىڭ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى

بىلىپ ئۆزىنى يوتقانغا يۆگەپ بوغىنىقىپ يىغلاپ كەتتى. يولدىشىنى قارغاپ تىللىدى، ئايال خەق دېگەن قانداق قىلسا ئاجىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى، ھەممە ئەزايى بوشاپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ بىر شەيتىنى نوغۇچ بىلەن بۇ كۆيدۈرگىنى تازا سال دېسە، يەنە بىر شەيتىنى باللىرىڭ ئۇقۇپ قالسا سەت تۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، چوقۇم سەۋر قىل دەيتتى. ئىشىك يەنە تىرىقلىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە دېرىزە تەرەپتىن ئىشىك تۈۋىگە كەلگەنىدى، رەشىدەنىڭ مېڭىسىنى چوڭ بىر قۇرت غاجايتتى. ئىشىك ئېچىلمىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە دېرىزە تۈۋىگە يەنە كېلىپ، دېرىزىنى بوش ئۇرۇپ قويدى. رەشىدە بېشىغا يوتقاننى ئورىۋالغان بىلەن ئۇنىڭ ئەس ـ يادى دېرىزە سىرتىدا ئىدى، ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەم تىۋىشى مېڭىسىگە يىڭنىدەك سانچىلاتتى، ئۆزىنىڭ شور پېشانىسىگە ئېچىنىپ يىغلاي دېسمۇ ياشلىرىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ـــ رەشىدە ئۇنداق قىلما، ئىشىكنى ئاچ، ـــ تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

رەشىدەنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ گەپلىرى كىرسىمۇ تىۋىش چىقارمىدى، ئۇ ئۆزى توغرىسىدا ئويلايتتى، باللىرىنى ئويلايتتى، ئۇنىڭ شەيتىنى ھەدەپ كۈچىگىلى تۇردى، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىسىغا چىقىپ نوغۇچ بىلەن قىڭراققا قاراپ تۇردى، باللىرىم يېتىم قالارمۇ دېگەن ئوي كاللىسىغا مىختەك قېقىلىپ قالدى. ئۇ ئاخىر قولىغا نوغۇچنى ئېلىپ كۆرۈكۆلۈكنى كۆرمەكچى بولدى، نوغۇچنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە قۇلىقىنى دېرىزىگە تاقاپ ئىچىدىكى تىۋىشلەرنى سېزىپ تۇردى، ئۇ رەشىدەنىڭ باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدى، دېرىزىنى يەنە چەكتى.

ـــ رەشىدە، ئۇنداق قىلما، ـــ ئۇ بوش ئاۋازدا يالۋۇراتتى، ئۆينىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن

سۆزۈك سۇدىكى بېلىجانلاردەك پىلىتىڭلاپ كەتتى، «ئۇ چوقۇم ئىشىك تۈۋىدە، بۈگۈن ئۆزۈڭدىن بىرى كۈتكەن ئارمىنىمغا يېتىدىغان بولدۇم، خەپ، ئالىلتۇۋاڭنى چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام، بۈگۈن بىر قېتىملا ماقۇل كەلتۈرۈۋالسام ئالەم مېنىڭ، باشقا يەرگە شاپاشلاپ ئاۋارە بولمايمەن، سەن قانجۇق ئەجەب يالۋۇرغۇزدۇڭغۇ، غوجىكاڭنىڭ يامانلىقىنى بىر كۆرۈپ قوي، ئەتىدىن تارتىپ يەنە بارمۇ دېگۈزگۇدەك تېتىتىپ قويمىغىنىمنى كۆرۈپ تۇر، سادىق قىلىنىرىق بەرگەن كۈملاچتىن بىرنى يېۋالاي.» تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئىش پۈتتى دەپ ئويلاپ يانچۇقىدىكى كۈملاچنى ئاغزىغا سېلىپ ئىتتىك چايناپ يۇتۇۋەتتى، كۈملاچ قىرتاق بولغاچقا كانىيىدىن تەستە ئۆتتى، ئۇ ئىتتىك ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

— رەشىدە، سەن بارمۇ؟ ئۇنداق قىلماي ئىشىكنى ئاچ، نېمە دېسەڭ مەن تەييار، مۇندىن كېيىن توققۇزۇڭ تەل بولىدۇ.

— راستىما؟

— ئەزىبىرايى خۇدا چوقۇم.

— مەن نېمە تەلەپ قىلسام ھەممىنى بېرەسەنغۇ.

— جېنىمنى دېسەڭمۇ ياق دېمەيمەن،

رەشىدەنىڭ جېنى ئاخىر تۇمشۇقىغا كەلدى. توختى رەشىدەنىڭ بوشاپ ماقۇل كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى، ئۆزىنى ماراقچى، قىلتاقچىدەك سەزدى، ئەمدى ئاستا ئۆيۈمگە كىرىپ ئۇخلايچۇ دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ قالدى.

رەشىدە قولىدىكى نوغۇچنى چىڭ قامالاپ پۈتۈن ئەزايىنىڭ جۇدۇندا جاقىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— چاپسان بول ، بىرى چىقىپ قالمىسۇن.

— مانا ئالدىرىماي تۇر، ھازىر ئاچىمەن، — رەشىدە جېنىدىن تويدى، بىر قولىدا ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى جەبدەسلىك بىلەن ئېچىپ نوغۇچنى قوش قوللاپ بىر چەتتە تۇردى.

— ئىشىكنى ئاچامسەن.

— كىرە، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئېچىۋەتتىم.

تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئىشىكنى ئاستا ئىتتىردى، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى. ئۇ ھويلىغا لىككىدە كىرىشكە كاللىسىغا «ۋاڭ» قىلىپ نوغۇچ تېگىۋىدى، پۈتۈن دۇنيا پىرقىراۋاتقاندەك بولدى، نوغۇچنىڭ زەربىسىدە تۇرسۇن كۆيدۈرگە ۋايجانلاپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىدى، رەشىدە نوغۇچ بىلەن ئۇنىڭ كەلگەن يېرىگە دۇمبالاشقا باشلىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ ئارقا مېڭىسى يېرىلىپ قان ئېتىلىپ چىقىپ ھەممە ئەزايىنى بويىۋەتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە ئېسىنى يوقاتمىغانىدى، ئۇ تۇرۇۋەرسەم ئۆلۈپ كەتىمەي دېدى، نەگە قېچىشنى بىلمەي نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ پوككىدە يىقىلدى، رەشىدە «ئۆلە قېرى سولامچى» دەپ چار سوققاندەك بەللىرىگە ئايىماي ئۇردى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە يەرنى تاتىلاپ يۈرۈپ تاياقتىن ئۆزىنى ئەپقاچاتتى، ئۇنىڭ قانغا بويالغان كۆزىنى ئىشىككە تىكتى-دە، بار كۈچى بىلەن ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ، سىرتقا قانداق چىقىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى، «قۇتۇلدۇم» دەپ ۋايجانلاپ خالا تەرەپكە دەلدەڭشىپ يۈگۈرۈپ ماڭدى. توختى ئۇنىڭ قېچىپ ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تامغا چاپلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ توختىنى كۆرمىدى. رەشىدە ئىشىك تۈۋىدە ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. تۇرسۇن كۆيدۈرگە خالادىن ئۆتۈپ پالاققىدە يىقىلدى، توختى ئۇ چوقۇم ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. رەشىدە ئۇنىڭ قارىسى يىتكەندە ھويلىسىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى. توختى تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسىتىنى كۆرۈپ قالماي دەپ ئايلىنىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

توختى ئۆيىگە كىرىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، «ئۇ ئۆلۈپ قالغانمىدۇ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ، خالا تەرەپكە باردى، ئىنس-جىن كۆرۈنمەيتتى، ھەممە يەرنى بوش قويماي تىنتىپ چىقتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ قارىسمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ دېجورنىخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قادىر كۆك

كۆزنىڭ خورىكى ئىت تالاشقاندەك نەرە تارتاتتى. ئۇ تۇرسۇن كۆيدۇرگە سەكرەپ چۈشكەن دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردى. دېرىزە ھەم ئېتىكلىك كۆرۈندى. تۇرسۇن كۆيدۇرگە كۆرۈنمىگەنسېرى توختىنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى، بايا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى، يۈرىكى دۈپۈرلەپ سوقۇشقا باشلىدى، بەدىنىمۇ قورۇندى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپ يوتقانغا كىرىۋېلىپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، نېمىدىن مۇنچىۋالا ئۈركۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى، يوتقاننى بېشىغا يۆگىۋالغانلىقىنى سەزدى، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

※ ※ ※

ئىدارىدىكى سولغۇنلۇق كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ، ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە دۈشمەندەك قارىشاتتى، بىر - بىرىگە ئىشىنىش دېگەندىن ئەسەر قالمىغانىدى. كۆز ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكمە بولدى، ئىدارىنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى باغدا غازاڭلار ئېرىق - قىرىملارغا لىق تولدى. توختى بۈگۈن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئازراقلا ناشتا قىلىپ ئۆيىدىن چىقتى، ئۇ ئىدارىنىڭ ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينايدىغان مەيدانىدا ئۆزى يالغۇز تۇردى. توختىنىڭ ئېسىدىن ئاخشامقى ئىشلار تېخىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى، ئۇ توختىماي ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىرگەن ھەر بىر ئادەمگە زەن سېلىپ، تۇرسۇن كۆيدۇرگىنى ئىزدەيتتى، بىردىن، ئىككىدىن كىرىۋاتقان ھەر قانداق ئادەمنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارايتتى. قادىر كۆك كۆز توختىنى كۆرۈپ چىقىر كۆزلىرىنى پاللىدىتىپ قېشىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، توختى، ياخشى تۇرۇپسەنمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇداغا شۈكۈر، — توختى ئۇنىڭغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ ھەرىكەت قىلغان بولۇپ غۇلاچلىرىنى كېرىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

— بۈگۈن ئاسپىجان چېگرادىن ئۆتۈپتۇ، — قادىر كۆك كۆز توختىغا يار يىلىمدەك چاپلاشقانىدى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ:

— شۇنداقمۇ، — دەپ يەنە ماڭدى.

— ئاڭلىسام، چېگراغا چوڭ تىپتىكى بەش «كاماز» ئاپتوموبىلىنى ساق - سالامەت ئېلىپ كەپتىكەن، بىرىنى ماشىنا ھەيدەپ كەلگەن شوپۇرلار ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغىمۇ ئەتىۋار توختىدى دېگىنە، ھەممىنى ساق - سالامەت ئېلىپ كىرگەن بولسا، قەرزگە بويلاپ خېلى ئاشىدىكەنتۇق. ھەي ئىسىت، — قادىر كۆك كۆز ئېغىر ئازابلانغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئېڭىكىنى تۇتتى. توختى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بىلەن پۈتۈن ئېسى تۇرسۇن كۆيدۈرگىنى ئىزدەش بىلەن ئىدى.

— ئاسپىجان غونچىۈن ئازابىنى تارتىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىدارە گېزىتتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى جاكارلىۋەتتى. پولاتخان دېگەن مەلئۇن ئىدارىنى ئوڭدا قويۇپ نەگىدۇر غايىب بولدى ئەمەسمۇ، شۇڭا بۇلار قورقۇپ كەتتى. بىچارە ئاسپىجانكام ئالدىمغا ئادەم چىقىرىڭلار دەپ ئىدارىغا نۇرغۇن تېلېفون ئۇرغانىدى، بىرسىمۇ قۇلاق سالمىدى، ئىدارە ئادەم چىقارغان بولسا ھەممە ماشىنا ساق - سالامەت كىرەتتى، يېرىم يىل كىشىنىڭ يۇرتىدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ قولغا ئالغان ماشىنىكەن ئۇ... قەرز ئىگىلىرى ئىدارىغا سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ باشلىقلارنىڭ بېشىنى ئوچاق ئىتىۋەتكەن، ئۇ كىرىشى بىلەنلا قەرز ئىگىلىرى چوقۇم ئىدارىنى بېشىغا كىيىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پولاتخانغا كېپىل بولۇشقان ئەمەسمىدى، قەرز ئىگىلىرى ئىدارىنىڭ 15 كىشىلىك ئاپتوموبىلىنى ئېلىپ كېتىشتى، ھېلىمۇ ياخشى، ئىدارىنىڭ كۆمۈر توشۇيدىغان «شەرق شاملى» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەربىي رايوننىڭ ماشىنا ساقلاش ئىسكىلاتىغا ئەكىرىپ

قويۇپتىكەن، بولمىسا ئۆزىمۇ ئېلىپ كېتەتتى. ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغانــدا، ئىــدارە بانكىــدىن قەرز ئېلىــپ ئــۇ قويمىچىنىــڭ قەرزىنــى قايتۇرارمىش، جاھان تەتۈر بولۇپ كەتتى دېگىنە، توختى. پولاتخان ئــۆز نامىــدىن قىرغىزىــستانغا چىقــسا ئۆزىگىــا ئىــگە بولۇۋالــدى. مــاۋۇ ئىــدارە باشلىقى جاپپار بىلەن ئاسىپجانلارنى ئــۆزى تەيىنلەپ چىقىرىــپ ئەمدى كەلگەنــدە، ئىــدارىنىڭ ئــۇلار بىــلەن ھېچقانــداق ئالاقىــسى يــوق دەپ ئۆقتــۇرۇش چىقــاردى دېگــنە. ھېلىمــۇ قەرز ئىگىلــىرى بىــز ئىــدارىنىڭ تامغىسىغا ئىشىنىپ پۇل ئۆتكۈزگەن دەپ ئاسىپجان يېزىــپ بەرگەن قەرز ھۆججەتلىرىدىكى قىزىل تامغىنى زامانباينىڭ كــۆزىگە تىقىــپ قىلمىغاننى قىلىشتى.

قــادىر كــۆك كــۆز توختىنىــڭ كەينىــدىن ئەگىــشىپ مېڭىــپ نۇرغــۇن گەپلەرنى دەۋەتتى. توختى ئۇنىڭ ئاغزىغا قــاراپمۇ قويمىــدى، قــادىر كــۆك كۆزنىــڭ دەيــدىغان گېپــى تۈگىــدىمۇ يــاكى توختىنىــڭ پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىمۇ جايىــدا توختــاپ قالــدى، تــوختى بىــر جايــدا تۇرمــاي ھەرىــكەت قىلىــپ ئايلىنــاتتى. رەشــىدە ئۆيىــدىن خېلــى بــۇرۇنلا چىققانــدى، توختىنىــڭ ھەرىكەتلىــرىگە، قادىرنىــڭ توختىمــاي ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ سۆزلەشلىرىگە قاراپ كۈلۈپ تــۇراتتى. قــادىر كۆك كۆز رەشىــدەنىڭ ئــۆزىگە قــاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كــۆرۈپ تېرىكتــى، ئىچىــدە رەشــىدەنى سەت تىللاپ دىجورنىخانىــا تەرەپــكە كەتتــى. رەشــىدە قــادىر كــۆك كۆزنىــڭ كەتكەنلىكىنــى كــۆرۈپ توختىنىــڭ يېنىغــا كەلــدى. ئۇنىڭ بەللىرى ئېگىلىــپ كەتكەنــدى، تــولا كۈلــۈپ كۆزىــدىنمۇ ياشلار قۇيۇلــۇپ تــۇراتتى، قــولى بىــلەن ئېغىزىنــى تۇتۇۋالــسىمۇ كۈلكىــسى توختىمايتتى، توختى ئارقىسىغا قاراپ توختىدى.

— بىچارە كۆك كۆز شۇنچە گەپ قىلىپ ھېرىــپ كېتىۋاتــسىمۇ قونــاق بېرىپ قويمايۋاتقىنىڭنى سېنىڭ، تــولا كۈلــۈپ بــېلىم ئۈشــتۈلۈپ كېــتەي دېدى، — توختى رەشىدەنىڭ قولىغا قاراپلا تۇردى، رەشــىدە كۈلكىــسىنى توختىتىپ توختىنىڭ نەرىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلەلــمەي قالــدى، — مەن

ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، نەگە قاراپ يۈرۈيسەن سارالڭ.

— قولۇڭغا قاراۋاتىمەن، — رەشىدە قولىغا ئىتتىك قاراپ ھېچقانداق غەلىتە ئالامەتلەرنى كۆرمىدى.

— قولۇمدا نېمە باركەن سەن قارىغۇدەك؟

— قولۇڭ يۇمران، كىچىك بولىسمۇ ئۆلۈم پۇراۋاتىدۇ، — رەشىدە توختىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېنى جۇغۇلدىغاندەك بولۇپ كەتتى.

— بۈگۈن يەنە تەتۈر سۆزلىگىلى تۇردۇڭمۇ ئىت پوق يېمەستە.

— قولۇڭدىن قورقۇپ قالدىم، ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىكەنسەن.

توختى شۇنداق دەپلا رەشىدەدىن يىراقلاشماقچى بولدى، رەشىدە توختىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتتى، ئاخشامقى ئىشلارنى ئۇ كۆرۈپ قاپتۇ-دە، دەپ ئېغىر تىندى. توختى رەشىدەدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى، رەشىدەنىڭ رەڭگى تامدەك بولۇپ كەتتى. توختىغا ئۇشۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى، توختى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى توشقىچە مەيداندا تۇردى، ئۇ ئىزدەۋاتقان ئادەم زادىلا كۆرۈنمىدى. زەينەپ توختىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قانچە ئىشارەت قىلىسمۇ توختى كۆرمىدى، ئۇ ئاخىر زېرىكىپ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى. توختى تېخىچە مەيداندا تۇردى، دەرۋازا تۈۋىگە باردى. قادىر كۆك كۆز ئۇنى كۆرۈپ يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ھاشىم چىرايلىق بىر قەپەسنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىردى، توختى ئۇنىڭغا سالام قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلىۋىدى، ھاشىم ئۇنى توختىتىۋالدى.

— توختى، بۇ قەپەس چىرايلىقمىكەن؟ — توختى ئۇنىڭغا قاراشقا مەجبۇر بولدى.

— چىرايلىقكەن.

قەپەزدىكى تومۇچۇق ئۆزىنى قەپەسكە ئۇرۇپ، ئۈركۈپ چۇرۇلداپ كەتتى، توختى بۇ قۇشقا قاراپ چوڭقۇر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئىچىگە تىندى.

— ماۋۇ تومۇچۇقنىڭ تۇمشۇقىنىڭ قىزىللىقىغا قارا، سايرىسا ئېغىزىدىن

قان تامچىمىغىچە توختىمايدۇ، تىپىلغۇسىز قۇش جۇمۇ بۇ، — ھاشىم قەپەس بىلەن تومۇچۇقنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بىز قىرغىزىستاندىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن مەن باش مۇھەررىرنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى يېزىدىكى يىغىمغا چاقىرغاندا، باش مۇھەررىرنىڭ چوڭ ئوغلى بۇ قەپەس بىلەن تومۇچۇقنى كۆرۈپ تالاشقان، شۇڭا بۇگۈن ئۇنىڭغا ئالغاچ كەلدىم. مېنىڭغۇ بىرنۆۋەتشكە كۆزۈم قىيمايدۇ، لېكىن ئۇ تالاشقاندىكىن نېمە ئامال دەيسەن.

— ئۇ بۇ قۇشنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويار ھەقاچان، ھېلىمۇ ئۇنىڭغا نۇرغۇن قۇش ئەكېلىپ بەردىڭىز، ھەممىسى نەچچە كۈندىلا جان بەردى. بۇ بىچارىمۇ نەچچە كۈن ياشايدىكەن - دە، — توختى شۇنداق دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مېڭىپ كەتتى. ھاشىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ دىرىلداپ كەتتى. ئەگەر توختىدىن باشقا ئادەم ئۇنىڭغا شۇنداق دېسە، كۆكەمىلىك قىلىپ ئېغىزىنى بۇزماي قالمايتتى. بىر دەم قەپەس بىلەن قوشقا، بىردەم توختىغا قاراپ بېشىنى سىلكىۋېتىپ شياۋلىزىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ھاشىم مېڭىپ ھايال ئۆتمەي قادىر كۆك كۆز دىجورنىخانىدىن چىقتى-دە، بوش ئاۋازدا: «توفىي، ھارام يەيدىغان پوق قورساق ئوغرى، ئىدارىنىڭ نامىدا چىقىشىپ نېمىلەرنى قىلىشىپ كىردىڭ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىر يېرىڭدىن تېشىپ چىقمىغىنىنى كۆرەي، پىكاپ ئەكىردۇق، قەغەز ئەكىردۇق دېيىشتىڭ، ئۇلارنى قانداق سېتىپ، قانداق بىر تەرەپ قىلغىنىڭنى بىر ئۆزۈڭ بىلىشىسەن...» دەپ گۇدۇڭلىشىپ كەتتى.

— نېمىگە داخاندەك گۇدۇڭلىشىپ تۇرىسەن، كۆك كۆز؟ — قادىر كۆك كۆز تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن ئۆركۈپ مېڭىسىدىن قاس چىقىپ كەتكەندەك بولدى، — نېمىگە بۇنچىۋالا ئۆركۈپ كېتىۋاتىسەن - ھە؟ سەن چوقۇم بىرسىنى قارغاپ تىللاۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — قادىر كۆك كۆز

زاكىرنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەم بولدى.

— يائاللا، سەنمىدىڭ؟

— ئەتىگەندە كىمنى قارغاپ تىللاۋاتىسەن؟ — زاكىر تىلىنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، مېنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۆچ ئاداۋىتىم بولمىسا، بىكاردىن خەقنى قارغامدىم.

— يالغان سۆزلىمە، مۆشۈك كۆز، سەن ھازىر ھېچكىمنى قارغىمىدىم دەپ خۇدانى ئاغزىڭغا ئېلىپ قەسەم قىلىپ باق ئەمىسە.

— ئەتىگەندە سېنى ھاراق چىشلەپ قويۇپتۇ ـ ھە، — قادىر كۆك كۆز زاكىرنىڭ كۆزىگە كۈلۈپ قاراپ تۇرۇۋالدى.

— سەن چوقۇم ھاشىمنى قارغىدىڭ، ئۇ باياتىن بىر قەپەس كۆتۈرۈپ كىرىپ كەتكەن، ياق دېيەلەمسەن؟ — قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كېكەچلەپ تۇرۇپ قالدى، — بولدى، بولدى، كىمنى قارغىساڭ قارغىمامسەن، سېنىڭ قارغىشىڭ پىتقىمۇ ئۆتمەيدۇ، ئاخشام بولغان ئىشنى بىلمەي خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدىڭ ھەقاچان، ساڭا زىيان بولغاندىن تارتىپ قېرىپ كەتتىڭ جۇمۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭ.

— ئاخشام نېمە بوپتۇ؟ مەن ئۇخلىمىغان.

— ئۇخلىمىغان بولساڭ بىلمەمتىڭ، بۇرۇن قايسى ئۆيگە كىمنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى، كىمنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىڭ. راستلا قېرىپ كېتىپسەن، ئىشتىنىڭنى سالدۇرۇپ كۆتۈڭگە تۆكۈرۈپ قويسىمۇ تۇيمايدىغان بوپسەن.

— بۇنداق گېپىڭنى قويۇپ، ئاخشام زادى نېمە ئىش بوپتۇ، دېمەمسەن؟ — قادىر كۆك كۆز زاكىرنىڭ كۆزىگە تەقەززالىق بىلەن قارىدى، زاكىر قادىر كۆك كۆزنى قەستەن جىددىيلەشتۈرگىلى تۇردى.

— بولدى، سەن ئاڭلىمىساڭمۇ بولار، ساڭا دېمەيلا قوياي‍چۇ، ھەممە ئادەمگە دەپ بىر قىلىۋېتىسەن، — زاكىر كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، قادىر

كۆك كۆز ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— ئۇكام، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئىچىمگە ۋىدى ـ ۋىدى سىيلىپ قويۇپ دېمەيمەن دىگىنىڭ نېمىسى؟

— قويۇۋەت! ساڭا دېمەيمەن دېدىمغۇ، بىكار ئاۋارە بولما، سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ ئالداپ قويدۇم.

— زاكىر، سەن ئادەم ئالداپ باققان ئەمەس، چوقۇم بىر ئىش بولدى، كۆڭلۈم ئىغىپ تۇرىدۇ.

— ۋاي، بولدى، شۇنداقلا دەپ قويدۇم، بىلەرمەنلىك قىلىپ ئۇنداق بولاۋاتىمەن، مۇنداق بولاۋاتىمەن دەپ يۈرمە.

— ئاخشام قاتتىق ئۇخلىغانلىقىم راست، ئەمما بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلغان، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقاي دەپ يەنە ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

— قارىسىغا سۆزلەۋاتىسەن ـ هە، كۆك كۆز.

— يان ئىشىك ئىچىدىن ئىلىكلىك ئىدى، ئەتىگەن قويۇپ دەرۋازىغا قارىسام ئىلگىنچىكى چۈشۈكلۈك تۇرىدۇ، بىرمۇنچە قاننىڭ ئىزى تۇرىدىكەن، بۇ نېمە قاندۇ دىگەنىدىم، ئۇ قانلارنى تازىلىتىۋېتىپتىمەن.

— سەن راستىنلا قاننى كۆردۈڭمۇ؟ — زاكىر قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ساڭا يالغان سۆزلەمدىمەن؟ راست، مانا ماۋۇ يەردە غىقلا قان تۇرىدىكەن! — قادىر كۆك كۆز زاكىرغا قان چۈشكەن يەرلەرنى كۆرسەتكىلى تۇردى. زاكىر كۆرسەتكەن يەرگە ئېڭىشىپ قارىدى، قان ئىزنى سەل ـ پەل هېس قىلغاندەك بولسىمۇ جەزملەشتۈرەلمىدى. قادىر ئۇنىڭ كۆزىگە دېمەمسەن دىگەندەك قارايتتى.

— بىرسى ۋايجانلاپ يىغلىغاندەك قىلىۋاتاتتى، — قادىر كۆك كۆز ئاخشام ئۇخلاۋاتقاندا قۇلىقىغا كىرگەن هەر بىر شەپە، تېۋىشنى كۆزىنى يۇمۇپ ئەسلەشكە باشلىدى.

— كۆك كۆز، قان بۇ يەرگە چۈشكەن يەردە باشقا يەردىمۇ چوقۇم بار، قان بار يەرنى تاپساقلا هەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

زاكىر يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قالغان قان داغلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن قادىر كۆك كۆزنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار يەردىن يىڭنە ئىزدىگەندەك زەن سېلىپ قاراپ مېڭىشتى، ئەمما قان داغلىرىنى ئۇچرىتالماي بىر-بىرىگە قارىشاتتى. قادىر كۆك كۆز خالا تەرەپكە كەلگەندە يەردىكى پوم - پوم بولۇپ قالغان جىگەررەڭ توپىلارنى كۆردى.

— مانا، زاكىر، قارىغىنە ماۋۇ جىگەررەڭ توپىغا، بۇ چوقۇم قان! — زاكىر جىگەررەڭ توپىنى قولىغا ئېلىپ بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇراپ باقتى.

— راست قان ئىكەن، مۇشۇ يولدا يەنە بار!

قادىر كۆك كۆز قاننى تاپقانلىقىدىن مەيدىسىنى سەل كېرىپ قويدى، زاكىر ئۇنىڭغا قارىماي قان داغلىرىنىڭ نەدىن باشلانغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى. جىگەررەڭ توپىلار ئۈزۈلمەي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ توپىلارنى بويلاپ داق يەرگە چىقتى، كۆز بولسىمۇ خالانىڭ سېسىق پۇرىقى يازدىكىدەكلا دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. خالا ئالدىدا ئالىقانىدەك - ئالىقانىدەك قان داغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، زاكىر بۇ قان داغلىرىنى بويلاپ يەنە بىر تارىنىقا كىردى، قان داغلىرى ئۈزۈلمەي كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار قان داغلىرىنىڭ ئۈزۈلۈش نۇقتىسىغىچە كەلدى.

— ماۋۇ ئۆي رەشىدەنىڭ ئۆيى - ھە؟

— ھەئە، — قادىر كۆك كۆز زاكىرنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— مەن چوقۇم شۇ دەپ ئويلىغان، ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ، يامان شاقشاق جۇمۇ بۇ! — زاكىر كۈلۈپ پېشانىسىنى تۇتۇپ تار يولدىن مېڭىپ خالا ئالدىغا كەلدى.

— زاكىر ئىنىم، ئادەمنى تەقەززا قىلماي دېمەمسەن دەيمەن، بۇ زادى نېمە قان؟!

— ئادەمنىڭ قېنى، — زاكىر قادىر كۆك كۆزگە شاپىدە قاراپ چىرايىنى پۈرلەشتۈرۈپ شۇنداق دېگەندى، قادىر كۆك كۆز كەينىگە داجىپ كەتتى.

— بۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلمىغىنە ماڭا، يۈرىكىم قوزغىلىپ كېتەي

دېدى، ساڭا دېمىگىنىم بىلەن مېنىڭ يوشۇرۇن كېسىلىم بار، — قادىر كۆك كۆزنىڭ رەڭگى قارىداپ كەتكەنىدى.

— يوشۇرۇن كېسىلىڭ بولغاندىكىن، ھەممە ئىشنى زىغىرلاۋەرمە، — زاكىر ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئۇدۇل ماڭدى، قادىر كۆك كۆز مەيدىسىنى بىر دەم تۇتۇپ تۇرۇۋېتىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالماقچى بولدى، زاكىر بەك تېز ماڭغاچقا، قادىر كۆك كۆز بولالماي يۈگۈردى، زاكىر دەرۋازىدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇ كەينىدىن پالاقلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— نېمە دەيسەن؟

— دەپ بەرمەمسەن! — قادىر كۆك كۆز ھېرىپ، ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— بولدى، سەن ئۇقمىساڭمۇ بولىدۇ، — زاكىر قادىر كۆك كۆزنىڭ قولىنى سىلكەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شالىسى ئاققان ئىتتەك قاراپ قالدى. زاكىر سىرتقا چىقىپ چوڭ يولنىڭ غەرب تەرەپتىكى قاسىنىقىغا ئۆتتۈۋېلىپ قادىر كۆك كۆزگە ئىسقىرتىپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۇنىڭ مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان قادىر كۆك كۆز غەزەپلەنگىنىدىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەۋاتقاندەك بولۇپ، ئىچىگە يوغان بىر قۇرت كىرىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزىنىڭ ئاخىرقى كۆنلىرى يېتىپ كەلگەچكە دەرەخلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ياپراقلارمۇ بىغەمشلىرى بوشاپ يەرگە لەيلەپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بىر تال غازاڭ لەيلەپ كېلىپ قادىر كۆك كۆزنىڭ بۇرنىغا تەگدى، ئەلەمدە بوغۇلۇپ تۇرغان قادىر كۆك كۆز ئۆشتۈمتۇت چۆشكەن بۇ غازاڭدىن چۆچۈپ كېتىپ ئاۋاز چىقىرالماي قالدى.

توختى ئىشخانىسىغا كىرىپ بۇرۇنقىدەكلا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. غۇلام كۆندىن-كۆنگە بوشاپ كېتىۋاتاتتى، توختىنىڭ تاماكا چەككىنىنى كۆرۈپ كۆزىگە قارىدى، توختى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئىش بارمۇ؟»دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

— ماڭا بىر تال بەرگىنە، توختى، — توختى غۇلامنىڭ تاماكا

چەكمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىر تال تاماكىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. غۇلام تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تارتىپ يۆتىلىپ كەتتى، كۆزىدىن ياش قويۇلدى، توختى ئۇنىڭغا قارىمىدى، غۇلام يۆتەلدىن ئاستا - ئاستا توختاپ تاماكىنى چېكىپ بولدى.

— بۇ ئوقەتنىڭمۇ بولىدىغان يەرلىرى بار ئىكەن، كۆڭلۈمدىكى دىشۋارچىلىقلار بىر دەم بولسىمۇ جىمىپ قالدى.

— ئوغۇل بالا دېگەن زىيانغا پەسەنت قىلمىغىنى تۈزۈك، بولۇپ بولغان ئىشنىڭ كەينىگە يانمايدىغىنىنى مەن دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسەن، غۇلام، ئۆزۈڭنى قىينىما بولدى.

— خوتۇنىنىڭ زۇلۇم تولغاشتۇرۇۋېتىدىكەن، ئۆيگە بارسالا قاپىقى ئېچىلمايدۇ، ئەرلەر ئايالاردىن قىسقا ئۆمۈر كۆرىدۇ دېسە ئىشەنمەيتىكەنمەن، توختى، بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپتىم، بىز دەردنى ئىچىمىزگە يۇتۇۋېتىدىكەنمىز، خوتۇن خەق دېگەن دەردىنى مىنىڭ ھەسسىلەپ بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە مىختەك قېقىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ، — غۇلامنىڭ كۆزى ۋىلىلداپ قالغانىدى، ئۇنىڭ سارغىيىپ، بوشاپ كەتكەن چىرايىدىن ھارغىنلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا بەردى، — ئەمەتكام ماناپقىمۇ بەك ئېغىر كەپتۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ماغدۇرسىزلىنىپ ئىشخانىدا نەچچە قېتىم يىقىلىپ سالدى دېگىنە. ئۇنىڭ بەش بالىسىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى، يۈكىمۇ يېتىپ ئاشاتتى، بارلىق يىغىپ تۆشىگىنىنى پاي قىلىپ قوشۇۋېتىپتىكەن، ئىچىگە تىنىپلا قالدى، ئايالى نۇرغۇن كېسەل تارتىپ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلغان، بالىلىرىغا ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمايمەن دەپ ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ كەلگەن بۇ ئادەمگە ھەممىمىزدىن ئېغىر كەلدى، ھازىر ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە «ئۇنداق ئۆلەرسەن، مۇنداق ئۆلەرسەن دەپ قارغىماي، بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كېتەر دەپ قارغىسا ھەممىدىن يامان قارغىغان بولىدىكەن» دېگەن

گەپنى دەيدىغان بولۇۋاپتۇ، ئۇ ئادەم ئېلىشىپ قالىدىغان بولدى، — غولام شۇنداق دەپ قولىدىكى تاماكىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ ئورنىدىن قوپۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى. توختىنىڭ ئىچىگە بىر سوغۇق ئېقىم كىرىپ كەتكەندەك بولدى.

توختىغا ھېچقانداق ئىش خۇشياقماي تۇرغاندا، تەلئەت قۇرت شىپپىدە پەيدا بولدى، توختى ئۇنىڭ قاچان كىرگەنلىكىنى بىلمىگەندى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەك ئېتىقسىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، توختى كۈلۈمسىرىسە ياراشمايدىغان ئادەمنىڭ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى، تەلئەت قۇرت غولامنىڭ ئورنىدا شۇنداق بىخارامان ئولتۇراقلىق ئىدى.

— توختى، سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى.

— قانداق مۇھىم ئىش، تەلئەت مۇئاۋىن مۇدىر؟ — توختى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئايىغىغا قەستەن مۇئاۋىنلىقىنى قوشۇپ قويدى، تەلئەت قۇرتنىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتى يوقاپ كەتتى.

— قاراڭ، — تەلئەت قۇرت ئوڭ قولىغا سول قولىنى سۇرۇپ قويۇپ شالاڭ چېچىنى يېنىك سىلاپ قويدى، — مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزنى بىلىپ باقاي دەيمەن، — توختى ئۇنىڭ مۇجمەل گېپىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

— نېمە توغرىسىدىكى قارىشىمنى بىلىپ باقماقچى، تەلئەت مۇئاۋىن مۇدىر؟

— مەن توغرۇلۇق سەممىي پىكىر قىلىپ باقسىڭىز، — توختى تەلئەت قۇرتنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ گەپنى سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى.

— مېنىڭ سىز توغرۇلۇق ھېچقانداق قارىشىم يوق، سىز مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئاددىيلا بىر ئادەم، سىز پەلسەپىۋى ئۇقۇم ئەمەس ياكى يېڭى ئېقىم، نەزەرىيە ئەمەس.

تەلئەت قۇرت تىلىنى چايناپ قوللىرىنى بىر - بىرىگە سۇۋاپ تۇردى.

— ياق، مېنىڭ دېگىنىم ئۇنداق چوڭقۇر ئەمەس، ماڭا قانداق قارايسىز دەۋاتىمەن.

— سىزگە ياخشى قارايمەن.

— شۇ ياخشى قارىشىڭىزنى كېڭەيتىپ شەرھلەپ باقامسىز، مۇنداق... مۇنداق.

توختىنىڭ بىر يەرلىرىگە شەيتان كىرىپ كۈلۈۋېتەيلا دەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— مەن چۈشەنمىدىم، تەلئەت مۇئاۋىن مۇدىر.

— شۇنداق ئاسان گەپنى چۈشەنمىدىم دەيسىزغۇ، سىز بولۇممىزدىكى بىردىنبىر زىيالىي تۇرۇپ بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ.

تەلئەت قۇرت شۇنچىلىك سەت ھىجايدىكى، توختى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشنى ئەڭ چوڭ بېسىم ھېس قىلدى.

— بۇنداق گەپلەرنىڭ ئېيتىلىشى ئاسان، ئەمما چۈشىنىش ئەڭ قىيىن،تەلئەت مۇئاۋىن مۇدىر.

— مەن دېگەن گەپنى چۈشىنىش قىيىنما.

— ئۆزى مەڭگۈ چۈشىنىشنى خالىمايدىغان بىر ئادەمنى چۈشەندۈرۈش شۇنداق قىيىن بولىدۇ.

تەلئەت قۇرت توختىنىڭ بۇ گېپىنى پەقەتلا چۈشەنمەي يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى.

— مېنىڭ مۇشۇ بۆلۈمدىكى ئىشلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ مەن مۇشۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن سىزنىڭچە چىقىپ كېتەلەيمەنمۇ؟

— بۇنى چۈشەندىم، بۇنى مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟

— سىز دېگەن مېنىڭ نەزىرىمدە ياراملىق، ئۇنىۋېرسال، پۈتۈن بىر زىيالىي، راستىنى دېسەم، مەن مۇشۇ بۆلۈمدە سىزگىلا قول قويىمەن ھەم سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سىزدىن سوراپ باققۇم كەلدى.

توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قۇسۇۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، ئۇدۇللا جاۋاب بېرىشنىڭ بەك ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، تەلئەت قۇرت ئۇنىڭ كۆزىنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ تۇراتتى.

ـــ مەن راستىنى دېسەم، ـــ توختى لېۋىنى چىشلەپ، بىر دەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ سىزنىڭ، ياق، ھەممە ئادەمنىڭ قانداق بولۇشى مېنىڭ نەزىرىمدە بەرىبىر، باشقىلارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇشۇ يىغىشىمغا كەلگىچە ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ ئويلىنىپ باقماپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن، ئەگەر سىز سورىغان بۇ سوئاللار خىزمىتىمنىڭ بىر قىسمى بولسا ئويلىشىپ باقاي بولامدۇ؟

تەلئەت قۇرت توختىنىڭ گېپىدىن ئۆزگىچە تەۋە بىرمۇ قاراشنى تاپالماي يەنە تېپىرلىدى، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى غىچچىدە ئېچىلىپ ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. توختى ئىشىك تەرەپكە قاراپ رەشىدەنى كۆردى، تەلئەت قۇرت ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ توختىغا قارىدى.

ـــ باشقا بىر كۈنى پاراڭلىشايلى، ـــ توختى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى، تەلئەت قۇرت ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى، رەشىدە توختىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ـــ بۇ بېشىڭنى يېگۈر باشقا بىر كۈنى نېمىنى پاراڭلاشماقچىكىنە؟

ـــ ئۆزى توغرۇلۇق، ـــ رەشىدە توختىنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا قارىدى.

ـــ بۇ قۇرت نېمە بوپتىكەن ئۆزى توغرۇلۇق سەن بىلەن ئاتايىن پاراڭلىشىدىغانغا؟

ـــ مەن نەدىن بىلەي، ئۇنىڭ قانداق كىرىپ ئالدىمدا ئولتۇرغىنىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئالدىمغا قارىسام كۈلۈپ ئولتۇرىدۇ، بىر ئىش بارمۇ دېسەم ماڭا قانداق قارايسىز دەيدۇ، ياخشى قارايمەن دېسەم، شۇ قارىشىڭىزنى شەرھلەپ بېقىڭ دەپ تۇرۇۋالدى، نېمە دەپ شەرھلەيمەن دېسەم، بىر ھازا تىلىنى چايناپ، مەن خىزمەتتىنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقالامدىم-يوق دېگەندەك مۇجمەل گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيدۇ.

رەشىدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىغىزىنى چىكىلدىتىپ كەتتى.

— بۇ شۇم قۇرتنىڭ غەرىزىنى ئۇقمىدىڭمۇ؟ ئاسىپجانكام ھوۋل قىشقا دەسسەپ قويۇۋىدى، ئۇنى توگەشتى دەپ بىلىپ ئۆزىگە جامائەت پىكرى تۇپلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىش قازىنىنى ئىسىۋاتقىلى خېلى بولغان، ئەمدى ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ، شۇملۇق، قۇۋلۇق ئويلاپلا تۇرىدىغان قۇرت بۇ.

— مەندىن سوراپ نېمە قىلىدۇ؟

— سەن زىيالىي بولغان بىلەن مۇشۇنداق ئىشقا كەلگەندە چولتىلىقنىڭ چېنىپ قالىدۇ، ئۇ سەندىن ئۆزىگە بولغان قارىشىنى ئۇقۇپ باقماقچى، سېنى چېكىپ باقماقچى.

— مېنى چەكسە، ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولامتى؟

— قارا توختى، يېقىندا ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تەڭشەيدىكەن دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈرۈيدۇ، بۇ يا تەلئەت قۇرتنىڭ تاپقان گېپىمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، بۇ گەپ سىرتتا تارقىلىپ يۈرگىلى خېلى بولدى. ئۇ يۇقىرىغا يول ماڭغان بولۇشى مۇمكىن، ئالىمادىس يۇقىرىدىن بۇ ئۆلگۈر قۇرتنى تەكشۈرۈپ، جامائەت پىكرى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم كېلىپ قالسا، سېنى نېمە دەركىن دەپ چېكىپ باققان بولسا كېرەك، — رەشىدە ياقىسىنى تۇتتى، توختى كۈلۈپ قويۇپ ئولتۇراتتى.

— بولدى، ئەرزىمەس ئىشنى سۆزلەپ ئىغىزىڭنى ئۇپراتمىغىنە، رەشىدەك.

— سەنغۇ غەلىتە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم، يۇقىرىدىن كېلىپ ھالىمادىس ئۇ توغرۇلۇق سوراپ قالسا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ يۈرمەسسەن يەنە، — رەشىدە قاپىقىنى چۆجەپ كەتتى.

— ماقۇل، بولدىمۇ، — توختى رەشىدەنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويدى، رەشىدە توختىغا قاراپ قورسىقىدىكى گەپلەرنى دېيەلمەي قىزىرىپ - تاتىرىپ كەتتى، توختى ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەممىنى چۈشەندى، رەشىدەنىڭ كۆزىدىن تارامالاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى، توختى ئاشۇ ياشلاردىن تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ يوتكۇل قىلمىشلىرىنى

ئاڭلىغاندەك بولدى.

— سەن ئاخشام ھەممىنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە، بولدى سۆزلىمە.

— جىنىمدىن تويغۇزىۋەتتى، بۇ قېرى زىناخور، ئۆلتۈرۈۋېتەلمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن، — رەشىدە ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ قېقىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ ئۇنى سەن تەرەپكە قاراپمۇ سىيەلمەيدىغان قىلىۋەتتىلىڭ، — توختى كۈلدى، رەشىدەمۇ يىغىسىنى توختىتىپ كۈلدى، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە قاراپ بېلى ئاغرىپ كەتكىچە كۈلۈشتى.

※ ※ ※

توختى ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىقىپلا قۇلاقنى يارغۇدەك تىۋۇا - سۈرەننى ئاڭلىدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ئالدىراپ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ قولىغا ھۆججەت ئېلىۋېلىپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى. توختى ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپ بىر بۇلۇڭدا قاراپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسىپجان، جاپپار، زامانبايلار تۇراتتى، بويى ئېگىز، بىلى سەل ئالدىغا ئېگىلگەن، قاشلىرى ئۆسۈپ كۆزىنى توسۇۋالغان بىر ئادەم توختىماي سۆزلەيتتى.

— ھەي ئاسىپ، سەن دوللارنى ئالدىڭمۇ-يوق!؟

— ھاجىم، ئالغانلىقىم راست.

— ئۇنداقتا قاچان بېرىسەن؟!

— ماشىنىلارنى ئېلىپ كىردىم، سېتىپ بېرىمەن.

— قېنى شۇ ماشىنىلار؟

— توختىتىش ئورنىدا.

— قايسى توختىتىش ئورنىدا؟ بىزنى ئاپىرىپ كۆرسەتمەمسەن! ماشىنىلارنى

كۆرۈپ سىنىڭ گېپىڭگە ئاندىن ئىشىنىمىز! — ئاسپىجان بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى، — گەپ قىلمامسەن دەيمەن، ماۋۇ پۇللارغا قاراشلىق 50 جان بار جۇمۇ ئۆيدە، — يوغان قاش ئادەم قولىدىكى ھۆججەتنى ئاسپىنىڭ كۆزىگە تىقىۋەتتى، ئاسپىجان يىقىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئوتتۇرا بوي، رەڭگى قارا، كەكە ساقال، كەڭ سىمىز يەنە بىرى ۋارقىراپ ئاسپىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ دېگەن گەپلەرنى؟! سېنى بىز قاراپ ئىششىپ بەرسۇن دېمەيۋاتىمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟ يېرىم يىل چىدىدۇق، ئەمدى چىدايدىغان يەر قالمىدى جۇما، يا ماشىنىنى كۆرسەت، يا بولمىسا پۇلنى بەر، نېمانداق قىلىن نېمە سەن؟ ياللا، ياخشى ئوقۇپ قالماپتىكەنمىز جۇما، كادىر دېگەن بەك قىلىن خەقكەن ئەمەسمۇ، قىلىنلىقتا بىر ئىش كەلمەيدۇ، ئۇقلىما؟ ھېچقىزدەك ئەزمەڭنى ئەزمەي چىچە پۇلنى دەيمەن!— بۇ ئادەمنىڭ تەلەپپۇزى، گېپى شۇنچىلىك سېسىق ئىدى.

— ھاجىمكا، يېرىم يىل سەۋر قىلغاندىكىن، ئازراق سەۋر قىلىڭلار، بولامدۇ؟ مەن ماشىنىلارنى پۇل قىلىپ قەرزىڭلارنى قايتۇرىمەن.

— بۇگۇن باغۇ ئاسپەك، يا ماشىنىنى كۆرستىسەن ياكى بولمىسا پۇلنى چىچىسەن! — كەكە ساقال ئادەم گېپىنى كېسىپلا ئېيتىپ بولۇشىغا، يەنە بىرەيلەن قولىدىكى ھۆججەتنى ئاسپىجاننىڭ كۆزىگە نوقۇدى.

— مانى قولۇڭدا يازغانمۇ، كۆتۈڭدىمۇ، ئۈچ ئايدا بېرىمەن دەپ ھازىر يېرىم يىل بولدى، ئەمدى ئەزمەڭنى ئېزىندىغانغا ۋاقىت قالمىدى، بۈگۈن بەرسەڭمۇ بېرىسەن، بەرمىسەڭمۇ بېرىسەن، ئاڭلىدىڭما؟! — زامانباي ھەدەپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇپ ئارىلىق ئىزدەيتتى.

— كېلەۋا لانا، سەن بۇنىڭ باشلىقمۇ؟ ماۋۇ ھۆججەتلەرنى تونۇمايمەن دەپ قوغلاۋاتاتتىڭ، ماۋۇ تامغا سېنىڭمۇ يوق؟ بىز ماۋۇ تامغىغا پۇل بەرگەن جۇما، مانداق ئاق پىشماق ھەزلەككە پۇل بەرمىگەن! — زامانباينىڭ ئۆچەي ياللۇغى قوزغىلاي دەپ قالغان ئىدى.

— پۇلنى كىمگە بەرسەڭ شۇنىڭدىن ئالمامسەن، ماڭا نېمە دەيسەن؟! —

زامانباي ئۆزىنى زادىلا باسالماي قالغانىدى.
— ماۋۇ لاتىنىنىڭ گېپى يەنە چوڭغۇ؟ ھەي ئاسىپ! ماۋۇ تامغا مۇشۇ ئىدارىنىڭمۇ ياكى ئۆزۈڭنىڭمۇ؟
— ئىدارىنىڭ تامغىسى، مېنىڭ قانداق تامغام بولىدۇ؟ — ئاسىپجان زامانبايدىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.
— ھە، ئاڭلىدىڭمۇ؟! تامغا ئىدارىنىڭمىكەن؟!
— بىز گېزىتتە ئېلان بېرىپ بۇ تامغىنى ئالىبۇرۇن ئىناۋەتسىز قىلغان.
— ئىناۋەتسىز قىلساڭمۇ ماۋۇ ھۆججەتتىكى تامغا ئەسلى ئىدارىنىڭ تامغىسىدۇ؟
— بۇ تامغا ئىناۋەتسىز بولغىنى نېكەم.
— زادى مۇشۇ ئىدارىنىڭ تامغىسىدۇ ئەسلىي؟ — كەكە ساقال ئادەم ئاسىپجاننى قويۇۋېتىپ زامانبايغا ئېسىلغىلى تۇردى.
— ئۆزۈڭنىڭ گېزىتىدە ئىناۋەتسىز قىلساڭلا تامغا ئەمەلدىن قالامدىكەن؟! نەدە شۇنداق ئىش بار، دەپ باقە، خەقنىڭ پۇلىنى تامغا بىلەن ئېلىپ بولۇپلا تامغىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئۇقتۇرۇش چىقارغىنىنىڭ قويمىچىلىق بولماي نېمە؟
— ماۋۇ گېزىت مېنىڭ ئەمەس، پارتىيەنىڭ گېزىتى، ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋرىشمە، پۇل ئالغان ئادەم مانا تۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن ئېلىشساڭ بولمىدىمۇ.
— بىزنى تولا قورقاتما، پارتىيە سېنىڭ شەخسىي پارتىيەڭ ئەمەستۇ، بىزنىڭمۇ پارتىيەمىز، پارتىيە باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ بەرمەڭلار دېمىگەن بولغىيتى ساڭا؟ ماۋۇ گەپنى قاراڭ.
— پۇلۇڭنى پارتىيە ئالمىدى، مانا ماۋۇ ئالدى، شۇنىڭدىن ئېلىش!— زامانباي كۆزى قىزىرىپ كەتكەن، رەڭگىدىن ئادەم چىرايى تېپىلمايدىغان، غال - غال تىترەپ تۇرغان ئاسىپجاننى كۆرسىتىپ كەكە ساقال ئادەمنىڭ قولىنى ئاجرىتىپ ئىتتىرىۋەتتى.
— ئۇرامسەن تېخى مېنى؟ ئۇرە، پۇل بەرگەنگە مۇشت بەرگىنە! —

كەكە ساقال ئادەم ئۇششۇقلۇق قىلىپ يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ھەي تايلاق، پۇلنى بېرەمسەن يوق؟ — كەكە ساقال ئادەمنىڭ ئوغلى ياندىن چىقىپ ئاسپىچاننىڭ ياقىسىدىن كاپپىدە ئېلىپ ئالدىغا تارتتى، يوغان قاش ئادەم چەبدەسلىك بىلەن كەكە ساقالنىڭ ئوغلىنى توسۇۋالدى.

— سەن مۇشۇنداق ئىتتىكلىك قىلساڭ ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن، بەتخۇيلۇق قىلماي جىم تۇر! — يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى كاچاتلاۋاتقان كەكە ساقال ئادەم ئوغلىغا شۇنداق بىر قارىۋىدى، ئاسپىچاننىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى، شۇ ئەسنادا شىياۋلىزا ئۆيىدىن چىقىپ مەيداندا ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى-دە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئىدارە مەيدانىدا كەكە ساقال بىلەن يوغان قاش ئادەملەر ئاسپىچان، زامانباي، جاپپارلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ مىدىرلاتمىغانىدى، زامانباي بولالماي ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى.

— مانىڭ ھارامزادىلىك قىلىپ يېتىۋېلىپ بارغىنىنى، — كەكە ساقال ئادەم ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ پىسەنت قىلمىدى، ئارىلىقتا كۆزىنى پارىلدىتىپ تۇرغان قادىر كۆك كۆز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ يەتكەچكە تۇرالماي قالدى.

— باشلىقنىڭ نېرۋا خاراكتېرلىك ئۆتكۈر ئۇچەي ياللۇغى كېسىلى بار ئىدى، چاتاق بولدى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم ئېغىزلىرىنى ئىتتىشىپ جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە قاراپ تۇرىسەن، بارى، چاپسان يۆلىمەمسەن، — مۇئاۋىن باشلىق جاپپار يەردە ياتقان زامانباينى يۆلەشتۈرۈپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بارىغا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى، بارى ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ زامانباينى يۆلەپ يۈدۈپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، قادىر كۆك كۆزمۇ بارىغا ياردەملىشىپ ماڭدى، كەكە ساقال ئادەم بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئاسپىچان بىلەن جاپپارلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ گەپ باشلىدى:

— بىز ئۇنىڭغا قولىمىزنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزمىدۇق، ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى، ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقۇ، شۇنداقمۇ ھاجىم؟ — كەكە ساقال يوغان قاش ئادەمگە قارىدى.

— شۇنداق، ھەممە ئادەم گۇۋاھ، بىز ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگىپ باقمىدۇق.

— ھەي، ئاسىپ بىزنىڭ ئۇنىڭغا تەگمىگەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولىدىغانسەن؟ — كەكە ساقال ئادەم ئاسىپجاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئاسىپجان گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— جاپپار باشلىق، سىز كۆردىڭىزغۇ، بىز ئۇنىڭغا تەگمىدۇق، — يوغان قاش ئادەم بىر چەتتە تىترەپ تۇرغان جاپپارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۇ بۇ ئاھانەتنى كۆتۈرەلمىدى.

— نېمە دېدىڭ، ھەي تۇزكور؟ ئادەمدەك گەپ قىل! ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى سېنىڭچە بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئىكەن - دە؟

— ماڭا نېمە دەپ ۋارقىرايدىغان يولۇڭ بار سېنىڭ؟ سەندىن مەن پۇل ئالمىغاندىمەن! — مۇئاۋىن باشلىق جاپپارمۇ لاغىلداپ يوغان قاش ئادەمگە ھۆرپەيدى.

— سەنمۇ ئۆلۈكۈڭنى ساتماقچى بولۇۋاتامسەن؟ بىز بۇ يەرگە ئۆلۈك ئالغىلى كىرمىدۇق، پۇلىمىزنى ئالغىلى كىردۇق، ئۇقتۇڭمۇ؟

— پۇل ئالغىلى كىرىشسەڭ چىرايلىق ئېلىشمامسەن، ئادەمگە ھۆرپىيىشمەي!

— ئەي ئىلمەك بۇرۇن ئاداش، — كەكە ساقال ئادەم جاپپارنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سەن ئاۋاۋ بىشكەككە قۇرۇق قول چىقىپ، ماۋۇ بىر ۋاراق قەغەزنى قارىغا بوياپ، ماۋۇ چامغۇرنى بېسىپ، بىزدىن دوللارنى ئېلىپ خەجلەپ، تاماشا قىلىپ چوڭ سۆزلەيسەنغۇ.

— كىم سېنىڭ دوللىرىڭنى ئاپتۇ، قەيەردە مېنىڭ ئىسمىم باركەن — كۆرسىتىپ باقە.

— سەن ئۆزىنى چېگرا سودا شىركىتىنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىلى دەۋاتماتىنىڭ پۇلنى ئاسىپ ئالغاندا! ئەمدى دىگەن گېپىڭدىن يېنىۋېلىپ بارامسەن،

تۇغماستىن ئادەم چىقمايدۇ، شورلۇقتىن يەر دېگەن راست ئوخشىمامدا!
— ئۇزۇن بوي، سويىما باش، ئۆڭى قارا، ئورۇق كەلگەن يەنە بىر ئادەم جاپپارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى شىلتىپ كەتتى.
— ئادەمنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپ قىلما، مېنىڭ سەنلەردىن قەرزىم يوق، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش! — جاپپار شۇنداق دەپ بۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.
— ئۇنداقتا ماۋۇ قەرزلەر، مېنىڭ شەخسىي قەرزىم ئىكەن - دە؟ — كىشىلىكتىن كېتەي دەپ قالغان ئاسپىجان تىترەپ جاپپارغا قارىدى، — بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭمۇ كارىڭىز بولمىسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ ھەممىنى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇشۇپ نېمە قىلماقچى مېنى؟ ئۆلتۈرۈلسۇن دېمەكچىما؟— جاپپار ئاسپىجانغا ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇنىڭ رەڭگى تېخىمۇ قارىداپ كالىنىڭ ئۆپكىسىدەك بولدى.
— بۇ ئۆزىڭىز تېرىغان چاتاق بولغاندىكىن، زىممىڭىزغا ئالمىسىڭىز مەن سىزگە ئىدارىدىن خەۋەر چىقتى، شىركەتنى بىكار قىلىۋېتىپتۇ، سودىگەرلەرنىڭ پۇلىنى ئالمايلى دېسەم، گېپىمگە كىرمىدىڭىز، يەنە قايسى يۈزىڭىز بىلەن ماڭا بۇنداق دەيسىز؟
— يالغان سۆزلىمەڭ، سودىگەرلەردىن پۇلنى ئېلىپ قازاقىستاندىكى «كاماز» شىركىتىگە پۇلنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندا ماڭا بۇ گەپنى دېدىڭىز، سىز مېنىڭ باشلىقىم تۇرسىڭىز، سىزدىن بىسوراق قانداق ئىش قىلالايتتىم؟
— ھەي ئاسپ، ئوغۇل بالىدەك سۆزلە - ھە، سەن مېنى بىشكەكتە كۆزگە ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟ مۇنداق قىلىمەن دەپ مەسلىھەت سالدىڭمۇ، ھە دېسە ئىدارىغا تېلېفون قىلغانىدىم، مۇنداق قىلىڭ دېدى، ئۇنداق قىلىڭ دېدى دەپ بوي بەرمىدىڭ، ئەمدى بىر يېرىڭگە يوق قاپلاشقاندا مەندىن سوراپ قىلدىم دەۋاتىسنا، سەن تولا ئۇستاتلىق قىلما، دوپپامغا جىگدە سالىمەن دېگۈچى بولما، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۆزۈڭ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي، زامانباي بىلەن شىاۋلىزا «كاماز» كىرگۈزۈڭلار دەپ تېلېفون

ئۇرۇپتىكەن دەۋاتىمەنلىك؟ ئەمدى مەندىن سوراپ قىلدىم دەۋاتامسەن؟ توۋبى ! — جاپپار ئاسپىجاننىڭ يۈزىگە بىرنى تولۇرۇپ قويدى.

— ماۋۇ ھۆججەتلەرگە بېسىلغان تامغا سېنىڭ قولۇڭدا بولغىيتى؟ دەپ باقە!

— ھەي، قارا يۈز، تامغىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ھۆججەتلەرگە بىسىپسەن، مەن كېيىن ئۇقتۇم!

— يالغان سۆزلىمە!

— بۇ ھېسابنى كېيىن سەن بىلەن قىلىشىمەن، ياۋاش-يۇمشاق بولۇۋېلىپ ماڭا ئىتتىرىپ قويۇشۇڭنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان مەن. سەن ئەزەلدىن ماڭا سۇيىقەست پىلانلاپ كەلدىڭ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئەگەر ماشىنىلىرىڭ ياخشى پۇلغا يارىسا تۆھپىگە شەخسىي ئىگە بولاتتىڭ، ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالساڭ تامغىغا يۆلەپ مېنى ئورىغا تىقاتتىڭ، مۇشۇ سۇيىقەستنى بىر قوللۇق پىلانلىغان ئەبلەغ ئادەمسەن، مەن شۇڭا تامغىنى ئۇرۇپ ئىمزاسىنى قويۇپ بەرگەن ئىشلارغا ئۆزۈم ئىگە دەپ بۇرۇنلا زامانباي بىلەن شىياۋلىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان، ئۇقتۇڭمۇ؟ — جاپپار شۇنداق دەپلا ئادەملەر ئارىسىدىن چىقىپ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كېتىپ، ئاسپىجانغا گەپ قىلىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىدى. توختى بىر چەتتە جاپپار بىلەن ئاسپىجانلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئەمەلدارلىق ئويۇنلىرىنىڭ ئاجايىپ رەھىمسىزلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئاسپىجاننىڭ ياۋاش - يۇمشاق خۇسۇسىيىتىدىن جاپپار دېگەندەك ئىشلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى چىرقىراپ ئىدارىنىڭ ئالدىدا توختىدى. كەكە ساقال ئادەم بىلەن يوغان قاش ئادەم ساقچى ماشىنىسىنى كۆرۈپ بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى ئۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشتى، ئۇلار ئەھۋالنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا تېلېفوندا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سورىدى.

ــــ ئاق ساقال، قانداق ئىش بولسا يوللۇق قىلىڭلار، بۇ يەر دېگەن پارتكومنىڭ مۇھىم ئورنى، بۇ يەردە باشقىلارنىڭ خىزمەت قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزسەڭلار قانۇنسىزلىق قىلغان بولىسىلەر.

ــــ ساقچى ئۇكام، بىز پۇلىمىزنى ئالغىلى كەلگەن، قانۇنسىزلىق قىلىشقا قانداق پېتىنالىغۇلۇق؟ ئائىلىمىزدە چوڭ ـ كىچىك 50 جان بار، ئاشۇ جاننى ھالال، پاكىز تىجارەت قىلىپ بېقىپ كېلىۋاتىمىز. يېرىم يىل بولدى، پۇلنى بۇلارغا ئۆتكۈزگىلى، تېخىچە قايتۇرۇپ بولمىسا، بىز 50 جان قانداق جان بېقىپ، تۇرمۇش ئۆتكۈزىمىز، تاتلىق ئۇكام؟ ــــ كەكە ساقال ئادەم ساقچىلارغا دەرد تۆكۈپ تۇرۇۋالدى، ساقچىلار بىر چەتكە بېرىشىپ مۇزاكىرە قىلىپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسىنى ئىزدەپ باقماقچى بولۇشتى.

ــــ ئاق ساقال، بىز ئەھۋالنى ئۇقتۇق، شۇڭا بىزگە ئازراق ۋاقىت بېرىڭلار، چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ئىشىنىڭلار، بولامدۇ؟

ــــ بولمامدىغان ئۇكام، بىز ئەزەلدىن پارتىيەگە، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىپ كەلگەن سودىگەرلەردىن، ياخشى سىياسەت بولغاچقا بۇگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشتۇق ئەمەسمۇ، بولىدۇ.

ــــ ئۇنداقتا، ئىدارىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرگە چوقۇم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىمىز ــــ ساقچىلار سودىگەرلەرنى ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ئىدارىغا كىرىپ كېتىشتى.

ھاشىم «سۇمۇرغ» ماركىلىق شەيتان ھارۋىسىنى مىنىپ ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بارى بىلەن قادىر كۆك كۆز زامانبايىنى يۆلەپ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەنىدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا رەڭگى ئۆچۈپلا كەتتى، شۇ ۋاقىتتا ساقچىلار ماشىنا بىلەن ئىدارە ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋالنى قادىر كۆك كۆزدىن قىسقىغىلا ئىگىلەپ ساقچى ماشىنىسى بىلەن زامانبايىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى. ھاشىم ئىدارىغا كىرىشكە پېتىنالماي شەيتان ھارۋىسىنىڭ رولىنى كەينىگە

بۇرىدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن زەن قويۇپ تۇراتتى، هاشىم ئالدىراپلا شەيتان هارۋىسىنى مىنىپ يولنى تاپالماي يول تۆۋىدىكى ئىستولبىغا ئۇرۇلۇپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرى قاناپ، ئۇدۇل چىشىدىن بىر نەچچىسى تۆكۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي ۋېلسىپىتنى مىنىپلا ئۇدۇل ئۆيىگە تىكىۋەتتى. قادىر كۆك كۆز هاشىمنىڭ ئەهۋالىنى كۆرۈپ يەرنى تېپىشلەپ كۈلۈپ كەتتى.

ــــ مەن دېگەنتىمغۇ، كىشىنىڭ هەققىنى يېسەڭ چوقۇم بىر يېرىڭدىن تېشىپ چىقماي قالمايدۇ دەپ، ئەجەب بەلەن بولدى، ــــ قادىر كۆك كۆز هاشىمنىڭ شەيتان هارۋىسىدىن يەنە پالاققىدە يەرگە يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى توختاتتى. هاشىم ئورنىدىن قوپۇپ شەيتان هارۋىسىنىڭ رولىنىڭ مايماق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، رولنى تۈزلەشكە رايى بارماي شەيتان هارۋىسىنى يېتىلەپ يۈگۈردى.

ــــ كىشىنىڭ هەققىنى يېگەن كىمنىڭ بىر يېرىدىن تېشىپ چىقتى، قادىر كۆك كۆز؟ ــــ زاكىر ئۇنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولدى.

ــــ ئاۋۇ هاشىمنىڭكىدىن تېشىپ چىققىلى باشلىدى، بايا زامانباينىڭكىدىن تېشىپ چىقىپ دوختۇرخانىغا كەتتى، ــــ قادىر كۆك كۆزنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ــــ پالاكەتكە، زىيانغا ئۇچرىغان ئادەمنى كۆرسەڭ گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ ـ هە، مۈشۈك كۆز، سېنىڭدىن تېشىپ چىقمىسىدى تېخى، سەنمۇ بوش كەلمىگەنتىڭغۇ؟ ــــ زاكىر قادىر كۆك كۆزنىڭ شىپخىغا ۋاققىدە كەلتۈرۈپ گەپ بىلەن بىرنى ئۇردى.

ــــ مېنىڭكىدىنمۇ تېشىپ چىقىپ بولمىدىمۇ، يەنە قانچىلىك تېشىپ چىقسا بولىتى؟ ــــ قادىر كۆك كۆز زاكىرغا گۈلىيىپ قاراپ قويدى. زاكىر بىلەن قادىر كۆك كۆز بىر ـ بىرىنى چىشلىشىپ تۇرغاندا، ساقچىلار سودىگەرلەرنى دەرۋازا سىرتىغا باشلاپ چىقىشقانىدى.

ــــ هەي قادىركا، بىز چىققۇچە ماۋۇ دەرۋازىدىن هېچكىمنى ئىدارە ئىچىگە كىرگۈزمەڭ، ئىچىدىن قۇلۇپ سېلىۋېلىڭ! ــــ دەپ بىر ساقچى

قادىر كۆك كۆزنى تونۇلىدى، زاكىر قادىر كۆك كۆز بىلەن ئىدارە ئىچىگە كىرىۋالدى.

تـوختى بۈگـۈنكى ئىشلارنى كـۆرۈپ ئادەملەرنىـڭ رەھىمسىزلىكىنى ئوچـۇق كـۆرۈپ يەتتـى، ئـۇ بېشىنى ئىچـگە تىقىـپ ئىشخانا بىناسـىغا كىرىپ ماغدۇرىدىن كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ھەر بىر پەشتاققا قەدەم ئېلىـپ، تىنىــپ تۇرۇۋالــدى، يەنە قەدەم ئېلىــپ، يەنە تىنىــپ ئاشـۇ تەرىقىدە ئىشخانىسىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھـالىتىنى كـۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۇنى مېيىپ بولۇپ قالدىمىكىن دېمەي قالمايتتى.

ـــ تـوختى، يېلـى چىقىــپ كەتــكەن شــەيتان هارۋىنىــڭ چاقــدەكلا كۆرۈنىسىزغۇ؟ ـــ توختى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، زەينەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئۇ زەينەپكە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي پەشتاق ساناپ يۇقىرى ئۆرلىمەكچى بولدى، ـــ جىن تاسقاپ قويغانــدەك قارىماي، ئىـشخانامغا كىرىــپ هـاردۇقىڭىزنى چىقىرىــپ ئانـدىن چىقىـڭ، بۈگــۈن ھەمــمە ئــادەم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن تاراپ كېتىشتى.

ـــ سىزمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تۇرۇپسىز ـ دە؟ ـــ توختى بۇ گەپنى ئويلاشماي دەپ سالغان ئىدى. زەينەپ قىزىرىـپ كەتتـى، تـوختى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، دېگەن گېپىدىن پۇشايمان يېگەندەك بولدى.

ـــ شۇنداق، تـوغرا دېـدىڭىز تـوختى قـارى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىشىك تۈۋىدە ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇردۇم، بولدىما؟

ـــ مەن ئۇنداق مەقسەتتە دېمىگەن.

ـــ ئۇنداق بولسا كەلسىلە.

تـوختى بىـر گەپنـى ئويلاشـماي دەپ قويـۇپ قاپقانغـا چۈشـكەندەك بولـدى، ئوشـۇق گەپ قىلىـشنى خالىمىـدى، پەشـتاققا ئېلىـپ بولغـان قەدىمىنـى يانـدۇرۇۋېلىپ زەينەپنىـڭ ئىشخانىـسىغا تەمتىـرەپ كىـردى. زەيىنەپ تـوختىنى ئىشخانىـسىغا ئەكىـرىپلا ئىـشىكنى ئىچىـدىن ۋاقىتىـدە تاقىۋالـدى، توختىنىـڭ يـۈرىكى توختـاپ قالغانـدەك بولـۇپ كەتتـى،

پېشانىسى سوغۇق تەرلەشكە باشلىدى، زەينەپكە قاراشقا پېتىنالمىدى، يۈتىمۇ تىترەپ كەتتى.

— بولالماي قالدىڭىزغۇ، پالۋىنىم؟ — زەينەپ توختىنىڭ قولىشالماي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، شاپپىدە بىلىكىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، توختى ئولتۇرۇقلۇقمۇ، قوپۇقلۇقمۇ بىلمەيتتى.

— توختى! — زەينەپ ئۇنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىدىلا توۋلاۋاتقاندەك هودۇقۇپ، توك سوققاندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ زەينەپنىڭ چىرايىغا قارىدى، زەينەپنىڭ يۈزى توغاچتەك قىزىرىپ، پۈرىقى توختىنىڭ تىنىقلىرىدا دولقۇنلاۋاتاتتى. توختىنىڭمۇ يۈزى قىزىرىپ، مېڭە قىلدام تومۇرلىرى چىڭقىلىپ ئىتىلاي دەپ قالغانىدى، زەينەپ ئولتۇرغان جايىدىن لىككىدە تۇرۇپ توختىنىڭ قېشىغا باردى، توختى خىجالەتچىلىكتە قالغاندەك بولدى. زەينەپ توختىنىڭ كەينىدىن گىرە سېلىپلا قۇچاقلىۋالدى، توختى ئۆزىنىڭ غەيرىي ئايال زاتىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغانلىقىنى تۇنجى قېتىم بىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپ - گۈپ سوقاتتى. زەينەپ توختىنى قۇچاقلاپ مەيدىسىنى بىلەن دەم پەسكە، دەم تۆپىگە سۈۋاپ ئۇنىڭ ئەرلىك هېسسىياتىنى دولقۇنلىتىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلدى، توختى بۇ هەرىكەتلەرنى سېزىپ تۇراتتى، كەينىمگە ئۆرۈلسەملا چاتاق چىقىدۇ دەپ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. زەينەپ توختىنىڭ بويانلىرىغا تىلىنى چىقىرىپ سۆيۈشكە باشلىدى، توختى هەيكەلدەك جىملا تۇردى.

— جېنىم پالۋىنىم، ماڭا قارىڭە، — زەينەپنىڭ ئوتلۇق نەپەسىدىن ئالەم كۆيگۈدەك ئىدى.

— جېنىم ئاچا، مېنى بۇنداق قىينىماڭ، سەت تۇرىدۇ.

— ماڭا قارىڭە پالۋىنىم، — زەينەپ توختىنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئالدى تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولۇپ هەرىكەت قىلىۋىدى، توختى چۆرگىلەپ زەينەپنى ئالدى تەرىپىگە ئۆتكۈزمىدى.

— بۇ دېگەن ئىشخانا، چوقۇم بىر ئادەم كىرىپ قالىدۇ.

— كارىم يوق.

— مەن تونۇشىمەن، مەن سىزگە ماقۇل بولاي، بۇ يەردە بۇنداق ئىش بولمىسا، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاچا، — زەينەپ توختىنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاخىر بولدى قىلدى، زەينەپ توختىنى يەنە بىر دەم قويۇپ بەرمىگەن بولسا، ئۇمۇ تەييار بولۇپ قالغانىدى. زەينەپ ئۇنى قويۇۋېتىپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. توختى زەينەپكە قارىۋىدى، زەينەپ پاقالچاقلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ سىلاپ قويدى. توختى ئۇنىڭ پىشقان، تولغان ئاپئاق پاقالچىقىغا قاراپ ۋۇجۇدىدىكى ئەرلىكىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈش تەرەپدارى بولغانلىقىنى تۇيۇۋالدى-دە، كۆزىنى دەرھال پەسكە قارىتىپ، زەينەپنىڭ چىرايلىق پۇتىنى كۆردى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرى، تىرناقلىرى توختىنىڭ كۆزىگە شۇنداق تەبىئىي، يېقىملىق كۆرۈندى، ئاياللارنىڭ چىرايلىق پۇتىنىڭمۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى، زەينەپنىڭ سۆلۈق لەۋلىرى ئۇنىڭ تىلىدا تۇرغاندەك بولدى.

— مەن چىقاي.

— يەكشەنبە كۈنى ئۆيدە ساقلايمەن جۇمۇ پالۋىنىم، — توختى زەينەپكە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمىدى، — چوقۇم كېلىڭ، ئۆيۈمدە ساقلايمەن.

— يولدىشىڭىز... — توختى گېپىنىڭ ئاخىرنى چۈشۈرەلمىدى.

— ئۇ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتتى، خاتىرجەم كېلىۋېرىڭ، — توختىنىڭ ئەندىشى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

— مەن، — توختى «مەن» دەپلا ئىشكنى ئاچتى - دە، كارىدورغا پۇتىنى ئېلىپ زەينەپكە قارىدى، زەينەپ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايالغا ئايلانغانىدى، — چوقۇم بارىمەن، — توختى مۇنداق دەپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

دىجورنىخانىدا قادىر كۆك كۆز بىلەن زاكىر ئۆزىنىڭ پارىڭىنى قىلىشىۋاتاتتى. ساقچىلار ئىدارىنىڭ يىغىن زالىغا كىرىپ، بۆلۈم باشلىقى

دەرىجىلىك خادىملارنى يىغىپ، سودىگەرلەرنىڭ پۇلىنى قانداق قايتۇرۇش توغرۇلۇق يىرىم سائەت ئۆيچۆرىسىدە مەسلىھەتلىشىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن سودىگەرلەرگە ئېنىق جاۋاب بەردى. ماشىنىلارنى ساقچىلار ئۆزى ئىگە بولۇپ سېتىپ، پۇلنى نىسبەت بويىچە تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى، سودىگەرلەرنىڭ قولىغا تەگكەن پۇلغا رازى بولۇشىنى ئېيتتى، سودىگەرلەر باشتا ئۇنىمىدى، ئاخىردا مەسلىھەت قىلىپ ماقۇل بولدى. ساقچىلار يىرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارغا پۇللارنى بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىدارىغا كېلىپ سۈرۈشتە قىلماسلىقنى، پۇلنى ساقچىخانىدىن ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇرۇپ ئۇلارنى يولغا سېلىشتى. قىيامەتكە ئايلانغان بۇ ئىدارىنىڭ ۋەزىيىتى ئاخىر تۇراقلاشتى.

سودىگەرلەر تارقىلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، قادىر كۆك كۆز زاكىرغا قارىدى، زاكىر ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى چۈشەنگەنىدى.

— مېنىڭچە بەك ئاسانغا توختىدى، شۇنداقمۇ كۆك كۆز؟ — زاكىر كۈلدى.

— راستىنلا ئاسانغا توختىدى جۇمۇ، سودىگەرلەرنىڭ ئەتىگەنكى ئەلپازىدىن ئىدارىنى تارتىۋالىدىغاندەكلا بىلىنىپ كەتكەن دەيمەن.

— قاراپ تۇر، «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىتىڭ، تېخى ئالدىرىمىساڭ ئۇ كۈننىمۇ كۆرىسەن، — زاكىر شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېجورنىخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ بىر گەپنى سورىماقچى بولدى.

— ئالدىمنى توسۇپ قايسى گەپنى سورىماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، ئاۋارە بولۇۋاتىسەن.

— دەپ بىرە، نەچچە كۈن بولدى ئىچىمدە بىر ۋەدى -ۋەدى تۇرىدۇ دەيمەن.

— بۇياققا ئۆت! — زاكىر قادىر كۆك كۆزنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ سىرتقا چىقتى.

— ئۈنداق قىلماي دېۋەتكىنە، زاكىر.
— دېمەيمەن! — زاكىر قادىر كۆك كۆزگە تازا سوزۇپ جاۋاب بېرىپ ئىسقىرتىپ قويدى.

※ ※ ※

توختى زەينەپكە يەكشەنبە كۈنى بېرىشقا ۋەدە بېرىپ قويغاندىن بۇيان، ئىككىنە يەۋالغاندەكلا بىر جايدا ئۆزاق تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، تۈرۈپلا كۈن ساناپ بۈگۈنكى كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېرىكىپ كېتەتتى، بەزىدە ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرىدىغان جايىنىمۇ تاپالماي قالاتتى، غۇلام ئۇنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىشلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى. توختى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئالدى - كەينىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، غۇلام بولالماي ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئولتۇرىدىغان ئورنۇڭ مانا ماۋۇ يەردە، — توختى غۇلامغا قاراپ بىر دەم تۇرۇۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. غۇلام بۇرۇنقىدىن تۈزۈك كۆرۈنەتتى، بەلكىم ئۇ ئاچچىق يۇتۇشكە كۆنۈكۈپ قالغاندۇر ياكى بولمىسا خوتۇنى تاپپا - تەنە قىلىپ ھارغاندۇر. توختى غۇلامغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىچىدە يەنە كۈن ساندى.

— غۇلام، بۈگۈن كۈنگە نېمە؟ — غۇلام ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۆت ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ ياقىسىنى تۈتتى.

— توختى، ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياقەي.

— بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە.

— سەيشەنبىمۇ؟ — توختى بارماقلىرى بىلەن كۈننى ساناپ جىددىيلىكى

پەسەيگەندەك بولدى، يەكشەنبە كەلگىچە ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ قالغاي ئىلاھىم دەپ ئويلىدى، غۇلام ئۇنىڭ بارماق ساناپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىككىلىنىپ ئولتۇراتتى.

— يېڭى دوست تاپقان ئوخشىمامسەن، بىرەر قىز بىلەن كۆرۈشۈپ يالغۇزچىلىقتىن قۇتۇلاي دېدىڭمۇ يا؟ — توختى غۇلامغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئادەم تۇرمۇش قۇرۇش يېشىدىن ئۆتۈپ كەتسە ھېچنېمە خۇشياقمايدىغان، بىرەر ئىشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سەنمۇ جاھىللىق قىلىپ ئولتۇرماي گاچچىدە تويۇڭنى قىلىۋال، ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن توي ئىشىڭنى دەپ ئارازلىشىپ قېلىپ گەپلەشمىگىنىڭگە نەچچە يىل بولاي دېدى، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى تىندۇر، — توختى غۇلامنىڭ بەك چوڭقۇر ئويلىۋالغانلىقىنى بىلىپ كۈلدى.

— مەن سەندىن شۇنداقلا سوراپ قويسام، نەگە ئاپىرىۋالدىڭ بۇ گەپنى، غۇلام؟ سەن دېگەن ئۇ كۈنلەرمۇ چوقۇم بولىدۇ، نېمىگە ئالدىراش، «بالاغا قالغاندىن تالادا قېلىپ» تۇراي ھازىرچە، — توختى گەپنى غۇلامغا تەگكۈزۈپ ئېيتتى.

— بىر تۇرۇپ مەندەك بولۇپ قالغانمۇ ياخشىكەن دەپ قالدىم مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە، خوتۇن خەق دېگەن بالا تۇغسىلا بالا بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئەرلىرىنى يالغۇز قالدۇرۇپ قويىدىكەن، بولدىلا، بۇ ئىشنى تەستە ئۇنتۇۋاتاتتىم، يەنە ئۇنى تەگەپ كۆڭلۈمنى ئاچچىققا تولدۇرۇۋالماي. ماۋۇ باشلىقلارنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈۋاتقان كۈنىنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە تەسەللى تاپتىم، بولدى ئويلىمايمەن، — غۇلام كۈلۈمسىرىدى، توختىمۇ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن خۇرسەن بولدى.

— ئىدارىدىكى باشلىقلارنى تەگشەيدىكەن، ئاڭلىدىڭمۇ، توختى؟

— ياق.

— ھەممىدىن جاپپاركامغا ئۇۋال بولىدى، ئۇنى ئىشتىن توختىتىپ

قويدى دېگىنە، ئاسپجاننىڭ ئىدارىدا ئىشلىمگەن چاغدىكى مائاشىنىلا تۇتۇپ قاپتۇ، جاپپاركامغا ئەڭ چوڭ زىيان بولدى، ئۇنى خىزمەتتىن توختاتقىنى يەتمەي، يەنە ئۇنىڭ مائاشىنىمۇ توختىتىپ قويۇپتۇ، چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۇ ئادەمگە ئەشەددىي زەربە بولدى - دە، — توختى غۇلامنىڭ قۇلىقىنىڭ يەنە ئۇزىراپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئاسپجانغا چوڭ ئىش كەلمەپتۇ - دە، ئۇنداقتا؟ — توختى شۇنداق دەپ غۇلامغا قارىدى. غۇلام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئېچىپ، كارىدورغا قارىۋېتىپ، ئىشكنى ئىچىدىن ئېتىپ جايىدا ئولتۇردى.

— توۋا دەيمەن، بىر ئايدىن بېرى ئاسپجانكام ھاقارەتنى ئادەم تۈگۈل ھايۋانمۇ كۆتۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتەتتى. توختى، سەن بىلمەيسەن، ئۇ ئادەم يېرىم ئاينىڭ ئالدىدا نامازشام ئارىلاش تېلېفون ئۇرۇپ مېنى چاقىرتقان، مەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلسەم سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ تالاغا چىقىرىۋېتىپتىكەن، ئۇلارنى بىر كېچە ئۆيۈمدە قونىدۇردۇم، ماۋۇ گەپنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەيمەن، شۇ كۈنى ئاسپجانكام مېنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىم ئاغرىدى، ھازىر ماشىنىلىرنى جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرى سېتىپ سودىگەرلەرگە پۇلنى بېرىپ بولدى، قۇتۇلدى بىچارىمۇ، بۇ ئادەمگە سودىگەرلەرنىڭ قىلغان ئەلىمىدىن ماۋۇ تەلئەت قۇرتنىڭ قىلغىنى بەكرەك ئېغىر كەلدى دېگىنە، — توختى غۇلامنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ سورىدى.

— تەلئەت نېمە قىپتۇ؟

— دۇنيادىكى ئەڭ چۈپرەندە ، پەس ئادەم دېسەم يەنە كەملىك قىلىدۇ ئىشىنەمسەن؟ توۋا، — غۇلام يەنە ياقىسىنى تۇتتى.

— ياقاڭنى تۇتىۋېرىپ يىرتىپ قويۇپ خوتۇنىڭدىن دەشنەم يەپ يۈرمە يەنە، تەلئەت نېمە قىپتۇ؟ — توختى غۇلامنىڭ كۆزىگە جىددىي تىكىلدى.

— ئاسپجانكام ماشىنىنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، تاموژنا رەسمىيەتلەرنى

تەڭ يوگوروشوپ بېجىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى قېتىۋاپتىكەن، ئۇ ئاشۇ چېپىشىپ بەرگەن كۆنلىرىگە ھەق بېرىلىڭ دەپ تۇرۇۋاپتۇ، «ئېشەك ئۆلەۋاتسا بىر نېمىسى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەن شۇ-دە. ئۇنىڭدىنمۇ بەتەر يەنە بىر ئىش تېخى، تەلئەت قۇرتنىڭ قەشقەردە بىر نەۋرە ئاچىسى بار ئىكەن، ئۇ ئاسپىجانكامنى ئاشۇ نەۋرە ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە كۈن تاماققا ئېلىپ شۇ چاغدا يېگەن تاماقلارنىڭ پۇلىنىمۇ ھېسابلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاسپىجانكام كىشى ئۇقمىسۇن دەپ قوشنىلىرىدىن قەرز ئېلىپ تەلئەت قۇرتقا بەردى دەيمەن، توۋا - توۋا، ماۋۇ سېسىق قۇرتنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىغا ھەيران قالدىم، مەن ئۇنىڭغا ماۋۇ قىلىقىڭىزنى ئادەم قىلمايدۇ دېسەم، نېمە دېدى دېمەمسەن، «مەن ئادەم ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئۇشۇق گەپ قىلمىدىم، ماۋۇ دۇنيادا بارغۇ تەلئەت قۇرتتىنمۇ پەس ئادەم بولمىسا كېرەك.

— ئۇنى توغرا چۈشەن، غۇلام، ئاڭلىسام، ئۇ كىچىكىدىلا يېتىم قېلىپ نامراتچىلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتقان ئىكەن، يامان يىللاردا نەچچە ئىنىسى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن قاراڭغۇ بازاردا تىجارەت قىلىپ بېقىپ قاتارغا قوشقىچە كۆرمىگەن كۈنى قالماپتىكەن، شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق ئىنچىكە ھېساب قىلىدۇ.

— سەن نېمە دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ قارىشى، ئەمما بارغۇ مانىڭدەك يەنە بىر ئادەم ماۋۇ دۇنيادىن تېپىلمايدۇ جۇمۇ.

— ئاسپىجاننى ئىشقا چۈشسۇن دەپتىمۇ؟

— ئاسپىجانكامنىڭ دېيىشىچە، كېلەر ھەپتە ئىشقا چۈشىدىكەن.

— دەرىجىسى بىلەن چۈشەمدىكەن؟

— نېمە دەيدىغانسەن؟ ئۇ ئادەمنى جاپپاركامنىڭ ئورنىغا قويىدىغان گەپ بار تېخى، — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاپپارنىڭ ھېلىقى كۈنى دېگەن گەپلىرىنى غوۋا ئەسلەپ تىنىپ قويدى.

— توختى، بىر گەپ بار ئىدى، ساڭا دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ قىينىلىپ قېلىۋاتىمەن، — غۇلام توختىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— دېيىشكە تېگىشلىك گەپ بولمىسا دېمىگىن.
— مەنغۇ ئىچىمدىلا قالسۇن دەپ كەلگەن، لېكىن ساڭا دېگۈم كېلىۋاتىدۇ.
— دېگۈڭ كەلسە دە.
— گاڭگىراپ قالدىم قارا، ئىدارىمىز چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللانسا زىيان تارتىپ ئىچىم پۇچۇلىنىپ كەتكەن، ئەمما مۇشۇ باھانىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ يەتتىم، مەن تېخى بىرمۇ ئادەمنى چۈشەنمەي كېلىپتىكەنمەن، ئالەم دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ دەپتىكەنمەن، ھازىر ئۇقسام، بۇ ئالەم مەن ئويلىغاندەك ئەمەسكەن. ئاجايىپ زىددىيەتكە، مۇرەككەپچىلىككە، خىرىسقا تولغان ئالەم ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەتراپىمىزدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىرلىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ چىرايى باشقا، كۆڭلى باشقا ئىكەن، — توختى غۇلامنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىدە تەستىقلاپ ئولتۇردى، غۇلام بوش ئاۋازدا سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
— تونۇلغۇن جاپپاركام بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغانىدىم، ئۇ ئادەم مېنى كۆرۈپ ئاجايىپ قىزغىن سالام قىلىپ كەتتى، راستىنى دېسەم، ئۇ ئادەمگە كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاپ كەلگەن ئاغرىقىم بار ئىدى، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم خىجالەت بولۇپ قالدىم. ئەينى يىلى مەن ئىدارىغا ئورۇنلىشىدىغان چاغدا، ئۇ ئادەم ئوقۇغان كەسپى ئىدارىمىزغا ماس كەلمەيدىكەن دەپ توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى، رەسمىيلەشتۈرىدىغان چاغدا قول قويۇپ بەرمەي تۇرۇۋېلىپ ئارىغا ئاسىپجانكام چۈشكەندىن كېيىن مىڭ تەستە قول قويغان، ئاشۇ قىلغانلىرى دائىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋېلىپ ئۇ ئادەمگە ياخشى قاراشتا ئەمەس ئىدىم، ئاشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق - يورۇق سالاممۇ قىلىشمىغانىدىم، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا بولغان قارىشىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتىم، ئۇ ئادەم ماڭا شۇ كۈندىن تارتىپ بۆلەكچىلا كۆرۈنۈپ كەتتى، تېخى ماڭا بىر گەپنى دېۋىدى تۇرۇپلا قالدىم.
— نېمە گەپنى دېگەن؟

— ئاسپجانكامنىڭ گېپىنى، راستىنى ساڭا دېۋېتەي، ئاسپجانكام بارغۇ ئۆزى يۇمشاق تۇرغان بىلەن قولىدىن ھەر بالا كېلىدىكەن دەيمەن، جاپپاركامنى ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى، پومپىشچىكنىڭ بالىسى، كېلىپ - چىقىشى مۇرەككەپ دەپ يۇقىرىغا دائىم پاش قىلىش خېتى يېزىپ كەپتىكەن. جاپپاركامنىڭ ئەينى يىللاردا قىسمدا بىللە تۇرغان بىر سەپدىشى ئەرزىيەت ئىشخانىسىدا باشلىق ئىكەن، ئۇ ئادەم جاپپاركامغا نامسىز پاش قىلىش خەتلىرىدىن بىر نەچچە پارچىنى بېرىپتىكەن، جاپپاركام شۇ خەتلەرنى ماڭا كۆرسىتىپ قويدى، مەن ئۇ پاش قىلىش خېتىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدا دېيىلگەن گەپلەردىن قورقۇپ ئىشتىنىمغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم، ئەرزىيەت ئىشخانىسىدىكىلەر ئاشۇ خەتنىڭ يېزىلىشى بويىچە جاپپاركامنى مەخپىي تەكشۈرۈپ ئۇنداق ئىشلارنىڭ يوقلىقىنى، بۇ خەتتىكى گەپلەرنىڭ بوھتانلىقىنى ئۇقۇپ، بۇ خەت ئىگىسىنى تېپىپ جازالىماقچى بولغاندا، جاپپاركام پاش قىلىش خېتى يازغان ئادەمنى سۈرۈشتە قىلماسلىقنى سەپدىشىغا دەپ بولدى قىلغۇزۇۋېتىپتۇ، مەن بۇ پوچېركىلارنى بىر كۆرۈپلا ئاسپجانكامنىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم دېگىنە، توۋا دەپ ياقامنى تۇتتۇم، بىچارە ئادەم ئۇ كۈنى مېنى مېھمان قىلدى دېگىنە، «سۈبھى رېستوران»دا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئاچچىق بولغاچقا شۇ كۈنى جاپپاركام بىلەن خېلى ئىچىپتىمەن، ئۇ ئادەم پەقەت مەست بولمايدىكەن، مەن ئاسانلا تەڭشىلىپ قالدىم، ئاشۇ كۈنى جاپپاركام ئاسپجانكامنىڭ بىشكەكتە قىلىپ يۈرگەن يەنە بىر سەتچىلىكىنى ئېيتىپ بەردى، جېنىمدا مەن نومۇس قىلىپ كەتتىم جۇمۇ.

— يەنە نېمە سەتچىلىككەن ئۇ؟

— بۇگۈن ھەممىنى دېۋېتىدىغان بولدۇم، يېقىندىن بېرى، مېنىڭمۇ قورسىقىمدا گەپ ياتمايدىغان بولۇۋالدىغۇ، ئۇچۇ جاپپاركامنىڭ يانچۇقىدىن 500 دوللارنى ئوغرىلاپتىكەن، جاپپاركام تۇيۇپ قېلىپ كۆرمەسكە سېلىۋاپتۇ، ئاسپجانكام شۇ كۈندىن تارتىپ باشقا ياتاقتا

يېتىپتۇ، جاپپاركام ئاشۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، مەن تۇرمۇشتا سەل قىيلىنىپ قالدىم، سەن ئۇنىڭغا دەپ باق دېۋىدى، ماۋۇ يۇزلۇم ئۇت ئېلىپ كەتتى، مەن ماقۇل دەپ ساپتىكەنمەن، بەك قىينىلىپ كەتتىم. بىر كۈنى ئاسپىجانكامغا جاپپاركام تۇرمۇشتا قىينىلىپ قاپتۇ، سىزدە 500 دوللار پۇلۇم بار دەيدۇ دېسەم، ئاسىجانكام ساماندەك تاتىرىپ، يا بار، يا يوق دېمەي جىم تۇرۇۋالغانىدى، مەن خىجالەت بولۇپ كەتتىم، ھازىر ئويلىسام ئۆزىڭىز دەك دېمەپتىمەن دەيمەن، يەنە بىر گەپ بار تېخى، ئاسپىجانكام ئەسلىي قازاقىستاندىكى «كاماز» شىركىتىگە ئالتە كامازغا پۇل تۆلەپتىكەن، ئۇنى ئالمۇتىدا ئاسپىجانىنىڭ خوتۇنىنىڭ بىر ئىنىسى تىجارەت قىلىپ شۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قاپتىكەن، ئاشۇ «كاماز» ماشىنىلارنى شۇ خوتۇنىنىڭ ئىنىسى ئالاقە قىلىپ تېپىشىپ بېرىپتىكەن، ئالتە كامازغا پۇل تۆلىسە، ئۇ بەش كامازنى ئەكېلىپ قىرغىزىستان تاموژنىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن بىللە كېلىپتىكەن، تۆت كامازنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر كامازنى قايتۇرۇپ كېتىپتۇ، ئاسپىجانكام بىلەن قېينى ئىنىسى تىل بىرىكتۈرۈپ ئاشۇنداق قىلغانمىش. يېقىندا ئاسپىجانكامنىڭ قېينئىنىسى ئۇ ئىككى كامازنى قورغاس ئارقىلىق كىرگۈزۈپ ئۆزۈمچىدە سېتىپتۇ، جاپپاركام بۇ گەپنى ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بەردى، مۇشۇ گەپلەر مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، ئەتراپىمىزدىكى بۇ ئادەملەر تولىمۇ سىرلىق ئىكەن، — غۇلام گەپلەرنى دەپ بولغانىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئىپادىسى ئاجايىپ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، توختى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇۋىدى، غۇلام ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ئەككىلە، ماڭىمۇ بىر تال بەر، بۇ نەرسىمۇ زىيانلىق بولغىنى بىلەن ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەشكە پايدىسى بار ئىكەن، — توختى ئۇنىڭغا بىر تال بەردى.

كەچقۇرۇن ھاۋا بۇزۇلۇشقا باشلىدى، غەرب تەرەپتىن كەلگەن بىر

توپ قارا بۇلۇت بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇققا چۆمكىدى، دېمىسىمۇ كۆزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھاۋا يامغۇرلۇق بولاتتى، مۇشۇ يامغۇرلۇق ھاۋا سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنى باشلاپ كېلەتتى. تاغنىڭ ئۈستىدىلا چاقماقلار چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگىلى تۇردى. توختى كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئىدارە تەرەپتىكى ئۆزۈن يولدا كېلىۋاتاتتى. قاراس - قۇرۇس ئاۋاز چىقىرىپ چاققان چاقماقلارنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ قويدى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ بۇلۇتلارنىڭ سەت ئەلپازىنى كۆرۈپ بۇگۈن يامغۇر تازا ياغىدىغان بولدى، چوقۇم سايغا سەلەپ كېلىدۇ دەپ جەزم قىلدى. يامغۇردا قالماي دەپ يۈگۈردى، ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ئۈلگۈرمەي دىجورنىخانىغا كىرىۋالماقچى بولدى، لېكىن قادىر كۆك كۆزنىڭ سېرىق قۇچقاشتەك ۋىچىرلاپ ئېغىزىنىڭ بېسىقمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا بىر دەم تۇردى. چاقماق ئاجايىپ دەھشەت چېقىلدى، ئۇنىڭ يۇمۇلغان كۆزى جامدەك ئېچىلىپ كەتتى. يامغۇر ھەدەپ كۈچىگىلى تۇردى، دەرۋازىنىڭ لەمپىسىمۇ دالدا بولۇشقا پايلىمىدى. ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ، دىجورنىخانىغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن بىرى تارتقاندەك بولدى. توختى قورقىنىدىن تۈگۈلۈپ كەتتى.

— بەك تۈگۈلۈپ كەتتىڭغۇ، بالام؟ قورقما، بۇ مەن، — توختى ئاۋازنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى، يانغا قارايمەن دېمۇ قارىيالمىدى.

— بىزنىڭ ئادەم مۇشۇنداق يامغۇرلۇق بىر كېچىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىچە كەلمىدى، — توختى قورقۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، — مۇشۇنداق چاپقۇنلۇق يامغۇرلا زېمىندىكى مەينەتچىلىكلەرنى تازىلىيالايدۇ، ياراتقان ئىگەم يامغۇر ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمنى تازىلىۋالىدۇ. نېمانداق قورقۇپ تۇرىسەن؟ مەن

ئايــشەم مومــاي، بۈگــۈن ســېنى ئىــزدەپ ئۆيــۈڭگە بارســام ســەن يــوق ئىكەنــسەن، مۇشــۇ يەردە ســېنى ســاقلاپ تــۇردۇم، ــــ تــوختى قورقــۇپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى، ئۇنىڭغا قارىــسام يۈرىكىم چوقــۇم پــارتلاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى.

ــــ مېنى قويۇۋېتىڭ.

ــــ سېنى تۇتۇۋالدىم، ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت، مەن سەنــدىن بىرنىــڭ ئادەمنى سوراپ باقاي دېدىم، باشقا مەقسىتىم يوق.

ــــ مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمىسام نېمىنى دەپ بېرىمەن؟

ــــ تونۇمىغان بىلەن كۆردۈڭ، كۆرگىنىڭنى دەپ بەرسەڭ بولىدۇ.

ــــ مەن كۆرمىگەن تۇرسام.

ــــ تۈزكورلۇق قىلما، بالام، مۇشۇنداق يامغۇر تۈزكورلارنىمۇ يۇيىدۇ.

ــــ نېمە دەپ تۈزكورلۇق قىلاتتىم؟ كۆرگەن بولسام كۆردۈم دېمەمتىم.

ــــ ئۇ سېنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلــدۇرغان تۇرســا، كۆرمــدىم دەپ تېنىۋالغانلىقىڭ نېمىسى؟

ــــ مېنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايسىز، موما، ــــ ئايشەمخان مومــاي توختىنىــڭ بــۇ گېپىنــى ئــاڭلاپ قاقــاقلاپ كۈلۈۋېــدى، كۈلكىــسى ئاسمانــدا چېقىلىۋاتقان چاقماقلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ــــ مېنىڭ بۇ قېرى جېنىم ئادەم ئۆلتۈرەلەمدىكەن، توختى؟

ــــ چوقۇم ئۆلتۈرىدۇ.

ــــ سەن ئوشۇقچە ئويلاپ كېتىپسەن، مەن پەقەت بىرنىــڭ ئــادەمنى سوراي دېدىم شۇ.

ــــ مەن ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرمىگەن تۇرسام قانداق دەپ بېرىمەن؟

ــــ ئۇ بۇرۇنقىدەكلا تېمەن تۇرۇپتىمۇ؟

ــــ ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بەك كۈچى بار ئىكەن، مېنــى يەردىــن يۇلــۇپلا ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدى.

ــــ ئۇ راستلا كۈچلۈك ئىدى، شۇ پېتى تۇرۇپتــۇ، ــــ ئايــشەم مومــاي خىرىلــداپ كۈلــۈپ كەتتــى، تــوختى خــۇدادىن ئۇنىــڭ كۈلمەســلىكىنى

تىلەيتتى، ئۇنىڭ كۆلكىسى قورقۇنچلۇق ئالۋاستىنىڭ كۆلكىسىدەك تۇيۇلاتتى.

— بولدى، كىرىپ كەتسەڭ بولىدۇ، سىنى باشقا بىر كۈنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە بارىمەن.

— مىنى ئەمدى ئىزدەپ ئاۋارە قىلمىسىڭىز موما، ئۆتۈنۈپ قالاي سىزدىن.

— سەن ئوششۇقچە ئويلاپ كەتمە، ساڭا دەپ بېرىدىغان مۇھىم گېپىم بار، بۇ دۇنيادا پەقەت ساڭىلا دەپ بېرىمەن، بولدى كىرىپ كەت، — توختى مومايغا يەنە يېلىنماقچى بولۇۋىدى، دەرۋازا ئىچىدىن بىر تىۋىش ئاڭلاندى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قادىر كۆك كۆزنى كۆردى.

— كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن بۇ يامغۇردا، توختى؟ — توختى ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي يېنىغا قارىۋىدى، ئايشەمخان موماينى كۆرەلمىدى، كۆزنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدى، يەنىلا ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. قورققىنىدىن بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى قىزىپ كەتتى. ۋايجان دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تىلى كالىمەي دۇدۇقلاپ، ئىنجىقلاپ كەتتى، دەرۋازا سىرتىدىن ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپ، چىپىلەكلەپ قۇيۇۋاتقان يامغۇرنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇگۈرۈپ ئۆيى تەرەپكە كەتتى. قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ دەپ ئېغىزىنى ئېچىپلا قالدى، دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ تۆت ئەتراپنى تىنتىپ دىجورنىخانىغا كىرىپ كەتتى.

توختى ئۆيىگە كىرىپ ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنى ھەم تاقاپ، ئۇستىبېشىنىڭ يامغۇردا چۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. چاقماق يەرنى تىتىشەتكۈدەك چېقىلاتتى، دېرىزىدىن ئۇنىڭ دەھشىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىيىمىنى سېلىپ يوتقانغا كىرىۋېلىشقا ئالدىرىدى، چىراغنى يېقىپ يوتقانىنىمۇ ئوگىتەي - تۇگەتەي سالدى، ئىچ كىيىمىنى يوتقانغا كىرىپ بولۇپ سېلىپ ئايىغىدىن پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ يوتقاننىڭ تېشىغا چىقاردى. ئۇ يوتقان ئىچىدە لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇنى قۇرۇق ھېقىق تۇتۇۋېلىپ بىر مەھەل ئاۋارە قىلدى، ھېقىق توختىۋىدى،

چۈشكۈرۈك ياماشتى. ئۇ شۇنداق چۈشكۈردىكى، پۈتۈن ئەزايى جاقىلداپ كەتتى، مېڭىسىنىڭ قۇرى ئاجرىلىپ كېتەي دېدى، چۈشكۈرۈك كەينى-كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلەتتى. بۇرنىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتتى. يوتقاندا توختى مەۋجۇد ئەمەستەك، پەقەت چۈشكۈرۈكلا باردەك ھېس قىلدى، ئاخىر چۈشكۈرۈكمۇ پەسىيىپ بۇرنىنىڭ ئېچىشىشىمۇ تۈگىدى. توختىنىڭ بەدەنلىرى ئاغرىپ كەتكەندى، ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەچكە كۆزىنى ئېچىپلا دېرىزىگە قارىدى، دېرىزىنىڭ سىرتىدا پاللىداپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈپ، يۈرىكى يوقاپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. بۇ كۆز دەل ئايىشەمخان مومايىنىڭ كۆزى ئىدى، ئۇنىڭ «ھى...ھى...ھى...» دەپ كۈلگىنى قۇلىقىدا شۇ پېتىلا تۇراتتى. توختى قولى بىلەن قۇلىقىنى توسۇۋېلىپ، يوتقاننى بېشىغا يۆگىۋالدى. دەھشەتلىك چاقماق ئۇنى بىئارام قىلاتتى. يامغۇر پەقەت ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگىلا يېغىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، توختى قۇلىقىدىكى قولىنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئالدى، قۇلىقى غىڭىلداپ سايرىغىلى تۇردى، قۇلىقىنىڭ سايرىغىنى ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىمەنە تۇيۇلۇشقا باشلىدى، يەنە قولى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىپ، «ۋاي چىشىم، ۋاي بېشىم» دەپ ۋايسىدى. ئۇ ئاشۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسى زادىلا ئارام ئالمىدى، ئۇ سىرتنى تىڭشاپ ياتقاندەك بولدى.

توختى ئەتىگەندە ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرماي كۆزىنى ئېچىپ يېرىم سائەتكىچە ياتتى، قورسىقى ئېچىپ كەتمىگەن بولسا، ئىشقا چىقماي ياتقان بولاتتى. ئۇ قوپۇپ ناشتا قىلىپ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ھويلىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، توختى بېشىنى ئىشىك تەرەپكە بۇراپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىشىكى ئۇ ئىدارىگە كۆچۈپ چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم چېكىلىۋاتاتتى. يۈرىكى تۇرۇپلا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى، ئىشىك يەنە ئۇرۇلدى، توختى ئورنىدىن قوپۇپ ھويلىغا چىقتى، كۆڭلىگە تۈرلۈك خىياللار چاپلاشقىلى تۇرغانىدى. توختى ئاخىر ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، قادىر كۆك كۆزىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى

كۆرۈپ، نېمە ئىش دېگەندەك لام ـ جىم دېمەي ئۈنىگغا قاراپ قالدى.

— توختى، سادىق قىلتىرىق ئۆلۈپ قاپتۇ، — قادىر كۆك كۆز توختىنىڭ جىددىيچىلىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن گەپنى ئۇدۇللا دېگەن ئىدى، توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ «ئۇھ» دەپ تىنىۋالدى.

— ئۆيىدىمۇ؟

— هازىرچە ئۆيىدە دەپ تۇرىلى، كېيىن ئۇقۇپ قالسەن، — قادىر كۆك كۆز ئۈنىگغا ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى قاققىلى تۇردى.

— بۇگۈن پېشىمغا نامىزىنى چىقىرىمىز.

— ماقۇل.

توختى ئۆيىگە كىرىپ بىر دەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىشخانا بىناسى ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇردى ـ دە ئۆلۈمگە پەتە ئوقۇپ قويۇش ئۈچۈن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆلۈمگە پەتىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جامائەت بىلەن بىللە ئىدارىنىڭ غەربىي قوروسىغا ماڭدى، جامائەت بىر ـ بىرى بىلەن سادىق قىلتىرىقنىڭ هايات چېغىدىكى ئىشلىرىنى كۇسۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— چوڭ ئوقۇغان زىيالىي ئادەم ئىدى.

— پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن كۆكتات بازىرىنىڭ ئالدىدىكى تېۋىپكە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى، تېخى تۈنۈگۈن كۆرگەنىدىم.

— مەنمۇ تۈنۈگۈن كۆرگەن، ساپمۇ ساق تۇراتتى.

— بىكار بولسىلا شەھەردىكى هەممە كوچىلارنى ئارىلاپ تۇراتتى.

— ئانچە ـ مۇنچە مەدىكار بازىرىدا كۆرۈپ قالاتتىم، ئۇ يەرگە نېمىگە بارىدىغان بولغىيتتى؟

— بۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئانچە چات كىرىۋالما...

جامائەت شۇنداق گەپلەرنى دېيىشىپ غەربىي قوروغا كىرىپ كەلدى، سادىق قىلتىرىقنىڭ باللىرى، تۇغقانلىرى هازىدار بولۇپ يىغلايتتى.

جامائەت هازىدارلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى، توختى هازىدارلار بىلەن كۆرۈشكىچە ئادەملەرگە زەن قويۇپ ماڭدى. قاتار تىزىلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان زامانباي، شياۋلىزا، جاپپار، ئاسىپجان، تەلئەت قۇرتلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇرسۇن كۆيدۈرگە بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، تۇرسۇن كۆيدۈرگىنىڭ بېشى تېڭىقلىق تۇراتتى، ئۇ تېڭىق بېشىنىڭ تۆپىسىگە شىلەپىسىنى چىڭ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. توختى ئۇنى كۆرۈپ ئىچىگە شەيتان كىرگەندەك بولۇپ كەتتى، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولسا جەزمەن كۈلۈپ تاشلايتتى، تۇرسۇن كۆيدۈرگە زىل بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان كۈلكىنى كۆرگەندەك بولۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى. ئەمەت ماناپ دالدەك ئېگىلىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، توختى هازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ جامائەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ غەربىي قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قالدى، دەرۋازا ئالدىدا جامائەتنى ئۇزىتىشقا مەسئۇل بولغان بارى سېرىق تۇراتتى.

— جىنازىنى پېشىم نامىزىغا چىقىرىمىز، جىنازا نامىزى ئىدارىنىڭ چوڭ مەيدانىدا ئوقۇلىدۇ، ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار، — بارى سېرىق كۆرۈشۈپ يانغان جامائەتلەرگە ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. زاكىر، غۇلام، قادىر كۆك كۆزلەرمۇ بارى سېرىققا هەمدەم بولۇپ تۇراتتى، توختى ئۇلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ تۇردى، زاكىر توختىنى كۆرۈپ يېنىغا يېقىن كەلدى.

— سادىقكاممۇ يەرنىڭ ئاستى ئىسسىغاندا كېتىۋالدى دېگىنە، توختى، يېنى بىر ئۆمۈر ئىسسىمىغان ئىدى، ئەمدى ئىسسىق يېتىۋالىدىغان بولدى - دە، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قوشۇق سالماي تۇردى، غۇلاممۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— تۈنۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندە ئاۋۇ دوقمۇشتا كۆرگەنىدىم دېمەن، مەن بىلەن چاقچاقلىشىپ تەگرىتاغ يولى تەرەپكە مېڭىپ كەتكەن.

— ئۆلۈم دېگەن دائىم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىلا تۇرىدۇ، هېلى تۇراتتى، باياتتىن كۆرگەن دەپ قالىدىكەنمىز شۇ، — بارى سېرىق

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويدى، زاكىر توختىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ھېلىقى كۈنى كەچتە لاۋۋاڭنىڭ ھاراق دۇكىنىدا دېگىنىم يادىڭغا بارمۇ توختى؟ — توختى ئۇنىڭغا قارىدى، — يادىڭدا بارمۇ يوق؟

— تازا يادىمدا قالماپتۇ، قايسى گەپ بولغىيتتى؟

— قارا كۈمىلاچ، «چىگۈڭ كۈمىلچى»چۇ، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ يانغا قارىۋالدى، زاكىرمۇ ئەتراپقا قاراپ جامائەتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىزىنى ئېتىپ جىم بولدى. زاكىرنىڭ بەدىنىدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى گۈپپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى، توختى ئۇنىڭ يېنىدىن نېراق تۇردى، زاكىر توختىغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى. جامائەت غەربىي قورۇغا كىرىپ كېتىشى بىلەنلا زاكىر توختىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ باردى.

— ئۇنىڭ جېنىغا شۇ كۈمىلاچ زامىن بولغان گەپ، — زاكىر ئاستا كېلىپ توختىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، توختى ھەيران بولۇپ زاكىرغا قارىشىغا، قادىر كۆك كۆز زاكىرنى بېقىنداپ قويدى.

— ئۆلگەن ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلما.

— يامان گېپىنى قىلمىدىم، «قەھرىمانلارچە» ئۆلگەنلىكىنى دېدىم، مۇشۇك كۆز، — قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە بارى سېرىقنىڭ يېنىغا كېتىپ قالدى.

— مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇن نەچچە ئادەم ئاشۇنداق ئۆلۈپ كەتتى، ھېلىقى «ئەۋلىيا تېۋىپ» بىزنىڭ مويسىپىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولىدىغان بولدى. سەن ئۇقمايسەن، ئاخشام يامغۇردىن بۇرۇن ئۆلۈپ قاپتىكەن، ئىشرەتخانىدىكىلەر قورقۇپ دېيەلمەي يامغۇر يېغىشى بىلەن تالاغا تاشلاپ قويۇپتۇ دېگىنە، بىچارىنىڭ ئۆلۈكى يامغۇردا نەچچە سائەت ياتقان گەپ، — جامائەت كۆرۈشۈپ ياندى، زاكىر ئېغىزىنى ئېتىپ جىم بولۇۋالدى، بارى سېرىق جامائەتكە ئاۋۋالقى گەپلەرنى ئۇقتۇرۇپ يولغا سالدى.

— ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بايقاپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ نەكىشۇرتۇپتۇ،

ئۇ جىنسىي قۇۋۋەت دورىسى يەۋېلىپ كۆچەپ كەتكەچكە مېڭە قان تومۇرى يېرىلىپ ئۈستىدىلا ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ. ئاخشام زادىلا ئارام بولمىدى دېگىنە، ساقچىخانا قادىر كۆك كۆزگە ئۇقتۇرۇپتىكەن، بۇ مۇشۇك كۆز مېنى تۇۋۇلاپ تاڭ ئاتقۇچە ساقچىخانا بىلەن دوختۇرخانىدا تۇردۇق، باش ئەزان بىلەن ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدۇق، شۇڭا ئاخشامقى هاراقنىڭ كۈچى كەتمىگەن گەپ — توختى زاكىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېنى شۈركۈنگەندەك بولۇپ كەتتى.

— سەن بۇنى ئۇقفان ئۈچىنچى ئادەم، هېچكىمگە تىنماسسەن، هېلى باشقىلار ئۇقسا بىچارىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز دەپ قوپىدۇ.

زاكىر گەپنى دەپ بولۇپ قادىر كۆك كۆزنىڭ يېنىغا باردى.

— نامىزىنى پىشىندا چۈشۈرگەندىكىدىن مەن ئۆيگە كىرىپ كۆزۈمنى جىندەك يۇمۇۋالاي. بەدەنلىرىم پۇراپ تۇرىدۇ، يۇيۇنۇپ چىقاي.

— سېنىڭ ئەمدى ئىشىڭ يوق، جۇغۇ غوجام، نامىزىنى چۈشۈرىدىغان چاغدا مەن سېنى توۋلايمەن، شۇنداق قىل ئىگەكىم، — زاكىر ئۇنىڭغا بىر گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىۋىدى، جامائەت كېلىپ قالدى، ئۇ قادىر كۆك كۆزگە بىر دەم قارىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

توختى غەرب تەرەپتىكى كۆيۈك تاغلارنىڭ ئۈستىگە نەزەر سالدى، تاغ ئۈستىدە بىر توپ قارا بۇلۇتنىڭ ئەلپازىنى بۇزۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قارا بۇلۇتنى تونۇغاندەك قىلدى، ئۇ دەل بۇرۇن كۆرگەن چۈشىدىكى بۇلۇت ئىدى. توختى بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە شۇنچە زەن قويۇپ قارىسىمۇ ئۈستىنى كۆرەلمىدى، بۇلۇت ئۈستىدە بوز دۇلدۇل بىلەن هېلىقى نامەلۇم ئادەم بارمىدۇ دەپ ئويلىدى، گۈلدۈر قىلىپ چاقماق چاققاندەك بولدى، ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، توختى؟ — غۇلام ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى، توختىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ چۆچۈپ يىقىلىپ چۈشكۈدەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنى يۆلىۋالدى. توختى غۇلامغا قاراپ جىم تۇرۇۋالدى.

— ئەتىگەن ناشتا قىلغانمۇ؟

— قىلغان، — توختى تاغ ئۈستىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى، غۇلام ئۇ قارىغان تەرەپكە قارىدى، ئۇمۇ قارا بۇلۇتنى كۆرگەنىدى.

— توۋا دېگۈدەك بىر ئىشتە، يېزىچە بىر تېمىم تامچىپ قويماي، خامان ئالغاندا، ئۇزۇم پىشقاندا يېغىپ دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى سۇ قىلىۋېتىدىغۇ بۇ يامغۇر، نۇرغۇن باغنىڭ مۇناقىسىنى يېرىۋەتتى - دە، بىچارە دېھقانلار ئۈزۈم ساتسام ئوغۇل ئۆيلەيمەن، قىز چىقىرىمەن، بالىلىرىمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەيمەن دېگەن بولغىيتى.

غۇلام شۇنداق دەپ ئىغىزىنى چىكىلدىتىپ كەتتى، توختىنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ گەپلىرى كىرمەيتتى، ئۇ ئاشۇ بۇلۇت ئۈستىدە بوز دۇلدۇل بىلەن يوچۇن ئادەم چوقۇم بار دەپلا ئويلايتتى. ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان، 40 ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر دىۋانە پەيدا بولدى، ئۇ ئۆتىنىسىدىكى خۇرجۇننى غەربىي قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قويۇپ بارى سېرىق، قادىر كۆك كۆز بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، غۇلام بىلەن توختىنىڭ ئالدىغا باراي دەپ تۇرۇۋىدى، بارى سېرىق ئۇنىڭغا جامائەتنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۋال هازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىڭ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دىۋانە هازىدارلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ دەرۋازا سىرتىغا چىقتى، توختى ئۇ دىۋانىغا قاراپ خىيالدىن خالىي بولدى.

— يۇرتتا ئاپەت بولۇپ ئېتىزلىرىمىزدىكى بۇغدايلار يامغۇر سۇيىگە غەرق بولدى، قولۇم قىسقا بولۇپ قېلىپ ئامالسىزلىقتىن ئالدىلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم، غوجاملار، ئازدۇر-كۆپتۇر ئاتىغانلىرىنى بېرىشسىلە، — دىۋانە شۇنداق دەپ بۇرنىنى تارتىپ يىغلامسىرىدى. توختى يانچۇقىدىن 10 سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، دىۋانە ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى كاپپىدە ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى، توختىنىڭ دىۋانىغا 10 سوم بەرگىنىنى كۆرۈپ قادىر كۆك كۆزنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— ياش بولغانلىكىن ئىشلىسە بولمىدىمۇ، تەييارتاپ بولۇپ كەتتى مۇشۇ ئادەملەرمۇ، ساقال قويۇۋالغان بىلەن مەندىن 10 ياشلا كىچىك ماۋۇ دىۋانە، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غۇچچىدە خۇيى تۇتقاندەك بولۇپ قادىر كۆك كۆزنىڭ كۆزىگە نەشتەردەك قادالدى، ئۇ توختىنىڭ جۇدۇنى تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى سىلىقلاشتۇردى، — ئەمەلىيەتتە مەندىن يېشى كىچىك.

— يېشىڭ چوڭ بولغانلىكىن خۇرجۇن ئارتىپ چىقساڭ بولدى ئۆشنەڭگە، — توختى قادىرغا قاتتىق تەگمەكچى بولۇپ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، قادىر كۆك كۆز غىلىڭ قىلماي بارى سىرىقنىڭ يېنىغا كەتتى. قەلەندەر ئىشىك تۆۋىدە تاكى جىنازا نامىزى تۈگىگىچە تۇردى، ئۇ ھەممە ئادەمگە بايىقى گەپنى دەپ تىلەۋاتاتتى. ئاڭغىچە بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان، تەمبەل كەلگەن، رەڭگىدىن قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى ئۆسەك، كەكە ساقال قويۇۋالغان شەھەر مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىر مۇنچە جامائەت بىلەن غەربىي قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دىۋانىنىڭ يانچۇقىنىڭ پۇلغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا سوغۇق قاراپ، ھازىدارلار بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىپ كەتتى. دىۋانە بۇ داموللامنىڭ قارىشىدىن بىر نەرسە سەزگەندەك بولۇپ تىلەشتىن توختاپ قالدى، داموللا ھازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ جىنازا نامىزى ئوقۇيدىغان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ غەربىي قورۇدىن چىقتى، بارى سىرىق داموللامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— جىنازا نامىزىنى ئىدارە قورۇسىدا ئوقۇيدىغانغا دېيىشكەندۇق.

— بەلەن بوپتۇ، ئىدارىنىڭ مەيدانى يوغان بولغانلىكىن نۇرغۇن جامائەت سىغىدۇ، مەرھۇمنى نەگە قويىدىغانغا بېكىتتۇق؟

— نامازنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىغا ئېلىپ چىقىپ شۇ يەرگە قويىدىغان بولدۇق، يېزىنىڭ جامائەتلىرىمۇ بۇنى توغرا تاپتى.

— ئوبدان بوپتۇ، بۇ زاتمۇ كاتتا ئۆتكەن، شۇنداققۇ ـ ھە، —

داموللام شۇنداق دەپ بارى سىرىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — مەرھۇمنىڭ مۇبارەك زاتى نېمىتى؟

بارى سىرىق پىچىرلىدى.

— سادىق، — دېدى بارى سىرىق پىچىرلاپ.

— ئاللاغا سادىق دېگەن گەپ بولىدۇ، مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى پەرۋەردىگار ئۇنىڭ ئەجىر-تۆھپىسىنى بېرىدۇ، زىيالىي دېگەن ئەلنىڭ بېشى دېگەن گەپ، بۇ ئۇلۇغ زات، كاتتا ئوقۇغان، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىدى، يامغۇر دېگەن مانا ئاللاتائاللانىڭ زېمىنغا بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمىتى، ئاللا مۇشۇنداق نېمەت بەرگەن كۈندە پانىي ئالەمدىن باقىغا ئۇزىماق ئاسان ئەمەس، — داموللام شۇنداق دەپ چۆرىسىدە ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلارغا قاراپ قويدى، ئۇلار داموللامنىڭ سۆزىنى ئالقىشلاپ «شۇنداق، شۇنداق» دەپ قويۇشتى. بارى سىرىق داموللامنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىنغان بىر لىپاپىنى سېلىپ قويدى، داموللام بۇنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالدى. دىۋانە داموللامنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتاتتى، داموللام يانچۇقىغا قولىنى سالغانلىق بولۇپ لىپاپىنى چاندۇرماي ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا يۆتكىۋەتتى. بارى سىرىق دۇموللامغا ئەگىشىپ كەلگەن قارىلارنىڭ يانچۇقىغا لىپاپىنى سېلىپ، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى تىندۇردى. داموللام يىنىدىكىلەرگە مەنىلىك قاراپ قويدى، ھېلىقى دىۋانىنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈرۈپ ئالدىغا قاردى. جىنازا ئىدارە مەيدانىغا ئېلىپ كىرىلدى، داموللام جىنازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىر ئايەتنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا مەنە يېشىپ ئۆتتى. دىۋانە جامائەت ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ دەرۋازا تۈۋىگە بېرىۋالدى.

— سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئاللا نائۈمىدتە قويمايدۇ، مەرھۇم مەيلى ئىدارىدە بولسۇن، مەيلى ئائىلىدە بولسۇن، خىزمەتنى سادىقلىق بىلەن ئىشلىدى، ئائىلىنى سادىقلىق بىلەن ئاسراپ، پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشتى، شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇ زات بىر ئۆمۈر نەشرىياتچىلىق، باسمىچىلىق بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، باسمىچىلىق

ئەڭ ئۇلۇغ خىزمەت، ئاللا مۇكاپاتلايدىغان خىزمەت، ئاللانىڭ ئۇلۇغ كىتابلىرى مۇشۇ باسمىچىلىق بىلەن ئۆتمۈشتىن ھازىرغا يېتىپ كەلگەن، بۇ زات ئاشۇ ئۇلۇغ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندى، ئۇ بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ ئەقلىگە، كۈچىگە تايىنىپ، ھالال ئىشلەپ پانىي دۇنيادىن يۈزى يورۇق كەتتى، خۇدا مانا مۇشۇنداق ئادەملەرگە پەردەۋس جەننىتىنى ساقلاپ قويغان، — داموللام ئاۋازىنى قويۇپ بىرىپ جاراڭلىق سۆزلەيتتى، — ئادەملەر ھالال ئىشلەپ، ھالال ياشىسا، خۇدا ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، ھازىر بىر قىسىم ئادەملەر ئىشلەشتىن باش تارتىپ ئاسان نان ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، ياش تۇرۇپ لەقۋا بولۇۋالدى، — دىۋانە داموللامنىڭ زەھەر سانجىيدىغىنىنى بىلگەچكە ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى، زاكىر دىۋانىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، توختىمۇ يەرنىڭ تېگىدىن دىۋانىگە قارىدى، — يېقىندىن بېرى، بىر قىسىم ئادەملەر يالغان سۆزلەپ باشقىلارنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ جان باقىدىغان نان كۆچۈكىگە ئايلىنىۋالدى، بۇنداق ئادەملەرنى كۆرگەندە چوقۇم ئۇلارنى قوغلىشىمىز كېرەك، مېيىپ، مەجرۇھ بولسا ئۇنىڭغا ساخاۋەت قىلىشىمىز لازىم. ھەممە ئەزاسى ساق، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، كۆتەكتەك ئادەملەر تەييارتاپ بولۇۋېلىپ، يالغان - ياۋىداق گەپ توقۇپ، باشقىلارنى ئالدايدىغان ھارام ئىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالدى، ئۇلارغا سەدىقە بەرسەڭ ھارام بولىدۇ، بۇ گەپلەرنى دەپ قويۇش بىزدەك ئالىملارنىڭ بۇرچى... — داموللام بۇ گەپنى قاتتىق كۈچەپ دېدى، دىۋانە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلدى، زاكىر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى.

— پۇل بەرسە ئۆلۈپ كەتكەن ئىشەككىمۇ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن يانمايدىغان موللىچاقنىڭ ماۋۇ گېپىنى قارىمامدىغان، خۇدا گېپىمنى ساتماڭلار دېسە بىلىپ تۇرۇپ سېتىپ پۇل تاپسا ھالال بولىدىكەن - دە، قۇرئاندا ياش دىۋانىغا سەدىقە بەرسەڭ ھارام بولىدۇ دېگەن گەپ يوق، ئەمما مېنىڭ سۆزۈمنى ساتساڭ ئەڭ چوڭ گۇناھ، ھارام دېگەن گەپ بار، ۋاي غوجام، تېخى ئۆزىنى ئالىم دەپ كەتكىنىنى، ماشىنا،

ئايروپىلان، پويىز، پاراخوت، ئاتوم بومبىسى ياسىغانلارنى ئالىم دەيمىز، ئەرەبچە گەپنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ بەرسە تەرجىمان بولمامدۇ، تەرجىمان تۇرۇپ ئۆزىنى ئالىم دەپ كەتكىنىنى ماۋۇنىڭ.

زاكىر دىۋانىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ توختىنىغا قارىدى، توختى ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كۈلۈپ تاشلىغىلى تاسلا قالغانىدى. داموللام سۆزلەپ جىنازا نامىزىنى چۈشىرۈپ بولدى. توختى يېنىدا تۇرغان دىۋانىغا قارىۋىدى، ئۇ كۆرۈنمىدى، ئۇ ئىتتىك مېڭىپ دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقتى، ھېلىقى دىۋانە ھېچ يەردە يوق ئىدى، زاكىرمۇ ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى. كۆيۈكتاغ ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت شەرق تەرەپكە سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئاسمانىنىڭ پەيلى بۇزۇلدى، چاقماق چېقىشقا باشلىدى. جىنازا «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىلغا بېسىلىپ ئىدارە ئىچىدىن قوزغالدى...

※ ※ ※

توختى كۆڭىدىن-كۆڭگە جۆدەپ، تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ كەتتى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىغانلىقىنى، بىر قارىسا چەكسىز سىرلارغا، يەنە بىر قارىسا بىمەنىلىككە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەتە ئۇنداق قىلىمەن، ئۆگۈن مۇنداق ياشايمەن دەپ كۆڭۈلگە ئالىنىپمىلەرنى پۈكۈۋېلىشنىڭ ئەڭ چوڭ ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەممىدە بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ ئويلىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ھاۋانىڭ تۇتۇلۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، نەمخۇش ھاۋا ئۇنىڭ پەيلىرىنى سىرقىرىتىپ، دولىنى قورۇپ قويغاچقا، ئۇ مەيدانىدا تۇرماستىن، ئادىتى بويىچە شىرە ئۈستىدىكى گېزىت، خەت- چەكلەرنى رەتلەپ جايى- جايىغا قويۇپ بولۇپ، يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى،

ئالدىدىكى كالېندارغا قاراپ بۈگۈن پەيشەنبە بوپتۇ دەپ زەيىنەپنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ ئۇنتۇپ قالسىكىن دەپ ئويلىدى. سادىق قىلتىرىقنىڭ جىنازا نامىزىدىكى داموللام بىلەن دىۋاننىڭ ساپاسىنى سىلىشتۇرۇپ قايىسىنى ئۈستۈن قويۇشنى ئويلاپ قالدى، دىۋاننىڭ پەرۋايى پەلەكلىكى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. غۇلام كىرىپ توختىغا قارىدى.

— سەن سادىقكامنىڭ نەزىرىسىگە چىقمىدىڭغۇ؟

— ئىسمىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، بۈگۈن نەزىرىسىتى - هە، كىمنىڭ كەلگەن كەلمىگەنلىكىنى ئىنكاس قىلمىغاندىكىن بولدى چىقماي، — توختى ئاشۇنداق ئويچى سورۇنلارغا قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئادەم ئولاشقان جايلارغا بارمايتتى.

— بىر ئىدارىدە ئىشلىگەندىكىن چىقىپ قويۇشىڭ لازىم ئىدى، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — غۇلام جايىغا كېلىپ شۇنداق دەپ قويدى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ ئوشۇق گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، — يېزىدىن كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ بولدى، چۈشتە ئىدارە - جەمئىيەتكە قازان قىلىدۇ، بولمىسا شۇ چاغدا چىقىپ پەتە قىلىپ قويغىن، سەن بارمايدىغان رېستوراندىكى ئولتۇرۇش بولمىغاندىكىن، ئۆلۈم ئەمەسمۇ، — غۇلام توختىغا قارىماي ئۆزىنىڭ گېپىنى دەۋەردى، توختى كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى، — تووۋا دەيدىغان ئىشلار بەك جىقكەن بۇ دۇنيادا.

— يەنە بۈگۈن نېمىگە تووۋا قىلدىڭ.

— سانى كۆتەككە.

— سانى كۆتەككە نېمە بولدى؟

— سادىقكام مەرھۇم هايات چېغىدا تولا ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا بىر كۈنمۇ ئارام بەرمىگەنىدى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۈچ كۈن ئۆتە - ئۆتمەي كۆتەكتەك سانىخان ئورۇقلاپ قوزىدەكلا بولۇپ كېتىپتۇ، تولا يىغلاپ ئۈنىمۇ پۈتۈپ كېتىپتۇ، قەدىناس دېگەننىڭ ئوتى بۆلەكچە بولىدىكەن، مەن شۇنىڭغا هەيران بولدۇم، — غۇلامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ

يانغا قارىۋالدى، توختىمۇ جىمىپ كەتتى.

كۆن چۈش بولسىمۇ جاھاننىڭ تەلەتى ئېچىلاي دېمەيتتى. توختى غۇلامنىڭ گېپىگە كىرىپ سادىق قىلتىرىقنىڭ نەزىرىسىگە چىقتى، ئۇ غەربىي قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە زاكىر دەرۋازا تۈۋىدە تۇراتتى، بارى سىبىرىقمۇ تۆت تەرەپكە قاراپ جامائەتنى كۆتۈشكە مەسئۇللۇقنى ئىپادىلەپ ئۇنىڭ-بۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ ئىشلارنى يورۇشتۇرۇۋاتاتتى.

ــــ توختى، ئەتىگەن كېلەلمىدىڭ، يېزىغا كىرىپ كەتكەنمىتىڭ؟ــــ بارى سىبىرىق توختىنى كۆرۈپ قەستەن ئەھمىيەتسىز سوئاللارنى سورىغىلى تۇردى.

ــــ سەن يوقلىما قىلىپ تۇرۇپتىكەنسەن - دە، بارى سىبىرىق؟ ــــ زاكىر ئۇنىڭ گېپىنى قېقىۋەتتى، ــــ يۈر، توختى، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ پەتە قىلىپ چىق، بىزنىڭ ئۆيگىمۇ داستىخان سالغان، ــــ زاكىر توختىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، داستىخاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي بىر لېگەن پولۇنى كۆتۈرۈپ كىردى.

ــــ ئاله، يېگىن، ــــ توختى تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمىدى، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقىمىكىن لېگەندىكى پولۇنى تاق سوقۇۋېتىپ ئولتۇردى، زاكىر ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى، توختى چاينىمۇ ئىچىپ بولدى.

ــــ بىرەر سۈرە ئوقۇپ قويامسەن، توختى.

ــــ مەن قاملاشتۇرالمايمەن، سىز ئوقۇپ قويۇڭ.

زاكىر توختىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۈرە ئوقۇدى، توختى ھەيران قالدى، خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، يەنە كېلىپ بىر كۈنمۇ دەم ئالماي ھاراق ئىچىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كەسپىي قارىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ئاھاڭدا قۇرئان ئوقۇشىنى خىيالىغىمۇ كىرگۈزۈپ باقمىغانىدى، «سىز ئوقۇڭ» دېسەم چوقۇم دۇئا بىلەن تۈگىتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلىقىغا نومۇس قىلدى. زاكىر زابوينىڭ

قىرائىتى يـۇرەكنى ئەزگـۈدەك دەرىجـىدە مۇڭلـۇق ئىـدى، توختىنىـڭ بۇرۇنلىرى قىچىشىپ، يۈرىكى ئېرىپ، چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ قالدى. زاكىر قىرائەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى، توختىنىڭمۇ قەلبى ئېرىپ كەتكەچكە قولى تەبىئىي ھالدا دۇئاغا كۆتۈرۈلدى، «ئامىن!» دەپ دۇئا ئاخىرلاشقاندا، توختى زاكىرغا باشقىچە قاراپ قويدى.

— چوڭ دادام قارى ئىدى، مەن كىچىكىمدە ئۇنىڭدا ئوقۇغان — دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى، توختى ئۇنىڭغا قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى سىرتقا چىقىلىمۇ؟

— ماقۇل، — ئۇ ئىككىسى سىرتقا چىقىپ دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇشتى، ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدى كەلگىلى تۇرۇشقا باشلىدى، توختى بىر چەتتە زاكىر بىلەن بارى سىرىقنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇردى.

— ماۋۇ ئوغرى سىرىق ئەرتىسكە دەرس بېرەلەيدۇ جۇمۇ، — زاكىر توختىغا قاراپ كۈلۈپ، توختىمۇ كۈلۈپ قويدى. نامازدىگەر بولغاندا يېزىدىن كەلگەن ھازىدارلارنى يۆتكەش باشلاندى، سانى كۆتەك ھەر بىر ھازىدارنى يىغلاپ ئۇزىتىپ قوياتتى، ئىدارىنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشاتتى. توختى زاكىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ تېخىچە كەتمىگەنىدى. ھازىدارلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۇزاپ بولدى، قادىر كۆك كۆز بىلەن بارى سىرىق قىلىپ، كەم - كوتا ئىشلارنى قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. سانى كۆكەك قادىر كۆك كۆزنى كۆرۈپ، تولا يىغلاپ ئىششىپ يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزى بىراقلا ئېچىلىپ، سولىشىپ كەتكەن ئەزايىغا جان كىرگەندەك بولدى. بىر ياندا تۇرغان گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ قادىر كۆك كۆزنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. بۇ يەردە ئىدارىدىكى ئادەملەرلا قالغانىدى، باشقىلار بۇنىڭغا زەن قويمىدى، سانى كۆتەك گۈرجەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قادىر كۆك كۆزنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر سالاي دېۋىدى، قادىر كۆك كۆز تويۇپ قېلىپ ئۆزىنى چەتكە

ئېلىۋالدى. گۆرجەك ئۈنىڭ بېشىغا ئەمەس، ئوڭ دولىسىغا تەگدى، ئۇ ۋايجانلاپ كەتتى، ھەممەيلەن ھەيران قېلىپ سانى كۆتەكنى تونۇۋېلىشتى، قادىر كۆك كۆز ئاغرىقنىڭ زەربىسىدىن يىرە ئويناپ كەتتى.

— ھايات ۋاقتىدا سادىقكام ئۈنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى دەپ ئائىلىمىزگە ئوت چاچتىڭ، ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى ئەمدى مۇنداق ئۆلۈپتۇ دەپ گەپ تارقىتىسەن، خوتۇنىڭنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپتىمۇ ھۇ تېگى پەس ھاراملىق!

سانى كۆتەك تىللاپ بولۇپ يىغلاپ كەتتى، باشقىلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. توختى بۇ يەردىن كېتىدىغان پەيت كەلدى دەپ غىپپىدە غايىب بولدى، قادىر كۆك كۆز دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىۋېلىپ، ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى، زاكىر ئۈنىڭغا قاراپ «توبە» دېگەندەك كۈلدى.

توختى ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاياقا بېرىشنى ئويلاپ تۇردى، سانى كۆتەكنىڭ قولىدىكى تۆمۈر گۆرجەك قادىر كۆك كۆزنىڭ بېشىغا تەگكەن بولسا مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەن بولاتتى، دەپ ئويلاپ تېنى سىلكىنىپ كەتتى، ئىدارىنىڭ ئاياللىرىمۇ سانى كۆتەكنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ يانغانىدى.

— توختى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپسەنغۇ، — رەشىدە ئۈنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ قويدى، توختى ئۇنىڭغا قاراپ «ھە تۇردۇم، قانداق» دېگەندەك قىياپەتتە گەپ قىلماي تۇردى.

— گۆرجەك سېنىڭ دولاڭغا تەگكەندەك خاپا تۇرىسەنغۇ، — رەشىدە شۇنداق دەپ كۈلۈپ كەتتى، يېنىدىكى باشقا خوتۇنلارمۇ ئۈنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈشتى.

— نەچچە كۈندىن بېرى زاپاس تۇرۇپ قالغان كۈلكەڭلارنى كۈلۈشۈۋېتىشىپسەن-دە، ساغلىقلار؟ — زاكىر ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى.

— زاكىر، نەچچە كۈندىن بېرى ئېچمەي قوچقارغا ئايلىنىپ قالغان

ئوخشىمامسەن؟ — رەشىدەگە قوشۇلۇپ باشقىلارمۇ يەنە كۈلدى، زاكىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ «ھۇش» دەپ ئېغىزىنى ئېتىپ ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى توختاتتى.

— سانى كۆتەكنىڭ قولىدىكى گۇرجەك ئۇچۇپ كېلىپ بېشىمىزغا تەگمىسۇن، ئىدارىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىلى، يورۇقلار، — زاكىر خوتۇنلارنى باشلاپ ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. توختى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۈچ كوچا دوقمۇشى تەرەپكە تىكىۋەتتى.

توختى ئۈچ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ، تۇرۇپلا ھاياتنىڭ تويغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى-دە، دوقمۇشتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چاقىغا قارىدى، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئاشۇ چاقلار تەرەپكە قاراپ مىڭىشقا قىستايتتى. ھازىر 29 ياشقا كىرىپتىمەن، 70 يىل ئۆمۈر كۆرسەم، ھايات - تۇرمۇش يەنە مۇشۇنداقلا دەۋر قىلىدىغان بولسا، بۇ تولىمۇ ئازابلىق مۇساپە ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ چاقلار بىلەن مۇشۇ دۇنيادىن ۋىدالىشايچۇ. ئۇ ھەدەپ ماشىنىنىڭ چاقلىرى تەرەپكە يۇلقۇناتتى، ئۇقتەك كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ سىگنالى قۇلىقىغا بەخت سىمفونىيەسىدەك ئاڭلىناتتى. بىر قەدەم ئالدى، قەدەملىرى ئۇنىڭغا شۇنداق يېنىك، ئازادە تۇيۇلدى. يەنە بىر قەدەم ئالدى، ۋۇجۇدى يايراپ كەتتى، يەنە بىر قەدەم ئالدى. قەدەملەر ئاۋۇغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ، ۋۇجۇدى مەڭگۈلۈك ئارامغا ئېرىشكەندەك بولۇۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئاسمان يېرىلغاندەك چاقماق چېقىپ پۈتۈن زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. توختى قاتتىق چۆچۈپ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى سۇنۇپ كەتكەندەك ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى يېرىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ پىيادىلەر يولىدىن ئۆتۈپ چوڭ يولغا بىر قەدەملا قالغانلىقىنى كۆردى، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر سىرغىپ چۈشتى، يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر لالما ئىتنى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پىكاپ ۋاڭگىدە ئۇرۇپ يولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قىرىغا ياتقۇزۇپ قويدى، تورمۇزلانغان ماشىنىلارنىڭ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى

چوڭـقـۇپ تاشـلىغۇدەك دەھـشەتلىك ئـاۋازى ئۇنـىڭ قۇلىقىغـا بىرىنـىڭ كەينىدىن بىـرى كىرىـشكە باشـلىدى. ئىتنـىڭ پۇتـۇن ئەزايـى يېرىلىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چاچراپ كەتكەندەك قالدى. بۇ پاجىئەدىن توختىنىڭ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. كەينى-كەينىدىن تورمۇزلانغان ماشىنىلار بىر - بىرسى بىلەن سوقۇلۇشۇپ كەتكىلى تاسلا قالغانىدى، يـان - يانغـا رول ئۇرۇلۇپ ماشـىنىلار ئالـدى - كەينـى بولـۇپ توختـاپ قېلىشتى. بىـر پىكـاپ توختىنىـڭ يېنىـدىلا توختىغانىـدى، ئـۇ جانىنىـڭ نەقەدەر تـاتلىقلىقىنى قايتـا ھـېس قىلـدى. ئىتنىـڭ ئـۈچەيلىرى يەردە سوزۇلۇپ ياتقانىدى، شوپۇرلار ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى. توختىنىڭ تۈيۈقسىز كـۆڭلى ئېلىـشتى، ئـۇ بىـر تۈپ رىـدە دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپ قۇسۇۋەتتى، ئىچ - باغرى چىقىـپ كېتىدىغانـدەك قىينالـدى. ئىتنىـڭ ئۆلـۈكى يولنىـڭ چېتىـدە قالـدى، شوپۇرلار ئىچىگە بىر تىنىشىپ، «ئۇھ» دېيىشىپ ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

توختى يېگەن-ئىچكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇپ بولۇپ ئېسىگە كەلـدى، ئۆلـۈم توغرىسـىدا ئىككىـنچىلەپ خىيـال قىلماسـلىققا قەسـەم قىلـدى، ھاياتلىقنىـڭ پەقەت بىـر قېتىملا ئىلكىـدە بولىـدىغانلىقىنى، ئىككىنچىلەپ قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كـۆردى. دۇنيـادا ھەممىدىن ئاسراشـقا تېگىـشلىك نەرسـە پەقەتـلا ھايـاتلىق ئىـكەن دەپ، دۇنياغـا قايتىـدىن كـۆز ئاچقانـدەك بولـدى. ئـۇ رىـدە ئاسـتىدىن قوپـۇپ ئەتراپىـى قـاراڭغۇلۇق قاپلىغـانلىقىنى بىلـدى، ئاسـمانغا قـاراپ بىـر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پىيادىلەر يولىنىڭ ئەڭ چېتىدە ماڭدى. ئۆزىنىـڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگەنسېرى قورقـۇپ كېتىۋاتـاتتى، نېمـشقا بۇنـداق خىيالغـا كېلىـپ قالغـانلىقىنى پەقەتـلا بىلمەيتتـى. ئـۆزىنى ئۆلۈمدىن توسۇپ قالغان ئاۋاز ئېسىدىن كەچتى، ئاسـمانغا يەنە قارىـدى، كەچكى ئاسمان دەھشەتلىك ئىدى، ئۇ نېمىدىنىدۇر قاتتىق رەنجىگەنـدەك بولۇپ، تاغ تەرەپكە قارىدى، تاغ كۆرۈنمىدى، تاغ ئارقىسىدىكى بۇلـۇتلار

توپان بالاسىدەك يالماپ كېلىۋاتاتتى، توختى بۇلارنى زادىلا كۆرەلمەيتتى، بىر پەستىن كېيىن چاقماقلار غەزەپ بىلەن زەرەتلىنىپ «يالت - يۇلت» قىلغان نەيزىدەك قىزىل نۇرلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئاسماندا غايەت زور بىر تولۇقتاش ئۇياقتىن-بۇياققا گۈلدۈرلەپ ئايلىنىپ زېمىننى ساراسىمگە سالدى، ئاشۇ چاقماق توختىغا هاياتىنىڭ شىپاهلىق ئەلچىسىدەك تۇيۇلدى. ئۇ چاقماق بولمىغان بولسا بۇگۈن هالاك بولىدىغانلىقى كالللىسىغىلا كىرىۋالدى. ئۇ چاقماقنى ئىزدەپ ماڭدى، يامغۇر چېلەكلەپ تۆكۈلگىلى تۇردى، ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى چىلىق - چىلىق هۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇگۈن يامغۇردىن دالدىلىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، خۇددى تويغا ماڭغاندەك يامغۇر ئاستىدا كېتىۋاتاتتى. توختى يامغۇرنىڭ توختىماي يېغىشىنى خالاپ قالدى، يامغۇر توختىغاندا ئاندىن ئۆيگە كېتىمەن دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى باغلاشتى. يامغۇر يېرىم سائەتكە قالماي توختاپ قالدى، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېگانە ئادەمدەك هېس قىلدى-دە، روهى چۈشۈپ ماغدۇرسىزلانغان هالدا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى.

توختى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاخشامقى ئىتنىڭ ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىر مۇنچە قۇرۇق هۆ قىلدى، ناشتىنىمۇ قىلالمىدى، بېشى قېيىپلا تۇردى. ئۇ پېشانىسىنى تۇتۇپ قىزىپ قالغانلىقىنى بىلدى. سوغۇق سۇ ئىچكۈسى كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۆزۈمنى ئاسرىشىم كېرەك دەپ ئويلىدى. ئىشخانىغا چىقىپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ چەكتى، كۆڭلى يەنە ئېلىشىپ قۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدى، كۆزىدىنمۇ ياش قويۇلۇپ كەتتى.

— ئەمدى تاماكىنى تاشلايدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ، ئۆزۈڭنى بۇنداق قىيناپ نېمە كەپتۇ ساڭا؟ — غۇلام توختىنىڭ بەك قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ نەسىهەت شەكلىدە گەپ قىلدى، توختى قولىدىكى تاماكىنى تاشلاپ دەسسىۋەتتى، بىر دەم جىم ئولتۇرۇپ، ئورۇندۇققا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ ئېسىگە كەلدى، كۆزىنى ئېچىۋىدى، كۆزىگە هەممە نەرسە

يات تۈيۈلۈپ كەتتى. مىجەزىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدى، دېمىسىمۇ پەسىل ئالمىشىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ئادەمنىڭمۇ مىجەزى بۇزۇلاتتى. توختى ماغدۇرسىزلىنىپ بۈگۈن ئىشقا چىقماي يېتىۋالسام بوپتىكەن دەپ ئويلىدى.

— كېلەر ئايدا ئىدارىغا يېڭى باشلىق كېلىدىكەن، — غۇلام توختىغا بۇ گەپنى دېدى، توختىنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى، غۇلامنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— كىم كېلىدىكەن؟

— ئۇنى بىلمەيمەن، قۇلىقى ئۇزۇنلار ئۇقۇپ بولغان ئوخشايدۇ، جاپپاركامنى پېنسىيەگە چىقىرىپتۇ، ئۇ ئادەمنىڭ جېنى ئارام تېپىپتۇ دېگىنە، ئورنىغا ئاسپىجاننى بېكىتىپتىكەن، ئىدارىمىزدا نامەلۇم بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ خەت يېزىپتۇ، شۇڭا بىر مەزگىل توختاپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ، زامانىبايغا ئەڭ ئۇۋال بولدى دېگىنە، تۈنۈگۈن ئۇ ئىشخانىسىدا ئولتۇرسا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېلىپ قولىغا پېنسىيەگە چىقارغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرالماي كونا كېسىلى قوزغىلىپ شۇ يەردىلا يىقىلىپ قاپتۇ، ياخشى ئىشخانىسىغا ۋاقتىدا ئادەم كىرىپ قاپتۇ دېگىنە، بولمىسا جېنى چىقىپ قالاركەن. ئاڭلىسام، ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلىۋېتىپتۇ، 48 سائەت ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتسە ھاياتىدىن ئۈمىد بار ئىكەن، دوختۇرلار ئۇنى ساقايغان تەقدىردىمۇ يېرىم پالەچ بولۇپ قالىدۇ دەپتۇ. شىياۋلىزىنى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ ئورگانغا يۆتكەپ كەتكۈدەك، ئىشقىلىپ، ھەممىنى بىر تاسقايدىكەن. توختى، ئاسپىجاننىڭ كەينىدىن نامسىز خەت يازغان ئادەمنى پەرەز قىلالامسەن؟ — غۇلام شۇنداق دەپ توختىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، توختىغا گەپ خۇشياقمايۋاتسا، پەرەز قىلىپ ئولتۇرۇشقا نەدە چولىسى، ئۇ غۇلامنىڭ قاراشلىرىدىن ھەيران بولدى.

— ياق.

— ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئىدارىدىكى بىرسى، مېنىڭ پەرزىمدىكىدەك چىقمىسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن، — غۇلام ئۆزى سۆزلەپ، ئۆزى جۇدۇنلىنىپ كېتىپ باراتتى. توختىنىڭ روھىي ھالىتى سەل تۇراقلىشىپ، غۇلامغا قاراپ كۈلگۈسى كەلدى، غۇلام توختىنىڭ ئېغىر - بېسىق ئولتۇرغىنىدىن ئاغرىنغاندەك بولدى.

— سەنمۇ چوقۇم مەن پەرەز قىلغان ئادەمنى كۆڭلۈڭدە تېپىپ بولدۇڭ، مېنى نېمە دەركىن دەپ جىم ئولتۇرۇۋېلىپ بارسەن، شۇنداقمۇ؟ — غۇلام جۇدۇننى يوشۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدى.

— مېنىڭ راستىنلا مىجەزىم يوق، غۇلام، مۇشۇ تاپتا سېنىڭ گەپلىرىڭ قۇلىقىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇۋاتسا، ئۇ ئادەمنى ئويلاشقا نەدىكى ماغدۇر دەيمەن، — توختى ئاخىر غۇلامغا چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— ئۇ خۇمسىنىڭ ئەزەلدىن ئاسپىجانكامغا قورسىقىدا غومى بار ئىدى، ئاخىر قىلىدىغىنىنى قىپتۇ، ئۇ چوقۇم شۇ، بىلالايىزىم، — توختى ئۇنىڭ قىزىرىپ ئۆرلەشلىرىگە چىدىيالماي كۈلۈپ كەتتى، توختى بۇگۈن غۇلامنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىدى، ئۇ بۇرۇنقىدەك ئېغىر- بېسىق ئەمەس ئىدى.

— توختى، ئۇقتۇڭمۇ؟ ھۆكۈمەت پولاتخانىنى ئىزدەپ تېپىشنى قارار قىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىغا ئۇقتۇرۇپتۇ، ئۇنى تۇتۇپ كەلسە، بىزنىڭ پۇللىرىمىزدىن ئۈمىد تۇغۇلدى دېگەن گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مائاش قوشۇلىدىكەن، 6-ئايدىن تارتىپ قوشۇلغان مائاشنى تولۇقلاپ بېرىدىكەن، ھەنىم بولسا قولىمىز پۇل كۆرىدىغان بولدى.

غۇلامنىڭ رەڭگىدە خۇشاللىقنىڭ شامى يانغاندەك كۆرۈندى، تەلئەت قۇرت ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېشىنى غىپىدە تىقىپ قارىدى.

— توختى، سىزنى زىنەپ چاقىرىۋاتىدۇ، مۇھىم ئىش دېدۇ، ئىشخانىسىدا ساقلاپ قالدى، — توختى تەلئەت قۇرتنىڭ چىرايىغا ئاران قارىدى، ئۇ شۇنداق دېيىلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كەتتى، توختىنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولدى.

— ماۋۇ غالچا، تـوۋا دەيـمەن، ئاسـپچانكامغا قىلغان ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ كەينىدە قۇيرۇق سۆرەپ يۈرۈيدۇ يەنە، ئادەم دېگەن ئىشەكنىڭ تېرىسىدىنمۇ قېلىن بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاسپچانكامنىمۇ تازا چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم ئىكەن دەپ قالدىم، ماۋۇ قۇرتنىڭ قىلغانلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھازىر يەنە ھەدەپ بېرىۋاتىدۇ، باشلىق دېگەننىڭغۇ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن.

غۇلام گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولدى. توختىنىڭ قوپقۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى، قوپماي دېسە غۇلامنىڭ كاللىسىدا باشقىچە گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى، ئاخىر چىداپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ يەردە ئەمەس، ئاسماندا، بوشلۇقتا لەيلەۋاتقاندەك بولدى، ئىشىك تەرەپنى ئاران ئىلغا قىلىپ ماڭدى، كارىدورغا چىقىپ تامنى تۇتۇپ بىر دەم تۇرۇۋالدى. زەينەپنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى، ئۇدۇل ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىپ يېتىۋالايچۇ، دەپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى قايتىدىن دەڭسەپ باقتى. ئۆيگە چىقىپ كېتەلەمدىم- يوق دېگەننى ئويلىدى، ئاخىر ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ماغدۇرىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ پەشتاقتىن يۆگىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۆيگە كىرىپ ئەتىگەن يوتقانلىرىنى يىغمىغانلىقىنى بىلدى، يوتقاننى يىغمىغانلىقىمۇ بىر تۇرۇپ ياخشى بولغانىدى، ئۇ ئايىقىنى سېلىۋېتىپلا ئۆزىنى ئورانغا تاشلاپ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. ھايال ئۆتمەي نۇرغۇنلىغان خىياللار سەپ-سەپى بىلەن مېڭىسىگە سەپەر قىلدى. ئۇ ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ چېچىنىڭ بېشىغا مىختەك پېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ساتىراشخانىغا بارمىغانغا خېلى كۈنلەر بولۇپ چېچى گەدىنىنى بېسىۋالغانىدى، بارماقلىرى بىلەن چېچىنى تاراپ كۆرۈۋىدى، بارماقلىرىغا نۇرغۇن چاچلار ئىلىنىپ قالدى. ئۇ چېچىنىڭ بۇنداق چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى كىچىككىنە بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ كۈلدى، كۈلكىسى ئۆزىگە غەلىتە تۇيۇلدى، ئۇ

شۇ ۋاقىتتا خوتۇن خەقنىڭ ھازازۇللىقىغا ھېچنېمىنىڭ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۇققانىدى.

ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچكەن ئۇ كىچىككىنە بىر ئىش دەل 6-ئاينىڭ باشلىرىدا بولغانىدى. نەچچىنچى يىلى ئىكەنلىكى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. توختىنىڭ سىنىپىدا كۆزىگە سەت كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك بىر قىز بار ئىدى، تۆرىلىشىدىنلا ئەقلى كەمتۈك ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، توختى ئۇ قىزنى كۆرۈپ ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلماسمەن دېگەنىدى. رەڭگى سېرىق، سوزۇنچاق يۈز، قاش - كۆزى ئۆزىگىلا يارالغاندەك بىلىنىدىغان، چوكىدەك ئىنچىكە، گەپ قىلسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك ئاڭلىنىدىغان، بارماقلىرىمۇ شۇنداق ئىنچىكە، شادىپاچاق كەلگەن بۇ قىز توختىنىڭ كەينىدىلا ئولتۇراتتى. توختى كەينىمگە قارىسام ئۇ چوقۇم كۆزۈمگە قاراپ قالىدۇ - دە، كۆڭلۈم بىر نەچچە كۈن غەش بولىدۇ دەپ ئويلاپ، كەينىگە قارىماسلىققا تىرىشاتتى. توختىنىڭ گازىر كۆز، تاش مايماق، چېچى قېپقىزىل، ئۇلۇغۋار خىيال قىلىشقا ئامراق، ئاستى كالپۇكى تۇم، ئۆزى بىلەن بىر يېزىلىق ئوغۇل ساۋاقدىشى ئۇ قىز بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى، بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ھەر قانداق بىر ئادەمگە مەيلى ئۇنىڭ ئەقلى كەمتۈك بولسۇن ياكى ھوشيار بولسۇن، ياراتقان ئاللا ئۇنىڭغا بىر ئالاھىدىلىكنى مۇجەسسەملەپ يارىتىدىغان بولغاچقا، بۇ قىزنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق چىرايلىق خەت يازىدىغان ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. توختى ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئاشۇ بىر يۇرتلۇق ئوغۇل ساۋاقدىشى توختىغا دائىم شۇنداق دەپ تۇراتتى. توختى يۇرتلىقى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ قىزنى ئاجايىپ قىزىقارلىق، بەد بەشىرە قىلىپ تەسۋىرلەشكە ئامراق ئىدى.

— ئادىشىم، ئاشۇ جىن ئاۋۇقى بىلەن ئولتۇرىۋېرىپ شۇنىڭغا چىرايلىق تارتىپ كېتىۋاتىدۇ سېنىڭ، — توختى ئۇنىڭغا كۈلۈپ بۇ گەپنى دېدى، يۇرتلىقى توختىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل تاتارغاندەك بولدى.

— ئۇنى زاكىلىق قىلما، نەرى سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغمايدىكىنە، چەتئەللىكنىڭ چىرايى بار تۇرسا.
— ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىرسى بولمىغاندىكىن، چەت ئەللىك دەپ ئويلاپ قاپسەن ـ دە، ئۇنىڭ ئىسمىلا بىر ئادەم، باشقا تەرىپى نەدە ئادەمگە ئوخشىسۇن.
— ئادەم ئويلىمايدىغان گەپنى سەنلا كۆتۈرۈپ يۈرۈيسەن، توختى، ئۇنىڭمۇ ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئەزايى تولۇق تۇرمامدۇ.
— ئادەمدە بار ئەزا تولۇق بولسىلا بولامدۇ؟ ئاشۇ ئەزالارنىڭ ئۆزىگە ماسلىشىپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشى ئەڭ ئالدىنقى ئامىل، ئىشقىلىپ ئوشۇق تۆرىلىپ قالغان بەندە ئۇ.
— ھەي توختى، ئۇنىڭ باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى شۇنداق ئىلمىي، يەنە كېلىپ سىنىپىمىزدا ئۇنىڭچىلىك چىرايلىق خەت يازىدىغان باللاردىن يەنە بىرسى يوق، ئۇقتۇڭمۇ؟ — بىر يۇرتلۇقى ئۇ قىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توختىغا چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى.
— ئۇ ئاشۇنداق بەد بەشىرە بولغاندىكىن قەستەن ئىلمىي بولۇۋالىدۇ، خەتنى چىرايلىق يېزىشىمۇ قەستەن ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بىر خىل ماھارەت. تەبىئىي بولمىغان نەرسە بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى چانىدۇ، سىنىپىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ دۆت ئادەم يوق.
— ئۇ شۇنداق ئۆگەنىشىمۇ نېمىشقىدۇر ئېسىدە، كالالىسىدا قالمايدۇ،— يۇرتلىقى توختىنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئىنكار قىلالماي گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ قالدى.
— ئۇنىڭ كاللىسى بولغىنى بىلەن ئىچى قۇپقۇرۇق تۇرسا نېمە قالىدۇ، شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانىنى خەرىتىدىن كۆرسىتىپ باق دېسە، شىزاڭنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بىر ئادەمدە ئەس ـ كاللا نېمە قىلسۇن.
— ئۇ قوپۇشىغا سەن زاكىلىق قىلىپ كۈلۈۋەتسەڭ تەمتىرەپ كەتمەمتى؟
— تەمتىرەپ كېتىشىغۇ راست، خەرىتىدىكى خەتلەر ئۇيغۇرچە تۇرسا شۇنىمۇ ئوقۇيالماي قالامدۇ؟ خەتلەر رۇسچە ياكى ئىنگلىزچە بولمىسا يا.

— تەمتىرەپ كەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ دەيمەن، سەن ئۇنىڭ بىلەن تولا قېرىشما، سېنى كۆرسىلا ماڭىدىغان، تۇرىدىغان يېرىنى تاپالمايدىغان بوپ قالدى قارا، ئالىمادىس بىر ئىش بولسا سەۋەبچىسى سەن بولۇپ قالىسەن.

— مېنىڭ قولۇمدا ھوقۇق بولسا ئۇنى راستتىنلا بىر ئۆمۈر تالاغا چىقارمايدىغان قىلىپ قاموۋېتىتتىم.

توختى شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلدى، يۇرتلىقى قىزىرىپ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. توختى بىلەن يۇرتلىقى تەنتەربىيە دەرسىگە مەيدانغا چىقىپ كېتىۋېتىپ بۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلار مەيدانغا يىغىلىپ بەدەن قىزىتتى، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بالىلارنىڭ باش - ئايىغىغا قارىۋېتىپ راھەت، دىققەت كوماندىسىنى بېرىپ دەرسنى باشلاشتىن بۇرۇن يوقلىما قىلدى، يوقلىما قىلىپ بولۇپ قىزلارنىڭ بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقلىرىنى بوينىغا چاشۇرۇۋېتىشنى ئېيتتى، قىزلار ياغلىقلىرىنى بوينىغا چىگىۋېلىشتى.

— سىزمۇ بېشىڭىزدىكى ياغلىقنى بوينىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، — تەنتەربىيە مۇئەللىمى ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى، توختى ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ تاتىرىپ - قىزىرىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى.

— ھوي مەلىكە، رومالنى بوينىڭىزغا سېلىڭ، — توختى شۇنداق دېيىشىگە ھەممە بالىلار كۈلۈپ كېتىشتى، تەنتەربىيە مۇئەللىمى توختىغا گۆلىيىپ قاراپ قويدى، توختى جىم تۇرۇۋالدى.

— مەن سىزگە ماۋۇ بېشىڭىزدىكى ياغلىقنى بوينىڭىزغا سېلىڭ دەپ ئۇيغۇرچە سۆزلىدىم، ئۇكام، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— رۇسچە سۆزلىمىسىڭىز ئۇقمايدۇ، تېگى چەت ئەللىك بولغاندىكىن، — بالىلار يەنە كۈلدى، توختى يېنىدا تۇرغان يۇرتلىقىغا قاراپ پىخىلداپ كۈلدى، يۇرتلىقى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك تۇراتتى.

— توختى، سەن تولا گەپ قىلماي جىم تۇر - ھە، — مۇئەللىممۇ كۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى، ئۇ قىز گىجىڭلىق قىلىپ تۇرۇۋەردى.

— سىزگە قاراپ قالدۇق سىڭلىم، چاپسان بولۇڭ، — مۇئەللىم شۇنداق دەپ باللارنى ئۇڭغا قاراپ قاتارنى رۇستلاشنى بۇيرۇدى. توختى ئۇ قىزنىڭ بېشىدىكى رومالنى ۋاچچىدە پەسكە تارتىۋېتىپ جايىغا كېلىۋالدى، ھەممە بالا ئۇ قىزنىڭ سويمىدەك تۇرغان بېشىنى كۆرۈپ تېلىقىپ كېتىشتى، ئەسلىي ئۇ قىز چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى، مۇئەللىممۇ ئۇ قىزنىڭ بېشىغا قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ قىز قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ، يىغلىغانچە مەيداندىن چىقىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. توختىنىڭ يۈرتلىقى توختىغا قارىدى، توختى ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى بىر خىل زەھەرخەندىلىكنى كۆرۈپ كۈلۈشتىن توختىدى.

— ئۇ بىر ئىش بولسا بارلىق ئاقىۋەتكە سەن مەسئۇل، ئۇقۇپ قوي توختى، — توختى ئۇنىڭ گېپىنى مويىغا ئالماي تۇردى.

ئۇ قىزنىڭ ئۆيى مەكتەپ ئالدىدىلا ئىدى، ئۇ شۇ يىغلىغانچە ئۆيگە چىقىپ ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە ئۆزىنى ئېتىپ بوگۇن تارتقان خورلۇقىنى دەپ، توختىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزى بىلەن قېرىشىپلا تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ ئانىسى خېلى نامى بار بىشەم، گەپكە گەپ كەلسە دوتەي، ھاكىملارنىمۇ پوش دېمەيدىغان جۇدۇنلۇق ئايال ئىدى، مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم بۇ خوتۇندىن ھەزەر ئەيلەيتتى، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپلا قىزنى ئالدىغا سېلىپ ئۇدۇل تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلدى.

— سېنى ئەخمەق قىلىپ، بوزەك ئەتكەن قايسى ھەزلەك ئۇ؟ ماڭا كۆرسەتە، — ئۇ قىزنىڭ ئانىسى مەيدانغا كىرىپلا تۇۋلىدى، توختى ئۇ خوتۇننى كۆرۈپ جىم بولۇپ كەتتى، ئۇ قىز ئانىسىغا ئاۋۇ شۇ دەپ توختىنى كۆرسىتىپ قويۇۋىدى، ئۇ خوتۇن يىرتقۇچ ھەيۋانغا ئايلاندى.

— ھە، دۇمچەك تايلاق، قىزىمنى نېمە دەپ بوزەك قىلىسەن؟ ھە دېسە ئارام بەرمەيدىكەنسىنا، — ئۇ قىزنىڭ ئانىسى ئاغزىدىن پوق ئېقىتىپ تىللاپ توختىغا چاڭ سېلىپ ئېتىلدى.

مۇئەللىم بۇ خوتۇننى ئوبدان بىلگەچكە، توختىغا «قاچ» دەپ شەرەت قىلدى، توختى سەللا بىخەستەلىك قىلسا ئۇ خوتۇن تۇتۇۋالاتتى، توختى كەينىگە ئۆرۈلۈپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئانىسى قولىغا تاش ئېلىپ توختىغا ئېتىپ قوغلايتتى، توختى غەرب تەرەپكە قاچقاچقا قېچىش يولى ئۈزۈلۈپ قالاي دەپ قالغان ئىدى، ئۇ خوتۇن بولدى قىلماي، ھەدەپ سېسىق تىللاپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. توختى ئالدىدا تام بارلىقىنى كۆرۈپ سوغۇق تەرلەپ كەتتى، كەينىگە قارىسا، ئۇ خوتۇن خۇددى چىل بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. تام سۇۋۇۋېتىلگەچكە، يامىشىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى-دە، ئالاقزادىلىك ئىچىدە پۇتى كۆيگەن توخۇغا ئايلىنىپ قالدى، تامنىڭ يوچۇقلىرىغا كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، كۆزى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى يەردە بېشى ئاران پاتقۇدەك بىر تۆشۈكنى كۆرۈپ ئاشۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى، تەۋەككۈل دەپ بېشىنى تۆشۈككە تىقىۋىدى، دولىسى تۆشۈكتىن ئۆتۈپ بېلىگە كەلگەندە قىسىلىپ قالدى، ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ تامنىڭ قارشى تەرىپىگە بېشچىدىن پوككىدە چۈشتى، بويىنى قايرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، قورسىقى ئېچىلاپ، بويىنىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتتى، ئۇ تامنىڭ ئۇ چېتىدە ئېسىنى ئېلىپ سەل ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ خوتۇن تامنىڭ تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ توختىنى كۆردى.

— سەن ھەزلەك، مېنىڭ قىزىمنى بوزەك ئەتكۈدەك بولدىڭما؟... — ئۇ خوتۇن توختىغا ئۆزى ئاران چىققان تۆشۈكتىن چىقىپ ياقىسىغا ئېسىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، توختى بەدەر قاچتى، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ھاسىراپ ئولتۇردى، ياز ۋاقتى بولغاچقا پۈتۈن ئەزايى تەرلەپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ قورسىقىغا قاراپ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ گۆشى كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردى. توختى ئاشۇلارنى ئويلاپ ھېلىمۇ قورسىقى ئېچىشىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. نەچچە ئاي ئاشۇ قىزنىڭ ئانىسىدىن ئۆركۈپ كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى ئېسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ قولىدىكى چاچلارنى تاشلىۋېتىپ ئەتە چېچىمنى

چوشۇرۇۋېتىمەن دەپ پىچىرلىدى، دېرىزىگە قارىۋىدى، سىرت قاراڭغۇ كۆرۈندى، چېچىنى چۈشۈرتۈپ باقمىغانغا قانچىلىك بولغانلىقىنى ئەسلەپ بىلەلمىدى، كىچىك چېغىدا ساتىراشنى كۆرسە قورقۇپ ئىشتىنىغا سىيىۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىدىغىنى ئېسىگە كېلىپ، چېچىمنى چۈشۈرمىگەنگە 20 يىلدىن ئاشقان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. قورسىقىنىڭ ئاچمايۋاتقانلىقى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى، ئۇنىڭ تالاغا چىققۇسى يوق ئىدى.

ئۇنى قورقۇتىۋاتقان يەكشەنبىگە پەقەتلا بىر كۈن قالغانىدى، ئۇ ئالدىنقى كۈنى چېچىمنى چۈشۈرۈۋېتىمەن دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى، ئۇ دائىم چېچىنى ياستىدىغان ساتىراشخانىغا كەلدى. ئۆگى سىرىق، بودەك كەلگەن، كۆك كۆز ساتىراش توختىنى كۆرۈپ ئورۇندۇقنى قولىدىكى لۆڭگە بىلەن بىر قۇر ئېرتىشتۈردى.

— توختىكا، بارمۇسىز؟ بۇ تەرەپكە ئۆتمىگىنىڭىزگە نەچچە ئاي بوپتۇ، كېلىڭە ماۋۇ ئورۇندۇققا، — تونۋا دېگۈدەك ساتىراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى ئىتتىك بولاتتى، 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ساتىراش سىرىق قۇچقاچنىڭ ئۆزى ئىدى، نەدىن گەپ قىلسا، شۇ يەردىن چىقىپ يېتىشەلەيتتى. توختى ئۇنىڭ بۇگۈن ئازراق گەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپلا ئولتۇردى، — بۇرۇنقىدەكلا چاچنىڭ ئالدىغا تەگمەي كەينىنى ياسايمەنغۇ؟ سىرىق ساتىراش قولىغا سۇ پۈركۈگۈچنى ئېلىپ توختىنىڭ چېچىغا پۈركىدى.

توختى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە نىيەت باغلاپ بولغانىدى. ئۇ ئەينەككە بىر دەم قاراپ ئولتۇردى، ساتىراش ئۇنىڭغا ئىگىشىپ قانداق قىلىشنى كۈتۈۋاتاتتى. توختى چېچىمنى چۈشۈرۈۋەتسەم بۆلەكلا ئادەم بولۇپ قالىمەن ھەقاچان، سويمىدەك بېشىمنى كۆرگەن زەينەپنىڭ رايى چوقۇم يېنىپ كېتىدۇ، چېچىمنى چۈشۈرۈۋەتكىنىم چۈشۈرۈۋەتكەن بۇگۈن، دەپ ئويلىدى.

— ياق.

— ئۇنداقتا قانداق ياسايمەن؟

— چۈشۈرۈۋېتىسەن، — ساتىراش توختىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، — نېمە قاراپ تۇرىسەن؟ چۈشۈرۈۋېتىسەن دېدىمغۇ.

— بىر ئوبدان چاچ ئىدى، — ساتىراش توختىغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇراتتى، توختى چاچ مېنىڭ تۇرسا بۇ نېمانداق قىلىدىغاندۇ دەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— چۈشۈرۈۋېتىمەن دېسىڭىز مەن نېمە دەيتتىم، ماقۇل، چۈشۈردۈم ئەمىسە، — ساتىراچ توختىنىڭ چېچىنى ئاۋۋال قايچا بىلەن بىر قۇر كېسىپ چىقتى، ئاندىن يۇمشىتىشقا تۇتۇندى.

— چېچىڭىز بۇزۇلغانمىتى؟

— ياق، چۈشۈرۈۋېتەي دېدىم.

— بىكاردىنمۇ؟

— چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشنىڭمۇ سەۋەبى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، چاچ چۈشۈپ كېتىشكە باشلىسا ياكى چاچ يېرىلسا ...،— ساتىراش چاچ چۈشۈرتۈشنىڭ ئۆزگىچە سەۋەبلىرىنى قۇمدەك سۆزلىگىلى تۇردى، توختى ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئەمدى قوشۇق سالسام چوقۇم كەچ بولۇپ كېتىدۇ دەپ جىم ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ساتىراش توختىنىڭ بېشىنى خېلى بىر چاققىچە سىلاپ، سوپۇنلاپ ئۇۋۇلىدى. توختىنىڭ بېشىدىن ئاققان يۇندى بويىنىغا چۈشۈپ ئېچىشتۇرغىلى باشلىدى.

— يۇمشاپمۇ كەتتى، تولا ئۇگۇلاۋەرمەي ئۇستىراڭنى سالامسەن؟— توختى راستىنلا زېرىكىپ كەتكەنىدى.

— سىزنىڭ بېشىڭىزغا ئۇستىرا چۈشمىگىلى نەچچە ئون يىل بولدى، شۇڭا ئۇزاقراق ئۇگۇلىساق ئۇستۇرا تۇرۇپ قالمايدۇ.

— بولدى، ئۇششاق گەپ قىلماي چۈشۈرە، — توختى ئۇنىڭ گەپلىرىگە چىدىيالمىغانىدى. ساتىراچ ئۆزىنىڭكىنى دەپ تۇرۇۋېلىپ يەنە بىر ھازا ئۇۋۇلىدى، توختىنىڭ بوينى ۋاژىلداپ ئېچىشاتتى. ئۇ ئېغىزىمنى ئاچسام چوقۇم ئۇنى تىللاپ سالىمەن دەپ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇرۇشقا

مەجبۇر بولدى. ئاخىر بىر ئادەم ساتىراشخانىغا كىرىۋىدى ساتىراش ئۇ ئادەمگە جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ توختىنىڭ بېشىغا ئۇستۇرا سالدى.

— مېنىڭ ئازراق بازارلىقىم بار، قىلىپ بولۇپ كىرەي.

— مانا ھاجىمكا، بىردەمدىلا تۈگەيدۇ.

— مەنمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بازارلىق قىلىمەن، سەن بۇ چاچنى چۈشۈرۈپ بولغىچە كىرىمەن.

— ھايالشىماڭ، ئۇنداق بولسا، — ساتىراش توختىنىڭ چېچىنى ئىتتىك ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى، توختىنىڭمۇ كۆڭلى تىندى، توختى ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ ساتىراشنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

— كونا چۈيقەت، مەندىن باشقا ھېچكىمگە چېچىنى ياساتمايدۇ، — ساتىراش ئەينەكتىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان توختىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئۆزى تەسەللى بەردى. ئۇ توختىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلسىڭىز بىر ئېگىزلىۋەتسەم چېچىڭىز تىرىك، جانلىق چىقىدۇ، — دېدى.

توختى ئۇنىڭ ئۇستىرا ھەققىنى بېرىپ، گەپمۇ قىلماي چىقىپ كەتتى. كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچقا، سوغۇق ھاۋا ئۇدۇل كېلىپ توختىنىڭ بېشىغا تەگدى، توختىنىڭ دولى قورۇنغىلى تۇردى، ئۇ دوپپا كىيىۋالسام بولغۇدەك دەپ ئويلىدى-دە، ئۇدۇل دوپپا بازىرىغا بېرىپ بىر كەپكە شەپكىنى سېتىۋېلىپ كىيىۋالدى. بوينىمۇ توڭغاندەك قىلدى، بىردەمگىچە كۆتۈلۈپ قالىمەن دەپ، بازار ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى دىۋانە ئۇچراپ قالدى. دىۋانە بۇرۇنقىدەكلا ئەھۋال ئېيتىپ توختىنىڭ ئالدىغا كەلدى، توختى ئۇنى بىر كۆرۈپ تونۇغانىدى، دىۋانە كۈندە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرغاچقا، بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ ئېسىدە قالمايتتى، توختى يانچۇقىدىن 10 سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ دىۋانىغا

بەردى، دىۋانىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. توختىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا موككىدە سالدى-دە، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى دەپ كېتىپ قالدى. بۇ دىۋانە توختىغا بازاردا ئەمەس، بىر بۇلۇڭ كوچىدا ئۇچراپ قالسا، توختىنىڭ ئۇنى گەپكە سالغۇسى بار ئىدى. توختى دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قارىسى كۆزىدىن يىتكەندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى.

توختى بۈگۈن بازارنى ھارغىچە ئايلىنىپ، بۇنداق بازار ئايلىنىپ باقمىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ كۈن پارچە تاغقا چۆككەندە ھارغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىدارىغا قايتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىدارە ئاجايىپ چۆلدەرەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختىنىڭ بۇ ئىدارىدە بېرىش - كېلىش قىلىدىغان تۈزۈكرەك بىر ئادىمىمۇ يوق ئىدى. ئۆيىدىن ئىدارىدىكى ئۆيىگە يۆتكىلىپ چىققان نەچچە يىلدىن بېرى ياتاقتا يېتىپ ئىشلەۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئىدارىدىكى بۇ ئۆي ئۇنىڭغا ئاجايىپ سوغۇق، مېھرىسىز كۆرۈنەتتى. ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە كۆڭلى سوۋۇدى، ئۆيىگە كىرىشكە پەقەتلا رايى بارمىدى. ئىدارىنىڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، توختىنىڭ كۆڭلى ئېغىشقا باشلىدى، ئۇ يا ئۆيىگە كىرىپ كېتىشنى، يا باشقا بىر يەرگە بېرىشنى بىلەلمەي، ئېزىقىپ تۇرۇپ قالغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالدى، ئىدارىنىڭ ئالدىدا يالغۇز تۇرۇشتىن قورقتى، ھېلىلا ئايشەمخان موماي پېشىنى تارتىپ توۋلايدىغاندەك بىلىندى، ئۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئاۋازى، ۋەھىمىلىك گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ھازىرلا پەيدا بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ تۇرۇشىغا، زاكىر يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولدى.

— كۆڭلۈم سىنى تارتىپلا تۇراتتى. زامان ئاخىر بولغان ئوخشايدۇ، توختى، ئەكىلە قولۇڭنى كۆرۈشۈۋېتەيلى، كۆرۈشۈپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ بايلىق، ئۇقتۇڭمۇ؟ ھە سەن دېگەن پىشقان زىيالىي تۇرۇپ بۇنى بىلمەمتىڭ؟ بۈگۈن ئىشەنسەڭ بىر گىراممۇ ئىچمىدىم، نېمىشقا

دېمەمسەن، بۇ كاساپەتنى كۆڭلۈم زادىلا تارتماي تۇرۇۋالدى، ئالە شەھرىگنى، سېنى كۆرۈپلا مەندىكى قاپقاق شالاقدە ئېچىلىپ كەتتى، ئەمدى ئامال يوق، — زاكىر كانىيىغا ۋاقىدە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، توختىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە، ئۈچ كوچا دوقمۇشى تەرەپكە تارتىپ ئېلىپ ماڭدى، توختىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغۇسى كەلدى.

※ ※ ※

توختىنىڭ بېشى چېقىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرەلىگۇدەك ماغدۇرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، يەنە بىر دەم ياتايچۇ دەپ، بىر دەم ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ، بىر دەم سول تەرىپىنى بېسىپ يېتىپمۇ پەقەت ئارام ئالالمىدى. ئاخشام ئۇ لاۋۋاگىنىڭ هاراق دۇكىنىدا زاكىر بىلەن بىر جىگدىن كۆپرەكتىن ئىچىۋالغانلىقىنى ئەسلەپ، ئىككى چېكىسى چىڭقىلىپ ئاغرىدى، هېچ نەرسىنى ئويلىماي دېسىمۇ ئاخشامقى سورۇندىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن، خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكىلى تۇردى. كىمدۇر بىرى بىلەن ناهايىتى ئىجىل - ئىناق سۆهبەتتە بولغىنى كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تۇرغاندەك تۇيۇلدى، ئەمما ئۇ ئادەمنى پەقەت ئەسلىيەلمىدى، ئۇ زادى كىم بولغىيتتى؟ چوقۇم مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئادەمنىڭ بىرى، ئۇنداقتا ئۇ زادى كىمدۇ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خاتىرىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئەسلىدى، تۇرۇپلا ئۈچ كوچا دوقمۇشىدا ئىچ - باغرى چىقىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە قۇسقانلىقى ئېسىدىن كېچىپ، ئۆپكىسى چىڭقىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن بىر كۈچلۈك هۆ يامىشىپ چىقتى. ئۇ ئىتتىك يەگاغا بېشىنى ساڭگىلىتىپ بەك قىينىلىپ كەتتى، ئىككى قوشۇق چىققۇدەك سېرىق زەرداپ ئاشقازىنىدىن ئاران چىقتى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، بۇرۇنلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتكەندەك مىشىلدايتتى. شۇ

تەرىقىدە پەگاغا بىشنى ساڭگىلىتىپ خېلى ۋاقىت تۇردى. قورسىقىدا بىر قوشۇقمۇ ئوزۇقلۇق قالمىغانلىقىنى بايقاپ بېشىنى پەگادىن كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرى دىرىلداپ كەينىگە داجىپ يېتىپ قالدى. ئاخشامقى هاراقنىڭ كۈچى بەدىنىدىن مەڭگۈ تاراپ كەتمەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاخشامقى ئادەم زادى كىم بولغىيتتى دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاخشامقى ئادەمنى خىيال قىلسىلا مېڭىسى ئادەتتىن تاشقىرى چىڭقىلاتتى، ئويلىماي دېسە ئۇ ئادەم ئېسىگە كېلىۋالاتتى، ئاخىر ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى زادىلا تاپالماي، ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى. بېشىنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇپ باققۇسى كەلدى. سىرت خېلىلا سوغۇق ئىدى، نېمە بولسام مەيلى، بېشىمنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيغىنىم يۇيغان دەپ هويلىغا چىقتى. كۈزنىڭ ئاخىردىكى قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرى تېخى كۈندۈز ئىكەنلىكىدىنلا بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. توختى يېرىم يالىڭاچ پېتى تۇرۇبىنىڭ ئاستىغا بېشىنى تىقىپ جۈمەكنى ئاستا - ئاستا ئاچتى، مۇزدەك سۇ بوينىغا چۈشۈۋىدى ئەندىكتى، بارا - بارا كۆندى، چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى چورتلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى سىلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. چېچىم نەگە كەتكەندۇ؟ بۇ زادى نېمە ئىش دېگەندەك خىيال بىلەن تۇرۇبا ئاستىدا خېلى بىر ۋاقىت تۇردى، تۈنۈگۈن چېچىنى ئالدۇرغىنى ئاخىر ئېسىگە كېلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئىچىدىن تىترەك تېشىغا تەپكۈچە سوغۇق سۇ بىلەن بېشىنى يۇيۇپ بولدى، بېشىنىڭ ئاغرىقى، مېڭىسىنىڭ چىڭقىلىشى تۈگەپ قالغاندەك تۇيۇلدى، پۇتىنىڭ دىرىلدىشى تۈگىمىگەنىدى. قورسىقىمدا بىر نەرسە قالمىغاندىكىن تىترەيدۇ - دە، دەپ ئويلىدى. لۆڭگە بىلەن بېشىنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاشقازىنىدىن قوزغالغان بىر كېكىردەك ئېغىز - بۇرنىدىن ئېتىلىپ تەڭلا چىقتى، هاراقنىڭ پۇرىقى ئېغىز - بۇرنىغا لىقلا توشۇپ قالدى. ئۇ سىلكىنىپ كەتتى. چىشىنى چوتكىلاش ئۈچۈن چىش پاستىسىنى ئېغىزىغا تىقىۋىدى، قۇرۇق هۆ ئىچ باغرىدىن ئۆرلىگىلى

تۇردى. ئۇ چىش چوتكىسىنى ئېغىزىدىن تېزلا تارتىۋېلىپ ھۆ قىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى، سوغۇق سۇنى ئېغىزىغا ئېلىپ چايقىدى، ھاراقنىڭ قالدۇق پۇرىقى تۇگىگەچكە ئېغىزىنى سوغۇق بىلەن غەرىلدىتىپ يۇيدى. ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ تۇنۇگۇن ئالغان كەپكە شەپكىسىنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ئىچىنى ئۆكتەي ـ تۆكتەي قىلىۋەتتى، كەپكە شەپكىسى ھېچ يەردىن تېپىلمىدى، تالاغا پاينەكىپىشى بىلەن قانداق چىقىشتىن نومۇس قىلىپ: «بۇگۈنكىدەك خىجىل بولسام بىرسى ئېتىۋېتمەن دېسمۇ چېچىمنى چۇشۇرمەس ئىدىم، ئاپلا» دېگىنىچە يەنە يەگادا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ «چېچىم بار چاغدا مەن، ئۇ يوق بولسا مەن بولمامتىم، چېچى يوق ئادەمنى شەھەردىن قوغلىۋەتمەس بىرى» دەپ ئورۇنسىز خىجالەتچىلىكنى يوقاتتى.

توختى ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتسا، قادىر كۆك كۆز دىجورنىخانا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

— ھەي توختى، ئۇستىرا ھەققىنى بەرسەڭ بولاتتى.

توختى ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىۋىدى، تۇرۇپلا كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ ئالدىغا قاراپ غىلڭ قىلماي كېتىپ قالدى. ئۇچ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ چوڭ يولنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىدى، ھېلىقى كونكى ئىتنىڭ پاجىئەلىك ئۆلگەندىكى، يەردە چېچىلىپ ياتقان مېڭىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالسىمۇ كېرەككە كەلمەي ھۆ قىلىپ بوغىنىقىپ كەتتى، كۆزى يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك بولدى، مېڭە تومۇرلىرى شۇنچىلىك چىڭقىلىپ كەتتىكى، مېڭەمگە قان چۈشىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. ھۆ توختىغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ جېنىنىڭ تولىمۇ چىڭلىقىنى بىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈپ، دوختۇرخانا ئالدىدىكى ئۆگرەخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ چۆپى ئاز ئۆگرىدىن بىر قاچا ئىچكۈسى كەلدى. ئۆزىدە تېخى ئىشتىھا بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ھېچ يەرگە قارىماي ئۇدۇل شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئۆگرىخانىغا كىرىپ

تەرلەپ ـ تەپچىرەپ بىر قاچا ئۆگرىنىڭ سۈيىنى زورۇقۇپ ئىچتى، چېكىسىدىكى تەرلەرنى ئېرتىۋېتىپ چىنىدىكى ئېشىپ قالغان چۆپكە قاراپ كۆڭلى غەلىتىلەشكىلى تۇردى، كۆزىنى يۇمۇپلا چىنىدىكى چۆپنى ئاغزىغا تىقىپلا چالا ـ بۇلا دۈتا قىلىپ يۇلنى تۆلەپ ئۆگرىخانىدىن سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى ئېغىرلىق تەر بىلەن يوقاپ كەتكەنىدى، ئۇ نەگە بېرىشنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، كەپكە شەپكەم ئاخشام نەدە قالغاندۇ؟ ئاخشامقى سورۇندا قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، لاۋۋاڭنىڭ هاراق دۇكىنىنى نىشانلاپ ماڭدى، ئۈشتۈمتۇت بۈگۈن كۈنگە چوقۇم يەكشەنبە دەپ ئويلاپ قەدىمىنى توختاتتى، ئۇنىڭ بەدىنى چىڭقىلىپ، تومۇرلىرى جانلىق سوققىلى باشلىدى، هەممە ئەزايى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ «ئاۋۋال كەپكە شەپكەمنى تېپىۋالايچۇ» دېگەننى ئويلاپ تۇرۇۋالدى، مۇشۇنداق قىلسام زەينەپ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ يولى توسۇلۇپ قالار دېگەنىدى. ئۇ ئۇدۇل لاۋۋاڭنىڭ هاراق دۇكىنىغا كەلدى، دۇكان قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. ئۇ هاراق دۇكىنىغا قاراپ تۇرۇۋەرسەم چوقۇم بىرى كۆرۈپ قالىدۇ دېدىمۇ، يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ دۇكاننى كۆزىتىپ رىدە دەرىخى ئاستىدا تۇرۇشقا باشلىدى. «يەكشەنبە» دېگەن بىر ئۇقۇم ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىپ بولغانىدى، بۇ قامالنى بۇزۇشقا تىرىشتى، «ئاخشامقى هېلىقى ئادەم زادى كىم بولغىيتتى؟ ئۇ ماڭا نېمىلەرنى دېگەن؟ ئىككىمىز قانداق سۆھبەتتە بولغان؟ ئۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن مەندە مۇنچىلىك تەسىر قوزغىدى، ئۇ چوقۇم كارامەت ئادەم بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا مەن بۇ مىجەزمدە ئۇنى ئېسىمدە هەرگىز ساقلىمايتتىم. ئېنىقكى، ۋەزىيەت توغرىسىدا ئۆزگىچە پىكىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن، هاياتلىق، تۇرمۇش، مۇهەببەت توغرىسىدىمۇ بىلىدىغانلىرى ناهايىتى جىق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولمىسا مەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قىزىقامتىم، ئۇ زادى كىمدۇ؟» تۇختى ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا بىر ئوبدان خاتىرىسى چورتلا يوقاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقىت ئالدىغا ماڭماي تۇرغاندەكلا بىلىنىشكە باشلىدى،

توختى ھەدەپ سائىتىگە قاراپ قويۇۋاتتى، «ھاراقنىڭ تەسىرىدە بالدۇر ئورنۇمدىن تۇرۇۋاپتىمەن، ئۇسساپ كەتمىگەن بولسام قاق چۈشكىچە ئۇخلىغان بولاتتىم، ئاندىن ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ چۈشتىن كېيىن بولۇپ كېتەتتى، قىرىشقاندەك بالدۇر تۇرۇپ كەتكىنىمنى، سوغۇق سۇ بىلەن بېشىمنى يۇيمىغان بولسام تالاغا چىققۇچىلىكىم يوق ئىدى، بېشىمنى يۇيمىساممۇ بوپتىكەن، ئەجەب ئەتىگەندىلا، بۈگۈننىڭ نېمە كۈنلىكى ئېسىمگە كەلمەپتۇ دەيمەن». ئۇ قانچە قىلسىمۇ يەكشەنبىدىن ئۆتەلمەي چارىسىز قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى، تولا تۇرۇۋېرىپ پۇتى تالدى، يولنىڭ قىرىدا ئولتۇردى، ئانچە - مۇنچە ناتونۇش ئادەملەر ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. توختى تۇرۇپ - تۇرۇپ لاۋۇاگىنىڭ ھاراق دۇكىنىغا قاراپ قويۇۋاتتى، ئۇ ئامال تاپتى، كۆڭلى يورۇدى، «بۈگۈن لاۋۇاڭ مۇشۇ دۇكىنىنى ئاچمىسا مەن زەينەپنىڭ ئۆيىگە بارمايمەن، ئۇ ئېچىپ قالسىچۇ؟» بۇ مەسىلە ئۇنىڭ يورۇپ كەتكەن كۆڭلىنى يەنە تۇمانلاشتۇرۇۋەتتى. «لاۋۇاڭ دۇكىنىنى ئاچمىسا بارمايمەن، ئاچسا بارىمەن» دەپ ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتتى. لاۋۇاگىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بىر نەچچەيلەن كېلىپ ئۇياق - بۇيان مېڭىپ كېتىشىپ قالدى، توختى ئۇلارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. «ئۇ بۈگۈن دۇكىنىنى چوقۇم ئاچمايدۇ، ئاۋۇلار ئۇنىڭ دائىملىق خېرىدارى، ئەتىگەندە ئاخشامقى ئىچكەن ھاراقنىڭ چىشىنى چاققىلى كەلگەنلەر، ئۇلار بۈگۈن ئېچىلمايدىكەن دەپ باشقا ھاراق دۇكانلىرىغا كېتىشكەن چېغى...» توختى كۆڭلىدە بۇلارنى ئويلاپ يەنە لاۋۇاگىنىڭ ھاراق دۇكىنىغا قارىدى، دۇكان ئالدىدا يوچۇن بىر نەچچە ئادەم پەيدا بولۇپ بىر - بىرى بىلەن قىزىق پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى.

— ۋاڭ قېرى بۈگۈن كېتىپ قالمىغاندۇ؟

— بىزنى ئۈزۈپ قويار.

— نۇرغۇن ئادەمنى ئۈزۈپ قويدى بۇ قېرى جۇمۇ، ئۇنىڭ «تەيجى گۇمپىسى» بار، بۈگۈن تەيچى گۇمپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىلىپ قالغان

گەپ، بولمىسا نەۋاخ ئېچىپ بولاتتى.
— ئۇ گۇمپىنى ئۆگەنسە 115 ياشقا كىرىدىكەن دەيدۇ، بىرگە ئۆگىتىپ قويىسۇنمۇ يا، — چاچلىرى بوم - بوم بولۇپ كەتكەن، توختىماي ئەسنەپ كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىنى چاپاق قاپلىغان، موكا باش، بېلى سەل ئېگىلگەن بىرسى شۇنداق دەپ كۈلدى.
— بالىۋاقىمىز بىزدىن زېرىككىلى نەۋاق، 115 ياشقا كىرىدىغان بولساق بۇ شەھەردىكى ھەممە ئادەم زېرىكىپ بىزنى چۆلگە قوغلىۋېتەر، ۋاي بولدى، ئىتتىكرەك كېتىۋالىلىمىكىن، بۇرادەرلەر.
— ئاشۇ گۇيلىنىڭ قىلغىنىغا 120 ياشقا كىرمىسەم، ئانىسى ئۆلۈپ كېتىۋېدى، ياشراق خوتۇن ئېلىپ بېرەي دېمەي، مەندىنمۇ قېرىنى سايە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، قېرى خوتۇن دېگەن زەھەر بىلەن ئوخشاش تۇرسا، مېنى ئىتتىك ئۆلسۇن دېگىنى بولماي نېمە.
— سەندە ھېلىقىدەك ئىش بارمۇ تېخى؟
— نېمە دەيدىغانسەن، تىنىقىم ئۈزۈلگەندە توگەرمىكىنتاڭ.
— دورا يەيسەن، يېشىڭ بىر يەرگە بارغاندا سەندە نېمە ئىش قىلسۇن ئۇ ئىش، چوقۇم دورا يەيسەن.
— بىزنى تېپىپ سىناپ باقە ئىشەنمىسەڭ.
— ئۆلۈپ قالساڭ ئۆزۈڭگىما ئۇنداقتا؟
— ئۆزۈمگە، مانا ئوغۇلبالىچىلىق، ئەككىلە قولۇڭنى، — چاباش، ئوتتۇرا بويى، قارامتۇل ئادەم قولىنى ئۆزى بىلەن گەپ تالىشىۋاتقان ئادەمگە چىقىرىپ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالاشقان ئادەم قولىنى بەرمەي كۈلۈپ تۇرۇۋالدى.
— ۋاڭ قېرى كەلدى، — توختى چۆچۈپ كەتتى. لاۋۋاڭ تەنتەربىيە كىيىمىنى كىيىۋالغانىدى.
— ساقلىتىپ قويدۇم ـ ھە، بۈگۈن سىلەرنى، — لاۋۋاڭ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانلارغا چىرايىنى پۈرلەشتۈرۈپ كۈلدى. توختى ئولتۇرغان جايىدىن قوپالمىدى، ئۇ يەنە باھانە تېپىشقا باشلىدى. «كەپكە شەپكەم

لاۋۋاڭنىڭ دۇكىنىدا بولسا بارىمەن، بولمىسا بارمايمەن» ئۇ بىر نىيەتكە كېلىپ لاۋۋاڭنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قارىدى، ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئادەملەر لاۋۋاڭنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىپ دوختۇرخانا تەرەپكە مېڭىشتى.

توختى لاۋۋاڭ يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىردى، لاۋۋاڭ كۆزەينىكىنى سېلىپ ئەتىگەنلىك گېزىتنى كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ توختىنى كۆرۈپ كۆزەينىكىنى بۇرنىغا چۈشۈرۈپ قارىدى.

— سەن ئىكەنسەنغۇ يىگىت، ئەتىگەندىلا يالغۇز كېلىپسەنغۇ؟ — توختىنىڭ رەڭگى دەم قىزارسا، دەم سارغىيىپ تۇراتتى، ئۇ لاۋۋاڭغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمىدى، — ئاخشام كۆپ ئىچىۋالدىڭ، ھاراقنى كۆپ ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق، قارىسام ئوغلۇڭلا بىر يىگىت ئىكەنسەن، باشقىلارنى دورىما، زاكىر دېگەن تولا ئىچىپ قىتمال بولۇپ كەتكەن بىر نېمە، — توختى لاۋۋاڭنىڭ دەۋاتقانلىرىنى زادىلا ئاڭلىيالمايۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى، — ئاچچىقىڭ بەك ئىتتىك ئىكەن، ئاخشام ھاي دەپ تۇرۇۋالمىسام، چوقۇم زاكىرنى ئۆلتۈرۈپ قوياتتىڭ. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنى چۇۋۇلۇپ كەتتى، — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بويىنىغا قىزىق چاي تۆكۈلۈپ كەتكەندەك بولدى، زاكىر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىغاندەك تۇراتتى، لاۋۋاڭنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— مەن بىرسى بىلەن ئۇرۇشقاندەك تۇرمايمەنغۇ؟

— ئاخشام كۆپ ئىچىۋەتتىڭ، ئۇ ئىشلار ئېسىڭدە قالمىغان ئوخشايدۇ، دېمىسىمۇ ئاخشامقى ئىشتا زاكىردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— مەن ئاخشام بىرسى بىلەن ئۇرۇشمىغاندەكلا، — توختى شۇنداق دەپ تېخىمۇ بوشاپ كەتتى، زاكىر بىلەن نېمە دەپ ئۇرۇشۇپ قالغاندىمەن دېگەن خىيال ئۇنى چۆشەپ قويدى. ئۇ يوكەي ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ يادىدا پەقەت باشقا بىر ئادەم بىلەن ئۇزاق، دوستانە پاراڭلاشقانلىقى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە ئۆتتى، زاكىر بىلەن نېمە دەپ ئۇرۇشۇپ يۈرگەندىمەن دەپ

ئازابلاندى.

— ئاخشام بەك كۆڭۈللۈك ئولتۇرغىنىم ئېسىمدە، قالغان ئىشلار چورتلا يادىمدا قالماپتۇ.

— سەن تالاغا ئەدەپكە چىقىپ خۇرجۇننى ئۆشنىسىگە سېلىۋالغان بىر ئادەمنى باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىڭ، نېمە توغرىسىدا پاراڭلاشقانلىقىڭلاردىن خەۋىرىم يوق. زاكىر ئۇ ئادەمنى چىقىرىۋېتىسەن دەپ تۇرۇۋالدى، سەن ئۇنىمىدىڭ، زاكىرنىڭ كۆزىگە ئۇ ئادەم نېمىشقا سىغمىدىكىن، دېگەن گېپىدىن زادىلا يانمىدى، ئاخىر زاكىر ئۇ ئادەمنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى بولغاي، سەن ئۇنى كۆرۈپ زاكىرنى ئۇرۇپ كەتتىڭ، مەن زاكىرنى قاچۇرۇۋەتمىگەن بولسام چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازىڭ يامان ئىدى، — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپمۇ خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

— ئۇ ئادەم كىم بولغىيتى؟

— ئۇ ئادەمنى تونۇمامتىڭ؟

— زادىلا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولغىنىم ئېسىمدە، كىملىكى، تەقى - تۇرقى زادىلا ئېسىمدە قالماپتۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتىڭ.

— ئۇ كىم بولغىيتى؟

— ئۆشنىسىدە ئالا خۇرجۇن تۇراتتى، تەقى - تۇرقىدىن، گېپىدىن بۇ يەرلىك ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

— توۋا، ئۇ زادى كىمدۇ؟ — توختىنىڭ مېڭىسى چىڭقىلىپ چېكىسى لوقۇلداپ كەتتى، لاۋۇلداۋاتقان بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى. توختى زاكىر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغان خىجىلچىلىقنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئەمما يوچۇن ئادەمنىڭ كىملىكى ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى.

— ئۇ ئادەم كىرىپ باشتا ئىچكىلى ئۇنىمىدى، زاكىر شۇنچە زورلىسىمۇ يېقىن كەلمىدى، سەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ ھايال ئۆتمەي «ئۇكام،

سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭا ماۋۇ يوغان رومكىنى لىق تولدۇرۇپ قۇيىڭە، قولىڭىزدىن بىرنى ئىچەي» دېۋىدى، سەن ئۇنىڭغا يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى قۇيۇپ بەردىڭ، ئۇ قولىغا ئېلىپلا تىنماي ئىچىۋەتتى، ئاشۇنداق ئۈچ قېتىم ئىچتى، سەنمۇ ھېلىقى ئادەم ئىچكەن رومكىدا تولدۇرۇپ ئىككى قېتىم ئىچتىڭ.

— پەقەت ئېسىمدە يوق، — توختى ئوشۇق گەپ قىلمىدى، دۇكاندىن چىقىپ كېتەي دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، لاۋۋاڭ ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شىرەسى ئاستىغا ئېڭىشىپ بىر نەرسىنى ئىزدىدى، توختى قوپۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— توختا، ئاخشام ماۋۇ كەپكە شەپكەڭ مۇشۇ يەردە قاپتۇ، — لاۋۋاڭ شىرە ئاستىدىن توختىنىڭ كەپكە شەپكىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى، ئارقىسىغا ئۆرۈلمەيلا چىقىپ كېتەي دەپ ئويلىدى، يەنە نېمىشقىدۇر چىقىپ كېتەلمىدى. ئاخىر كەينىگە ئۆرۈلۈپ لاۋۋاڭنىڭ قولىدىكى كەپكە شەپكىگە قارىدى، لاۋۋاڭنىڭ قولىدىكى شەپكە ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بويۇنتۇرۇقتەك كۆرۈندى. «چېچىمنى چۈشۈرۈۋەتمىگەن بولسام بۇ بويۇنتۇرۇقنى ئالمىغان بولاتتىم» دەپ بارلىق سەۋەبنى ئۆزىگە ئارتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ لاۋۋاڭنىڭ قولىدىن كەپكە شەپكىسىنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ كەتمەي بايا ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇردى. كەپكە شەپكىنى كىيگۈسى كەلمىدى، چۆرۈپ تاشلىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن تاشلىۋەتسەم يەنىلا لاۋۋاڭنىڭ دۇكىنىغا تاشلايدىكەنمەن، بەربىر ئۇ يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلاپ بېشىغا كىيىشكە مەجبۇر بولدى.

— بۇ كەپكە شەپكە ئاتايىن ساڭىلا ئاتاپ تىكىلگەندەك بەك يارىشىپتۇ، بۇنى كىيىۋالساڭ بۇرۇنقىدىنمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنىدىكەنسەن، — لاۋۋاڭ توختىغا قاراپ ئۇنىڭ كەپكە شەپكىسىنى ماختاپ قويدى، توختى بۇ گەپتىن تېخىمۇ ئازابلانغاندەك، يارىسىغا تۇز سېپىلگەندەك بولدى.

— بىرەر رومكا ئىچكۈڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئىچسەم ئىچەي، — تـوختى ئىچـىپلا ھەممىنـى ئۇنتۇشـنى تـوغرا كۆردى. لاۋۋاڭ ئۇنىـڭ گىپىنـى ئـاڭلاپ كۈلـۈپ بىـشنى لىڭـشتىپ بىـر بوتۇلكـا پـارچە ھـاراقنى ئىلىــپ يـۈز گىراملىـق رومكىغـا لىقـلا قۇيـۇپ توختىنىـڭ ئالـدىغا قويـدى، تـوختى ئالدىـدىكى ھـاراقنى قولىغـا ئىلىــپ كۆزىنى يۇمۇپلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— تولا ئـويلاپ كەتـمە، ھايـات دىگەنـدە بۇنچىلىـك ئىشلارنىڭ بولۇشـى نورمال ئىش، سەن مەست بولۇپ بۇ يەردە يىقىلىپ قالساڭ زاكىـر سىنى يۆلەپ ئىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىـك بـولغىنى بىـلەن كۆڭلـدە پەقەتلا يامانلىقى يوق، ئۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن، — لاۋۋاڭ توختىنىـڭ يۈمـشاپ كەتكەنلىكىنـى كـۆرۈپ، ئۇنىڭغـا تەسـەللى بەردى. تـوختى بىـر رومكىنى ئىچىپ قورسىقىغا ھاراق كىردىمۇ ياكى سۇمۇ زادىـلا بىلەلمـدى. ھاراق ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىغانىدى، ئۇ يەردىن بىشنى كۆتۈرۈپ لاۋۋاڭغـا قارىغىنىچە، بۈگۈن يەكشەنبە بولمىسىچۇ دەپ ئويلىدى.

— بۈگۈن كۈنگە نىمە؟ — لاۋۋاڭ توختىغا باشقىچە قارىدى.

— يەكشەنبە، — توختىنىڭ يۈرىكى جايىدىن قوزغىلىپ كەتتى، ئۇ لاۋۋاڭنىـڭ دۇكىنىـدىن چىقىــپ كەتمەكچـى بولـۇپ، ئالدىـدىكى قـۇرۇق رومكىغـا قـاراپ يەنە تـۇرۇپ قالــدى. بۈگـۈن تەقــدىرنىڭ شـۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك، يەنە بىر رومكا ئىچىپ ئاندىن نـىمە بولـسا شۇنى كۆرمەيمەنمۇ، دىگەننى ئويلىدى-دە، لاۋۋاڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— يەنە بىر رومكا ئىچكىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، ھامىنى بۈگۈن يەكشەنبە ئىكەن.

— ئۇنداقتا مەيلى، مۇشۇ بىر رومكا بىلەن بولدى قىـل، قورسـىقىڭغا تـۈزۈكرەك بىـر نـىمە يىمىگەنـسەن تىخـى، — لاۋۋاڭ شـۇنداق دىـگەچ رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى، تـوختى ھـاراقنى قولىغـا ئىلىپلا ئىغىزىغا بىراقلا تۆكۈۋىتىپ رومكىنى ئۈستەلگە قويغاندىن كىيىن، بىر دەم ئىسىنى ئىلىپ ئولتۇردى.

توختى ئىككى رومكا ھاراق بىلەن خىلـى قىزىـپ قالغـانلىقىنى ھىـس

قىلدى، ئۇ لاۋۋاڭنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ زەينەپنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ تولغان يوتىلىرى، پۇتىنىڭ چىرايلىق تىرناقلىرى، ئاپئاق سۆتتەك بەدىنىنى ئويلاپ قاتتىق چىڭقالدى، ئۇ چوقۇم مېنى كۈتۈپ ئۆيىدە ئولتۇردى دېگەننىلا ئويلىدى، ۋۇجۇدى بىر پارچە قىزىل چوغقا ئايلاندى، باغرى يۇمشاپ كەتتى، يولدا مېڭىۋاتامدىم ياكى ئۇچۇۋاتامدىم دېگەننى خىيال قىلىپ قەدەملىرى ئاستىدىكى يولغا قارىدى، پۇتى ئاستىدا يولنىڭ، زېمىننىڭ تۇرغىنىنى كۆردى، ئۇ زەينەپنىڭ ئۆيىگە قايسى بىر قۇربان ھېيتتا پەتىگە بارغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئاشۇ ئۆيدىمىدۇ؟ ئۆي كۆچكەن بولسا ماڭا چوقۇم دەيتتى، ئۇ چوقۇم شۇ ئۆيدە. ئۇ يوغان بىر ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ سەل قورۇنغاندەك بولدى، قورۇ ئىچىدە ناتونۇش ئادەملەر ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇ تۇرۇپلا چېچەنلىشىپ كەتتى، مەن بۇ ناتونۇش قورۇ ئىچىدە پايتىمىغا دەسسەپ يۈرسەم، باشقىلاردا گۇمان پەيدا قىلىپ قويىمەن، تەمتىرىمەي ئۇدۇل زەينەپ ئولتۇرغان بىناغا كىرىپ كېتەي دەپ ئويلىدى. ئۇ شەرق تەرەپتىكى بىنانىڭ بىرىنچى ئىشىكىدىن كىرىپ پەشتاقتىن بىمالال چىقىپ كېتىۋاتاتتى، تۆتىنچى قەۋەتكە چىققاندا يۈرىكى دۇمباق ئۇرۇپ كەتتى، بەدىنى قولاشتى، نەپسى ئىتتىكلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل تورلىرىنىڭ بىتچىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بەشىنچى قەۋەتتە تىۋىش چىقارماي ئۇزاق تۇردى، تۇرغانسېرى نەپسى بوغۇلۇپ، تومۇرلىرى چىڭقىلدى، ئۆزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تەشۋىش ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۇت - قوللىرى تىترەشكە باشلىدى، «مەن ئېلىشتۇرۇۋالمىغاندىمەن، بىرىنچى ئىشىكتىن كىردىمۇ ياكى باشقا ئىشىكتىن كىردىمۇ؟ بۇ زەينەپنىڭ ئۆيى بولماي قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئۆينىڭ ئىگىسى سەن كىم، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ تۇردۇڭ دەپ سوراپ قالسا زادى نېمە دەرمەن؟» ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئىككىلەندى، چۈشۈپ كېتەيچۇ دەپ ئويلىدى، ئەمما بىر كۈچ ئۇنى بوينىدىن قامالاپ تۇرغاندى. «تەۋەككۈل قىلىپ ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باسمايمەنمۇ،

زەينەپنىڭ ئۆيى بولمىسا بىر نېمە دېمەمدىم، يا تەۋەككۇل» توختى قولىنى ئىشىك قوڭغۇرىقىغا سوزۇپ يەنە توختىۋالدى، قولى قوڭغىراققا يەتمەيۋاتقاندەك تۇيۇلدى، سەل ئالدىغا كەلدى، ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ بېشىدىكى كەپكە شەپكىسىنى ئالدىغا چۆكۈرۈۋالدى. ئىشىك قوڭغىرىقى ئاخىر بېسىلدى، توختى قوڭغۇراقنى بېسىپ بولۇپ جىددىيلىشىپ ئۈگدىسىغا چۈشىدىغاندەك بولۇپ كەتتى، قولىنى رىشاتكىغا تىرەۋالمىسا يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، قېرىشقاندەك ئىشىك ئېچىلمايۋاتاتتى، ئىشىك ئېچىلمىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ ئىتتىك سېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ سەۋر قىلغۇسى كەلمىدى، چاتاق چىقىدىغان بولدى دەپلا ئويلىدى، ئۇنداق بولسا چۈشۈپ كېتەيچۇ دېدى-يۇ، يەنە مىت قىلماي تۇردى، قايتىدىن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسماقچى بولۇپ قولىنى سوزماقچى بولدى، ئەمما قولىنى مىدىرلىتالمىدى. «ئۇ چوقۇم قوڭغۇراقنى ئاڭلىمىدى، ئاڭلىسا بۇ چاققىچە ئاچامتى، ئۇ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدۇ يا؟ ياق، ئۇ چوقۇم ئۆيىدە ساقلاۋاتىدۇ» ئۇنىڭ نېرۋىلىرى كونتروللۇقىنى يوقاتقان ئىدى، بىر - بىرىگە زىت پەرەزلەر مېڭىسىدە ئاتىلىدەك پولتۇقشۇپ قاينايتتى. ئىشىك تۈۋىدە خېلى ئۇزاق تۇرغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بىر قىزىپ، بىر سوۋۇشقا ئۆتتى، كەينىگە ئۆرۈلدى، ئۆرۈلۈشىگە زەينەپنىڭ قايناق ھېسسىياتى، تولغان يوتىسى، چىرايلىق پۇتىنىڭ تىرناقلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، ئۇ كېيىنىشتىن پۈتۈنلەي يالتىيىپ، بۈگۈن نېمە بولسام مەيلى دەپ ئويلىدى-دە، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قوڭغۇراقنى باستى، قۇلىقىنى ئىشىككە چاپلاپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى تىۋىشنى تىڭشىدى، بايامقى جىددىيچىلىكلەر نەگىدۇر غايىب بولدى، تۇرۇپلا ئۆزىنى توختاشلىق بىر ئادەمدەك ھېس قىلدى، سالماقلىق بىلەن كۈتتى، ئۇنىڭ كۈتكىنى ئاخىر بىجا بولدى.

— كىمۇ؟ - ئىشىك ئىچىدىن زەينەپنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى توختىنىڭ قۇلىقىغا كىردى، توختى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «ئۇھ» دېدى، ھەنىم بولسا

ئۇ بار ئىكەن، دەپ كۆڭلىدىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتتى.

— مەن، توختى، — ئىشىك تەستىرەك ئېچىلدى. زەينەپنىڭ چاچلىرى مەيدىسىگە تاشلىنىپ، كۆزلىرىنىڭ ئىچى سەل قىزىرىپ قالغان بىلەن يەنىلا ئوتلۇق ھالەتتە تۇراتتى، توختى ئۇنى كۆرۈپ ھەممە ئەزايىغا ئوت كەتكەندەك بولدى. زەينەپ ئەسلىي مۇنچىدا يۇيۇنۇپ تارىنىۋاتقانىدى، ئۇ قوڭغىراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ قىلچە جىددىيلەشمەي كەڭ - كۇشادە يۇيۇنۇپ ئاندىن ئىشىكنى ئېچىشقا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە تالانتى بولسا كېرەك، ئىشىك تۇۋىدە توختىنىڭ تازا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىشىكنىڭ مۆشۈك كۆزىدىن كۆزىتىپ تۇردى، ئۇنىڭ تەقەززاسى پەلەككە يەتكۈچە سەۋر قىلدى، ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە توردا توقۇلغان پوپايكىسىنى كىيىۋېلىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئىشىكنى ئاچتى. توختى زەينەپنى كۆرۈپ بۇرۇنقى غەيرەت - شىجائىتىنى يوقىتىپ قويدى. زەينەپ كارىدورغا قاراپ قويۇپ، توختىنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— مەن سىزنىڭ ئۆيۈمگە چوقۇم كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، — توختى زەينەپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىككى دولىنى قورۇپ نەگە بېرىپ ئولتۇرۇشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، زەينەپ ئۇنىڭغا گەپ قىلغاچ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى، — ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىڭە، پالۋىنىم، — توختى تەمتىرەپ تۇراتتى، زەينەپ كاپىپىدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ چۆرىسىگە قاتىرىسىغا خۇرۇم ساپا قويۇلغان بولۇپ، ساپا ئالدىدىكى پاكار ئۈستەلگە يەل - يېمىش، پېچىنە - پىرەنىكلەر تىزىلغانىدى، توختى ساپا ئۈستىدە قورۇنۇپ ئولتۇردى.

— چۈشلۈك تاماق يېمەي كەلگەنسىز، مەن سىزگە قۇۋۋەت بولىدىغان تاماق ئېتىپ قويغان، بەخىرامان ئولتۇرۇڭ، مەن تاماقلارنى ئېلىپ كىرەي، — زەينەپ توختىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەك قاراپ ئاجايىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، توختى بۇ كۈلۈمسىرەشلەرگە

چىدىيالماي قالدى، زەينەپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كىتىشى بىلەن توختىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئازادىلەشتى. ھايال ئۆتمەي زەينەپ يوغان تەخسىدە قارا قوزىنىڭ پىشقان گۆشىنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇنى توختىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، قىيمىسىغا قارىمۇچ سالغان گۆشناندىن ئۈچنى بىر لىگەنگە پارچىلاپ ئېلىپ كىردى، ئالدىن دەملەپ قويغان قېنىق چاينى پىيالىگە قۇيۇپ توختىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— گۆشنى ئوبدان يەيدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم، شۇڭا ئەتىگەن قورۇدا قارا پاقلان سويۇپتىكەن، شۇنىڭدىن ئېلىپ قازانغا سېلىپ قويغان، تارتىنماي ئېلىڭە، — زەينەپ گۆشكە ئامراقلىقىمنى قانداق بىلىدىغاندۇ دەپ ئويلىدى توختى، — بېشىڭىزدىكى ئاۋۇ كەپكە شەپكىڭىزنى ئېلىۋېتىڭە، كىنودىكى دۈشمەنگە، ياق غىلاپلىق تاپانچا ئېسىۋالىدىغان ئەشپىيونغىلا ئوخشاپ قاپسىز، — زەينەپ كۈلدى، توختى بېشىدىكى كەپكە شەپكىسىنى ئېلىۋىدى، زەينەپ توختىنىڭ ئاپئاق بېشىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، زەينەپ كۈلگەنسېرى توختى تۆت ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— بىر ئوبدان چېچىڭىزنى چۈشۈرۈۋېتىپ بۇتخانىدىكى راھىبقا ئوخشاپ قاپسىزغۇ؟

توختى بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ قالدى، زەينەپ شۇنداق تەمكىن ئىدى، توختى بىر پارچە گۆشنى قولىغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى، توختىنىڭ قورسىقى راۋۇرۇس تويدى، بۇنداق مەززىلىك پىشقان گۆشنى يېمىگىنىگە ئۇزاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدى.

— گۆش نانغىمۇ ئېغىز تېگىڭ.

— تويۇپ كەتتىم.

— بىر پارچە يەپ قويۇڭ، — توختى زەينەپنىڭ زورلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ بىر پارچە ئېلىپ يېدى، گۆشناننىڭ قيمىسى ئوبدان تەڭشەلگەن ئىدى، زەينەپنىڭ تۆشۈككە ماھىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

زەينەپ نېمىشقىدۇر بۇرۇنقىدەك ئەسەبىي كۆرۈنمەيتتى، توختى ئۇنى بۈگۈن كۆرۈپ ئۇ زەينەپمۇ، ئەمەسمۇ دەپ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، توختى ئىشكتىن كىرىشىمگە ماڭغا ئېسىلىپ يالاپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. زەينەپ توختىنىڭ يان تەرىپىدە يېنى كېسىلگەن ئىچ كۆڭلەك بىلەن ئولتۇردى، توختى قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ زەينەپنىڭ يوتىلىرىغا زەن سېلىشقا باشلىدى، زەينەپ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولۇۋېلىپ ئۇنى - بۇنى يېيىشكە زورلىغاچ ئولتۇردى، توختىنىڭ كۆزى زەينەپنىڭ يوتىسىغا، تىرناقلىرىغا چۈشۈپ توختاپ قالدى، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ پۇتى بىلەن تىرنىقىنى كۆرسەملا ئۆزۈمنى تۇتالمايدىغاندىمەن دەپ ئويلىدى.

— بىزنىڭ ئادەمنىڭ بىر بوتۇلكا قىزىل ھارىقى بار، چەت ئەلنىڭ، بىرەر رومكا ئىچەمسىز؟ — توختى زەينەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ پۇتىغا قاراپ تۇرغان كۆزىنى يەر ئاستىدىن كۆتۈرۈپ زەينەپكە قاراپ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— مەن قىزىل ھاراق ئىچىپ باقمىغان، قانداق بولاركىن.

— ئوغۇل بالا دېگەن قىلمىغاننى قىلىپ باققۇلۇق، — زەينەپ ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ ھايال ئۆتمەيلا بىر بوتۇلكا توم باشلىق قىزىل ھاراق كۆتۈرۈپ كىردى.

— بىزنىڭ ئادەم بىرەر رومكا ئىچىپ قويۇپتىكەن، ئېشىپ قالغان ھاراق دەپ ئويلاپ قالماڭ يەنە.

— ئېشىپ قالغانمۇ ھاراققۇ، — توختى بۇ گەپنى نېمە ۋەجىدىن دېگەنلىكىنى بىلەلمەي قىزىرىپ كەتتى، زەينەپ ئېگىز رومكىغا تولدۇرۇپ بىرنى قويۇپ توختىغا تەڭلىدى، توختى زەينەپنىڭ قولىدىن ھاراقنى ئېلىپلا يەرگە قويماي گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ ھاراقنى ئىچىۋاتقىچە دەردىنى ئۆزى بىلدى، بۇ ھاراق چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن ئاجايىپ قاڭسىق ئىدى. توختىنىڭ ئىچ - باغرى كۆيگەندەك بولدى، چوڭ مېڭىسى بىراقلا تورمۇزلىنىپ قالدى. ئۇ قولىدىكى رومكىنى ئۈستەل

ئۈستىگە قويغىنىنى ئاران ئىلغا قىلالىدى، زەينەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قىپقىزىل بىر پارچە ئوتنەك كۆرۈندى، توختىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇسى كەلدى، زەينەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلىمىدى. توختى ئۇنىڭ يوتىسىغا قارىدى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە كۆزىنى چۆشۈردى. ئاخىر پۇتىغا، تىرناقلىرىغا قارىدى، بولالمىدى. ئورنىدىن قانداق تۇرغىنىنىمۇ سېزەلمەي قالدى، قوپۇپلا زەينەپكە ئېسىلدى، زەينەپ ئولتۇرغان جايىدىن قىمىر قىلماي ئولتۇردى، توختى ئېتىلىپ كېلىپ زەينەپنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى قامالاپ سۆيۈپ كەتتى.

— پالۋىنىم، نېمە بولاۋاتىسىز؟

— بولالمىدىم.

— ئۇنداقتا مېنى كۆتۈرۈپ كارىۋات بار ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭە، — توختى بۈركۈت توشقاننى قامالاپ ئالغاندەك زەينەپنى يۇلۇپلا ئېلىپ كارىۋات بار ئۆيگە ئېلىپ چىقتى، زەينەپنىڭ خۇلقى خۇش پۇراقلىق ئەتىردەك توختىنىڭ دىماقلىرىدىن ئۆتۈپ ھەممە ئەزايىغا تاراپ كەتتى....

توختى زەينەپنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا تۈن تەڭ بولغانىدى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئېقىملىرى سىرقىراپ، سۆڭىكىنىڭ ئىچىدە يىلىكى قالمىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇزدەك تەرلەپ، ئاسمانغا قارىدى، ئاسماندا يۇلتۇزلار سانجىق - سانجىق كۆرۈندى، نېمشقىدۇر تاغ تەرەپكە قارىدى، تاغنىڭ ئۈستىدە بىر توپ قارا بۇلۇت ۋەھىمە بىلەن لەيلەپ تۇراتتى. توختى بۇلۇتنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ، يەرگە قارىۋالدى. ئۇچ كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ بوغۇز دەرياسى تەرەپتىن گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان شامالغا ئۆزىنى سالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ دولى قورۇلدى، ئۇ پۇتىنىڭ زادىلا ماغدۇرى قالمىغىنىنى بىلدى، ماگسا ئۇيان - بۇيان دەلدەگشىپ ئۆزىدىن نومۇس قىلدى، قەدەملىرىنى توغرىلىغانسىرى دەلدەگلەشلىرى كۆچەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئالدى - كەينىگە قاراپ، ئادەمنىڭ

يوقلۇقنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى، مىنىڭ تەستە ئىدارىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىۋالدى، ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاغ تۆپىسىدىكى قارا بۇلۇت ئاسماننى قاپلاپ بولغانىدى. توختى بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپلا، قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئاسماندا قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، قىزىل ھاراقنىڭ كۈچى ئۇزۇل ـ كېسىل كېسىلىپ كەتمىگەنىدى، ھاياتلىقنىڭ، دۇنيانىڭ بىر مىنۇت، بىر دەقىقە ئىچىدە تۇيۇپتىن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. ئۇ «بۇگۈنكىسى زادى مەنمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ بايامقى يۇلتۇز بار ئاسمان بايامقى ئاسمانمۇ ياكى ھازىرقى ئاسمانمۇ؟ ئۇنداقتا ھازىرقى ئاسمان بايامقى ئاسمانمۇ؟» ئۇ بۇلارنى ھەر قانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەي، ئاخىر ھېرىپ كەتتى. ئاسمان تاراقشىغلى تۇردى، چاقماق چېقىلدى، چېقىلغان چاقماقنىڭ نۇرى ئاستىدىكى ئالەم، مەۋجۇدات قورقۇنچلۇق، يىرتقۇچ مەخلۇقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى، تېنى يىرگەندى، ۋۇجۇدى سىلكىنىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ توك چىراغنى زادىلا يورۇتقۇسى كەلمىدى، ئۆزىدىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بۇگۈن قىلغان ئىشلىرىغا نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىر دەمدىلا بۇ دۇنيادا ئەڭ ھاقارەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى. كىيىملىرىنى سالمايلا ئۆزىنى سۇپىغا تاشلىدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزىگە مەڭگۈ يېقىنلاشالمايدىغىنىنى ئۇزاق ئويلىدى، يۈرىكى ئېچىشتى، ھەممىگە پۇشايمان قىلدى، زەينەپنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم بوپتىكەن دەپ ئويلاپ كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى، ئۆيىنىڭ ئىچى يوپيورۇق ئىدى، توك چىراغ ئۆيىنى يورۇتقىدىمۇ يورۇق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ كۆزىنىڭ ئوچۇقلىقىغا زادىلا ئىشەنمىدى، كۆزى تورلاشقىچە چىراغقا قاراپ تۇردى.

ــ چىراغقا ئۇنداق ئۇزاق قارىۋالساڭ قارىغۇ بولۇپ قالىسەن، ئۇنداق ئۇزاق قارىما، ــ توختى بۇ گەپنىڭ قۇلىقىغا راست ياكى يالغان كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىراشقا زادى جۈرئەت قىلالمايتتى، كۆزۈمنى يۇمغان پېتىم

تۇرىۋاتسەنغۇ دەپ ئۆزىنى گولدايتتى.

— ئۆزۈڭنى بۇنچە ئازابلاپ كەتكىنىڭنىڭ ئۆزى ئىنساپلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ، بالام، — ماڭا قارىغىنە، — ئادەمنىڭ بۇنچىلىك قورقۇنچ ئىچىدە ساق تۇرالايدىغانلىقىغا توختىنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

— بولدى، كۆزۈڭنى يۇمۇۋال، قارىغۇ بولۇپ قالىسەن، — بىر قورۇق باسقان بىر قاداق قول كېلىپ ئۇنىڭ چەكچىيىپ قالغان كۆزىنى توسىۋالدى، توختىنىڭ بارلىق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇسى بولسىمۇ ۋاقىرىيالمىدى، ئۇنىڭ كۆزى توسالغاندىن كېيىن قادىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— سېنى بىرىنىڭ ئادەم ئۆلچ قېتىم ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇردى، بۇنى بىلەمسەن؟

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن.

— سارالڭ بالىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى، ماڭا قارا.

— سىزگە قارىسامالا، جېنىم چىقىپ كېتىدۇ.

توختىنىڭ گېپىنى ئايشەمخان موماي ئاڭلاپ ھى...ھى دەپ كۈلدى.

— كۈلمىسىڭىز.

— بولىدۇ، كۈلمەي، — كۈلۈپ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ئايشەمخان موماي كۆزىدىكى كۈلكە يېشىنى سۈرتۈپ قويدى.

— مېنى ئۆلتۈرمىگىچە ئارام تاپمايدىغان ئوخشايسىز، — توختى شۇنداق دەپ دۈم يېتىۋالدى.

— مەن بۈگۈن ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىنى دەپ بەرگىلى كىرگەن، ھويلاڭنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدىكەن، سېنى ئۆيدە بار دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، ئۆيۈڭنىڭمۇ ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ھازىرغىچە سېنى ساقلىدىم.

— سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ مېنى ئارامخۇدا ئارامىمدا قويىسىڭىز بولمامدۇ؟

— بالام، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندۈڭ؟ شۇڭا ساڭا دەپ بېرەي دېگەن.

— مەن شۇنداق تولۇق، ھاكاۋۇر تۇرۇپ سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قانداقمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاندىمەن، ۋاي ئىسست، — توختى سۇدا پولدۇڭ ئاتقاندەك پولدۇڭلاپ ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتتى.

— بۇگۈن سەن مەيلى خالا ياكى خالىما، مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغىچە بولدى قىلمايمەن، — توختى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۈنىگدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، ئاخىر تەن بەردى.

— مەن مۇشۇنداق يېتىپ ئاڭلاي، بولامدۇ؟

— تۇنجۇقۇپ قالمايدىغان بولساڭ مەيلى.

— تۇنجۇقۇپ قالمايمەن، سىزگە قارىسام قورقۇپ كېتىدىكەنمەن.

— ماقۇل، ماقۇل، — ئايشەمخان موماي كۈلمەي دەپ ئېغىزىنى ئىتتۇالدى.

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، ئايشەمخان مومايىنىڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بولدى، توختى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، ئايشەمخان موماي سۆزلەپ بولۇپ قۇرۇپ قالغان كۆزىنىڭ نەملىشىپ قالغانلىقىنى، كۆز ياشلىرىنىڭ تاراملاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن مەڭزىنى سۈرتۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا، قادىر كۆك كۆز ساۋۇركام ئىككىڭلارنىڭ بالىسىكەن - دە؟

— شۇنداق، بۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، ساۋۇر قوتۇر دېگەن بېشىڭنى يېگۈر مېنى ئەسكى تامنىڭ ئارقىسىدا ئالداپ ئاكىسىغا ياتلىق بولۇشقا قىستىمىغان بولسا، تەقدىر- قىسمىتىم بۇنداق كاج بولمىغان بولاتتىمىكىنتاڭ، ئاشۇ ئەسكى تام ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمىدى.

— ئەسلي ئاشۇ ئەسكى تامنىڭ دالدىسىدا تەقدىرىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتىكەن ـ دە.

— كونا يەرلەر شۇنداق سىرلىق بولىدۇ، سەن يامان قاپقانغا چۈشۈپ قالدىڭ، بالام، بۇنىڭدىن قۇتۇلمىقىڭ يامان تەس، — توختى دۇم ياتقان بولسىمۇ ئايشەمخان مومايىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ بويۇنلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى قېچىش، ئورۇن ئالماشتۇرۇش، سەن سىناپ باق، — ئايشەمخان موماي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، توختى ئۆيىنىڭ جىمىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆيئىچىگە قورقۇمسىراپ قاراپ چىقتى، ئايشەمخان موماي كۆرۈنمەيتتى، ئۇ تېخىچىلا قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاسماندىكى چېقىلىۋاتقان چاقماقلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ مۇشۇنداق دۇم يېتىپ تاڭ ئاتقۇزۇش خىيالىغا كەلدى.

— ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى قېچىش، — ئۇ بۇ گەپنى تەكرارلاپ تاڭ ئاتقۇزدى.

توختى ئۆزىنىڭ تەشۋىش ئىچىدە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى، بارلىق ئىشلارنى كېچىچە ئويلاپ تۈگىتەلمەيدىغاندەك بىلىندى. بۇ ئىداردىن يۆتكىلىپ كەتسەملا ئۆزۈمنى تاپالايمەن دەپ ئىشەنچ قىلدى، ئەتىدىن تارتىپ يۆتكىلىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولاي دەپ، كاللىسىنى سەل ئارام تاپقۇزۇپ ئۇخلاپ قالدى، چېقىلىۋاتقان چاقماقلار، گۈلدۈرلەۋاتقان ئاسمان توختىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىدە يەنىلا مەۋجۇت ئىدى.

# خاتىمە

توختى ئەتىسىدىن تارتىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا قاتراپ زېرىكمىدى، مۇناسىۋەت تورى باغلىدى، ئاخىر يېرىم يىلغا قالماي ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ باردى، بىر يىلدىن كېيىن شۇ يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ چىرايلىق، ئوڭلۇق بىر ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلدى، ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقانلىرى توختىدىن خاتىرجەم بولدى. توختى تۇرۇپ -تۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ قالاتتى، ئايالىنىڭمۇ پۇتىغا، تىرناقلىرىغا قاراپ خىيالغا چۆكەتتى، ئايالى توختىنىڭ بۇ غەلىتىلىكىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى.

قادىر كۆك كۆزگە تەلەي ئوك باقتى. لاۋتاگىنىڭ ئوغلى شىياۋتاڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى، قادىر كۆك كۆز ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپ، دەرۋازىۋەنلىكتىن باشقا خىزمەتكە يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتتى، شىياۋتاڭ ئۇنى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىق بۆلۈمىگە يۆتكەپ قويدى. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزى ئارزۇ قىلغان يىغىنلارغا قاتناشتى، مائاش جەدۋىلىگە قول قويۇپ مائاش ئالىدىغان بولدى.

ئاسىيجان ئىدارىغا مۇئاۋىن باشلىق بولالمىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك سىلىق-سىپايىلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ئۇ يۈرۈش- تۇرۇشىمۇ دىققەت قىلمايتتى، ھەپتە- ھەپتىلەپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرماي مەينەت يۈرەتتى. بارا-بارا ھاراققا كۆنۈۋالدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى سالاپەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

تەلئەت قۇرتمۇ بۆلۈم مۇدىرى بولالمىدى، غۇلامنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى، تەلئەت قۇرت بىلەن دائىم قىزىرىشىپ قالاتتى.

شياۋلىزىنى بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ ئورگاندىكى قايسى بىر ئىدارىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ يۆتكىۋەتتى، زامانباي مەڭگۈلۈك پالەچ بولۇپ قالدى.

تۇرسۇن كۆيدۈرگە كېچىسى ئۆزىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا سەكرەپ كۆنۈپ قالغاچقا، يامغۇر ياغقان بىر كېچىسى جۆيلۈپ قوپۇپ دېرىزىدىن سىرتقا سەكرەپ بوينى قايرىلىپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپ قالدى.

زاكىر بۇرۇنقىدەك ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قىلىپ، ئاخىر ھاراقنى تاشلىدى، بىكار بولسىلا ئۆيىدىن چىقماي قۇرئان ئوقۇيدىغان بولىۋالدى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا جىن تېگىپ داخان بولۇپ قالغانمىش.

پولاتخاننىڭ ئۆلۈكى ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدىن تېپىلىپ ئىدارىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنمىش.

رەشىدە ئىككى يىلدىن كېيىن يولدىشى بىلەن بولۇشۇپ ئىدارىنىڭ قورۇسىدىن بۇرۇنقى ئۆيىگە كۆچۈپ كەتتى.

زەينەپ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ تۈگۈشۈپلا كەتتى، يولدىشى شىمالدىكى بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ زەينەپمۇ شۇ شەھەرگە كەتتى.

ئايشەمخان موماي بەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى، ئۇ ئاخىر بوران-يامغۇرلۇق بىر كېچىسى يوقاپ كەتتى، قادىر كۆك كۆز ھەممە يەرنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ تاپالمىدى، ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، يوغان قازان ئېسىپ ئايشەمخان مومايىنىڭ نەزىرىسىنى بېرىپ ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، ئىزدەشنى توختاتتى.

图书在版编目（C I P）数据

命运之路 ：维吾尔文 / 阿不力米提·吐尔地著.—
乌鲁木齐 ：新疆大学出版社, 2015.12
ISBN 978-7-5631-2917-1

Ⅰ. ①命… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说—中国—当代
—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I247.5

**中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第 309907 号**

责任编辑：贾沙莱提·塔西
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔

# 命运之路

阿不力米提· 吐尔地　著
（长篇小说）

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 666 号　邮编：830046）
新华书店经销
北京顺诚彩色印刷有限公司印刷
880 毫米×1230 毫米 1/32 12.5 印张
2015 年 12 月第 1 版　2015 年 12 月第 1 次印刷

ISBN 978 — 7 — 5631 — 2917 — 1
定价：45.00 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-5631-2917-1

定价： 45.00 元